
«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى (0508)
"东风工程"图书出版项目之0508



لى جۈەن

# قەلبىمدىكى ئالتاي

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# قەلبىمدىكى ئالتاي

لى جۈەن

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇرغۇن جالالىددىن
شىرئەلى ھوشۇر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# قەلبىمدىكى ئالتاي

تۈزگۈچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
ئادرېسى: قەشقەر شەھەرلىك تاربوغۇز يولى 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى:844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32
باسما تاۋىقى: 11.5
نەشرى: 2012 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2012 - يىل 9 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5373-2780-0
باھاسى: 19.10 يۈەن

# كىرىش سۆز

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» (تۆۋەندە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دېيىلىدۇ) دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تەدبىر ۋە خەلق تۈرمۈشى قۇرۇلۇشى. «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» نى داۋاملىق يولغا قويۇش مەركەزنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى نەشرىياتچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئىلغار ئىدىيەنى تەشۋىق قىلىدىغان، پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرىدىغان، زامانىۋى مەدەنىيەتنى تارقىتىدىغان، ئاساسىي قاتلام ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىسى قۇرىدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان، مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى

بېيتىدىغان، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ئامىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

نەشر بۆيۇملىرىنى ھەقسىز تەقدىم قىلىش «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر (بازار) مەھەللىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق ئالتە خىل تىل ـ يېزىقتا سىياسىي ـ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، تۇرمۇش، مەدەنىيەت، بالىلار ئوقۇشلۇقى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئالتە چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۆيۇملىرىنى نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەم ئاساسىي قاتلامغا تەقدىم قىلىندى. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىي لىنىيە، «ۋەتەننى ـ شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش ـ تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش ـ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىش ـ ئىلگىرىلەش» نى ئەۋج ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت شىنجاڭ روھى نىشان، «ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسەت، ھەر مىللەت ئاممىسى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، قوللىنالايدىغان بولۇش پىرىنسىپ قىلىندى. بىز بۇ نەشر بۆيۇملىرىنى ئاممىباب،

چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە، رەسىملىك ھەم ئاۋازلىق بولۇشىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتۇق، ئىلمىي، قوللىنىشچان، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىنى گەۋدىلەندۈردۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە، يېڭى بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەنزىل، يېڭى نەزەر دائىرىسىنى قوزغاپ ۋە كېڭەيتىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاممىسىنى ئىجتىمائىي ئىلغار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلدۇق.

بىز «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» نەشر بۇيۇملىرىنى ھەقسىز تارقىتىش تۈرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ھەقسىز تەقدىم قىلىنىدىغان تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى يەنىمۇ قاندۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم:

1. مېنىڭ سىلەرگە ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىرىم........................1
2. ماڭا مەنسۇپ ئات........................8
3. «شياۋنياۋ» ماركىلىق تاماكا........................13
4. تېلېفون ئۇرۇش........................16
5. موتسىكلىت بىلەن باھاردىكى جەزىرىنى بېسىپ ئۆتۈش......20
6. تىم - تىم بۇلاققا بارىدىغان يول........................29
7. چاغاندىكى ئۈچ خاتىرە........................35
8. مومامنىڭ تىلىنى چىقىرىدىغان قىلىقىنى ئەسلەيمەن.........47
9. چېكەتكە ئاپىتى........................50
10. بىزنىڭ بۇ يەردىكى مۇنچا........................56
11. ئائىلىمىزنىڭ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى مۆشۈكى..........62

## ئىككىنچى قىسىم

12. خەنزۇ بالىلار........................67
13. ئاماق ئائىلىسىنىڭ كىچىك ئوغلى........................73
14. دەريا بويىدىكى بوش يەر........................81
15. كاۋۇتۇنىڭ ئەبەدىيلىكى........................91
16. كاۋۇتۇدا ئاغرىپ قالغاندا........................113
17. سەھرادىكى توي مەشرىپى........................122
18. دالىدىكى ئۇيقۇ........................152
19. ئاقىنلار ئېيتىشىشىدا........................160
20. گۈلپەرى........................173
21. بىزنىڭ ئۆي........................178

22. بىر ئائىلە كىشىلىرى ماڭىدىغان يول ........... 191
23. نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ باشكۆۋرۈككە بېرىش ...... 196
24. ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىش ........................ 214

## ئۈچىنچى قىسىم

25. پىكىرلىشىش ........................ 259
26. ئات باغلايدىغان قوزۇق ................. 262
27. ئوماق نۇرلان ...................... 267
28. كالا قوغلاش ....................... 272
29. دەريا بويىدا ........................ 276
30. كېپىنەك يولى ....................... 285
31. ھاراقكەشلەر ھەققىدە .................. 288
32. كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ دەرەخلىرى ............ 304
33. كەشتىگە تولغان ماكان .................. 309
34. ئاياغ ياماشتىن كەلگەن بەخت .............. 315
35. قىشتىكى كالىلار ..................... 321
36. نۆلدىن تۆۋەن 42 سېلسىيە گرادۇس ........... 328
37. چېپار يۈز قۇشقاچ .................... 331
38. ئورمانلىق ......................... 337

# بىرىنچى قىسىم
# قەلبىمدىكى ئالتاي

## مېنىڭ سىلەرگە ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىرىم

ئۆرۈمچىدىن قايتىشىمدا ئۆيدىكىلەرگە ئىككى توشقان ئېلىۋالدىم. توشقان ساتقۇچى:«بۇ دېگەن ئادەتتىكى توشقان ئەمەس،‹ئەرمەك توشقان›، ھەرگىز يوغىنىمايدۇ، ئاز يەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئوماق» دەپ بىرىنى 20 يۈەندىن ئەرزان سېتىشقا قەتئىي ئۇنىمىدى.

نەتىجىدە، ئىككى ئاي ئىچىلا – ئېچىلمايلا توشقانلار بىر نەچچە كىلوگىرام كەلگۈدەك يوغىناپ كەتتى، ھەتتا، ئادەتتىكى ئۆي توشقانلىرىدىنمۇ يوغان بولۇپ، سەكرەش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېنىنى سۆرەپ ئۆمىلەپ ئاران ماڭاتتى. مەن ئۇنداق ئۆمىلەپ ماڭىدىغان توشقاننى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئۇ توشقانلار ئالاھىدە ئىشتىھالىق بولۇپ، ئەتىگەندىن -كەچكىچە توختىماي بىر نەرسە يېگىنى يېگەن ئىدى. ئۇلارغا نېمە بەرسەك يەيتتى، قەتئىي زايە قىلمايتتى، ھەتتا، ئۇلار گۆشنىمۇ يەۋېرەتتى. توشقان گۆش يېدى؟ ھەقىقەتەنمۇ توشقاننىڭ گۆش يېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە، توشقان گۆش يېمەيدۇ، ئۇلار پەقەت بىرلا قېتىم گۆش يېگەنلىك بىلەن ئۆلۈپ قالغانىدى.

يەنە بىر قېتىمدا، ئۆرۈمچىدىن ئۆيگە «ئالتۇن يۇڭلۇق ئېيىق» (شۇنداق ئىسىم قويۇلغان كۈسۈتكىنى دېمەكچى. ) تىن ئىككىنى ئېلىپ قايتتىم. (ئۆرۈمچى ھەقىقەتەن غەلىتە جاي ئىدى... ) شۇ چاغدا مەن يايما ئالدىدا ئۇزاقتىن – ئۇزاق ئويلانغانىدىم. قارىماققا «ئالتۇن يۇڭلۇق ئېيىق» ئاۋۋالقى قېتىمدىكى توشقاندىن ياخشىدەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرزان بولۇپ، بىرى ئاران بەش يۈەن ئىدى. ئۆيگە قايتىپ بارغاندا ئانام: « بەش يۈەن، نېمانچە قىممەت؟ تازىمۇ

بىر، ئەمدى بىزنىڭ ئۆيىدە كۆسۈتكە كەم بولۇپ قالغانمىتتى؟ كۆسۈتكە دېگەن ئۆيىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا يۇگۇرۇشۇپ يۈرسە، يەنە سىرتتىن پۇل خەجلەپ سېتىۋېلىپ كەلگىنىڭ نېمىسى...» دەپ ماڭا كا- يىپلا كەتتى. دېگەندەك ئۇ راستتىنلا كۆسۈتكە ئىدى، ئۇنىڭدا پەقەت شۇ بىر تال ئۇزۇن قۇيرۇقلا كەم ئىدى...

مەن ھەر قېتىم ئۇرۇمچىدىن چوقۇم نۇرغۇن نەرسىلەر- نى ئېلىپ قايتاتتىم. ئۇرۇمچىدەك چوڭ شەھەردە تېپىلمايدىغان نەرسە يوق ئىدى، نېمىنى كۆرسەم شۇنى سېتىۋالغۇم كېلەتتى. ئەمما، ئۆيگە سېتىۋالغان نەرسىلىرىمنىڭ كۆپى ئىشلىتىش قىممىتى يوق نەرسىلەر ئى- دى. ئۆيۈمدىكىلەر نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق؟ ئاپامنىڭ ماڭا : «ئۆيىمىز ھازىر بىر ئېشەككە بەك ئېھتىياجلىق، تاغدا يۈك توشۇغاندا بەك ئەسقا- تىدۇ» دېگىنى ئېنىق ئېسىمدە، ئەمما... مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايت- تىم.

ئۆيىمىز يەنە 20 – 30 كىلوگرام تاقا ۋە تاقا مىخىغا ئېھتىياجلىق. قىشلاقتا قايتقان چارۋىچىلار مۇشۇنداق نەرسىلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، موزدوز تاغامنىڭ 40 ۋە 42 رازمېرلىق ئاياغنىڭ چەمى، ئاياغ يامايدىغان خرۇمى تۈگىگەنىدى. دۇكىنىمىزدىكى مال جاھازىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان بولۇپ، تاماكا، باتارىيە دېگەندەك نەرسىلەر بىر ئاي بۇرۇنلا سېتىلىپ بولغانىدى.

ئەمما، مېنىڭ ئۆيدىكىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغىنىم غايىۋانە ماختالغان توشقان بولمىسىلا، ئىسكەتى يوق كۆسۈتكە ئىدى.

مەن ئۇرۇمچىدە ئىشلەمچىلىك قىلىمەن. كۆڭۈلدىكىدەك پۇل تاپال- مىغان بولساممۇ، مەن يەنىلا بۇ ھاياتىي كۆچكە تولغان قايناق شەھەردە ياشاشنى خالايمەن. كوچا – رەستىلەردە كېتىۋېتىپ سان – ساناقسىز تۇرمۇش مۇمكىنچىلىكى مېنى ئۆز قوينىغا ئېلىۋاتقاندەك، قەلبىم ئۇمىد- كە، جىسمىم كۈچ – قۇۋۋەتكە تولغاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلىمەن.

كەچلىكى تۈگۈلۈپ يېتىپ كۆزۈمنى بىر ئاز يۇمۇۋالىمەن.

ھۇشقۇتۇۋاتقان سوغۇق مېنى نېپىز يوتقاننىڭ ئۈستىگە يەنە دېرىزە پەردىسى،كېيىم ـ كېچەك دېگەندەكلەرنى تاشلاشقا مەجبۇرلايتتى. ئەمما، سوغۇق يەنىلا جاندىن ئۆتەتتى، ھەممە تۈگمىسى ئېتىلىپ بەدىنىمگە مەھكەم چاپلىشىپ تۇرغان جۇۋىمۇ سوغۇققا دال بولالمايتتى.

ئۆيگە تېلېفون قىلغىنىمدا، ئانام: « بىرەر نەرسە لازىممۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: « ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، ھەممە نېمەم تەل، بىراق، شۇ يوتقان سەل نېپىزلىق قىلىۋاتىدۇ.» دېدىم. دېگەندەك، ئەتىسى كەچقۇرۇن ئاپام تۆگە يۇڭى سېلىپ تىكىلگەن، قېلىنلىقىدىن يېپىنسا ئادەمنىڭ نەپىسىنى قىسقۇدەك دەرىجىدىكى يوتقاننى يۈدىگەن ھالدا ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئەسلىدە، ئۇ تېلېفوننى قويۇپلا تۆگە يۇڭى سېتىۋېلىپ يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ ئاتقاندىن كېيىن، جىيىكىگە گۈل تۇتۇپ، يوتقاننى تۈجۈپلەپ تىككەن، ئاندىن ئون نەچچە سائەت يول يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنىدى.

مەن ئۆيۈمدىكىلەرگە يەنە نېمىلەرنى ئېلىپ قايتالايمەن؟ ھەر قېتىم ئۆيگە قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تاللا بازارلىرىنى ئۇزاقتىن- ئۇزاق ئايلىنىپ كېتەتتىم. ئاخىرى «ئوتتۇرا ياشلىقلار مەخسۇس پۇكىيى» دىن بۇغداي يارمىسى ئېلىپ قايتاتتىم. بۇغداي يارمىسىنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ئالدىغا قويغىنىمدا ئۇلارنىڭ چىرايىدا بىلىنەر- بىلىنمەس خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇغداي يارمىسىنى ئاڭلاپ باققان، ئەمما، تېتىپ باقمىغان، مەنمۇ تېتىپ باقمىغان. ئەلۋەتتە، يارمىنى پىشۇرۇپ ئالدى بىلەن مومامغا بىر چىنە بېرەتتىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئىككى يۇتۇم ئىچىپ:«ياخشىكەن» دەپ قوياتتى – دە، ئۈچىنچى يۇتۇمنى زىنھار ئىچىشكە ئۇنىمايتتى.

مەن يەنە چىلىغان يېسۋىلەكمۇ ئالغاچ بارغان. تەخسىلەرگە ئېلىنىپ توڭلىتىش ئىشكاپىغا تىزىۋېتىلگەن چىلىغان يېسۋىلەك خۇددى گۈزەل

بالىلىق ئەسلىمەمدىكىگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايتتى.

مەن ئاشخانا ئۆيدە قورۇما ئىسسىتىۋاتقىنىمدا، مومام ئوچاق بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئەينى يىللىرىدىكى سەھرا زىياپەتلىرى توغرىسىدىكى نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ يەنە چاققان ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۈستەل راسلايتتى. ئىسسىتىلغان چىلانغان بېسۋىلەك ئۈستەلگە كەلتۈرۈلگەندە ، ئۇ چوكىنى ئالدىراش ئىشقا سالاتتى-يۇ، بىر خىل ئېغىر مەيۈسلۈك چىرايىغا تېپىپ چىقاتتى. ھازىرقى تەم ئۇ ئىلگىرى تېتىغان تەم ئەمەس ئىدى. ئۈرۈمچىنىڭ نەرسىلىرى كۆرۈشكىلا ئەرزىيتتى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن كەچۈرمىشلەرنىڭ، ئىلگىرىكى گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ ئەمدى مەڭگۈ قايتىلانمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. يېشى 90 دىن ئاشقان مومام سۈرئىتى تېزلەشكەن «يوقلىش» ھادىسىسىنى كۆتۈرەلمەيتتى.

مەن تاللا بازىرىدا توختاۋسىز قىستاپ كېلىۋاتقان خىياللار ئىلكىدە ئايلانماقتىمەن. بۇ قېتىم نېمىلەرنى ئالسام بولار؟ ئاخىرىدا بىر بولاق قىزىل شېكەر سېتىۋالدىم. ئەمما، قىزىل شېكەر ھەممىلا يەردە بارغۇ؟ گەرچە بولاقنىڭ سىرتىغا «ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارغا ماس كېلىدۇ» دەپ يېزىلغىنى بىلەن، ئانا، موما، ئەمەلىيەتتە، مەن سىلەرنى ئالداۋاتاتتىم...

مەن ئۆيدە يوق چاغلاردا توشقان ياكى قۇيرۇقى يوق كۈسۈتكە ئۆيۈمدىكىلەرگە ھەمراھ بولدى. توشقان ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆمىلەپ مېڭىپ بېرىپ مومامنىڭ پۇتىغا يامىشاتتى. مومام ماغدۇرسىز بېلىنى تەستە ئېگىپ توشقاننى باغرىغا باساتتى. ئۇ يىرىك ئالقانلىرىدا توشقاننىڭ دۈمبىسىنى، قۇلاقلىرىنى مېھىر بىلەن سىلىغاچ خۇددى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى مەندىن:«قورسىقىڭ تويدىمۇ؟... قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟» دەپ سورىغاندەك شىۋىرلايتتى. تۈن پەردىسىنىڭ ئاستا - ئاستا يېيىلىشى بىلەن يەنە بىر كۈن ئۇزايتتى.

كۈسۈتكىلەر قاتمۇ- قات تاغ ئارىسىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىدا تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقىنىچە بىپايان يايلاقنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەچ ئانامغا ھەمراھ بولاتتى. كېچىسى، ئانام ئۆزىنىڭ جۇۋىسى بىلەن قەپەسنى ئوراپ قوياتتى- يۇ، يەنە كۈسۈتكىلەرنىڭ توڭلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ جۇۋىنىڭ ئۈستىگە پوپايكىسىنى يېپىپ قوياتتى. سوغۇق كېچىدە، كۈسۈتكىلەر قەپەسكە يېپىلغان كىيىملەرنى قەپەسنىڭ ئىچىگە چىشلەپ ئەكىرىپ غاجىشاتتى، خۇددى ئۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن نۇر ئىز دەۋاتقاندەك قىلىشاتتى.

دەرۋەقە، قەپەسكە يېپىلغان كىيىم- كېچەكلەرنى كۈسۈتكىلەر قىرقىپ يىرتىۋەتكەنىدى. ئانام ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە قولىنى نوقۇپ تۇرۇپ، يەنە مۇشۇنداق قىلسا ئۇلارنى قانداق قىلىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋارقىرايتتى. ئەمما، موموم ئۇلار بىلەن ئوينىشىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ ھاسىسىغا تايانغىنىچە قەپەسنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىدىكى چۆپلۈككە چىقاتتى-دە، ماغدۇرسىز بېلىنى ئاستا ئېگىپ قەپەسنى چۆپلۈككە قويغاندىن كېيىن، قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇلارنى سىرتقا چىقىشقا ئۈندەيتتى. ئەمما، ئۇلار قىمىر قىلماستىن قەپەسنىڭ بۇلۇڭىغا قاپسىلىشۋالاتتى. موموم ئانامنىڭ ۋارقىراپ ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتكىنىدىن خاپا بولاتتى. موموم قىيىنىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى بىر- بىرلەپ قەپەستىن چىقىرىپ، ئۇلارغا كەڭ يايلاق ۋە پايانسىز تەبىئەتنىڭ ھوزۇرىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشاتتى. كۈسۈتكىلەر قۇياش نۇرى سۆيۈپ تۇرغان يايلاقتا ئوت - چۆپ يوپۇرماقلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھىدلايتتى، تۇپراقنى سۆيەتتى. تۇيۇقسىز كەلگەن شامال ئۇلارنى يەنە قەپەسكە كىرگۈزۈۋېتەتتى، ئۇلار قايتا سىرتقا چىقمايتتى.

مەن ھەر قېتىم ئۈرۈمچىدىن يوغان بىر توقۇلما سۇلياۋ خالتىنى يۈدىگىنىمچە قايتىپ كېلەتتىم. نەرسىلەر بىر - بىرلەپ خالتىدىن چىقىرىلىپ ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قولىغا تېگەتتى: ماۋۇ مومامنىڭ، ئاۋۇ ئانام-

نىڭ... بۇ تاغامغا، ئۇ سىڭلىمغا...چىراغ غۇۋا، ئەمما، جۈپ – جۈپ كۆزلەر ئىنتايىن نۇرلۇق. مەن تۇيۇقسىز ئويلاپ قالاتتىم: ئەگەر مەن مۇشۇ خالتىنى يۈدىگىنىمچە ئۈرۈمچىنىڭ قار– مۇز قاپلىغان كوچىلىرىدا پۇت – قوللىرىمنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ كېتىۋاتقان بولسام، ماڭا ئۇچرىغان ھەر قانداق بىر ئادەم مېھىرلىك تۇيۇلمىغان بولاتتى.

مەن ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا يەنە يوغان توقۇلما سۇلياۋ خالتىنى يۈدۈپ، «ئۆيدىكىلەرگە نېمىلەرنى ئالسام بولار؟» دېگەن خىيال بىلەن ئۇزاقتىن – ئۇزاققا مېڭىپ، ئىت، مۆشۈككە ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم. ئەمما، مېنىڭ پۇلۇم كۆپ ئەمەس ئىدى. كىيىم – كېچەك بار، يېمەكلىك بار. مەن«بۇ خالتىغا يەنە نېمىلەرنى سىغدۇرغىلى بولار؟» دېگەننى قايتا–قايتا ئويلىدىم. دەل شۇ چاغدا يەنە ھېلىقى توشقان ساتقۇچىنى ئۇچراتتىم. ئۇ يەنە: «بۇ دېگەن ئادەتتىكى توشقان ئەمەس، ئەرمەك توشقان، ھەرگىز يوغىنىمايدۇ، ئاز يەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئوماق...» دەۋاتاتتى.

مەن يەنە يوغان توقۇلما سۇلياۋ خالتىنى يۈدىگەن، «ئەرمەك توشقان» سېلىنغان قەپەسنى قۇلتۇقلىغان پېتى ئۆيگە قايتقان ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلدىم.

قايتىش سەپىرى ھەقىقەتەن بەك ئۇزاق. ئاپتوبۇس بىر نەچچە قېتىم بۇزۇلۇپ، تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە چۆل – جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يېگانە ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى. مەن مۇزدەك سوغۇق ئاپتوبۇس ئىچىدە (ئۇ چاغلاردا كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسلار بەك ئاز ئىدى) بىر نەچچە قېتىم ئۇيقۇمدىن ئويغىنىپ كېتىپ ئاپتوبۇستىن چۈشەكچى بولدۇم. قەپەسنى كۆتۈرگىنىمچە ئاشخانىغا كىرىپ ئوت سۇنماقچى بولدۇم. خېرىدارسىز ئاشخانا تېخىمۇ سوغۇق ۋە غېرىبانە كۆرۈنەتتى، كونا تېلېۋىزور تۇتۇق ۋە زېرىكىشلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئېرىنچەكلىك بىلەن

كۆرستتۋاتاتتى. قەيەردىندۇ بىر سىمىز ئۇيغۇر ئايال غوجايىن چىقىپ ماڭا بىر چىنە قىزىق چاي قۇيۇپ بەردى ۋە توشقانغا يېسۇنلەك يوپۇر-مىقدىن ئەكېلىپ بەردى. بىر چاغدا سىمىز ئەر غوجايىنمۇ پەيدا بول-دى. بىز ئوت سۇنغاچ توشقاننىڭ يېسۇنلەك يوپۇرمىقىنى يېيىشىگە قاراپ ئولتۇردۇق. مەن: «بۇ ئەرمەك توشقان، مۇشۇنچىلىك چوڭلۇقتا بولىدۇ، ئەمدى يوغىنىمايدۇ»دېدىم. ئەر غوجايىن ئەپسۇسلانغان هالدا:«هوي، راستىما؟ شۇنچە باقسا بىر تەخسە قورۇمىغا چىقىش قىلمىسا بەك زىيان بولمامدۇ؟» دېدى. بىزنىڭ كۈلۈپ كەتكىنىمىزنى كۆرۈپ ئۇ گېپىنى يەنە تەكرارلىدى. شۇ مىنۇتلاردا مەن پەقەت ئۆيۈمدىلا ئېرىشە-لەيدىغان ئىللىقلىقنى هېس قىلغانىدىم.

يول بويى كۆڭلۈم ئاينىپ بەك بىئارام بولۇپ كەتكەچكە، قەپەسنى كۆتۈرگىنىمچە شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالغانىدىم. توشقاننىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پات – پات قەپەسكە قولۇمنى تىقىپ ئۇنى سىيلاپ قوياتتىم. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دە-رەخ شاخلىرى يولغا ئېگىلگەن بولۇپ، سىرلىق بىر «تونېل» نى شەكىل-لەندۈرگەنىدى. ئاپتوبۇس چىرىغى پەقەت نەچچە مېتىر نېرىنىلا يورۇتات-تى، ئالدى تەرەپ خۇددى ئۆڭكۈردەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. شەرق ئاسمىنى ئاستا – ئاستا يورۇشقا باشلىغاندا، مەن ئۆيگە بارغان چاغدىكى مەنزى-رىنى خىيال قىلغاچ ئۇزاققا سوزۇلغان سەپەرنى ئۇنتۇپ ئۇيقۇغا كەت-تىم.

توشقان ئۆلۈپ قالغاندا ئانام:«بۇنداق نەرسىلەرنى ئەمدى ئالما، قايتىپ كەلسەڭلا بىز خۇش»دېدى. مومام:«ئەمدى بۇنداق نەرسىلەرنى ئالما، ئۆلۈپ قالسا ئادەمنىڭ بەك ئىچى سىيرىلىپ كېتىدىكەن. سەن قاي-تىپ كەلسەڭلا بىز خۇش، سېنى بەك سېغىنىدىم»دېدى.

قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى يايلاق ئۇستىدە جەۋلان قىلدۇرۇۋاتقان بىر چۈشتىن كېيىنلىكى هېلىمۇ ئېسىمدە. ئىككى قۇيرۇقسىز كۈسۈتكە

ئوت – چۆپلۈك ئارىسىدا تۇرۇپ دۇنيانىڭ چەكسىز لىكىگە نەزەر سـالات‑
تى. مومام ھاسىغا تايانغىنىچە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇلارغا قاراپ تۇرات‑
تى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقى پەقەت «ۋاقىتلىق» بولغانلىقى ئـۈ‑
چۈنلا ئاشۇنداق تولىمۇ ئازابلىق بىلىنەتتى.

## ماڭا مەنسۇپ ئات

بىر ئادەم بىـز گە ناھايـىتى كۆپ پـۇل قەرزدار بولۇپ قـالغانـدى، ئەمما، ئۇ ئادەم ھازىر جان ئۈزگەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ – ئادى‑تى بويىچە ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئېلىم – بېرىم ئىـشلىرى ئـۆل‑گۈچى يەرلىككە قويۇلۇشتىن بۇرۇن تەلتۆكۈس ئادا قىلىنـىپ بولۇشـى كېرەك ئىدى. ئىمام ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانـلىرى ئارقـىلىق ئـۆل‑گۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بارلىق ئېلىم – بېرىم ئىشلىرىنـى ئادا قىلـى‑ۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆلگۈچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يـەرلىككـە قويىاتتى.

ئەمما،ئۇ چاغدا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلـىرى نەق پۇل تـەيى‑يارلىيالماي، ئامالسىز ئۆزلىرىنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كېلىپ، ئـانامدىن شـۇ ئات بىلەن قەرزنى ئادا قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

ئانام تولىمۇ تەڭقىسلىق ئىچىدە ماڭا تېلېفون قىلدى:

–مەن ئۇ ئاتنى ئېلىپ نېمە قىلىمەن؟

–مىنىمەمسەن!

–ئۆيدە موتىسىكلىت تۇرسا، ئات مىنىپ نېمە كەپتۇ!

–ئۇنداق بولسا ئالما!

–ئەمما، مېنىڭ بەك ئالغۇم بار...

–سەن ئاتنى نېمە قىلىسەن؟

–مىنىمەمدىم!

چۈشتىن كېيىن ئانام ھاياجانلانغان ھالدا يەنە تېلېفون قىلدى:

–قىزىم، مەن بىر قارارغا كەلدىم، ئۇ ئاتنـى ئېلـىپ ساڭا سوۋغـا

قىلاي دەيمەن! كېيىنكى ھەپتە ئالتاي شەھىرىگە ئاپىرىپ بېرەي_ ھە!

_مەن ئۇنى نېمە قىلىمەن؟_مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم.

_مىنىپ ئىشقا بارساڭ بولىدۇغۇ، ئىدارەڭلار يىراق تۇرسا.

_ئىشقا ۋېلسىپىت مىنىپ بارساملا بولىدۇ.

_ۋېلسىپىتنى تەپمىسەڭ ماڭمايدۇ. ئات نېمە دېگەن ياخشى، ئازراقمۇ كۈچ تەلەپ قىلمايدۇ. ئىدارەڭگە بارغاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ قوروسىغا قويىۋەتسەڭ ئۆزى ئوتلايدۇ. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئارقا ھويلىدىكى تېرەككە باغلاپ قويساڭ بولىۋېرىدۇ، دەريا بويىدا ئوت –چۆپمۇ كۆپ...

_ئەمما، ئات قىزىل_يېشىل چىراغنى بىلەمتى؟

تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن ئىنچىكە ئويلاندىم. ئالتاي شەھىرى ئەمەس، بىزنىڭ ئاقخارا كەنتىدىكى ئۆيىمىزدىمۇ ئاتنى بېقىپ بولالمايتتۇق. بىزنىڭ ئوت – چۆپىمىز كۆپ ئەمەس، توخو، ئۆردەكلەرگىمۇ ئاران يېتىدىغان تۇرسا، ئاتقا نەدىكى ئوت – چۆپ؟ قىش كەلسە ئوت –چۆپنىڭ باھاسى بەكمۇ ئۆرلەپ كېتىدۇ، ئاتقا ئوت – چۆپ ئېلىپ توشاتقىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىش ئۇزاق تۇرسا. يەنە كېلىپ، مېنىڭ ئاقخارا كەنتىدىكى ئۆيۈمنىڭ ھويلىسى چوڭ ئەمەس، دۆۋىلەنگەن نەرسە – كېرەكنىڭ كۆپلىكىدە ئات باغلىغىدەك ئورۇن بولاتتىمۇ؟

ئاتنى ئارقا ھويلىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل ئۇنى سويۇپ گۆشىنى يەپلىۋېتىش ئىدى... ۋاي – ۋۇي، ئات بېقىشتىكى مەقسەت گۆش يېيىشلا بولسا، بۇ تۇرمۇش مەنىسىزلىكتە قايسى دەرىجىگە بېرىپ يېتەر – ھە؟

تېخى ئىككى يىل بۇرۇنلا ئانام ماڭا ئات ئېلىپ بېرىشنىڭ خىيالىنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىز دە قۇدۇق يوق بولۇپ، سۇنى ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇلۇڭگۇر دەرياسىدىن ئېلىپ كېلەتتۇق. يازلىقى ھەر ھالدا ياخشى، قىش كېلىپ دەريا سۈيى مۇز تۇتۇپ كەتكەندە دەريادىن سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەپكەش كۆتۈرگەندىن باشقا

يەنە پالتا كۆتۈرۈشكىمۇ مەجبۇر بولاتتۇق. كۈندە سۇ ئالغىلى دەرياغا
بېرىشقا، كۈندە مۇز چېقىشقا توغرا كېلەتتى. بۈگۈنى ئېچىپ قويغان
كاچكۇل ئەتىسى يەنە پولاتتەك قېتىپ كېتەتتى.
ئاقخارانىڭ قىش پەسلى ئىنتايىن سوغۇق بولىدۇ، 1-، 2-ئاي مەز-
گىللىرىدە تېمپېراتۇرا ھەتتا نۆلدىن تۆۋەن سېلسىيە 40 گرادۇسقا
چۈشۈپ قالاتتى. دەريا تەرەپتىن كەلگەن سوغۇق شامال نەشتەردەك
سانجىلىدۇ. تىزغىچە قار قاپلىغان يوللاردا ھېچقانداق ئىز كۆزگە چېلىق-
مايدىغان بولۇپ، ئاپپاق دالا تېخىمۇ چەكسىز كۆرۈنىدۇ.
ئانامنىڭ نەزىرىدە ئات بولمىسىمۇ، بىر ئېشەك بولسا بەك ياخشى
بولغان بولاتتى. ئۇلاق بىلەن بىر قېتىمدا ئۈچ-تۆت كۈن يەتكۈدەك
سۇنى كۆپ كۈچ سەرپ قىلماي، ھېچقانداق ئاۋارىچىلىقسىزلا ئەكې-
لىۋالغىلى بولاتتى.
شۇ يىلى ياز پەسلى بەك ئىسسىق بولۇپ كەتتى. كۈن چۈشتىن
قايرىلسىلا كوچىلاردا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قويۇق ئوت--
چۆپ ئۆسكەن داللاردا ھاشارەتلەرنىڭ چىرىلداشلىرى خۇددى قويۇق
بىر قەۋەت تۇماندەك ئەگىيتتى. ئەمما، بىر ئائىلە كىشىلىرى كەلگۈسى-
دىكى ئات ياكى ئېشەكنىڭ قىشتىن ئۆتۈشى ئۈچۈن ئوت -چۆپ غەم-
لىشى، پىژغىرىم ئىسسىقنىڭ مۇشەققىتىگە بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئى-
دى. ئۇ چاغدىكى جاپانى كۆرۈڭ!
ئۇ يىلى يازدا بىز دېگەندەك ئوت - چۆپنى يېتەرلىك يىغىپ توغ-
رىغاندىن كېيىن، چېگە خالتىلارغا قاچىلىۋەتتۇق. ئەمما، ئات باقمىدۇق.
بىز ھويلىغا قۇدۇقتىن بىرنى قېزىۋالدۇق. قىش پەسلىدە يەر ئاستى
سۈيىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان بولغاچقا، قۇدۇقنى قىش كۈنلە-
رىدە قېزىشقا توغرا كەلدى.
قىش كۈنلىرىدە قاتتىق يەرنى قېزىپ چوڭقۇر ئورەك كولاپ، شۇ
ئورەكتىن سۇ چىقىرىش ناھايىتىمۇ خاسىيەتلىك بىر ئىش ئىدى. بىرى
قۇدۇق ئاستىدا تۇرۇپ قېزىلغان توپىنى بىر چېلەك - بىر چېلەكتىن

ئۇسۇپ بېرەتتى، يەنە بىرەيلەن قۇدۇق ئاغزىدا تۇرۇپ توپنى بىر چې-
لەك – بىر چېلەكتىن تارتىپ چىقىراتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئېغىر جىس-
مانىي ئەمگەك ئاستا – ئاستا ئاقخارا زېمىنىنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ
بىزنىڭ ئەپتىمىزنى كۆردى، ئۇ بىزنى ھەقىقى تۈردە قوبۇل قىلدى.

ئىككى يىلدا بىز ئۆينى قايتىدىن ئوبدانلا رېمونت قىلىۋالدۇق،
قۇدۇقنىمۇ قېزىۋالدۇق. تېخى، ھويلىمىزغا تىككەن كۆچەتتىن بىر نەچ-
چە تۈپى شاخ يېيىپ، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ياشىندى. «يېڭىچە
يېزا قۇرۇلۇشى» نىڭ تۈرتكىسىدە كەنت كومىتېتى ئادەم ئۇرۇنلاشتۇ-
رۇپ قورۇ تاملىرىمىزنى سىرلىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر
بىزنى «كەلگۈندى» ھېسابلىمايدىغان بولۇشتى. ئات بولسىمۇ، بولمىسىمۇ
بولىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمما، ھازىر بىر ئاتنىڭ بولۇشى نەقەدەر گۈزەل ئارزۇ ئىدى –
ھە! ئاتقا مىنىپ چەكسىز يايلاقتا پەرۋاز قىلىش كىشىدە تەسۋىرلىگۈسىز
ھاياجان قوزغايدىغان مەنزىرە ئىدى.

ئالتاي كىچىك شەھەر بولسىمۇ، ناھايىتى قايناق شەھەر ئىدى. يول
– رەستىلەردە ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاپتوموبىللار، ئىككى قاس-
ناقتىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ ۋىۋىسكىلار، كىشىلەر توپى...
ھەقىقەتەن ھاياتى كۈچكە تولغان بىر شەھەردىن دېرەك بېرىپ تۇرات-
تى. شۇ چاغدا مەن مۇشۇنداق قايناق شەھەر كوچىسىدا ئات چاپتۇرۇپ
كېتىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرگەنىدىم. تۇياقلىرىدىن رىتىملىق ئاۋاز چىقى-
رىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئايىقى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاپتو-
موبىللار ۋە بارچە شاۋقۇن – سۈرەنگە قىلچە پەرۋاسىز ئىدى. ناۋادا بۇ
ئات كەڭ كەتكەن يايلاقتا چېپىپ كېتىۋاتقان بولسا ئىدى، ئاتلىق يىراق-
تىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلنىڭ ئېتىنى ئۈركۈتۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئې-
تىنى توختىتىۋالغان بولاتتى. ئۇلار كۆرۈش دائىرەمدىن غايىپ بولغان-
دىلا مەن ئۇلارنىڭ قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتكىنىنى ھېس قىلدىم.

گەرچە ئالتاي چارۋىچىلىق رايونىغا خاس شەھەر بولسىمۇ، چارۋا

يادىلىرىنىڭ شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتۈشكە يول قويۇلمايىتتى، پەقەت شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. مەن ئاتىنىڭ شەھەر رايونىغا كىرىش – كىرمەسلىكى توغرىسىدا بىرەر ئالاھىدە بەلگىلىمىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇڭا مەن ئابايىقى «شەھەر كوچىسىدا بىرىنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان» غەلىتىلىكىدىن كېيىنلا، «نېمىشقا شەھەر كوچىسىدا ئات مىنگەن ئادەم يوق» دېگەن غەلىتىلىكنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئەمما، كۆكتوقاي ناھىيەسىدە كىشلەرنىڭ قېشىڭىزدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈشى نورمال ئىش ئىدى، ئاقخاراغا تېخىمۇ گەپ كەتمەيتتى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئەمدى ئانامدىمۇ ئات بىلەن ئىشقا بېرىپ كېلىدىغان ئوي بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ مەمۇرىي مەھكىمە ياكى مائارىپ ئىدارىسىغا ئاتقا مىنگەن ھالدا ھۆججەت يەتكۈزگەن ھالىتىمنى قىياس قىلىپ باقايلى! كىشلەر چوقۇم ھاڭ – تاڭ بولۇشۇپ ئاغزىلىرىنى ئېچىپلا قېلىشار...

ئەگەر مېنىڭ بىر ئېتىم بولسا، مەن ئات ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىپ بېرەلەيمەن؟ قانداق قىلسام ئاتتىن كېلىدىغان خۇشاللىققا ھەقىقىي ئېرىشەلەيمەن؟ مەن ئالدى بىلەن ئۆيۈمنى شەھەر سىرتىغا كۆچۈرۈپ، ئازادە ئېغىلدىن بىرنى تەييار قىلىشىم، ئۆي ئەتراپىغا ئوت – چۆپ تېرىشىم كېرەك. يەنە مول ئات بېقىش تەجرىبىسىگە ئىگە، ئات بېقىشنى خالايدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشۇم كېرەك، كەلگۈسىدە بالىمىزمۇ ئاتنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇشى كېرەك. ئات ئۈچۈن مەڭگۈ بۇ يەردە قېپقېلىشىم كېرەك، مەڭگۈگە! مەن ئالتايىنى سۆيۈشۈم، ئالتايدا ياشىشىم، ئۆزۈلمەس رىشتەمنى ئالتايغا باغلىشىم كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن مەڭگۈ ئاتقا ئىگە بولالمايمەن.

مېنىڭ ئانامغا ئات توغرىسىدا تېلېفون قىلغۇم بار ئىدى. ئەمما،

ئۇنداق قىلمىدىم.

## «شياۋنياۋ» ماركىلىق تاماكا

ئانام خەنزۇچىنى قازاقچىغا، قازاقچىنى خەنزۇچىغا ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە تەرجىمە قىلىۋېرەتتى. يەنە تېخى، يېڭى سۆزلەرنى ئىجاد قىلىپمۇ ئۇلگۇرگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەرلىك كىشىلەرنى خەنزۇ تىلىغا نىسبەتەن خاتا چۈشەنچىگە باشلاپ قويغانىدى.

مەن بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيىپ ئۆيگە قايتتىم. يولدا بىر ئايال ئۇچراپ يېڭىمنى تۇتۇپ بېقىپ سورىدى:

–ھوي، رەختى نېمە، نېمانچە پارقىراق؟

–بۇ...پارقىراق يىپەك رەخت،–بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن شۇنداق دېدىم.

–پارقىراق يىپەك رەخت؟

–شۇنداق،پارقىراق يىپەك، ئەمما، پاختا ئەمەس. بىر خىل خىمىيىۋى تالا.

–خىمىيىۋى تالا؟

–شۇنداق، ئىلگىرى بىز دەيدىغان لياۋزىبۇ، چىڭلۇن، تياۋلۇن تۈرىدىكى.

–چىڭلۇن؟ تياۋلۇن؟

ئۇ بىر خىل گۇمان بىلەن كېتىپ قالدى.

ئەمما، ئانام قەھرى بىلەن:«سۇلياۋ!» دەپ جاۋاب بەردى.

–ھە، ما گەپنى كۆرۈڭ.

بىر يىگىت دۇكانغا كىرىپ «شياۋنياۋ» ماركىلىق تاماكا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بىر نەچچە قېتىم سورىدىم. ئۇ يەنىلا ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا «شياۋنياۋ»ماركىلىق تاماكا،دېدى. ئەمما، مەن شۇنچە ئىزدەپمۇ مال جاھازىسىدىن ئۇنداق ماركىدىكى تاماكىنى تاپالمىدىم.

-ئۇنداق تاماكا يوق.

-بار! ئەنە ئاۋۇ شۇ!

مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. نېمە! ئۇ « شياڭسىنياۋ» ماركىلىق تاماكىغۇ!

«شياۋنياۋ» بىلەن « شياڭسىنياۋ» تەلەپپۇز جەھەتتە يېقىن كېلىپ قالاتتى، يەنە كېلىپ قاپتا بىر قۇشنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. شۇڭا بايىقـ-دەك ئۇقۇشماسلىق بولغانىدى.

ئويلاپ باقسام، شۇ تاپتىكى قازاقچە تىل سەۋىيەمىز بىلەن «思相»نىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنى «鸟» بىلەن قانداق باغلاپ چۈشىنىش كې-رەكلىكىنى چۈشەندۈرۈش بەك تەس ئىدى.

ئانام گەرچە ئىش بېجىرىشتە يەڭگىل، قوپال بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسلا-ماسلىشىپ كەتكەنىدى.

يەنە بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ كىچىك قىزى دۇكانغا كىرىپ «پىڭ-پىڭ» ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تۇرۇپلا قالدىم:

-نېمە؟

-«پىڭپىڭ!»

-نېمە ئۇ «پىڭپىڭ »دېگەن؟

-شۇ «پىڭپىڭ!.»

ئۇنىڭغا بولقىنى ئېلىپ كۆرسەتتىم، ئۇ بېشىنى چايقىدى. پالتىنى ئېلىپ كۆرسەتتىم، ئۇمۇ ئەمەس چىقتى. مەن ئامالسىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

-دۇكىنىمىزدا پوجاڭزا يوق، ياڭاقمۇ يوق،-دېدىم.

-ياق،-قىز شۇنداق دېگىنىچە مال جاھازىسىدىن بوتۇلكىسى گىرا-ناتقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاق ھاراقتىن بىرنى ئالدى. دېمەك، بۇمۇ ئا-نامنىڭ«ئىجادىيەت»ى ئىدى.

ئۇ يايلاقتىكى چاغدا ئىجاد قىلغان سۆز «قارا موگۇ»، يەنى

«مور»(ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئورمانلىقتا ئۆسىدىغان ياۋا مور) نىڭ تەلەپپۇزى ئېنىق، ئەستە ساقلاشقا ئاسان بولۇپ،شۇ جايدىكى كىشىلەر هازىرغىچە شۇ بويىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. هەتتا، ئۇ سۆز ۋىلايەتتىكى ئالتە ناهىيە، بىر شەهەرگە شۇ بويىچە تارقالغانىدى.

موماي يەنە «ئالتۇن بېلىق» نى «ئالتۇندەك بېلىق»، «توز»نى «قۇيرۇقى يوغان چىرايلىق قۇش» دەپ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتەتتى.

دۇكىنىمىزدا يەنە «خۇڭ شۆليەن» «چىنچېڭ» «خادامېن» قاتارلىق تاماكىلار سېتىلاتتى. ئانام «شياۋنياۋ» ماركىلىق تاماكىدىن باشقا تاماكىلارنى «قىزىل رەڭلىك تاماكا» «كۆك رەڭلىك تاماكا» «ئاق رەڭلىك تاماكا»ۋە «سېرىق رەڭلىك تاماكا» دەپ ئاتاۋېرەتتى. ئەگەر ئىككى خىل تاماكىنىڭ قېپى ئوخشاش رەڭدە بولسا، ئۇ چاغدا، ئۇ تاماكىلارنىڭ نامى «سول تەرەپتىكى ئاق رەڭلىك تاماكا» ۋە «ئوڭ تەرەپتىكى ئاق رەڭلىك تاماكا» بولاتتى.

ئانام يەنە نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى ناهايىتى قىزىقارلىق شەكىلدە كىشىلەرگە تارقىتىۋەتكەنىدى، يەنى«باۋۋۇجى»دەمدۇ، «سەنكەيجيەنشى كاستۇم» دەمدۇ، «ئۆسمۈرلۈكلەرنىڭ ئۇيقۇ مەزگىلى» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، بەك غەلىتە ئىدى. غەيرىي يېرى شۇكى، بۇنچە مۇرەككەپ ۋە سىرلىق ئاتالغۇلارنى كىشىلەرگە شۇ پېتى دەپ ئولتۇرۇش ئىدى... ئەڭ غەيرىي يېرى، چارۋىچىلار يا توخو باقمىسا، «باۋۋۇجى» نىڭ نېمىگە لازىمى بارلىقىنى بىلەتتىمۇ؟

## تېلېفون ئۇرۇش

ئاقخارادا ئەڭ دەسلەپتە ئىشلىتىلگەن تېلېفون «سۇنئىي هەمراھ سىگناللىق تېلېفون»ئىدى. ئۇ خىل تېلېفون باهاسىنىڭ قىممەتلىكىگە باقماي، سىگنالى ياخشى ئەمەس بولۇپ، شامال چىققان ياكى يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كېيىن، بىرى كۆچمە ئاممىۋى تېلېفون، يەنى شەكلى سىملىق تېلېفونغا ئوخشاپ كېتىدىغان سىمسىز تېلېفون ئورناتقانىدى. ئۇ تېلېفوننى ئىككى كۈندە بىر قېتىم زەرەتلەپ تۇرۇش كېرەك ئىدى. ئۇ خىل تېلېفون ناھايىتى قولاي بولۇپ، يامغۇر – يېشىنلىق كۈنلەردىمۇ، ئاپتوموبىلدا كېتىۋېتىپمۇ، 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىۋېرەتتى. قىسقىسى، ئۇ سىملىق تېلېفون شەكلىدىكى يانفون ئىدى.

ئۇ خىل تېلېفون ھەقسىز سوۋغا قىلىناتتى، سۆزلىشىش ھەققىمۇ خېلى ئەرزان ئىدى. كېيىن ئۇ خىل تېلېفون بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بار بولدى. ئانام ئۇ تېلېفوننى بەكلا ياقتۇرۇپ قالغان بولۇپ، تېلېفوننى يوغان بىر سومكىغا سېلىپ مۈرىسىگە ئېسىۋالاتتى. ئۇ نەگىلا بارسا تېلېفون سېلىنغان سومكا ئۇنىڭ مۈرىسىدە بولاتتى. ناۋادا ناھىيە بازىرى كوچىلىرىدا كېتىۋاتقاندا تېلېفون كېلىپ قالسىمۇ، ئۇ دەرھال سومكىدىن تېلېفوننى چىقىرىپ سۆزلىشىۋېرەتتى. ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراشلىرى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. بەلكىم، كىشىلەر «شۇمۇ يانفون بولدىمۇ؟» دەپ ئويلىشار.

ئاقخارادا يانفونمۇ تېزلا بار بولدى. تاشيوللار ياسىلىپ، قاتناشنىڭ راۋانلىشىشىغا، نۇر كابېلىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، سىملىق تېلېفونمۇ ئومۇملىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىلىمىزمۇ دۇكانغا يەنە بىر تېلېفون ئورنىتىشنىڭ پىلانىنى قۇرۇپ قويدى. تاشيوللار ياسالغاندىن كېيىن، تاشيولنى بويلاپ سىمتاناب تۈۋرۈكى تىكىشكە، كەلكۈن ئاققۇزۇش ئېرىقلىرىنى كولاشقا ۋە باشقا ئاساس ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ مەزگىللەردە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن دېھقان ئىشلەمچىلەر ئاقخاراغا كېلىپ ئىشلىدى. ھەر كۈنى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئىشلەمچىلەر دۇكىنىمىزغا كېلىپ، ئۇزۇن – ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇشۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ھەر

كۈنى كەچ سائەت 10 دىن ئاشقاندا ئاندىن كەچلىك تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولاتتۇق.

تېلېفون ئۇرغىلى كېلىدىغانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆيىدىن، يۇرتلىرىدىن تۇنجى قېتىم ئايرىلغان ياش يىگىتلەر ئىدى. ئۇلاردىن بىرى تېلېفوندا: «مەن، ئاپا، تاماق يېدىڭمۇ؟ ئۇ يەردە قاراڭغۇ چۈشتىمۇ؟ بۇ يەردە تېخى قاراڭغۇ چۈشمىدى، شىنجاڭدا كېچىكىپ كەچ كىرىدۇ... مەن ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، يېمەك – ئىچمىكىمىز مۇ ياخشى، كۈندە گۆش يېيەلەيمىز ، بەزىدە تېخى كۈندە ئىككى ۋاق تاماقتا گۆش بار... غوجايىنىنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسى ياخشى، ئىشمۇ ئېغىر ئەمەس، ئىشتىن بالدۇرلا چۈشۈپ ياتاققا قايتىپ تاماق يەيمىز ... ئاپا، ئەمدى گېپىمنى توختىتاي، ئۈچ مىنۇت بولايلا دەپتۇ، تېلېفوننى قويۇۋەتتىم ئەمەسە...»دەيتتى.

كېيىنكىسى تېلېفوننى ئۇلايتتى-دە:«ئاپا، تاماق يېدىڭمۇ؟ كەچ كىردىمۇ؟ بۇ يەر تېخى يورۇق، شىنجاڭدا كېچىكىپ كەچ كىرىدىكەن... بۇ يەر ياخشى ئەمەس ئىكەن، گۆش يېيەلمەيمىز ...غوجايىنىنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسىمۇ ياخشى ئەمەس، بىزنى ھارغۇزۇپ جېنىمىزنى ئالىدۇ، كەچ كىرىپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان چاغدا ئاندىن ئىشتىن قايتىپ تاماق يەيمىز ... ئاپا، گېپىمنى توختىتاي، ئۈچ مىنۇت بولاي دەپتۇ، تېلېفوننى قويىۋەتتىم!» دەيتتى.

كىشىنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئىككىسى بىر ئورۇندا، بىر غوجايىنىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گېپىدە بۇنچە چوڭ پەرق بولىدۇ؟

بىر ئانا تېلېفوندا ئوغلىغا دەيتتى:«... بالام، مېنىڭ گەپلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، كۈندە ئەسلەپ تۇر، موماڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، كىچىك ئاپاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، مۇئەللىمىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا...» ئۇ 10 مىنۇت سۆزلەپمۇ ئوغلىغا تاپىلايدىغانلىرىنىڭ ئۈچىنچىسىگە ئۆتەلمەيتتى:

«... ئوغلۇم، ئوچاققا ئوت قالىغاندا دىققەت قىل، ئالدى بىلەن ئوچاققا تۇتۇرۇقنى ئاز سال،ئاستىغا قەغەز سال، ئەگەر قەغەز بولمىسا ئازراق پاخال سالساڭمۇ بولىدۇ. تۇتاشقاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە ئوتۇن سال. تۇتاشماي قالسا پۈۋلىگىن، ئوتۇنلار ھەرگىز تۇرخۇن ئېغىزىنى تو- سىۋالمىسۇن! تۇتۇرۇقنىڭ ئاستىنى بوش قالدۇرۇپ، پاخال سالغاندىن كېيىن يەنە ئوت ياق. تۇتاشمىسا پۈۋلە، ئاسان تۇتۇشىدۇ، پۈۋلىيەمەن دەپ يۈز - كۆزلىرىڭنى كۈل قىلىۋالما يەنە. دەسلىپىدە تۇتۇرۇق سال، يوغان ئوتۇن سالما... تۇتۇرۇق ئاستىنى سەل بوش قالدۇرۇپ قەغەز سال، پاخال سالساڭمۇ بولىدۇ...»

ئانام كۈلۈمسىرىگىنىچە قۇلىقىمغا پىچىرلايتتى:« مانا بۇنى ھەقىقىي نەسىھەت دېسە بولىدۇ...»

يەنە بىرى كېلىپ ئايالىغا تېلېفوننى ئۇلايتتى-دە، تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋېتەتتى. كېيىنكىلىرى ئالدىرىتىپ بولالمىغاندا بىر - بىرلەپ تۇرۇپكىنىڭ قېشىغا كېلىپ چاقچاقنى باشلىۋېتەتتى.

ئەر: ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ھېچنەگە بارمىدىم...

يېنىدىكىسى: يالغان، ئۇ كۈن بويى بىكار يۈرىدۇ، غوجايىن ئۇنى ئەدەپلەپلا تۇرىدۇ!

ئەر: كىر - قاتلارنى ئۆزۈم يۇيىمەن...

يېنىدىكىسى: ئۇ كۈندە قىمار ئوينايدۇ!

ئەر: پاكىز يۇيىۋاتىمەن...

يېنىدىكىسى: 200 يۈەن ئۇتتۇرۇپ بولدى!

ئەر: سۇ ياخشى ئەمەس، بەك شورلۇق...

يېنىدىكىسى: دەرھال 200 يۈەن پۇلۇمنى قايتۇر، قىمار ئېسىنى تو- نۇمايدۇ!

ئەر: مەن قىمار ئوينىمىدىم!

يېنىدىكىسى: ئوينىدى!

ئەر: مەن قىمار ئوينىمىدىم!

يېڭىدىكىسى: پۇلۇمنى تېز قايتۇر!

ئەر: ئۇلارنىڭ قالايمىقان گېپىگە ئىشەنمە!

يېڭىدىكىسى: يەڭگە، چىن سەن يەنە تېخى خېنىملارغا پۇل خەجلەيدۇ!

بۇ چاغدا قارشى تەرەپنىڭ دەرغەزەپ بولغان هالدا دېگەن گەپلىرىنى ھەممىمىز ئېنىق ئاڭلاپ قالاتتۇق:

ـمانى قارا، سېنىڭ تېخى خېنىملارغا خەجلىگۈدەك پۇلۇڭ بارمۇ؟

ـئۇ... ئۇلارنىڭ قالايمىغان سۆزلەشلىرىگە قۇلاق سالما! ئۇ... ئۇلار يالغان سۆزلەۋاتىدۇ...يالغان! ـئەر گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئالدىرايتتى. بىز ھەممىمىز تەڭلا:« چىن سەن، پۇلۇمنى قايتۇر! چىن سەن، پۇلۇمنى قايتۇر! پۇلنى قايتۇر!» دەپ ۋارقىرايتتۇق. چىن سەن تېلېفوننى قويۇپلا، ھېلىقىلارغا ئېتىلاتتى.

دۇكىنىمىزغا كېلىپ تېلېفون ئۇرىدىغانلار خېلىلا كۆپ ئىدى. گەرچە، يېقىن ئەتراپتىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسىدە تېلېفون بولسىمۇ، بىزنىڭ دۇكاننى ئەڭ ئاۋات دېيىشكە بولاتتى. ھەتتا، يەرلىك قازاق چارۋىچىلارمۇ بىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ ئۇزۇندىن ـئۇزۇنغا ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا رازى ئىدى.

كېيىن بىلىشىمچە، بىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ تېلېفون ئۇرىدىغان قازاقلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز – يىگىتلەر ئىكەن. بۇ ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلاردىن پەقەت بىزلا بولغاچقا، ئۇلار مۇھەببەتلىك شېرىن گەپلىرىنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىمالال دېيىشەلەيتتى. تەلەپپۇزى سەل ئىتتىكرەك بولسا تېخىمۇ بىخەتەر بولاتتى. بىز ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ بىزنىڭ ئاڭلىغۇمىز يوققۇ! يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن 15 ياشلار چامىسىدىكى شوخ يىگىتنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرىدىن، بىردەم ئوڭ پاچىقىنى سول پاچىقىغا، بىردەم

سول پاچىقنى ئوڭ پاچىقىغا سۈركەشلىرىدىن ئۈنىڭ ئىنتايىن پەرىشان ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى:

ـ سۆزلەشكىلى بىر – ئىككى سائەت بولىدى، سائەت 12 دىن ئاشتى، مېنى زادى ئۈخلىغىلى قويامسەن – قويمامسەن؟

## موتسىكلىت بىلەن باھاردىكى جەزىرىنى بېسىپ ئۆتۈش

موتسىكلىت ھەقىقەتەنمۇ ياخشى نەرسە، چۈنكى، ئۇ بىزدىن قۇدرەتلىك. بۇ چەكسىز كەتكەن قاقاس دالىدا ئۇ بىزنىڭ ھالىمىزنى قويمايدىغان مەنزىللىرىمىزگە ئاسانلا يەتكۈزىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇزاق ۋاقىت موتسىكلىتتا سەپەر قىلىش ئادەمنى ئوخشاشلا ھارغۇزىۋېتىدۇ، پىيادە ماڭغانغا يەتمەيدۇ. كۆپ ھاللاردا موتسىكلىتتا بەش ـ ئالتە سائەتلەپ يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، مەنزىلگە يېتىپ بارغىچە پۇتتا جان قالمايدۇ كىشىنىڭ. قانداقتۇ، بىزنىڭ موتسىكلىتىمىز كىچىك تىپتىكى موتسىكلىت ئىدى، ئۈچ ئادەم ئولتۇرسا ئاران تارتىپ ماڭاتتى، ئولتۇرغان ئادەمنىڭ بىئاراملىقىنى دېمەيلا قوياي. ئەمما، باشقا نارازى بولغۇدەك تەرىپى يوق ئىدى.

مېنىڭ موتسىكلىت مىنىشنى بەك ئۆگەنگۈم بار ئىدى، ئەمما،يىقىلىپ كېتىشتىن بەك قورقىمەن. كىچىك چاغلىرىمدا تەگچۈگىلۈق سىزىمىمنىڭ يوقلىقىدىن ئىلەڭگۈچىنمۇ ئوينىيالمايدىغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ۋېلسىپىتنى يېتىلەشنى ئىككى يىل ئۆگەندىم، مىنىشنى ئۈچ يىل ئۆگەندىم...قىسقىسى، ئويلايمەنكى، مەن بىر ئۆمۈر... ئەمما، يەنىلا موتسىكلىتنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شامال قوينىدىن شاۋقۇن يېرىپ ئۆتۈپ كېتەلىگەن بولسام ئىدىم، ئاندىن دۇنيادا تېخىمۇ روشەن سىما بىلەن نامايان بولغان بولاتتىم. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە... ئاھ! ...ئەمەلىيەتتە، ئىقتىدارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن سىناپ باقالماسلىقىمۇ يامان ئىش

ئەمەس. موتسكلىتىم بار بولغاندىن كېيىن، يەنىلا شۇنىڭ گېپىنى قىلاي! زېمىنغا مەزمۇت دەسسەپ، قولۇمنى چېنەپ تۇرۇپ، مەن ئۇ يەرگە بارماقچى، شۇڭا بارالىدىم،دېيەلىسەم ـ ھە! يەنە تۇيۇقسىز بۇ دۇنيادا قىلالمىغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن قايغۇرۇشىمىز نىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى ھېس قىلدىم؛ خۇددى بىز موتسكلىتقا مىنىپ مەلۇم نەرسىدىن تاقەتسىزلىك بىلەن، ھەم ئاسان، ھەم ئۈزۈل- كېسىل مەڭگۈگە يىراقلاشقاندەك... ئەمما، ئويلاپ قالدىمكى، بۇگۈنگە كەلگەندە، بۇ ئۆزىمىز نى قاچۇرۇپ بولالمايدىغان، رەتمۇ قىلالمايدىغان رېئاللىق ئىدى. ھەي، سىناپ باقالماسلىق ياخشى ئىش ئەمەستۇ؟ زېمىن كۆكسىدە دەس تۇرۇپ، قولۇمنى چېنىگىنىمچە ۋارقىرايمەن: ھەي، مەن ئۇ يەرگە بارىمەن!

بىز قۇملۇق چېتىدىكى ئاقخاراغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، موتسكلىت بىز ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا بىز تاغلىق رايوندىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدۇق. ئاقخارا جەنۇب تەرەپتىكى ئۇلۇڭگۇر دەرياسى بويىدىكى چۆللۈكتە بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. قىشلىقى ئاپتوموبىل بىلەن ناھىيە بازىرىغا بېرىش ئۈچۈن 50 يۈەن خەجلەشكە توغرا كېلەتتى، بۇنىڭدىمۇ، ئولتۇرغىدەك ئاپتوموبىل بولسىلا بولاتتىغۇ. ئۇ چاغلاردا بۇ كەنتكە مەخسۇس لىنىيەلىك ئاپتوموبىل تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئاپتوموبىللىرىدا كىراكەشلىك قىلاتتى. ئۇنداق ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپى سەككىز كىشىلىك كونا جىپ ئىدى. كۈندە كۆپ بولغاندىمۇ بىر ـ ئىككى ماشىنا ماڭاتتى. تاڭ تېخى يورۇماستىلا شوپۇرلار ئاپتوموبىللىرىنى ھەيدىشىپ، ھەر بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ ئادەم سالاتتى، كۆپ ھاللاردا بىز نىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغىچە ئاپتوموبىللار توشۇپ كېتەتتى. بەزىدە ئاپتوموبىل توشمىسا، شوپۇرلار ماڭغىلى ئۇنىمايتتى، كەنت بېشىدا بىر - ئىككى كۈن ساقلاشقا توغرا كېلەتتى، ھەر قانچە ئالدىرىغاننىڭمۇ پايدىسى يوق ئىدى. شۇنداق ۋاقىتلاردا موتسكلىت نېمە دېگەن قۇلايلىق ـ ھە! قاچان ماڭ-

غۇڭىز كەلسە شۇ چاغدا ماڭالايسىز ، تېخى بىرىپ كېلىشنىڭ ماي پۇلى ئارانلا ئون نەچچە يۈەنگە توختايدۇ، 80_90 يۈەن تېجەپ قالغىلى بولىدۇ! ئەگەر ئىككى ئادەم بىللە ماڭسا، 160 يۈەن، ئۈچ ئادەم ماڭسا 250 يۈەن تېجىگىلى بولىدۇ، تېخى كۆڭۈل ئاينىشتىن ئەنسىرەشنىڭ هاجىتى يوق.

ئەمما، موتسىكلىت بىلەن چۆل – جەزىرىنىڭ يولىدا شامالغا يۈزلىنىپ مېڭىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. دېمەك، بىر قېتىم ئۆيدىن چىقىش تۆت_بەش سائەتلەپ شامالغا قاقلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە ئانام ماڭا بىخەتەرلىك قالپىقى ئېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى باشقا كىيىپ موتسىكلىت بىلەن مېڭىش تېخىمۇ ئازابلىق ئىدى. ئېغىر قالپاق بېشىمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، يېپى گېلىمغا پېتىپ بېشىمنى قايدۇرۇپ، كۆزۈمنى ئالا_چەكمەن قىلىۋېتەتتى. ئامالسىز قالپاقنى ئېلىۋېتىپ، قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشۇمغا توغرا كېلەتتى. ئۇنداق قىلسام مەن بىلەن تاغام ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق پەيدا بولۇپ، سوغۇق شامال شۇ يەردىن سوقاتتى. قات – قات كىيىم ئىچىدە تۇرغان بەدىنىم بىردەمدىلا سوغۇقتىن قورۇلۇپلا قالاتتى. يەنە كېلىپ، قالپاقنى تۇتقان قولۇمنىڭ مۇزلاپ قېتىپ كېتىشىنى پەلەي توسۇپ قالالمايتتى، بارماقلىرىمنى مىدىرلىتالمايلا قالاتتىم. هەي، كىيسە تېخى، كىيمىسە يەنە تېخى. ئۇ نەرسىنى قويىدىغان جايىمۇ يوق. ئۇ نەرسىگە هەقىقەتەن ئامال قىلالمايتتىم...

بىز ماڭىدىغان يول چۆل – جەزىرىدىكى توپىلىق يول بولۇپ (هەقىقەتەن نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك، تاغام پىراۋا بېجىرمىگەچكە، تاشيول بىلەن ماڭالمايتتۇق...)، ئۇنى يول دېگەندىن كۆرە ئۆچۈپ كېتەيلا دەپ قالغان يول ئىزى دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. بىز ئۇ يولدا بىر نەچچە سائەتلەپ ماڭغاندىن كېيىنلا بىرەر ئاپتوموبىلنى ئۇچرىتىپ قالاتتۇق. زېمىن بىلەن ئاسمان بىر گەۋدىگە ئايلانغان، زېمىن چەكسىزلىككە يۈز ياققاندى...

كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيا تېخمۇ يارقىن. بىزنىڭ كۆرۈش دائىرىمىزدە ئۈچ قويۇن پەلەككە بوي سوزغاندى. بىزنىڭ ئالدى تەرىپىمىزدىكى قويۇن ئەڭ زور بولۇپ، ئېگىزلىكى 20ـ30 مېتىر كېلەتتى. ئۇ ئوڭـسولغا ئىغاڭشىغىنىچە ھەيۋىسىنى كۆرسىتەتتى. بىزنىڭ سول تەرىپىمىزدە ئىككىسى بولۇپ، ئۇلار بىر كىلومېتىر نېرىدىكى ئاپپاق رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرغان، بىر تۈپ گىياھمۇ ئۈنمىگەن شورلۇقنىڭ ئۈستىدە ئىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئاپپاق رەڭدە ئىدى، ئەمما، ئاسمان كۆپكۆك ئىدى... ئۇ 5ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، يەنى، ئەتىياز ئاخىرلىشىپ قالغان مەزگىل ئىدى. ئەمما، قىش پەسلى يېرىم يىل داۋاملىشىدىغان شىمالدا بۇ مەزگىل پەقەت باش ئەتىياز ئىدى. يىراقلاردا كۆكەرگەن ئوت – چۆپ كۆزگە گىرىمسەن چېلىقاتتى، ئەمما، بىزنىڭ ئاياغ ئاستىمىزدىكى زېمىن بولسا قاقاسلىقنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. تولىمۇ يىراقتىكى ئۇيۇق سىزىقىدا يېشىللىقنىڭ جۇلاسى كۆزىمىزگە چېلىقتى. ئاپپاق قاردەك زۇمچەك – زۇمچەك شور دۆڭلىرى تەكشى تارالغان، يېشىللىق جۇلاسى ئۇلارنى باغاش ئەتكەن، رەڭلەر جىلۋىسى چەكسىزلىكنى ئىشارە قىلغاندى. كېيىن، مەن سول تەرىپىمىزدىكى ئىككى ئاپپاق قويۇن تۈۋرۈكىنىڭ ئاستا – ئاستا بىرلەشكەنلىكىنى، ئالدى تەرىپىمىزدىكى قويۇن تۈۋرۈكىنىڭ ئاستا – ئاستا يىراقلاپ غايىپ بولغانلىقىنى كۆردۈم.

بىز شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ چاپماقتىمىز، شامال غەربتىن شەرققە سوقاتتى،چاچلىرىم ئەركىنى شامالغا تاپشۇرغاندى. كۈچلۈك شامال توختىماستىن سوقۇپ تۇرغان يۈزلىرىمنى قېتىپ كەتكەندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئەگەر باشياغلىقىم بولسا ئىدى، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئوخشاش بېشىمدىن ئايىغىمغىچە ئورىۋالغان بولسام، چوقۇم قىلىچ – نەيزىمۇ ئۆتمەس بولغىيتتى. مەن يەنىلا قالپاقنى كىيىشكە مەجبۇر. ئەمما،ئۇزاق ئۆتمەي نەپەسىم قىيىنلىشىپ كېتەتتى ـ دە، قالپاقنى يەنە سېلىۋېتەتتىم. قالپاقنى سېلىۋېتىپلا، يەنە كىيىشنىڭ كىيمىگەندىن ياخشى ئىكەنلىكىنى

سىزەتتىم–دە، يەنە كىيىۋالاتتىم، يەنە بىردەمدىلا نەپسىم قىيىنلىشاتتى ...

مەن كىيىۋالغان قالپاق دۇكىنىمىز دا سىتىلىدىغان ئەرزان مال ئەدى. سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن ئەينىكنى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم – شېغىللار جىراپ تولىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئەينەكتىن كۆرۈنگەن دۇنيا تولىمۇ كۆرۈمسىز ۋە تۇتۇق ئىدى، كۆزنىڭ چارچىشىدىن بىردەمدىلا كۆڭلۈم ئايىنىپ كېتەتتى. پەقەت كۆزنى يۇمۇۋېلىشلا كېرەك ئىدى...ئۇ بەك ئېغىر ئىدى. ئۇ راستلا ئېغىرمۇ ياكى مېنىڭ سەزگۈم ئۇزاق ۋاقىت شۇنىڭغىلا مەركەزلەشكەنلىكتىن خاتا سىزىم بىلەن شۇنداق «ئېغىر» بىلىندىمۇ، بىلمەيتتىم. ئۇ شۇ ئېغىرلىقى بىلەن مېنى يول بويى قىيناپ كەلدى.

شامال! ئۇ يىراق ئۇپۇق سىزىقىدىن نەرە تارتقىنىچە يۇپۇرۇلۇپ كېلەتتى. ئۇنداق كۈچلۈك ئاۋازغا سىلىشتۇرغاندا، مېنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئاۋازىم پەقەت نەپەسچىلىك ياكى جۆيلىگەندە چىققان ئاۋازدەك كۈچسىز ئىدى. شامالنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن يول بويى چىرايىمدا نورمال كەيپىياتنى ساقلاپ قالالمىدىم. راست، بىر نەچچە قېتىم ئەنە شۇنداق بېشىم يېرىلىپ،چىشلىرىم تۆكۈلۈپ، ئاغزىم يىرتىلىپ كەتكەندەك تۇيغۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم.

سەپەر جەريانىدىكى دەم ئېلىش پۇرسىتىدە موتسىكلىتنىڭ ئەينىكىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى، ئىككى تال ئالدى چىشىم يوق تۇراتتى. سىنچىلاپ قاراپ سەزدىمكى، شامالدا ئاغزىمغا كىرىپ كەتكەن توپا لايغا ئايلىنىپ چىشىمغا چاپلىشىپ كەتكەن، لەۋلىرىممۇ خۇددى قاقاس تۇپراقتەك قارىداپ، يېرىلىپ كەتكەنىدى. بۇ پەسىل ھەقىقەتەن توپىلىق بوران ھۆكۈم سۈرىدىغان مەزگىل ئىدى. تاغامنىڭ قالپىقىنىڭ ئەينىكىگىمۇ بىر قەۋەت توپا چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە قانداق چىداشلىق بىرىپ، نىشاندىن ئازماي كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. مەن ئالقانلىرىم بىلەن ئۇنىڭ قالپىقىنىڭ ئەينىكىنى

سۈرتتۈم، مەينەتچىلىك پاكىز لىنىدىغاندەك ئەمەس. ئاخىرى يېڭىم بىلەن سۈرتتۈم.

بىز موتىسىكلىت دالدىسىدا ئارام ئالدۇق، ئۈسسۇزلۇق جېنىمىزنى قىينايتتى. شامالنىڭ نەرىسى ئاسمان – پەلەكنى بىر ئالغان ئىدى، چاچلىرىم بورانغا بويسۇنۇپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ تۇراتتى. كۈچلۈك بوراندا بەش يۈەن پۇلنى ئۇچۇرىۋەتتىم،كەينىدىن بىر نەچچە يۈز مېتىر قوغلاپمۇ يېتىشەلمىدىم، پۇل ئاخىرى چىغقا ئىلىشىپ قېلىپ توختىدى.

مېنىڭ پۇلنى چىقىرىشىم بېنزىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، تۈۋگىغا چېتىلغان بىر تال نەيچە چۈشۈپ قالغاچقا، بېنزىن يول بويى ئېقىپ ئازلاپ كەتكەنىدى...چۆل – جەزىرىدە چىققان كاشىلىغا چوقۇم تەمكىنلىك بىلەن يۈزلىنىش كېرەك، گەرچە كاشىلىنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى زەررىچە بولسىمۇ. تاغام يەنىلا خۇشال – خورام بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن مېنى جاپا تارتقۇزغانلىقىغا ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمايۋاتقاندەكلا ئىدى.

ئۇ پەقەت كۈلۈمسىرىگىنىچە ماڭا بىر قېتىملىق سەپەردە بالون يېرىلىپ كېتىپ، بۇ قېتىمقىدىنمۇ ئۆتە جاپا تارتقانلىقىنى، موتىسىكلىتنى توققۇز سائەتتىن ئارتۇق يېتىلەپ ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى... بۇ قېتىممۇ بالون يېرىلىپ كېتىپ موتىسىكلىتنى توققۇز سائەت يېتىلەپ ماڭىدىغان ئىش بولۇپ قالىدىغان بولسا، قەسەم قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۆيدىن سىرتقا چىقمايمەن.

بۇ كۆز يەتكۈسىز قاقاس دالىدا نەدىنمۇ بېنزىن تېپىش كېرەك؟

بۇ قېتىم ھەر ھالدا تەلىيىمىز بار ئىكەن. ئادەتتە، بۇ يولدا كۈنلەپ بىر – ئىككى چارۋىچىدىن باشقا ھېچنېمە ئۇچرىمايتتى. ئەمما، بۇ قېتىم موتىسىكلىتىمىز توختاپ قېلىپ نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي تۇرغاندا، يىراقتا ئاسمان – پەلەك توپا – چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان موتىسىكلىت كۆزىمىزگە چېلىقتى. بىز يىراقتىنلا ئۇنىڭغا قاراپ قول پۇلاڭلاتتۇق. ئۇ يېقىنلاشتى، قارىماققا ئۇ كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان، مەغزى قىزىل،

ياش چارۋىچى يىگىت ئىدى. بىز قول ئىشارىمىز بىلەن ئەھۋالىمىزنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇردۇق. ئۇ دەرھال موتسىكلىتىنىڭ ماي تۇڭىنىڭ قاپقىقىغا قول ئۇزاتتى. مەن ماي ئالىدىغان قاچا ئىزدەپ ئاۋارە ئىدىم. سومكامنى خېلى ئۇزاق ئاختۇرۇپ، يېپ - يېڭنە سېلىۋالغان بىر كىچىك «ۋاخاخا» ماركىلىق قېتىق قۇتىسىنى تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەر موتسىكلىتنى يىقىتىپ ماي چۈشۈردى، مەن قولۇمدىكى كىچىككىنە قۇتىنى ماي تۇڭىنىڭ ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان سۇيۇقلۇققا ئېھتىيات بىلەن تۇتۇپ تۇردۇم. بىز مايىنى بەش-ئالتە قۇتا ئالغاندىن كېيىن يەنە ئېلىشنى بىئەپ ھېس قىلدۇق. ئۇمۇ ئۇزاق سەپەرگە چىققان ئادەم تۇرسا، يېرىم يولدا بېنزىنى تۈگەپ كېتىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا رەھمەتنىڭ ئورنىغا پۇل ئۇزاتتىم، ئەمما...

مەن شامالدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پۇلنى قوغلاپ ئاستا - ئاستا يىراقلاۋاتقاندا، ئۇ خۇددى مەن مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغاندەك شامال قوينىدا ماڭا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

مەن پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقىنىمدا، ئۇمۇ بىزدىن تەسىرلەندى بولغاي، بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى.

بىز چۆل - جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توپىلىق يولدا ئاسمان - پەلەك چاڭ توزۇتقىنىمىزچە سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يول كەينىمىزدە قالماقتا، ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئالغا قاراپ سۈرۈلمەكتە. بىز يولدىن ئېزىپ قالغاندۇق.

بىپايان چۆل - جەزىرىدە يولدىن ئېزىپ قېلىش ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش. چۈنكى، كېچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ، شامال تېخىمۇ كۈچىيىشى مۇمكىن ئىدى. بىز بۇ چەكسىز كەتكەن قاقاسلىقتا نىشاننى پەرق ئېتەلمىگەنچە تىت - تىت بولۇپ، مەڭگۈ قايتىش مۇمكىن بولمايدىغان قەدەملەرنى بېسىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى.

بىز قىزغۇچ تۇپراقلىق دائىرىگە كىرىپ قالدۇق، بۇ جاي بىزگە ناتونۇش ئىدى. مەن تاغامغا كەينىمىزگە قايتىشنى ئەسكەرتتىم. ئۇ يۆنە-

لىشىمىزنىڭ جەنۇبقا ئېكەنلىكىنى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسىغا يەتكىلى بولىدىـ
غانلىقىنى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنى بويلاپ ماڭساقلا ئۆيىمىزگە يېتىپ
بارالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ئامالسىز ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدۇم.
غەرب تەرەپتىكى دۆڭلۈكتە بىر ئات پادىسى قىيپاش چۈشۈپ تۇرـ
غان قۇياش نۇرىدا ئۈزۈن - ئۈزۈن سايىلەرنى ھاسىل قىلىپ ئاستاـ
ئاستا سۈرۈلمەكتە؛ ئۈزۈن قامچىسىنى تۇتقىنىچە ئات ئۈستىدە جىمجىت
ئولتۇرغان ئۆسمۈر بىزگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. مەن شۇ
ئۆسمۈردىن يول سوراش تەكلىپىنى بەردىم، ئەمما، ئۇ بىزدىن بەك
يىراقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغام بۇ قىزىل رەڭدە سۈر كۆرسىتىپ
تۇرغان چۆلدىن ئۆتۈپ، ئالدىمىزدىكى دۆڭلۈككە يەتكەندە يەر شەكلىـ
نى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتى.
كېيىن، بىز كەينىمىزگە قايتىپ ھېلىقى ئۆسمۈردىن يول سوراشقا
مەجبۇر بولدۇق. ئەمدى بىز توپا يولدىن چىقىپ، قېتىپ كەتكەن قاـ
قاسلىققا چىقىپ قالغانىدۇق. بىز غەربىي شىمال يۆنىلىشتە ئۇزاق ماڭـ
دۇق، ئەمما، ھېلىقى ئات پادىسى ۋە ئۆسمۈرنى تاپالمىدۇق. بىز يەنە
ئېزىپ قالغاندەك قىلاتتۇق. ئۇپۇق پايانسىز، كۆك بېتىدە پارچە - پارـ
چە بۇلۇتلار تۇتىشىپ ئىنتايىن كۆركەم مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى.
ئالەم سۈزۈكلۈكىنى يوقاتمىغان، ئەمما، گۇگۇم چۈشۈپ قالغان ئىدى.
بەش-ئالتە قۇتا بېنزىن يەنە قانچىلىق كۆيىدۇ، بىزنى يەنە قانداق
ئاۋارىچىلىقلار كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى.
بىز چۆل - جەزىرىدە يەنە توختىدۇق، بۇ يەر ئۇششاق قۇرۇق ئوت
- چۆپلەر تەكشى يېيىلغان تۈزلەڭلىك ئىدى. مەن يەردىن بىر تال
تاشنى كولاپ ئېلىپ، پاكىز سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن سىنچىلاپ قاردـ
دىم. ئۇ سۇس سېرىق رەڭلىك، ئۇششاق تال -تال قىزغۇچ سىزىقچىلىـ
رى بار سۈزۈك تاش ئىدى. مەن يەرگە يەنە تەكشى قارىدىم. شۇنىڭغا
ئوخشايدىغان چىرايلىق تاشلار قاتتىق يەرگە پاتۇرۇلغىنىچە كۆزگە تاشـ

لىنىپ تۇراتتى. مەن بىر مۇنچە تاشنى كولاپ ئېلىپ يانچۇقۇمغا سال-
دىم. شۇندىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۆردۈمكى، يىراقتىكى گىرىم-
سەن نىشاندا قۇيۇق ئىس – تۈتەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

بىز دەرھال شۇ تەرەپكە قاراپ چاپتۇق. ئاستا – ئاستا نىشانغا يې-
قىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئالدى قاپقىقى پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان كونا
«ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىل ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەجىقى چىقىپ كەتكەن ئاپتوموبىل بولۇپ، پۈتۈن
ئەزايىدىن غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ جالداقشىغىنىچە ئېغىر گەۋدىسىنى
سۆرەپ ئاران ئىلگىرلەيتتى، خۇددى پاچاقلىنىپ كېتىشكە ئارانلا قالغان-
دەك ئىدى. ئۇ چوقۇم بىر ئۆمۈر مۇشۇ «قارا يول»دىلا ماڭالايدىغان
«قارا ئاپتوموبىل». ئۇ دۇنيا ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى پىنھاندا ئاۋايلاپ
ساقلاپ كەلگەن نەرسىدەكلا قىلاتتى...

شوپۇر بىزنى كۆردى بولغاي، ئاپتوموبىلنى توختاتتى. بىز يېتىپ
كەلگەندە ئۇ يېرىم ئېچىلغان ئاپتوموبىل ئىشىكىگە يۆلەنگىنىچە موخوركا
ئوراۋاتاتتى.

ئۇ بىزگە ئاپتوموبىلغا ئەگىشىپ مېڭىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى
ئېيتتى. بىراق، ئۇنىڭ يولى بىزنىڭ يولىمىز بىلەن بىر يۆنىلىشتە ئە-
مەس ئىدى. گەرچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ ئۇنىڭ نىشانىغا يەتكەندىن
كېيىن يەنە ئايلىنىپ ئۆزىمىزنىڭ نىشانىغا يېتەلىشىمىز مۇمكىن بولسىمۇ،
ئەمما، بىزنىڭ ئۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىشىمىزغا رايىمىز يوق ئىدى،
ئۆيىمىزگە تېزراق يېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتۇق. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن توپا يەپ مېڭىش ئۇنچە ھوزۇرلۇق ئىشمۇ ئەمەس. بىز يولنى
تەپسىلىي سورىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق.

شوپۇر غەرب تەرەپتىكى ئېدىرلىقتىكى يولغا ھەرگىز ماڭماسلىقىمىز-
نى، ئېدىرلىقنى كۆرگەن ھامان سولغا بۇرۇلۇپ مېڭىشىمىزنى، سولغا
بۇرۇلۇپ ئۇدۇل مېڭىۋەرسەك ئۇلۇغگۇر دەرياسىغا يېتەلەيدىغانلىقىمىزنى

قايتا – قايتا تاپىلىدى.

ئۇ شوپۇر ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىدى، خۇددى ئۆزىنىڭ ئاسار – ئەتىقە كەبى ئاپتوموبىلىغا ئوخشاشلا سەممىي ئىدى. ئۇ ئاپتوموبىلىنىڭ ماي تۇڭىدىن بىر ئاز ماي تارتىپ موتسىكلىتىمىزغا قاچىلاپ بەردى، يەنە يېرىم قوتا سۇمۇ بەردى.

بىز ئىككى يۆنىلىشتە مېڭىپ ئاستا – ئاستا يىراقلاشتۇق.

مەن بىر قولۇم بىلەن تاغامنىڭ مورىسىنى چىڭ تۇتقىنىمچە ئولتۇراتتىم. يەنە بىر قولۇم يانچۇقۇمغا سىلىنغانىدى. مەن ئىككى قولۇمنى نۆۋەت بىلەن يانچۇقۇمغا سېلىپ ئىسسىتىشقا مەجبۇر ئىدىم. ئۇ موتسىكلىتنى بارغانچە تېز ھەيدىمەكتە، شامالمۇ بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى.ئەمما، مەن بۇندىن كېيىن ماچۇ بار جايغا بارالمايدىغاندەكلا ھېس قىلماقتا ئىدىم...

## تىم – تىم بۇلاقتا بارىدىغان يول

ئىلگىرى،تىم–تىم بۇلاقتا «ئوسمان يولى» بىلەنلا بارغىلى بولاتتى. ئوسمان نەچچە ئون يىل بۇرۇنقى ئالتايدىكى قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «قازاق شاھى» دەپ ئاتىۋالغانىدى.

تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بارلىق يوللار بۇ چەكسىز كەتكەن چۆل – جەزىرىنى ئايلىنىپ ئۆتەتتى. ئۇ يوللار بەزىدە ئۇزۇلۇپ، بەزىدە قوشۇلۇپ، قاتمۇ – قات تاغلار ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ ئالتاينىڭ بوستانلىقلىرى بىلەن جەنۇبنىڭ قارلىق تاغ،چەكسىز يايلاقلىرىنى تۇتاشتۇراتتى. تېخى ھېچكىم بۇ قاقاسلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ باقمىغانىدى. بۇ قاقاسلىقتا نە گىياھ، نە سۇ يوق بولۇپ، ھەقىقەتەن ھالاكەت بەلۋېغى ئىدى. قۇملۇقتا چېپىشىپ يۈرگەن ئاق بوغۇز بۆكەن ۋە ياۋا ئاتلارلا سۇ مەنبەسىنى بىلەتتى،ئەمما، ئۇلار گەپ قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلاردا چوڭقۇر يەر ئاستىدىكى سۇنىڭ ھىدىنى پۇرىيالايدىغان

ئالاھىدە كۆچلۈك پۇراش سېزىمى ۋە بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆز بار ئىدى.
تىم – تىم بۇلاق توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، بەلكىم، ئاشۇ دەۋرلەر-دىلا تارقالغاندۇ؟ ئاشۇ ۋاقىتلاردا، پادىچىلارنىڭ ئاغزىدا چۆل – جەزى-رىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ قاقاس جاينىڭ مەلۇم بىر يېرىدە مۆ-جىزىۋى بىر بۇلاق بار،دەيدىغان رىۋايەت دەبدەبىسىز ، سىرلىق ھالدا تارقىلىپ يۈرەتتى. تاشنىڭ يېرىقلىرىدىن كىچە – كۈندۈز، قىش – ياز توختىماي سىرغىپ چىققان سۇ بىر تېمىم – بىر تېمىمدىن تامچىلاپ بۇلاقنى ھاسىل قىلاتتى. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا بولۇق ھەم تەكشى ئۆسكەن ئوت – چۆپلەر بار ئىدى. سۇ ئوت – چۆپلۈك ئاستىدا زۇمرەتتەك يال-تىرايدۇ، قىرغاقتا بولسا قومۇشلار بولۇق ئۆسكەن. مەلۇم بىرسىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىدەك، بۇ يەر قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كىچىك، ئەمما، يۆتكەلمەس بوستانلىق ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئەتراپى زەيلەشكەن چۆپلۈككە كېلىپ خۇشاللىقىدىن يىغلىۋەتكەن بولۇپ، تەشنالىقتا قېنىپ قىزىللىق يۈگۈرگەن يۈزلىرى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.
چارۋىچىلار دائىم يۈتۈپ كەتكەن ماللىرىنى تىم –تىم بۇلاق ئەترا-پىدىن ياكى بولمىسا تىم – تىم بۇلاق ئەتراپىدىكى قوۋم بارخانلىرىنىڭ ئەتراپىدىن ئىزدىشەتتى. ئۇ ۋارقىرىغاچ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەرماد-سىزلاشتۇرۇۋەتكەن تېنىنى سۆرەپ قوۋم بارخانلىرى ئارىسىدىكى بىر دۆڭلۈككە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. بىپايان چۆللۈكتە كۆزگە ھېچنېمە چېلىقمايتتى، ئۈمىد يەنىلا تىم – تىم بۇلاقتىدەك قىلاتتى.
تىم – تىم بۇلاق خۇددى بۇ تۇپراقتىكى ئىلاھتەك يۈكسەكلىكتىن بىر تېمىم – بىر تېمىمدىن تامچىلاپ چۈشۈپ، بۇ تۇپراقتا بارلىقى ھا-ياتلىقنىڭ قان تومۇرىغا جان بېغىشلاپ تۇراتتى. ئۇ بىر تېمىم – بىر تې-مىمدىن تامچىلاپ چۈشۈپ مۇشەققەتلىك رېئاللىق ۋە گۈزەل رىۋايەتكە توختىماي سىڭىپ تۇراتتى.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بۇ تۇپراقتا ھۆكۈم سۈرگەن شۇ دەۋرلەردە، تىم-تىم بۇلاق چارۋىچىلارنىڭ ئاغزىدىكى گۈزەل رىۋايەتتە ئورۇن ئالـ. دى. ئۇنىڭ ئېنىق ئورنى بۇ چەكسىز جەزىرىنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن نىـ. قابلىنىپ تۇراتتى. ئوسماننىڭ ئاتلىق قوشۇنى بىردە ئۈزۈلۈپ، بىردە ئۇلىنىپ تۇرىدىغان چۆل يولى بىلەن ئۇدۇل تىم-تىم بۇلاققا كەلگەن. ئاشۇ ئۇرۇش ئىس - تۈتەكلىرى جاھاننى قاپلىغان يىللاردا ئوسمان بىر قولىدا نەيزە- قىلىچ، يەنە بىر قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتقىنىچە سانسىز قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، ھالسىزلانغان تېنىگە دەرمان، كۈچ - قۇۋۋەت ئالغان؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى قوزغىغانىدى. تىم-تىم بۇلاق ئوسماندىن ئىبارەت «قازاق شاھى»نىڭ رەزىل روھىنى ئاپىرىدە قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ چاغلاردا، ئوسمانلا بىلىدىغان ئاشۇ يولدىن باشقا بىمالال يۈرۈشكە بولىدىغان يول يوق ئىدى. بۇ ئوسماننىڭ رىۋاـ. يىتى ھەم تىم-تىم بۇلاقنىڭ رىۋايىتى ئىدى.

كىچىك چاغلىرىمدا، تېخى دۆلەت 216- ۋە 217- تاشيول لىنىيەـ. لىرى يوق ئىدى، كۆكتوقاي ناھىيەسىدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ئاپتوـ. بۇسمۇ يوق ئىدى(ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيەسىگە بېرىشقا ئېھتىياجى چۈشمەيتتى. ناھىيەدە ياشاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ بۇ يەردىن ئايرىلىش سەۋەبى يوق ئىدى). ئۈرۈمچىگە بېـ. رىش ئۈچۈن رودا ياكى ياغاچ توشۇيدىغان يۈك ماشىنىلىرىغا ئولتۇـ. رۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىكى قاتمۇ - قات تاغلار ئارىسىدىكى يول بىلەن چۆللۈكنى ئەگىپ ئۆتۈپ بىر نەچچە كۈن يول ئازابىنى تارتىشقا توغرا كېلەتتى. مەن سەپەر جەريانىدا قاقاسلىقتا تۈنىگەن شۇ كېچىلەرـ. نى، ئاشۇ ئاپپاق شور باسقان جەزىرىدىكى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كېسەك تاملىق ياتاقلارنى ھەم كېچە ئاسمىنىدا چاراقلاپ تۇرغان يۇلـ. تۇزلانى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن.

ھەر قېتىم چوڭلار مېنى كۆتۈرۈپ ئاپتوموبىلدىن چۈشۈرۈپ، قوـ.

لۇمدىن يېتىلەپ ئۇ يەرگە  ئېلىپ بارغان چاغدا تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان
بالىلىق ھېسلىرىمنى ئويغىتىپ، خۇددى مەن مۇشۇ تۇپراقتا مەڭگۈ يا-
شاپ قالىدىغىنىمنى بىلىۋالغاندەك چەكسىز شادلىنىپ كېتەتتىم. دەرۋەقە،
مېنىڭ تەقدىرىم ھازىرغىچە شۇ تۇپراققا باغلاقلىق.

«شەرقىي لىنىيە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇن يولدا پەقەت ياز پەسلى-
دىلا قاتنىغىلى بولاتتى. قىش پەسلىدە قاتتىق ياغقان قار يولنى توسىۋې-
تەتتى، ئورۇمچىگە پەقەت تىم - تىم بولاقتىكى يول بىلەنلا بارغىلى
بولاتتى.

شوپۇرلارغا نىسبەتەن تىم - تىم بولاقتىن ئۆتۈش خۇشاللىنارلىق
ئىش. مەيلى كېچە بولسۇن ياكى كۈندۈز بولسۇن ئۇ يەردە توختاپ،
ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغاندىن كېيىن، راسا بىر ئارام ئېلىۋېلىپ
ئاندىن يولغا چىقىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئالدىنى بىر نەچچە كېچە -
كۈندۈزلۈك چۆل -جەزىرە يولى ساقلاپ تۇراتتى.

كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىدىن بىر جۈپ ئەر - ئايال شىنجاڭغا كې-
لىپ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ ئاخىرى تىم - تىم بولاققا كەل-
گەن. ئۇلار قاقاسلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ بوستانلىقتىكى بولاق بويىغا
چېدىر بىلەنلا كىچىك ئاشپۇزۇل ئاچقان. ئۇن، ماي، كۆكتات قاتار-
لىقلارنى، ئەلۋەتتە، شوپۇرلار يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇ كىچىك ئاشپۇزۇل
شوپۇرلارغا جەننەت ھوزۇرىنى بېرىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇ
يەردە بىر كۈن بولسىمۇ «ئادەمدەك كۈن ئۆتكۈزەتتى».

بىراق، بۇنداق يەردە تىرىكچىلىك قىلىش بۇ ئەر - ئايالغا جاپا -
مۇشەققەتلا ئەمەس، زېرىكىش ئېلىپ كېلەتتى. كۆپ ھاللاردا نەچچە
كۈنلەرگىچە ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى توپىلىق يولدىن بىرەرمۇ ئاپ-
توموبىل ئۆتمەيتتى. ئەرمۇ بەزىدە يولدىن ئۆتكەن بىرەر ئاپتوموبىلغا
ئولتۇرۇۋېلىپ چىقىپ كېتەتتى-دە، بىر مەزگىل يوقاپ كېتەتتى.

يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن، بۇ يەردە نۇرغۇن ئىشلار سادىر بولۇپ

ئۆتتى. ئايال بىر ياش شوپۇرغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەرمۇ كېتىپ قالدى. تىم -تىم بولاقنىڭ جىمجىتلىققا چۆككەن ھالىتى ئەسلىگە كەلدى.

يەنە قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنى مەلۇم ئەمەس، بۇ يەردە يەنە يېڭىدىن – يېڭى ئىشلار يۈز بەردى. ھېلىقى ئايال شوپۇر يىگىت بىلەن بۇ يەردە پەيدا بولدى. ئۇلار چېدىر تىكىپ، لەخمە كولاپ ئاشپۇزۇلنىڭ تىجارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. ئۇلار تېخى بىر نەچچە توخومۇ باقتى، شۇنىڭ بىلەن ئاشپۇزۇلنىڭ ئۈستىلىگە تۇخۇم ۋە توخو گۆشىمۇ تىز بىلىدىغان بولدى.

شوپۇرلارمۇ ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسىدا تۈنەشتىن قۇتۇلدى. ئۇلار ئاشپۇزۇلنىڭ قېشىغىلا يەرنى كولاپ ياسالغان لەخمە ئۆيلەردە بەھۇزۇر ئارام ئېلىشاتتى.

بەزىدە، بۇ جايغا نۇرغۇن ئادەم خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا قەدەم بېسىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاشپۇزۇلنىڭ ئۈستەل-ئورۇندۇقلىرى يېتىشمەيلا قالاتتى، تۈنەيدىغان ئورۇن ئەلۋەتتە يېتىشمەيتتى. بۇ ۋاقىتتا ئايال غوجايىن ئۆزلىرىنىڭ كارىۋىتىنى ئۇلارغا بوشىتىپ بەرگەندىن سىرت،ئۈستەللەرنى جۈپلەپ، بارلىق كىگىز لەرنى يېيىپ تۈنەيدىغان ئورۇن راسلايتتى.

بىر يىلى ئۇرۇمچى بىلەن كۆكتوقاي ناھىيەسى ئوتتۇرىسىدا ئاپتوبۇس قاتنايدىغان بولدى، ھەر ھەپتىدە ئىككى ئاپتوبۇس قارىمۇ – قارشى يۆنىلىشتە يولغا چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاشپۇزۇلنىڭ تىجارىتى تېخىمۇ روناق تېپىپ كەتتى، تىم-تىم بولاق ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاۋاتلىقنى كۈتۈۋالدى. ئەر – ئايال ئىككىيلەنمۇ ئاشپۇزۇلنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى پىلانلاشتى.

ياز پەسلىدە ئاپتوموبىللار شەرقىي لىنىيە، يەنى،قاتمۇ – قات تاغلار ئارىسىدىكى يول بىلەن ماڭىدىغان بولغاچقا، تىم-تىم بولاقنىڭ ئاۋاتلىقى پەسكويغا چۈشۈپ قالاتتى. ئەر – ئايال ئىككىيلەن مۇشۇ پۇرسەتتىن

پايدىلىنىپ بىر نەچچە ئېغىز يېڭى ئۆي سېلىنىۋالدى.

ئۇلار يەنە بۇلاق كۆلچىكىنى كېڭەيتىپ چوڭقۇر كولىدى ھەمدە ئېرىق قېزىپ سۇنى ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

بۇلاق سۈيى ئاز ئىدى. ئۇلار كۆلچەكتىكى بىر ياز جىقلانغان سۇ بىلەن لاي ئېتىپ كېسەك قۇيدى. ئەمما، كېسەك قۇرۇغاندىن كېيىن ئاسانلا يېرىلىپ كەتتى. ئۇلار يەنە ئات ھارۋىسى بىلەن نەچچە يۈز كىلومېتىر يەردىن ياغاچ - تاش ئېلىپ كەلدى. قۇرۇغان ئوت - چۆپلەر بىلەن ئۆگزىنى ياپتى.

مانا مۇشۇنداق بىر ياز ئىشلەش نەتىجىسىدە، يېڭى ئۆيلەر پۈتۈپ، يېڭى ئۈستەل - ئورۇندۇقلار ياسالدى. يەنە تېخى ئىككى ياغاچ كارىۋاتمۇ ئىشقا كىرىشتى. ئۇلار ئەمدى قىش كېلىپ بىرىنچى ئاپتوموبىلنىڭ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ سىگنال بېرىپ، تورمۇز قىلىشىنى، ئىشىك پەردىسىنىڭ كۈچ بىلەن ئېچىلىشىنى، شاۋقۇن - سۈرەننىڭ تىم-تىم بۇلاقتا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولۇشىنى كۈتسىلا بولاتتى.

ئەمما، ئۇلار ھازىرغىچە ساقلىماقتا ئىدى.

ئۇلار يېڭى ئۆينى پۈتكۈزۈپ ئىككىنچى يىلى چۆللۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى يېڭى يولدا قاتناش باشلاندى. تىم - تىم بۇلاقتىن ئۆتىدىغان يول تاشلىنىپ قالدى.

ئاشۇ چۆل - جەزىرىلەرنى، قاتمۇ - قات تاغلارنى، تالاي قىش - يازنىڭ جۇتى ۋە باھارىنى بېسىپ ئۆتكەن، قەدىمىي بىر مېھىر - مۇھەببەت ۋە قايغۇ - ئەلەمنى ئۆزىدە ساقلاپ كەلگەن يوللار تاشلىنىۋېتىلدى. ئۇلار ئاشۇ بىپايان چۆللۈكتە ئاچ - يالىڭاچ سۇنايلىنىپ ياتماقتا. ئۇزاق يىللار داۋامىدا تالاي كارۋانلارنىڭ ئىزى قالغان ئۇ يوللار ئەزەلدىن ھاياتلىق ئىز بېسىپ باقمىغان يەردىنمۇ قاقاستەك قىلاتتى.

يېڭى يول خۇددى غايىۋى زور خەنجەردەك چۆل - جەزىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. بۇ يول بىلەن ماڭغاندا بىر - ئىككى كۈندىلا مەنزىلگە يەتكىلى بولاتتى. ھەممىسى بىرەر مىنۇتمۇ توختاپ قويماي

ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتەتتى.جاھاننىڭ مەركىزى سۈپەتلەش مۇمكىن بولمايـ
دىغان يۆتكىلىش بىلەن ئاستا – ئاستا ئۇق مەركىزىدىن يەنە بىر تـەرەپتىكـى
چوڭقۇرلۇققا يۆتكەلگەنىدى.

تىم – تىم بۇلاقنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتىمۇ؟ ئاشۇ بۇلاقنىڭ ناھايىتىمۇ
يىراق بىر يەردە توختىماستىن تامچىلاشلىرىنىڭ يەنە مەنىسى بارمۇ؟ ئۇ يـەرـ
دىن ئۆتىدىغان يول ئەمدى يوقمۇ؟ جەبىر – جاپالىق سەپەر ۋە مۇشەققەتلىك
تۇرمۇش بىلەن ئۇنىڭ كىچىككىنە مېھرىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوقمۇ؟
بىزنىڭ ھازىر ئېرىشكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاللىبۇرۇن بولۇشقا تېگىشلىـك
ئىشقا ئايلىنىپ كەتتىمۇ؟

ھازىر يەنە ئىككى ئادەم ئەنە شۇ كىچىككىنە بوستانلىقتا. ئۇلار داۋاملىـق
بۇلاقنىڭ قېشىدا كېسەك قۇيۇپ، كېسەك قۇرۇغاندىن كېيىن، غالىبانە كۈـ
لۈمسىرەشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق كۈچ – قۇۋۋىتى ۋە ئۈمىدكە تولغان
چېھرىنى كۆككە يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئىزھار قىلاتتى.ئۇلار يەنىلا چەكسىز كۈـ
تۈش ئىلكىدە، گۈزەل چۈش زەررىچە شەكنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

مەن بۇ چەكسىز چۆل – جەزىرىگە قەدەم باسسامال، بىلىپ – بىلـ
مەيلا تىم-تىم بۇلاقتىن ئۆتىدىغان كونا يول بىلەن مېڭىپ قالاتتىم. چۆللۈكـ
تىكى بۇ يولدا كونا يولنىڭ ئىزلىرى ناھايىتىمۇ ئېنىق، ھېلىقى ئايالنىڭ خىتاپـ
لىرىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭ جۆرىسى ئامالسىز قالغان چاغدا
ئۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆككىنچە يىگىتىگە مەغرۇرانـە ھالدا:« بىـز تىم – تىـم
بۇلاققا بارايلى!» دەيتتى.

## چاغاندىكى ئۈچ خاتىرە سەيلە

مەن 12ـئاينىڭ 29ـكۈنى(ئاي كالېندارى بويىچە )ئۆيگە قايتىـپ
كەلدىم. كونا يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى بىز ئەتراپلىق سەرەمجانلاشتۇرۇش
قىلىشۋەتـكەندىن كـېيىن، كـەچتە جەم بـولۇش تامـىقى يېگـەچ چاغاننـى
قانداق ئۆتكۈزۈشنى مەسلىھەتلەشتۇق. ئانام ئاخىرى ياخشى بىر تەكلىپـ
نى قويۇپ:«بىز ئەتە ئورۇندىن سەھەر تۇرۇپ، قىلـىن كىيىـنىپ، ئـۈچ
ئىتنى ئېلىپ كەنتنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن قاقاسلىققا چىقىپ ئۇدۇل جـەـ
نۇبقا قاراپ ماڭايلى، تاكى ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكۈچە ماڭايلـى!» دېـ

دى. ئۇ يەنە:«بۇ قېتىم بىز ئەڭ يىراققا ــ بىز بېرىپ باقمىغان جايغىچە بارايلى!» دېگەننى قوشۇپ قويدى. بىز ھەممىمىز سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىز چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە ياخشى غىزالانغاندىن كېيىن يولغا چىقتۇق. بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ھاۋا-مۇ ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. شامالمۇ يوق، ئاسمان شۇنچە تىنىق بولۇپ، ئۇپۇق سىزىقىدا چەكسىزلىكنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.يىراق-تىكى قار بىلەن قاپلانغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بىر توپ كالا پادىسى ئاستا – ئاستا قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۈرۈلمەكتە ئىدى. قىزىل رەڭ-لىك كىيىم كىيگەن پادىچى كەنتكە قايتماقتا ئىدى.

شۇلاردىن باشقا، كۆرۈش دائىرىمىزگە ھېچنەرسە چۈشمەيتتى، كا-ئىنات بىلىنەر – بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇراتتى.

17 ياشلىق ئىت ئا خۇاڭ بەك قېرىپ كەتكەن بولۇپ، تېرىلىرى تارتىشىپ، بەدىنى بوشاپلا كەتكەنىدى. چىشلىرىنىڭ چۈشىدىغانلىرى چۈشۈپ، بىر نەچچە تاللا چىشى قالغانىدى، قالغان چىشلىرىمۇ سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، كارغا كېلىدىغان چىش قالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئىتقا ئەڭ مەززىلىك تېتىيدىغان سۆڭەكنى يېيەلمەيتتى، پەقەت ئاشقان تاماق بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ مەن بۇ قېتىم ئۆيگە قايتقىنىمدا كۆر-گەن ئائىلىمىزنىڭ يېگى ئەزاسى ئىدى. ئىلگىرىكى ئىت چيۇڭ ياۋ ئۆ-لۈپ كەتكەنىدى.

ئا خۇاڭ ئەسلى قوشنىمىزنىڭ ئىتى بولۇپ، ئۇلار كۆچمەكچى بو-لۇپ ئۇنى قېرىپ كەتتى دەپ تاشلىۋەتكەندە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بې-قىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ھۇرۇنلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ، كۈن بويى تام تۈۋىدە ئاپتاپ سۇنۇپ ياتقىنى ياتقان، ئۈچ قېتىم چاقىرسا ئاندىن سىزگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدۇ. ئەمما، ئىشىكتىن چىقسىلا ئالاھىدە تېتىكلىشىپ كېتەتتى، سەي خۇ ۋە ئۇنىڭ كۈچۈكى شياۋ دەن-دەننى ئارقىدا قالدۇرۇپ تەرەپ – تەرەپكە چېپىپ جاھاننى بېشىغا كە-

يەتتى. بىردەم ياۋا توشقان قوغلىسا، بىر دەم يۇلغۇنلۇقنىڭ ئارىسىدا چېپىپ كېتەتتى، بىردەممۇ تىنچ تۇرمايتتى. ئۇ كۆز يەتكۈسىز جايغا ئۇزاپ كەتكەندە سەي خۇ بىلەن شياۋ دەندەن ئۇنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولاتتى.

بىر نەچچە قېتىم ئۇ كۆزىمىزدىن يۈتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال قەدىمىزنى ئىتتىكلىتىپ ۋارقىرىغىنىمىزچە ئۇنى ئىزدىدۇق. بىز ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەندە ئۇ خۇددى ئەرۋاھتەك كەينىمىزدىلا پەيدا بولدى.

دەندەننىڭ بۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە تۇنجى قېتىم چىقىشى بولۇپ، ئۇ ھەم شوخلىشىپ كېتەتتى ھەم جىددىيلىشىپ كېتەتتى. مەن ئۇنى ئا خۇاڭغا ھەۋەس قىلامدىكىن دەيمەن، ئۇنىڭ ئا خۇاڭغا ئەگىشىپ چېپىپ باققۇسى كېلەتتى-يۇ، يەنە بىزدىن يىراقلاشقا پېتىنالمايتتى. شۇڭا ئۇ بىز ۋە بىزدىن خېلى يىراقلاپ كەتكەن ئا خۇاڭنىڭ ئارىلىقىدا چېپىپ يۈردى. پەرىزىمچە، ئۇنىڭ باسقان مۇساپىسى بىزنىڭكىدىن تۆت-بەش ھەسسە ئېشىپ كەتكەندى.

سەي خۇ ئاللىقاچان بىر ئانا بولۇپ بولغان بولغاچقا، ناھايىتى ئىش ئۇقاتتى. ئۇ بىردەم - بىردەم دەندەن بىلەن ئا خۇاڭنى قوغلاپ قويغاندىن باشقا، كۆپ ۋاقىتلاردا بىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى. ئەمما، ئا خۇاڭ ئۇنى ھەرگىز يېقىن يولاتمايتتى.

چۆل چەكسىز ئىدى، بىز ئىنتايىن كىچىك قەدەملىرىمىز بىلەن كائىناتنىڭ يۈكسەكلىكىدە كېتىپ بارماقتىمىز، بىر دۆڭگە يەتسەك يەنە بىر دۆڭگە نەزەر سالاتتۇق. شامال چىقىپ قالسا ئۈچ ئىت زوڭزايغىنىچە شامالغا يۈزلىنەتتى، قۇلاقلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى. بىز ياقىلىرىمىزنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ياغلىق بىلەن بېشىمىزنى ئۇراپ ئالغا قاراپ ماڭماقتىمىز. بىز ماڭا - ماڭا بىر كەڭرى دەريا قىنىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ بىر كەلكۈن سۈيى يالاپ شەكىللەندۈرگەن جىلغا بولۇپ، ھەر يىلى ياز پەسلىنىڭ يامغۇرلۇق مەزگىلىدە كەلگەن كەلكۈن مۇشۇ

جىلغا بىلەن ئېقىپ ئۇلۇڭگۇر جىلغىسىغا باراتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان شامال تۆزلەڭلىكتىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ كائىناتنىڭ رەڭگىنى نامايان قىلىدۇ. قارنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندا ئاستىدىكى شېغىللىق تۇپراق لۆمشۈپ تۇرىدۇ. سەي خۇ بىلەن دەندەن قاردا راسا ئېغىنىۋالدى. ئاپام ئىككىمىز مەينەت بولۇپ كەتكەن ئىككى ئىتنى قار دۆۋىسىگە تىقىپ تۇرۇپ، ئوبدان «يۇيۇندۇرۇپ» قويدۇق. ئۇلارنى يۇيۇپ بولغاندا قوللىرىمىز توڭلاپ قالايلا دېدى.

ئالدىمىزغا ماڭغانچە شامال شۇنچە كۈچىيەتتى، ئاسمان تېخىمۇ كۆپكۆك كۆرۈنەتتى. ئانامنىڭ دېيىشىچە، ئالدىمىزدىكى قۇم بارخىنىدىن ئۆتسەكلا دەرەخ بار ئىكەن. دېگەندەك، ئۇزاق ماڭمايلا دەرەخلەرنى كۆردۇق. بىر تۈپ گىياھمۇ كۆرۈنمەيدىغان قاقاسلىقتا شۇنچە ئۇزاق مېڭىپ تۇيۇقسىزلا دەرەخلەرگە ئۇچراش ھەقىقەتەنمۇ تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجانلىق تۇيغۇ بېرەتتى. ئاقخارادا، يەنى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىلا دەرەخ بار دەپ قارايتتىم، سۇ مەنبەسىگە شۇنچە يىراق بولغان بۇ جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ دەرەخ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم.

دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى ئاقتېرەك بولۇپ، ئون نەچچە تۈپ كېلەتتى. ئۈچ تۈپى سەل يىراقراقتا بولۇپ، قالغانلىرى كىچىك بىر ئورماننى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئورماندا يەنە چىغ،يۇلغۇن، بۆرە تىكىنى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەنىدى. بىز دەريا قىنىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۈچ تۈپ تېرەكنىڭ قېشىغا كەلدۇق. دەرەخ تۈۋىدە كىگىز ئۆيدىن قېپقالغان چەمبەر شەكىللىك ئىزنى كۆردۇق. بۇ ئۈچ تۈپ تېرەكنىڭ يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككىچە بولغان جايىدا قوۋزىقى يوق بولۇپ، دەرەخ ياغىچى كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. قارىغاندا، تۆگە غاجىلاپ شۇنداق قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئەمما، دەرەخلەر ئوخشاشلا كۆكىرىپ تۇراتتى.ئانام ماڭا تۆگىنىڭ دەرەخ يوپۇرمىقى يېگەن كۆرۈنۈشىنى ئۆزىنىڭ كۆزىتىكنى بويىچە سۆزلەپ بەردى: تۆگە ئالدى بىلەن دەرەخ شېخىنىڭ تۈۋى

قىسمىنى ٴاغزىغا سېلىۋالاتتى، ٴاندىن شاخ ٴۇچىغا قارىتىپ سېرەتتى، شۇنداق قىلغاندا يوپيۇرماقلار بىرىمۇ قالماستىن تۆگىنىڭ ٴاغزىدىلا قېپ-قالاتتى. ٴۇ كۆرۈنۈش ھەم ٴەپچىل ھەم چىرايلىق ٴىدى. تۆگە ھەقىقەتەن ٴەقىللىق ٴىدى، ٴات، كالىلارغا ٴوخشاش يوپيۇرماق كۆپ جاينى كۆرسىلا قارىغۇلارچە ٴېتىلىپ،تاكتىكىغا تايانمايدىغان ٴىشنى قىلمايتتى.

بىز ٴورمانلىقتىن چىقىپ ٴۇدۇل جەنۇبقا قاراپ ماڭدۇق، شامال كۈچەيمەكتە ٴىدى.چۈشكە يېقىنلاپ قالغانىدى، سەي خۇ بىلەن دەندەن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، ٴۇزۈن تىللىرى ساڭگىلاپلا قالغانىدى. ٴا خۇاڭ بولسا ٴىلگىرىكىدەكلا شوخلۇق قىلىپ ٴۇيان – بۇيان چېپىپ يۈرەتتى. بىز يەنە بىر دۆڭلۈككە چىقىپ قالدۇق، بۇ يەردە كۈن قىزدۇرۇپ قارايتىۋەتكەن مۇشتۇم چوڭلۇقىدىكى تاشلار يېيىلىپ ياتاتتى. تەخمىنەن 200 مېتىر يىراقلىقتىكى يەنە بىر دۆڭدە ٴاق رەڭلىك گىرانىت تاشلار يېيىلىپ ياتاتتى. بىرى ٴاق، بىرى قارا ٴىككى دۆڭ بۇ زېمىندا بىر بىرىگە تۇتىشىپ تۇراتتى، تۇتاشقان جاي ناھايىتى ٴېنىق ٴىدى. ٴاسمان كۆپكۆك، قۇياش بولسا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان نۇرلۇق جىسىمدەك كۈچلۈك نۇرلىرى بىلەن ٴادەمدە خۇددى قۇياشنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك ھاياجانلىق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. دەقىقە ٴىچىدە پەيدا بولغان مۆجىزىۋى تۇيغۇ ٴەمەلىيەتتە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساماۋى تۇيغۇ بىلەن پەقەت بىرلىشەلمەيدىغاندەكلا قىلاتتى.

ٴاي ٴاسمانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە جىمجىتقىنا ٴېسىلدى، ٴۇ تولىمۇ جىلۋىگەر ٴىدى.

بىز كەينىمىزگە ياندۇق. شامال پېشانەم بىلەن بوينۇمنى سوقۇۋېرىپ تېنىمگە سوغۇق تىترەك كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. ياخشى يېرى قايتىش يولىمىز شامال بىلەن بىر يۆنىلىشتە ٴىدى، شۇڭا ھەممىمىز گەپ قىلىشماي ماڭدۇق. قۇلىقىمىزغا پەقەت شامالنىڭ ھۇشقۇيتقان ٴاۋازىلا كىرەتتى. ٴىتلارمۇ ھەقىقەتەن ھارغان ٴىدى، ٴۇلار قاتارلىشىپ بىزنىڭ پۇتىمىزنىڭ قېشىدىلا دېگۈدەك كېتىپ باراتتى. سەي خۇنىڭ ٴەسلىدىلا تېنى ٴاجىز

ئىدى، شۇڭا بىز ئۇنى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق.

ئانام كېتىۋېتىپ ئا خۇاگىنى تىللايتتى:«بايا بىز چاقىرساق نېمىشقا پەرۋا قىلمايسەن؟ ئۆزۈڭچە قالايمىقان يۈگۈرۈۋەردىڭ. ھىم، ئەمدى قانچە گەپ ئاڭلىساڭمۇ، قۇيرۇقۇڭنى قانچە شىپاڭلاتساڭمۇ بىكار!»

## ساليوت ئېتىش

كەنتتە پەقەت بىز بىر ئائىلىلىكلا خەنزۇ بولساقمۇ، ئەمما، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى كەلگەندە بىز خۇشاللىقتىن باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بەھرىمەن بولىمىز. خەنزۇلارنىڭ كونا كالېندار ھېسابىدىكى چاغنىنى نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ھەققىي ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدۇق. ئەمما، بۇ يىل ياخشىراق بىر ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدۇق. شۇڭا مەن كونا يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنىنىمۇ قىزىقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىغا كىرىپ بىر نەچچە تال ساليوت سېتىۋالدىم.500 كىلومېتىر يولدا ئۈچ قېتىم ماشىنا ئالماشتىم. يول بويى ئەنسىرەپلا كەلدىم، چۈنكى، ساليوت ئېلىپ ماشىنىغا چىقىش چەكلىنەتتى.

ئويلاپ باقسام، مۇشىنچىلىك بولغىچە پوجاڭزا ،ساليوت دېگەنلەرنى ئېتىپ باقمايتىكەنمەن. كىچىك ۋاقتىمدا قوشنىلىرىمىز نىڭ بالىلىرىنىڭ ئاتقىنىنى كۆرسەممۇ، پەقەت قىزىقمايتىكەنمەن. چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئەسلا قىزىقمىدىم، چۈنكى، بىزنىڭ ئائىلە ئەزەلدىن چاغان ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ىدى. يەنە كېلىپ، بىرمۇنچە پۇلنى خەجلەپ سېتىۋالغان بىلەن، «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قېپقالىدىغىنى ئىس- تۈتەك ۋە قەغەز دۆۋىسى بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئەرزىمەيدىغان ئىش ئىدى.

ئەمما، بۇ قېتىم نېمىنى ئويلىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىز ئەزەلدىن چاغان ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، تۇيۇقسىزلا چاغان ئۆتكۈزۈپ بېقىشنى ئويلاپ قالدۇق...ئەجەبا ،يىللار ئادەمگە باقمامدىغاندۇ؟

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزاق يىللاردىن بېرى تۇنجى قېتىم خۇشال - خورام ئولتۇرۇپ چاغانلىق سەنئەت كېچىلىكىنى كۆردۇق. ئەمما، تېلېۋىزوردىن چىقىۋاتقان غاژ - غۇژ ئاۋاز بىلەن شىۋىرغان تىر-كىشەتتى،بۇنداق تېلېۋىزورنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆرۈش سېزىمىدىن باشقا يەنە ئادەتتىن تاشقىرى تەسەۋۋۇرنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلەتتى. پەقەت چىداپ بولالماي، چىقىپ ئانتېننى ئىككىنى تېپىۋېتىپ كىرىپ قارىسام،چاتاق بولغىنى، تېلېۋىزور ئۈچۈن قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ساليوت ئېتىشنى باشلىدۇق.

ئاسماندا ئاي يوق، سىرت زۇلمەت قاراڭغۇسىدا ئىدى. ئەمما، چاراقلاپ يېنىۋاتقان يۇلتۇزلار كېچە ئاسمىنىنى بېزەپ تۇراتتى. يۇل-تۇزلارنىڭ جىمىرلىشى بىلەن زېمىندىكى قاراڭغۇلۇق كەسكىن چېگرا ھاسىل قىلغانىدى. دەرۋازا ئالدىدا تۇرغاندا كەنتتىكى باشقا ئۆيلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى، بىرمۇ ئۆينىڭ چىرىغى يېنىق ئەمەس ئىدى. كەنت-تىكى ھەممە ئادەم ئۇخلاپ بولغانمىدۇ؟ يەنە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن قوشنىمىزنىڭ قورۇ تېمىنى كۆرەلىدىم.

ئانام قول چىرىغىنى تۇتۇپ بەردى، مەن تامنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەنگەن ئوتۇنلارنى دەسسەپ ئۆگزىگە ياماشتىم، ساليوتلارنى ئۆگزىدىكى قار دۆۋىسىگە سانجىدىم. ئېتىلغان چاغدا تىترەپ ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈ-چۈن تۈۋىگە يەنە بىر نەچچە تال تاشنى تىرەپ قويدۇم. ئەتراپ جىم-جىت ئىدى. جۇۋا كىيمىگەچكە توڭلاپ چىشلىرىم كىرىشىپ، تىترەپ كېتىۋاتاتتىم، ئەمما،بەك ھاياجانلانماقتا ئىدىم.

ئەمدىكى گەپ كىمنىڭ ساليوتقا ئوت تۇتاشتۇرۇشىدا ئىدى. چۈنكى، ھېچكىم بۇ ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاز قور-قۇنچمۇ بار ئىدى.

-پارتلاپ كەتمەس-ھە؟

-ئۇنداق بولماس...

ـ پىلىكى قىسقا ئەمەستۇ؟
ـ ئۇنداق ئەمەستۇ...
ـ ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارماس – هە؟
مۇزاكىرە ئاخىرلاشتى. سوغۇق بىلەن قورقۇنچ بىرلىشىپ بەدىنىـ
مىزگە تىترەك كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. چاقماقنى ياندۇرغاندىن كېيىن ئوتنى
ناھايىتى تەستە پىلىككە يېقىنلاشتۇردۇق.
ساليوتتا ھېچقانداق مەسىلە يوق، خۇددى مەن ئىلگىرى كۆرگەنـ
گە ئوخشاش دانە – دانە ئوت شارلىرى رەڭگارەڭ نۇرلارنى چاقناتقىنىـ
چە قاپقاراڭغۇ ئاسمان بوشلۇقىغا چىقاتتى – دە، ھەر خىل شەكىلدىكى
رەڭگارەڭ نۇر ھالقىلىرىنى پۈركۈپ چىقىراتتى. ئەتراپ جىمجىت، قار
سۈتتەك ئاپپاق. بۇ يارقىن مەنزىرە ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزمايلا
قالماستىن، ئەكسىچە، ئاشۇ جىمجىتلىق دەقىقىلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەكـ
لىككە يەتكۈزدى. يېقىن ئەتراپتىكى قاقاسلىق ساليوتنىڭ نۇرىدا دەم
يورۇپ، دەم قارىياتتى، تېخىمۇ يىراقتىكى قۇملۇق بولسا كېچە مەنزىرىـ
سىگە ئىككى – ئۈچ قېتىم جىلۋە كۆرسەتتى.
بۇ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتلىق مەنزىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مەن
مومامنى چاقىرغىلى،ئاپام بولسا سەي خۇ بىلەن دەندەننى چاقىرغىلى
يۈگۈردۇق.
مومام ھاسىسىغا تايانغىنىچە ئاستا سۈرۈلۈپ ئىشىك سىرتىغا چىقىپ
بولغىچە، ھەممە ئاخىرلاشتى، ئۇ پەقەت ئىككى – ئۈچ قېتىم يالتىراپ
يەرگە چۈشۈۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرىنىلا كۆرەلىدى. شۇنداق بولسىمۇ،
ئۇ بەك خۇش بولغانىدى. ئۇ بىر نەچچىنى خۇرسىنىپ قويغاندىن كېيىن
ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سىرت سوغۇق ئىدى.
سەي خۇ بەك قورقۇنچاق ئىدى، ئۇ ئوت ئۇچقۇننى كۆرۈپلا كاـ
رىۋاتنىڭ تېگىگە كىرىۋېلىپ قەتئىي چىققىلى ئۇنىمىدى. دەندەن بولسا
يۈگۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئاسمانغا قاراپ بىر نەچچىنى قاۋاپ
قويدى. ئا خۇاڭ بولسا ئىشىك تۈۋىدىكى ئوۋىسىدا قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدـ

ـدى.
مەن ئىككىنچـى ساليوتـقا ئوت تۇتـاشتۇردۇم. بۇ قـېتىمـقىسى ئـوت پۈركۈيدىغـىنىدىن ئـىدى، رەڭگارەڭ ئـوت ئۇچقۇنـلىرى پاراس – پـۇ-رۇس، ۋاژ – ۋۇژ ئاۋازلارنى چىقارغىنىچە خۇددى فونـتاندەك ئېـتىلىـپ چىقىپ تولىمۇ چىرايلىق بىر مەنزىرىنى هاسىل قىلغانىدى.ئاپـام ئىكك-مىز يانمۇ – يان تۇرۇپ، ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ مېهىر – مۇهەببەتنى يال-قۇنجىتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدۇق. ئەتراپ چەكسىز لىككە سوزۇلغـان چۆل – جەزىرە ۋە قۇملۇق. بىز چۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا،كائىـناتنىـڭ ئەڭ چوڭقۇر،ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە تۇرۇپ بۇ مەۋھۇم گۈزەل شـەيئىنـى تاماشا قىلماقتىمىز . ناۋادا بىرسى ئېگىـز بىر جايـدا تۇرۇپ كۆرسە، بـۇ نېمە دېگەن زېرىكىشلىك مەنزىرە – هە!
موماm بۇ قېتىممۇ تەستە ئىشىك ئالدىغا چىققىنى بىلەن ئالدىنقى قـې-تىمقىغا ئوخشاش پەقەت ئوت ئۇچقۇنلىرىنىلا كۆرەلىدى.
شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئەمدى ئۆيگە كىرىپ كېتىشـىگە يول قـويمىدىـم. ئۇنى بىز بىلەن بىللە تۇرغۇزۇپ قويۇپ 3ـتال ساليوتقا ئـوت ياقتـىم. ئاپامىمۇ سەي خۇنى تۇتۇپ كەلدى.
ئوت گۈللىرى چېچىلىش بىلەنلا سەي خۇ هاۋشىغىنىچە كېچە قاراڭ-غۇلۇقىدا قاياققىدۇر غايىپ بولدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئوت ئـۇچ-قۇنلىرىنى مەركەز قىلىپ يۈگۈرۈپ بىر نەچچىنى ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن قېشىمىزغا قايتىپ كەلدى.
بۇ ۋاقىتتا، قورۇ تېمىنىڭ سىرتىدىكى يىراق بولمىغان بـىر دۆڭنىـڭ ئۈستىدە ئۈچ ئادەمنىڭ ئاقخارالىقلار ئۈچۈن «مۆجىزە» هېسابلىنىدىغان بۇ مەنزىرىـنى تاماشـا قىلىـۋاتقانلـىقىنـى كۆرۈپ قالدىـم. ئۇلارنىڭ قـا-چانلاردا كەلگەنلىكى نامەلۇم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بـىرى بىزنىـڭ ئايال قوشنىمىز ئىدى. ئۇ بېشىغا ئوچۇق رەڭلىك ياغلىق چىگكەن، ئـۇ-چىسىغا كونىراپ كەتكەن ئۇزۇن كۆڭـلەك كىيـگەن بولۇپ، جـىممـىدە

تۇرۇپ ساليوت هاسىل قىلغان مەنزىرىگە قاراپ تۇراتتى. شۇ دەقىقىدە
ئۇنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ياش-
لىق ئۇرغۇپ تۇرغان چېھرىنى كۆردۈم.
يىراقتا يەنە ئىككى ئائىلىلىكنىڭ چىرىغى يورۇدى، بىرى بىز تـەرەپ-
كە قاراپ كېلىۋاتاتتى.
ئەمما، بۇ قېتىممۇ ساليوت هاسىل قىلغان مەنزىرە تېزلا ئاخىرلاشقان
ئىدى.
مەن ئۈچ تاللا ساليوت ئالغانىدىم. هازىر ھەممىسى ئېتىلىپ بولغانـ-
دى. ئۇلار بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن، غۇدۇراشقىنىچە قـاراڭغۇلۇق ئـىـ-
چىدە غايىپ بولۇشتى.
كىم بىلسۇن، ئىككىنچى كۈنى بىز سەيلىدىن قايتىپ كەلگەندە كـىـ-
شىلەر:«تۈنۈگۈن كەچتە سىلەرنىڭ ئۆي تـەرەپ بەك چىرايـلىق بولـۇپ
كەتتى جۇمۇ!» دەپ بىر ئېغىزدىن ماختىشىپ كېتىشتى.
بەك ئوڭايسىزلاندىم، يىرىم كېچىدە قانداقلارچـە ساليوت ئـاتقانـنـى
شۇنچە كۆپ كىشى كۆرگەندۇ ؟
ھەتتا، دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى يۇرتداش ئات چانـىسىغا ئـول-
تۇرۇپ بىزنىڭ كەنتكە نەرسە – كېرەك سېـتىۋالغـىلى كەلـگەندە ئۇمـۇ
ماختاپلا كەتتى:«تۈنۈگۈن ئاخشام سىلەرنىڭ بۇ تەرەپ بەك چـىرايلـىق
بولۇپ كەتتى، چاغان ئۆتكۈزدۈڭلارمۇ؟»
ئاقىۋەتتە ساليوتنىڭ ئېتىلىشى سۆزسىـز كى بىرىـنچى قېـتىم ئـىدى.
كېلەر يىلى ئۇنداق ئەرزانلىرىنى ئالماي، چوقۇم ئېسىللىرىدىن، ئۇزاقراق
ئېتىلىدىغانلىرىدىن ئالىمەن. چوقۇم كۆپ ئالىمەن، هـەممە كۆرۈپ قـان-
غۇدەك ئاتىمەن!

## مومام ھەققىدە

مومام بىزنى تويغۇزۇپلىۋەتتى. هارپا كۈنىدىن باشـلاپ بىز چاغـان

تەييارلىقى بىلەن ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتسەك، ئۇ ئازراقمۇ ياردەملەش-مىگەنلىكى ئۈستىگە ئىش تېرىپلا يۈردى. ئاغزى بەك ئىتتىك بولۇپ، ئازراقلا گەپ قىلىپ قويسا گەپ قىلغانغا تويغۇزۇۋېتەتتى.

-موما، يەرنى ھازىرلا سۈپۈردۈم، گازىر شۆپىكىنى تۆكۈرمە!

-ھوي، سەن سۈپۈرۈشۈڭنى بىل، تۆكۈرسەم يەرگە تۆكۈردۈم، سېنىڭ يۈزۈڭگە تۆكۈرمىگەندىكىن.

-موما، سومكامنى ئاختۇرما!

-بۇ سېنىڭما؟

-ئەلۋەتتە، مېنىڭ-دە!

-ئۇ ساڭا ئوخشامدۇ ياكى ئىسمىڭغىمۇ؟

-...

-ھەي قېرى، چوكىلارنى قولۇڭنى يۇيۇۋېتىپ ئاندىن تۇتساڭ بولمامدۇ؟!

-نېمە دېگىنىڭىز بۇ، مەينەترەك بولسا ئادەم كېسەل بولمايدۇ...

-...

سىز بۇياقتا بىر قولىڭىزنى ئىككى قىلالماي يۈرسىڭىز ئۇ ھېلى بۇ-نى تۇتۇپ، ھېلى ئۇنى ئۆرۈپ، قالايمىقان ۋاتىلداپ ئاۋارە قىلىپلا تۇ-رىدۇ:« قىزىم، مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆيگە كېلىپ كېچىلىك تاماق يەيمەن، ھېچنېمە ئالماي قۇرۇق قول كېلىمەن. پەقەت بىر نەرسە بار، ئۇنى ساڭا ئەرزانلا ساتىمەن، سەن ئالامسەن؟»

مەن ئىشتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە يۆلەنگىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن ئويۇنچۇق ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى كۆ-رۈپ قالدىم.

-ئالمايمەن!

-نېمىشقا ئالمايسەن؟

-بەك قىممەتكەن.

-قىممەت ئەمەس، پەقەت ئىككى يۈەن.

-مەندە پەقەت بەش مو بار.

-بولمايدۇ، ئەڭ كەم بولغاندىمۇ بىر يېرىم يۈەن.

ئاخىرى مېنىڭ ئۈنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى.

ئۇ بىردەم تازا ماختىدى، مېنىڭ پەقەتلا كارىم بولمىغانلىقىنى كۆ- رۈپ، سەي خۇنى ئىزدەپ ماڭدى:

-سەي خۇ، مەندە ياخشى بىر نەرسە بار، سېتىۋالامسەن؟

ھەممە ئىشلار تۈگەپ ھەممىمىز ئۈستەل ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ تېخى- مۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى،ھەممىدىن ئۈنىڭ گېپى جىق ئىدى.

-ئاپلا، كىم ئەتكەن تاماق بۇ؟ پىششىلا بولمىدىمۇ، نېمانچە قىزىق بۇ؟-دېدى ئۇ شوۋىگۈرۈچنى بىر ئۇتلاپ.

-ۋاي تەڭرىم! بۇ تاماق چولتوك - چولتوك سۇلغۇ؟ مەن ئىشتانىنى سېلىۋېتىپ سەكرەپ چۈشسەم ئاران بىر نەچچە تال گۈرۈچ تاپالىغۇ- دەكمەن،-دېدى يەنە چوكا بىلەن شوۋىگۈرۈچنى قوچۇپ تۇرۇپ.

ئۇ يەنە قورۇمىلارنى چوكا بىلەن بىرەر قۇر ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن:

-مېنىڭ بۇ قىزىم توغرىغان گۆشنى قاراڭلار، بېلىقنىڭ كۆزىچە- لىكلا، تاپقىلىمۇ بولمايدۇ!-دېدى. چوكىسىغا چىققان چوڭراق توغرالغان بىر تال گۆشنى ئاغزىغا سېلىپ:

-ۋاي - ۋۇي! نېمانچە تۇزلۇق، مېنىڭ قىزىم ھەقىقەتەن تۇزلۇق كوزا، تۇزلۇق كوزا...-دېدى.

ئەمەلىيەتتە قورۇمىلار ئۇنچە تۇزلۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ قەستەن قۇسۇر ئىزدەۋاتاتتى.

قانداقلا بولسۇن، بىز جەم بولۇپ ئولتۇرۇپ بىللە غىزالانساق تولى- مۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ.مومام كوت - كوت، قۇسۇرچى بولسىمۇ، ئارى- مىزدا تاماقنى ئەڭ كۆپ يەيدىغىنى يەنىلا شۇ. ئۇ شوۋىگۈرۈچنى ئىچىپ

بولغاندىن كېيىن، يەنە ئورنىدىن تۇردى.
-نېمە بولدى؟
-تاماق ئۇسسەن، يېرىم چىنە تاتلىقياگىيو ئۇمىچى...

## مومامنىڭ تىلىنى چىقىرىدىغان قىلىقىنى ئەسلەيمەن

مومامنىڭ تىلىنى چىقىرىدىغان ئادىتى بار. بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ
قويغاندا ئۇ شۇنداق قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇ كەمپۈت قۇتىسىنى چېقىـ
ۋەتكەن بولسا، قۇتا پارچىلىرىنى تۈيدۇرماي يىغىشتۇرۇۋېتىپ، كەمپۈتـ
لەرنى يىغىپ ئەسلىدىكى قۇتىغا ئوخشاش قۇتىغا سېلىپ قويىدۇ. كەمـ
پۈت نېمىشقا ئازلاپ كەتتى، دەپ سورىغاندىلا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇـ
رۇپ، تىلىنى چىقارغىنىچە ئىقرار قىلىدۇ.
ئالتۇن بېلىق ئۆلگەندىن كېيىن، بېلىقدان ئۇزاقتىن بېرى قۇرۇق
تۇراتتى. بىر كۈنى بېلىقدانىنى ئەسلىدىكىدىن كىچىكلەپ كەتكەنىدەك
ھېس قىلىپ قالدىم. بېلىقدانىنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ قاراپ باقـ
تىم. بېلىقدان ئەسلىدىكىدىن كىچىكلەپ كەتكەنىدى. دېگەندەك، بېـ
لىقدانىنى مومام چېقىۋەتكەن بولۇپ، تۈيدۇرماي بازاردىن باشقىنى سېـ
تىۋېلىپ كېلىپ، ئەسلىدىكىسىنىڭ ئورنىغا قويۇپ قويغانىدى. ئەسلىدىـ
كىسىنىڭ چوڭلۇقىدىكىلىرى قىممەت بولغاچقا، كىچىكرەكىنى ئالسام
ھېچكىم سېزەلمەيدۇ،دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەلۋەتتە،
ئۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇ پەقەت تىلىنى چىقىرىپلا قويدى.
مومامنىڭ تېز سۈرئەتتە تىلىنى چىقىرىشىغا «كەچۈرۈڭ» ۋە «تېرىكتۈردـ
مەنغۇ تازا» دېگەن ئىككى خىل مەنە يۇغۇرۇلغانىدى. يەنە كېلىپ، ئۇـ
نىڭ تىلىنى چىقىرىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ
ئاچقۇچە ئەسلىدىكى قىياپىتىگە قايتىپ، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىـ
لىۋېرەتتى، خاتالىقلىرى ئۈچۈن قىلچە ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمايتتى.
مەن يەنە مومامنىڭ بامبۇكزارلىقنى ئەسلەپ قالدىم.
مەن ئۆز يۇرتۇمدا ياشاپ باقمىغان. ئەمما، مومامنىڭ يۇرتىدىكى

ئاشۇ كونا ئۆيدە يېرىم ئەسىر ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاراپ، ئۇ يەرنى تەڭداشسىز مېھرىلىك جاي دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۆينىڭ ئالدى-كەينىدە غۇچچىدە بامبۇك ئۆسكەن بولۇپ، مەن تۆپىلىكتىن چۈشۈپ بامبۇكزارلىققا كىرىپلا مومامنىڭ يېرىم ئېچىلغان ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بىر توپ ئاياللار بىلەن كۈلكە - چاقچاق قىلىشىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ قولىدا ئۇزۇن بامبۇك تايىقنى(كېيىن ئۇ بۇ بامبۇك تايىقى بىلەن ئاپېلسىن دەرىخىدىن مەي باغلاپ پىشقان ئاپېلسىننى قېقىپ بەرگەندى) تۇتۇۋېلىپ ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم بىرىنىڭ ئېرى بىلەن بولغان مەلۇم بىر ئىشىنى مازاق قىلماقتا ئىدى. باشقىلار تېلىقىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. ئاچچىقىغا پايلىمىغان ئۇ ئايال يوغان بىر سۈپۈرگە بىلەن مومامنىڭ كاسسىسىغىلا ئۇردى. مەن دۆڭلۈكنىڭ بېلىدە ئۇلارغا بىردەم قاراپ تۇردۇم. بىز مومام بىلەن بىللە تۇرغان كۈنلەردە ئۇنىڭغا مۇشۇنچىلىك خۇشاللىقنى بېرەلىدۇقمۇ؟ ئۇ يىلى ئۇنىڭ يېشى 80 دىن ئاشقان بولۇپ، بىز دىن ئايرىلىپ،سەھرادىكى مۇشۇ كونا ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ياشاۋاتقىلى ئىككى يىل بولغانىدى.

مەن تۆپىلىكتىن چۈشۈۋېتىپ مومامنى چاقىردىم، ھەممە مەن تەرەپكە قاراشتى. ئۇ چاقىرىشىمغا جاۋاب قايتۇرغاچ ئۇ ئايالنى تېخىمۇ قاتتىق كۈلكىسى بىلەن مەسخىرە قىلاتتى، مەن تەرەپكە ئىنتىلەتتى. مەن ئېگىز دە تۇرۇپ ھويلىدىكى تاش پەلەمپەيگە قارىدىم، بىر تال بامبۇك نو تاغ تەرەپتىن كېلىپ لەمپە ئاستىدىكى تاش ئوقۇرغا توغرىلىنىپ تۇراتتى، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى تاش ئوقۇرنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى. ئالەم باشلىنىشىدىنلا مانا مۇشۇنداق قەدىمىيدەك ئىدى.

تونۇش جايدىن ئايرىلىشنىڭ بۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. مومام يەنىلا ئۆز يۇرتىدىكى قەبرىدە ياتالمىدى. ئۇ يالغۇز، يەككە - يېگانە ھالدا بەكمۇ يىراقتىكى چۆل - جەزىرىگە دەپنە قىلىندى. خۇددى ئۇنىڭ يېگانىلىقى، قەيسەر ئىرادىلىك

هاياتى تېخى ئاخىرلاشمىغاندەك، ئۆلگەندىن كېيىن يېڭى تۇرمۇشقا ماسلىشىدىغان ئۇزاق جەرياننى قايتا باشلايدىغاندەك!

بۇندىن ئىككى كۈن بۇرۇن مەن ئالدىراش يولغا چىققان، ھەرقانچە ئالدىرىغان بولسامۇ، بەرىبىر كېچىككەنىدىم. مەن شۇم خەۋەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ئاپتوبۇستا ئىدىم، ئالدىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن موماملىك قېشىغا ئالدىرايتتىم. ئۇنىڭ مېنى ھېلىمۇ ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئۆلۈمنى توسۇشقا ئامالسىز ، بىراق،ئۆلۈمنىڭ ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئۆلۈم ئۇزۇل – كېسىل توختاش ئەمەس،بەلكى، يەنە بىر سەپەرنىڭ باشلىنىشىدۇر! مومام ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن ئارزۇ – ئارمانلىرى بار ئىدى. ياشاش ئۈچۈن تىركىشەتتى، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا قىيالمايتتى. ئەمما، نەپەسى توختىغاندىن كېيىن، ئۇ تولىمۇ خاتىرجەم، تولىمۇ ئازادە كۆرۈنەتتى، خۇددى،ھازىرلا تىلىنى چىقارغاندەك، مەلۇم بىر خاتالىقنى پەرۋاسىزلارچە ئىقرار قىلغاندەك.

ئۆلۈمدىن كېيىنكى پايانسىز جىمجىتلىق مومام ماڭا قىلىپ بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى ئىش بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئەتىگەندە ئۇستەلدىكى تاتلىقياڭيۇ ئۇمىچى ۋە چىلىغان كۆكتاتنى يېگۈم كەلمەي، قېيدىغىنىمچە مەكتەپكە ئاچ قورساق كېتەتتىم. چۈنكى، موماملىك ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىق قازان نېنىنى كۆتۈرگەن پېتى كەينىمدىن كېلىدىغىنىنى بىلەتتىم... ئۇ چاغدا مەن 6 ـ يىللىقتا ئوقۇيتتىم، 6 ـ يىللىقنىڭ سىنىپى بىنانىڭ 6 ـ قەۋىتىدە ئىدى. 80 ياشتىن ئاشقان مومام قوينىغا قىزىق قازان نېنى سالغىنىچە ئەتىگەنلىك مۇزاكىرىدىكى دېكلاماتسىيەنىڭ ياڭراق ساداسى ئاستىدا بىر پەلەمپەي – بىر پەلەمپەيدىن يۇقىرى ئۆرلەپ، ھاسىراپ – ھۆمۈدىگىنىچە بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولاتتى... ئۇ مەن ھېس قىلالىغان ئەڭ دەسلەپكى تەگرىسىز جىمجىتلىق تۇيغۇسى ئىدى... مومام ماڭا ئاتا قىلغان ھەر بىر جىمجىتلىق ئارىسىدا ھاياتلىقىمدىكى جىمى كۆڭۈلسىزلىكلەر

ئاستا – ئاستا غايىپ بولاتتى، ئاستا – ئاستا غەرەز ئۇقۇشقا باشلايتتىم. ھازىر مەن ھاياتىمدا بولۇپ باقمىغان قەيسەر ھالەتتە ئىدىم،بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ باتۇر بولۇپ كېتىدىغاندەكلا ئىدىم.

مەن يەنە بىر خورازنى ئېلىپ مومامنى يوقلىغىنىمنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇ چاغدا، ئۇزۇن تاغ يولىنى بېسىپ، ناھايىتىمۇ تەستە مومامنىڭ ئۆيىنى تاپقانىدىم. مومام ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:«مەن سېنى بەك سېغىندىم، سېنى كۈندە سېغىنىمەن!» دېگەنىدى.

موما، ئەمدى مېنى سېغىنما، مېنى ئۇنتۇپلا كەت! بامبۇكزارنى، مەكتىپىمىزنىڭ 6-قەۋىتىنى...ھاياتىڭدا يۈز بەرگەن ھەممە- ھەممىنى ئۇنتۇپ كەت! تىلىڭنى چىقىرىپ قويۇپ، چەكسىزلىككە سوزۇلغان تەقدىرىڭنى داۋاملاشتۇر! موما«ئازاب» دەيدىغان بۇ نەرسىنى يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلاش كېرەك، ئازاب – ئوقىبەتنى ھامان تىرىشىش بويسۇندۇرىدۇ. سەن دائىم ماڭا:«قىزىم، سەن ياتلىق بولمىساڭمۇ، بالا تۇغمىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن كېلىدىغان جاپا – مۇشەققەتلەرنى تارتمايلا قوي. ئاپاڭ بۇلارنى بىلمەيدۇ، ئەمما، مەن بىلىمەن...» دەيتتىڭ. موما، سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى ئەمدى ئاستا – ئاستا چۈشەنمەكتىمەن، كاللامدا نۇرغۇن نەرسىلەر مەندىن جاۋاب كۈتمەكتە، مەن ھېچنېمە دېيەلمەيمەن ھەم قۇتۇلۇپمۇ كېتەلمەيمەن. ئەمما، مەن تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلەيمەنكى، ئەگەر مەن مۇھەببەتلىك قەلب دۇنيايىم بىلەن تىنچ – خاتىرجەم 98 يىل ئۆمۈر كۆرەلىسەم، ھاياتلىقنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغان بولىمەن.يۈكسەك دەرىجىدىكى جىمجىتلىق ۋە تەنھالىق ئادەمنى تېخىمۇ ئەمەلىيەتچىل، ئۈمىدۋار، قۇدرەتلىك ۋە ئاق كۆڭۈل قىلىدۇ. ھېچۋەقەسى يوق،تىلنى چىقىرىپ قويسىلا كۇپايە...

## چېكەتكە ئاپىتى

چېكەتكە كەلدى!

ئۇلار- خۇددى قۇم بوراندەك ھۇشقىتىپ ئۇچۇپ كەلگەن چې-

كەتكىلەر يەرۇ جاھاننى قارا بۇلۇتتەك قاپلاپ، ئاسمان گۈمبىزىنى قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردۇ؛ ئادەم ئاپەت ئېغىر جايغا بېرىپ قالغۇدەك بولسا، پۈتۈن بەدىنىگە چېكەتكە چاپلىشىۋېلىپ خۇددى دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىۋالغاندەك قىلىپ قويىدۇ، دېيىشىدۇ.

ئۇ خىل مەنزىرىنى مەن كۆرۈپ باقمىغان.

يەنە مۇنداق سانلىق مەلۇمات بار: بۇ يىل چېكەتكە ئاپىتى ئەڭ ئېغىر بولغان رايوندا ھەر كۋادىرات مېتىر دائىرىدىكى چېكەتكىنىڭ سانى 15مىڭ دانىگە يەتكەن. مەن بۇنداق ئەھۋالنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان. ئويلاپ باقايلى: ھەر كۋادىرات مېتىر دائىرىدىكى چېكەتكىنىڭ سانى 15 مىڭ بولسا، چېكەتكە ناھايىتىمۇ ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر كۋادىرات مېتىر دائىرىدىكى چېكەتكىنىڭ سانى 15 مىڭ! نېمەدېگەن يىرگىنچلىك... ئۇلار قانداق ھېسابلاپ چىقشقاندۇ؟ ئەجەبا، بىردىن – بىردىن ساناپ چىققانمىدۇ؟ ھەقىقەتەن يىرگىنچلىك...

ھۆكۈمەت چېكەتكە ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئاپەت رايونىدىكى ئاممىنى كۆپرەك توخو بېقىشقا چاقىرىق قىلدى. بىرى ماڭا، توخو بېقىپ چېكەتكە يوقىتىش پەقەت تېپىلىپ ۋىردىكى نەرسە، كۆرۈنۈشلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا كەنت كادىرلىرىنىڭ سەپ بويىچە ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر توپ توخونى ئۇ ياقتىن بۇياققا، بۇ ياقتىن ئۇ ياققا ھەيدەپ يۈرگەنلىكى، توخولارنىڭ قاناتلىرىنى كەرگىنچە زەربىدارلىق بىلەن ئاپەتنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلانغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ، دېگەنىدى.

پاھ! نېمە دېگەن قالتىس ـ ھە!

ھەي، ئەپسۇسلىنارلىقى مەن ئۇ خىل مەنزىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىغان.

توخو بېقىش توغرىسىدا باشقا بىر ئىش يادىمغا كەلدى. تېكەس چېگرا ئېغىزى يېڭى ئېچىلغان چاغدا، نەۋرە ئاچام ئۇ يەرگە تىجارەت قىلغىلى باردى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېرىپ كۆرۈپ باقتۇق. ئۇ

يەردە ھۆكۈمەت ئاممىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن سودا – تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. تەشەببۇسلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆپچىلىكنى كۆپرەك توخو بېقىشقا چاقىرىق قىلىشمۇ بار ئىدى. چۈنكى، توخو تۇخۇمى ئارقىلىق چېگرىدىكى سودىنى جانلاندۇرغىلى بولارمىش. ئۇنىڭدىن باشقا، توخونى توخو قورۇمىسى قىلىپ چەت ئەللىكلەرنىڭ پۇلىنى تاپقىلى بولارمىش. موڭغۇلىيەدە توخونىڭ بار – يوقلىقىنى بىلمەدىم...

يەنە چېكەتكە ئاپىتىنىڭ گېپىگە قايتىپ كېلەيلى. توخولار ئۈنچە كۆپ چېكەتكىگە تاقابىل تۇرالارمۇ؟ يەۋېرىپ قورساقلىرى كۆپۈپ يېقىلىپ قالسا، يەنىلا چېكەتكە دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشەمسەمۇ؟ ھەر كۋادىرات مېتىر دائىرىدىكى چېكەتكىنىڭ سانى 15 مىڭ... بۇ ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق سان ئىدى.

توخو ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىش «بىيولوگىيەلىك تېخنىكا» ئىدى، بەزى جايلاردا تېخى دورا چاچىدىكەن. دورا چاچقاندا ئۈنۈم ياخشىراق بولىدۇ، ئەمما، دورا چېچىش كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلىدۇ. دورا چېكەتكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟ ئېنىقكى، دورا چېچىشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان بىلەن، ئۇ دورا ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلارغىمۇ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

بىز كاۋۇتۇدا، يەنى ئاپەت رايونىدىن خېلى يىراقتا، ئەمما، بىز چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىپ تۇراتتۇق. بولۇپمۇ، تاغقا يېقىن يەر شەكلى تۈزلەڭ رايوندا سىز ئوت – چۆپلۈككە بىر تال تاش ئاتسىڭىز، ئوت – چۆپلۈكتىن شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ، چېكەتكىلەر ئەتراپنى بىر ئالىدۇ، خۇددى سىز سۇغا تاش ئاتقاندا شاۋقۇن بىلەن تەڭ سانسىز دولقۇن ھاسىل بولۇپ ئەتراپقا تارىغاندەك. ھەم ئاق ھەم قىزىق توپىلىق يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا قارامتۇل نەرسەلەر يېيىلىپ ياتاتتى. دەسلەپتە دىققەت قىلماپتىمەن، كېيىن دىققەتسىزلىكتىن بىرمۇنچىسىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئاندىن بىلدىم...

بىز نىڭ بۇ يەردىكى كىچىك باللار بىلىق تۇتقاندا چېكەتكىنى يەم-چۈك قىلىدۇ. چېكەتكىلەر بېلىقلارغا يېيىشلىك بىلىنەمدۇ قانداق، قارماققا بېلىقلار ئوبدانلا ئىلىناتتى.

ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ناھـ-يە بازىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي تاغ باغرىغا بېرىپ يەن يەن ئىسىم-لىك بىر قىز چاق بىلەن بىللە ئوينايدىغىنىم ئېسىمدە. ئۇنىڭ يەنە ئىككى سىڭلىسى بار ئىدى، بىرىنىڭ ئىسمى شيا شيا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مىڭ مىڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى كونا بولغىنى بىلەن قورۇسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تاغ قاپتىلىدىكى بىر پارچە چوڭ زېمىننى قورشاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كۆپ ھاللاردا ئۆيدە تۇرالمايتتى، شۇڭا، بىز قورۇنى بېشىمىزغا كىيىپ ئەركىن - ئازادە ئويناپتتۇق. بىز قورۇدا ئويـ-ناپ قانغاندىن كېيىن، قورۇنىڭ سىرتىغا چىقاتتۇق. قورۇ سىرتىدا چەكسىز كەتكەن چۆل ۋە چوقچىيىپ تۇرغان زۇمچەك - زۇمچەك قۇم بارخانلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىز قۇرۇغان كالا تېزەكلىرىنى يىغىپ كېلەتتۇق، ئۇنى ئوتۇن قاتارىدا ئىشلىتىشكە بولاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بەك نامرات ئىدى. نامراتلار كالا تېزىكى قالسا، بايلار يىل بويى كۆمۈر قالايتتى. بىز يىراق - يىراقلارغا ئۇزاپ كېتەت-تۇق، خۇددى قايتىپ كېلەلمەيدىغان يەرگە كەتكەندەك. قۇياش تاغنىڭ ئۇستىگە قونۇپ، گۇگۇم پەردىسى كەڭ زېمىنغا يېيىلىشقا باشلىغاندا قاي-تىپ كېلەتتۇق. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىز چېكەتكە تۇتۇپ ئويناشنى باشلايتتۇق. چېكەتكىنىڭ كۆپلىكىگە بىز نىڭ ئەقلىمىز يەتمەيتتى.

بىز ئاستا كېلىپ، تىز لىنىپ تۇرۇپ ئالقىنىمىز نى يېيىپ چېكەتكىگە ئېتىلاتتۇق. سىقىمدالغان چېكەتكىلەر ئالقىنىمىزدا ئاجىز تىركىشەتتى، ئۇلارنىڭ قولىمىزنى چىشلەشلىرى بىزنى باشقىچە ھاياجانلاندۇرۇۋېتەت-تى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ناھايىتى ھەرىكەتچان ۋە كۈچلۈك ئىدى، بۇ-رۇتچىسى گەرچە بۇغداي قىلتىرىقىغا ئوخشاش بولسىمۇ، ناھايىتى سەز-گۈر بولۇپ، ئىنتايىن تېز ئىنكاس قايتۇراتتى؛ سىمېتىرىكلىكى ئىنتايىن

ئېنىق قاناتلىرى تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئىنچىكە كۆزىتىش نەتى-
جىسىدە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بايقايت-
تۇق-دە، ئالەم كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ روشەن نامايان بولغاندەك، بىز-
گە تېخىمۇ يېقىنلاشقاندەك تۇيغۇغا كېلەتتۇق. مەن يەن يەنىنىڭ كۆزىدىن
ئاجايىپ گۈزەل نۇرنى كۆرۈپ، بېشىمنى كۆتۈرەتتىم، بۇ چاغدا قۇياش
ئاللىبۇرۇن تاغنىڭ كەينىگە پېتىپ بولغان بولاتتى. تېز سۈرئەتتە كېچە
پەردىسى يېيىلىپ، ئالتۇن رەڭلىك يۇپيۇمىلاق ئاي قاتمۇ - قات تاغلار-
نىڭ ئۈستىگە ئېسىلاتتى.

چېكەتكىنىڭ گۇناھى بارمۇ؟ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇش
سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەرىكەتلىرى مۇقەررەرلىك ئىچىدە بولغان
بولىدۇ. ئاشۇ مۇقەررەرلىك مەلۇم بىر خىل سىرلىق ئادالەتنى قوغداش
ئۈچۈن چېكەتكە ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت-
گە زىيان ئېلىپ كەلگەن. چېكەتكە يەرۇ جاھاننى قاپلاپ ئۇچۇپ كەل-
گەن چاغدا ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھەر قانداق تەدبى-
رىمىز، ئەمەلىيەتتە، يەنە ئۆزىمىزگە باشقىچە ئۇسۇلدا زىيان سېلىشمى-
دۇ؟

ھەي، بىزنىڭ بۇ يەردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن
تەس. يامغۇر ياغمىسا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولىدۇ، ئازراقلا يامغۇر ياغسا
كەلكۈن كېلىدۇ؛ قىش پەسلىدە قار ئاپىتى بولىدۇ، ھاۋا ئىسسىغاندا يەنە
مۆلدۈر ئاپىتى بولىدۇ؛ كۈز پەسلىدە ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ،
ياز پەسلىدە يەنە بىز دەپ ئۆتكەندەك، دائىملا چېكەتكە ئاپىتى بولىدۇ.
بۇلاردىن باشقا يەنە بوران ئاپىتى، ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكى دې-
گەندەكلەرمۇ بار تېخى. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن، نۇرغۇن ئادەم بۇ
يەردە داۋاملىق تىرىكچىلىك قىلىشنى، ياشاشنى خالايدۇ، ئاشۇ تەبىئىي
ئاپەتلەرگە پىسەنت قىلىپمۇ كەتمەيدۇ.

چېكەتكىلەرمۇ بۇ يەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئوت - چۆپلەرنى
بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن يەپ قۇرۇتىۋېتىدۇ، قويلارغا ئوت -چۆپ

قالمايدۇ. چېكەتكە ھەم يىرگىنچلىك ھەم ناھايىتى بىچارە، چۈنكى، ئۇلارغا يېگۈدەك بىر نەرسە بولسىلا بولاتتى، خۇددى قويلارغا ئوخشاش.

چېكەتكىگە سېلىشتۇرغاندا قوي پادىسىنىڭ كۆلىمى چوڭ، كۆپىيىش سۈرئىتىنىمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ھەر قانداق پائالىيىتىمىز قوينىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ. بىز قوي ئارقىلىق بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىمىز، شۇبھىسىزلىك ۋە ئىسراپ قىلىش بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنىڭ بىر قەدەم – بىر قەدەمدىن يېقىنلاۋاتقانلىقىنى ھېچنەرسە توسۇپ قالالمايدۇ. بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك، تەقدىرىمىزنى قولىمىزدا تۇتالايمىز.

چېكەتكە قەيەرگە بارسا شۇ يەرنى قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ.بىراق، بىز قۇدرەتلىك، ئۇنىڭدىن قورقمايمىز.

ئەمما،ئۇ شۇملۇقنىڭ بىشارىتى. بارغانچە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەسلىشىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. («ئاسىيا چېكەتكىسى» دەمدۇ«ئىتالىيە چېكەتكىسى» دەمدۇ،ئىشقىلىپ، چېكەتكىلەرنىڭ ئىسمىمۇ بارغانچە سىرلىقلىشىۋاتاتتى) تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى توسالغۇسىز ھالدا ئىجرا بولىۋېرىدۇ، قارشىلىق قىلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەن، ھېچنېمىنى سېزەلمىگەن تەقدىردىمۇ، پەقەت تەبىئىتىمىدىكى سېزىمگە تايىنىپ بەزى نەرسىلەرنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باقتىم. بىلىمەنكى، «نۇرغۇنلىغان ئاشۇ» لارنى چېكەتكىنى بويسۇندۇرغاندەك ئاسانلا بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ. ئۆسمۈرلۈك چېغىمىدىكى يەن يەن بىلەن مىڭ مىڭنى ئەسلىگىنىمدە، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ قايسى بۇلۇڭ – پۇچقىقىدا ياشاۋاتقانلىقىنى، چېكەتكىگە مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا ھاياتىنى بىر كۈندىن – بىر كۈندىن ئۈزۈپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن.

# بىزنىڭ بۇ يەردىكى مۇنچا

يۇيۇنۇش كۆڭۈللۈك ئىش. ئۇنداق بولمىسا نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم يۇيۇنۇۋاتقاندا ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ئالدى بىلەن بىرى دىمىقىدا غىڭشىيدۇ، كېيىن يەنە بىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوشۇلۇپ، مۇنچىدا «خور» باشلىنىپ كېتىدۇ. كېيىن، يان تەرەپتىكى ئەرلەر مۇنچىسىدىمۇ ياڭراق ناخشا ساداسى كۆتۈرۈلىدۇ. باشقىچە بىر خىل خۇشاللىق كەيپىياتى شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇ ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ، لەرزان تەۋرىنىدۇ، تەۋرىنىشى بارغانچە تېزلىشىپ، ھاياجانلىق كەيپىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتىدۇ... بۇنداق خۇشاللىقنى قانداق ئاياغلاشتۇرۇشنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاياغلاشقان تەقدىردىمۇ، قاچان، قانداق ئاياغلاشقانلىقى ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ.

بەزىدە باشتىن ئاخىر بىرلا ئادەم بىرلا ناخشىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنىلا ئېيتىدۇ، توختىماستىن تەكرار – تەكرار ئېيتىدۇ، خۇددى قىلىچ بىسى ئەينەك يۈزىنى قايتا – قايتا قىرغاندەك...ھېلىمۇ ياخشى بۇنداق «قايتىلاش» بىر قېتىم يۇيۇنۇپ بولغىچىلا داۋاملىشىدۇ. ئەگەر پۈتۈن بىر كۈن داۋاملىشىدىغان بولسا، ئاڭلىغۇچىدا چوقۇم خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويغان بولاتتى. يەنە كېلىپ ئۇ خىل «قايتىلاش» مۇنچىنىڭ ئىچىدىلا بولىدۇ، خۇددى مۇنچىنىڭ ئىچىدىكى شۇنچە سۇس كەيپىيات بارلىق نېرۋىسىدىن ئازغىنا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغاندەك ئىدى.

ئەكس سادا ھامان كۈچلۈك. ۋاقىت ئۇزارغانچە بەدەننىڭ سىرتىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ خۇددى بەدەننىڭ ئىچىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. سۇ بەك ئىسسىق، ھور قويۇق تۇمانغا ئوخشاش لەيلەيدۇ. ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ بەدىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. گەرچە، ئاۋاز كۈچلۈك ۋە يارقىن بولسىمۇ. ئېيتىلىۋاتقان ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى باشتىن

ئاخىر ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، بۇ ئاجايىپ بىر خىل ھاياجان ئىدى.

كۆپ ھاللاردا كۆپچىلىك مەقسەتسىزلا ئىچ پۇشۇقىنى بېسىش ئۈچۈن مەلۇم بىر ئاھاڭغا دىمىقىدا ئىڭشىيدۇ. تونۇشىدىغان ئادەملەرنىڭ گېپى تۈگىمەيدۇ، پاراڭ ئاۋۇغانچە مەزمۇن شاخلاپ غايىۋى چەكسىزلىككە تىنىمسىز سوزۇلىدۇ. گويا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىكى سىرلىق قەلئەدە ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك. ئۇلارنىڭ شۇ خىيالىي دۇنياسىدا لەيلەپ يۈرگەن كۆلەڭگىلىرى مۇنچىدىكى قويۇق تۇمان بىلەن قوشۇلۇپ، ئاستا - ئاستا ھاۋا ئالماشتۇرغۇچى شامالدۇرغۇچ تەرەپكە ئاقىدۇ-دە، سىرتتىكى سالقىن، ساپ ھاۋادا غايىپ بولىدۇ.

ناخشا ئاۋازى مۇھىم ئەمەس. ناخشا ئېيتقۇچى ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. قىپيالىڭاچ بەدەن، ئەدەپ - ئەخلاق كۈچىنى يوقاتقان، باشقىچە پىكىر - خىيال توختىغان؛ قوللار توختىماستىن يۇيۇنۇش لۆڭگىسىنى ئىشقا سېلىۋاتقان، يۇيۇلغان ئۇزۇن چاچلار پېشانىدىن ئارتىلىپ پەسكە ئېقىپ چۈشكەن؛سۈپسۈزۈك سۇ تالالىرى بەدەننىڭ ئەڭ دەسلەپكى گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان؛ ئوغۇل بالىلار زەكەرلىرىنى ساڭگىلىتىپ قويۇپ، چۇرقىراشقىنىچە ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشسە، قىز باللار ئۆزلىرىدە نېمە ئۈچۈن زەكەر يوقلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ.

ئائىلە ئاياللىرى چېلەك، داس ۋە كىر يۇيۇش تاختىسىنى قولتۇقلىغىنىچە جۈمەكلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ كۆرىدۇ. سۇ جىقراق چۈشىدىغان جۈمەكنىڭ ئالدىغا كىرلىرىنى يايىدۇ-دە، ماغزاپقا چۆككەن ھالدا ئىشلىرىنى باشلايدۇ. قىپيالىڭاچ بەدىنى بىلەن ئالدىغا تاغدەك دۆۋىلەنگەن يوتقان - كۆرپە كىرلىكى، دېرىزە پەردىسى، كىيىم - كېچەك دېگەنلەرگە تاقابىل تۇرىدۇ.

ياش ئانىلار يۇيۇنۇش دېسىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، سۇ توشقۇزۇلغان داستا سۇلياۋ ئۆردەكلەر ئۈزۈشىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن بېشى-

ىدىكى سوپۇن ماغزاپلىرىنى يۇيۇپ چىقىرىش بىلەن ئاۋارە بولسا، بىر تەرەپتىن ۋارقىرىغىنىچە باللىرىغا سۇلياۋ ئۆردەكنى چىشلىمەسلىكنى، داستىكى سۇنى ئىچمەسلىكنى جېكىلىشىدۇ.

بىرى بىرىلىپ چىش چوتكىلاۋاتقان بولۇپ، ئاغزى ماغزاپقا توشقان، پۇتۇن بەدىنى تىترىمەكتە ئىدى. قارىماققا ئۇ چىشلا ئەمەس، بادامسىمان بېزىنىمۇ چوتكىلاۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنە قانچىلىك چوتكىلىسا بولىدىغانلىقىنى بىلمەك تەس ئىدى.

ئايال غوجايىن بىلەن خېرىدار سىرتتا گەپ تالىشىۋاتقان بولۇپ، پۇت - قولنى ئىشقا سېلىشقا ئازلا قالغاندەك قىلاتتى...

مۇنچىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قېتىملىق خور باشلاندى...

تۇيۇقسىز بىر كىچىك بالا قاتتىق يىغلىغىنىچە ئانىسىنى ئىزدىدى. ئانىسى ئۇنى قاتتىق بىر تەستەك ئۇرۇۋەتتى.

مۇنچىنىڭ ئىچىدە دائىم دېگۈدەك قويۇق ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئادەم كۆپ چاغلاردا تېخىمۇ تىنجىق بولۇپ كېتىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئۈچ ئادەم بىر جۈمەكنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ نازۇك تېگىشىشلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ تېگى يوق ھاڭ بار ئىدى. كۈتۈلمىگەندە بىرى كېلىپ دۈمبەمنى سۈرتۈپ يۇيۇپ قويىماقچى بولدى. مەن چىرايلىقچە رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال مەندىن ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى سۈرتۈپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى.

جۈمەك بىلەن جۈمەك ئارىلىقىدا توسۇق يوق بولۇپ، باشقىلار بىلەن روبىرو تۇرۇپ يۇيۇنۇشقا توغرا كېلەتتى. جۈمەكتىن چۈشۈۋاتقان سۇ كۆپ بولۇپ، شارىلدىغىنىچە ئېتىلىپ چۈشەتتى. مۇنچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلچەككە تولدۇرۇلغان سۇ لۆمشىپ تۇراتتى. ناۋادا بىرەر كىچىك بالا كۆلچەككە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، قاتتىق چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋاز ئىككى-ئۈچ سېكونتلاردىن كېيىنلا كۆلچەكتىن ئېتىلىپ چىقاتتى.

سىرتتىكى كىيىم يۆتكەش ئۆيىنىڭ تۆت تېمى ۋە تورۇسقا غۇچچىـ

دە سۇ تامچىلىرى ئىسلىغان بولۇپ، ئاستا – ئاستا مۇزلاپ، بىر تېمىم – بىر تېمىمدىن پەسكە تامچىلايتتى. چىراغ جىمجىتقىنا غۇۋا نۇر چاچاتتى. كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئاپپاق بەدىنىدىن كۆرە چىرايى غۇۋا كۆرۈنەتتى. بىرى ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورۇما- تاماقنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ، كىيىم يۆتكەش ئۆيىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىچكىرىسىدىكى بىر كىچىك ئىشىكنى ئىچىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ چىققىنىدا بولسا، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغان، كۆنلۈك كۆتۈرۈۋالغان، كىچىك سومكىسىنىمۇ ئالماشتۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئىشىكنى قۇلۇپلىغاندىن كېيىن يەنە كىيىم يۆتكەش ئۆيىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بۇ تەرەپتىكى بىر ئىشىكتە كۆزدىن غايىپ بولدى. بۇ كىيىم يۆتكەش ئۆيىدە نېمانچە ئىشىك كۆپتۇ؟

بىر قېرىپ ئاجىزلىغان بەدەن ماڭا كەينىنى قىلىپ تۇراتتى، كۆڭلىكىنىڭ بىر نەچچە يېرى چىرىپ يىرتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ بەك سېمىز بولغاچقا دۈمبىسىنى سۈرتۈپ قۇرۇتۇشقا ئامالسىز ئىدى، قولىنى ئېگىز كۆتۈرەلمەيتتى، دۈمبىسىگە يەتكۈزەلمەيتتى. ئۇ ماڭا تۆۋەن ئاۋازدا: « بالام، بالام...تارتىپ قويسىڭىز چۇ...»دېدى. ئۇ بىر قازاق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ دۈمبە تەرىپى تۈرۈلۈپ قالغانىدى. مەن بېرىپ تۈزىگەچ كۆڭلەك بىلەن تېرە ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور سۈركىلىش كۈچىنى ھېس قىلدىم. مەن بىر ئاز ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئاندىن ئوڭشالدى. مەن ئاستا قايتىپ كەلدىم، ئۇمۇ ماڭا رەھمەت بىلدۈرمىدى. ئۇ بەك قېرىپ كەتكەنىدى. ياشانغان ئادەم مۇنچىغا يالغۇز كىرمەسلىكى كېرەك ئىدى. كىيىم يۆتكەش ئۆيىدە بەختسىزلىكنىڭ بىشارىتى ئەگىپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

بايا ئۇ جۇمەكنى ئەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ ۋە قېشىمدىكى يەنە بىرىنىڭ،ئۇنىڭمۇ قېشىدىكى بىرىنىڭ مۇرىسىگە تايانغىنىچە ئاستا، ئاۋايلاپ مېڭىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكى بار ئىدى. ئۇ روھىي جەھەتتىن ناھايىتى خاتىرجەم

كۆرۈنەتتى، كۆڭلىكىنىڭ گۈللۈك جىيەكلىرى ئاپپاق ھور ئـارىسىدا تىـ
خىمۇ نۇرلىنىپ تۇراتتى.

يەنە بىر ئەمدىلا رىيىسدە بولغان قىز نىڭ زىلۋا،تولغان بەدىنى سـۇ
تالالىرى ئارىسىدا ئەڭ نازۇك ۋە تەبىـئىي گـۈزەللىكـنى نامايـان قىلىـپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ سۇ دولقۇنلىـرىنىڭ نـازۇك سىيلاشـلىرى بىـلەن ئاسـتا
تەۋرىنىپ تۇرغان بەدىنى گويا قۇشنىڭ ئۇچۇشقا تەمشەلگـەن چاغدىكـى
قىياپىتىنـى ئەسلـىتەتتى. قـۇشنىڭ قـاناتلىـرى پاكىز ۋە ئـەۋرىشىم ئـىـ
دى...ئۇ سۈزۈك كىرىستالغا ئوخشايتتى. كىرىستالغا تەبىئىي ئۇيۇپ قـالـ
غان تۇمان ئارقىلىق كۆك ئاسمانغا قارىغاندا ئۇ تۇمان لەرزان ھەرىكىتى
بىلەن ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىراق، ئەڭ گۈزەل كۆرۈنىدىغىنى
ئاشۇ ئايلىنىشنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى تىپتىنىچ تۇرغان ئىنـتايىن نـازۇك
ئوق مەركىز ىدۇر.

ئۇ سۇ ئىچىدە تۇرغاندا سۇ گۈلـلىرى تۆت تـەرەپكە بەرق ئـۇرۇپ
تۇراتتى. مەن ئېنىق كۆردۈمكى، ئۇ سۇ گۈللىرى ئۇنىڭ بەدىـنىگە سـۇ
تەگكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارىغان نۇردىن شـەـ
كىللەنگەنىدى.

مۇنچىدا پاك – پاكىز يۇيۇلغان ئادەتـتىكىـدەكلا بەدىنـىم سەلدىـن
كېيىن قاتمۇ – قات كىيىمگە ئورىلىپ، گۇگۇم قوينىدا ئـۇزاپ كېتـىدۇ.
بۇ ئاددىي تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق تىنچ، خاتىرجەم. مەن ياشلىـقىمنـى
ئاللىبۇرۇن ئۇزىتىپ بولغانمەن، ئەمما، قېرىلىققا يېتىشكە خـېلى ۋاقـىت
بار. مىڭلىغان، مىليونلىغان چېچىم داۋاملىق ئۆسمەكتە، نەچـچە يىرىـمـ
دىكى جاراھەت ئېغىزى پۈتۈپ بولدى، بوغۇم ياللۇغى بار ئىككى تىزىم
يېنىك غىرىسلايدۇ، ئومۇرتقامدىكى سۆڭەك ئۆسۈكچىلىرى تەسەۋۋۇرۇمـ
نىڭ مەلۇم بىر يېرىدە بەدىنىمنى بىلىنەر – بىلىنـمەس ئېگىـپ ئۆلگـۈرـ
گەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. كېسەللىك بەدىنىمنىڭ مەلۇم چوڭقۇرلىقىدا ئـۇيـ
قۇدا، نەپىسىم راۋان، ئەمما، ياشلىقىم بىر تەرەپتە كېچە – كۈندۈز مېنى
ساقلىماقتا. ياشلىقىم مېنى ئويغاتماق بولاتتى، ئەمما، ئويغىتالماي تاقىتى

تاق بولۇپ دەريا – دەريا ياشلىرى ئاقماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بەدىنىمدە ئېھتىيات بىلەن ساقلاقلىق ئىدى. مېنىڭ بەدىنىم جۇمەك ئاستىدىكى سۇ تالالىرى ئارىسىدا تۇرماقتا. كۆپ ھاللاردا ئاخىرىدا مەنىلا يالغۇز قالاتتىم. بوشلۇق،سوغۇق، مۇنچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلچەكتىكى سۇنىڭ جىمجىتلىقى ماڭا ھەمراھ ئىدى...

مەن ھەر قېتىم دېگۈدەك يۇيۇنغىلى ماڭغىنىمدا بىر نەرسەمنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. مەن دائىم ئۇنتۇپ قالىدىغان نەرسە چوقۇم تارغاق بولاتتى، شۇڭا چاچلىرىم قالايمقان، پاخپايغان ھالەتتە مۇنچىدىن چىقاتتىم.

ئىككى قېتىم لۆڭگىنى ئېلىپ كەلمىگەچكە، ئامالسىز كىيىم يۆتكەش ئۆيىدە بەدىنىمنىڭ ئاستا – ئاستا قۇرۇشىنى كۈتكەنىدىم.

ساپما كەشمنى ئۇنتۇپ قالسام كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرىپلا ياپقايتتىم ـ دە، ئۆيگە چاپاتتىم. ساپما كەشمنى ئېلىپ كەلگەندە بولسا ئىنساپسىز غوجايىن مېنى يەنە بىر قېتىم پۇل تۆلەشكە مەجبۇر قىلاتتى.

ئەتىرسوپۇننى ئۇنتۇپ قالغان چاغلىرىمدا چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىلا ئىشلىتىمەن. چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالسام، چىچىمنى ئەتىر سوپۇن بىلەنلا يۇيىمەن. ئەمما، بىر نەچچە قېتىم ئەتىر سوپۇنىنىمۇ، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدىم.

كېيىن مەن لازىملىق نەرسىلەرنى بىر پارچە قەغەزگە تەپسىلىي يېزىۋالىدىغان، كېيىنكى قېتىم مۇنچىغا بارغىچە نەرسىلەرنى بىر – بىرلەپ تەييار قىلىۋالغاندىن كېيىن، خاتىرجەم ئىشىكتىن چىقىدىغان بولدۇم. ئەمما، مۇنچىغا بارغاندىن كېيىن، يەنە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى، يەنى ئەڭ مۇھىم نەرسە – پۇلنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى بىلەتتىم. ئىككى يىل. بىر قېتىم مۇنچىغا چۈشۈش ئۈچۈن ئىككى يۈەن لازىم بولاتتى...

شۇڭا، كېيىن ھېلىقى قەغەزگە «پۇل» نىمۇ قوشۇپ يېزىپ قويدۇم.
ئەمما، يەنە بىر قېتىمدا ھېلىقى قەغەزگە قاراشنى ئۇنتۇپ قالدىم...
ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى قېتىمدا ھېلىقى قەغەزنى تاپالمىدىم...

مۇنچىغا لازىملىق نەرسىلەرنى تولۇق ئېلىپ بېرىش ئاددىي ئىش. ئەمما، مەن دائىم ئەتراپلىق قىلىپ بولالمايتتىم. بەدىنىمنى يانچە قىلغىنىمچە دائىم يۇيۇنىدىغان جۇمەكنىڭ ئالدىغا كېتىۋېتىپ ئويلايمەن: بۇ قېتىم مەن نېمىنى ئۇنتۇپ قالدىم؟ بۇ قېتىم يەنە نېمە مېنىڭ نەزەر دائىرەمدىن غايىپ بولدى؟ بۇ قېتىم مەن يەنە نېمىنى ھېس قىلالمىدىم؟ مەن بەدىنىمنى يانچە قىلغىنىمچە بوك - باراقسان ئورماندا كېتىۋاتىمەن، ئوت - چۆپلەر قويۇق، ئاسمانغا تاقاشقان دەل -دەرەخلەر تولىمۇ قويۇق. مەن بولۇق دەرەخ شېخىغا ئېسىلىپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورى ئۈستىدە دۈمبىسىدە پىستان تۈگمە چوڭلۇقىدا ئالاھىدە ئەزاسى بار بىر ئالتە پۇتلۇق ئۆمۈچۈكنى بايقىدىم. مەن دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئاستا قايرىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. شۇ ۋاقىتتا بىرى كەينى تەرىپىمدىن ئاستا ئۆتۈپ كەتتى، مەڭگۈگە يىراقلاشتى... ئۇنىڭدىن سەللا ئىلگىرى، مەن ئۇ چىقىش ئېغىزى بولمىغان ئورماندا مىڭ يىللاپ ماڭغاندەك ئىدىم، ئۇ چاغدا ھېچكىمنى ئۇچراتمىغانىدىم.

## ئائىلىمىزنىڭ ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى مۆشۈكى

بىزنىڭ نەسەبىمىزدىكى ھەر بىر ئەۋلادتا بىردىن قىمارۋاز يارىماستىن بىرى بار ئىكەن. موماملارنىڭ(ئاپىسىنىڭ ئاپىسى) دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ يارىماس دەل بوۋام بولۇپ قاپتۇ. مومامنىڭ ئەسلىشىچە، بوۋام ئۆيىدىكى بىر ياغاچ ساندۇق،بىر قازان ۋە بەش چىنىدىن باشقا بىساتىنى سېتىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بامبۇكتىن ياسالغان تامدىكى ئاۋالوكىسۋارانىڭ سۈرىتى ۋە سۈرەت ئاستىغا سېلىنغان ئوت - چۆپ پالىزىلا قالغانىكەن. ئۇ ھەتتا ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇچىسىدىكى بىر قۇرلا كىيىم - كېچەكنى قويۇپ، قالغان يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتكەن بولۇپ، ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن يالاڭ ئاياغ قالغانىكەن.

ئەمما، مومام خېلى يىللار ئىلگىرى 50 كىلومېتىرلىق تاغ يولىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قوشنا ناھىيەدىكى بىر داغدۇغىلىق بۇددا تىلاۋەت پائالىيىتىدە سېتىۋالغان مىس تاكتاكنى ساقلاپ قالالىغانىكەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن ئۇ مىس تاكتاك كىچىك ھەم كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ كۆركەمرەك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇتخانىدىكى راھىبلارنىڭ تاكتاكنى چېكىپ تۇرۇپ نوم ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى(ئەلۋەتتە، ئۇ بۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ ئىدى.) شۇنىڭ ئۈچۈن مىس تاكتاك تولىمۇ مۇقەددەس ئىدى.

مومام بوۋامغا:«ئۇ ئاۋالوكىسۋارانىڭ نەرسىسى، كۆز قىزارتىشقا بولمايدۇ» دەيدىكەن. ئەمما، بوۋام راستلا «كۆزىنى قىزارتىپتۇ». بىر كۈنى ھەممە نېمىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن بوۋام مومامنى قاتتىق ئۇرۇپ تاكتاكنى چىقىرىشقا قىستاپتۇ. تاياق زەربىسىگە چىدىمىغان مومام ئاخىرى ئۇ نەرسىنى قويىندىن چىقىرىپ ئىشىكنىڭ سىرتىغا ئېتىپتۇ-دە، قاتتىق يىغلىغىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قاپتۇ...

60 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. مومام تا ھازىرغىچە تاكتاكنىڭ نەپىسلىكى ۋە چىرايلىقلىقى ھەققىدە توختىماي سۆزلەيدۇ. ھېلىقى ئەرنىڭ شۇ سەۋەبلىك ئۆزىگە سالغان ئازاب – ئوقۇبەتلىرى، دىل يارىلىرى ئاللىبۇرۇن يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدەك ئىدى. بەربىر، بوۋام ئۆلۈپ كەتكىلى بېرىم ئەسىردىن ئاشقان ئىدى، ئۆلگەنلەر ھامان كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ ئەمەسمۇ...

ئۇنىڭدىن باشقا، مومام دائىم بىر سېرىق مۆشۈكنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. ئۇ مۆشۈك مىس تاكتاكتىن باشقا سېتىلسا قەتئىي بولمايدىغان 2-نەرسە ئىدى.

مۆشۈك بىرىنچى قېتىم ھايۋاناتلارنى يىغىۋېلىپ قويۇۋېتىدىغان دۇكانغا سېتىلغانىكەن. ئۇ دۇكاننىڭ ئۆيى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 چاقىرىم بولۇپ، ئەتىگەندە سېتىلغان مۆشۈك چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغا قالمايلا ئۆيگە ئۆزى قايتىپ كەلگەنىكەن. يۇڭچۈەن دۇكىنى تېخىمۇ يىراق بو-

لۇپ، ئارىلىقى 30 نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. مومام يۇڭچۇەن دۇكىنى يىراق، مۆشۈك ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن. نەتىجىدە، ئۇ كۈنى بوۋام تېخى ئۆيگە قايتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، ئۇ مۆشۈك بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولغانىكەن. بوۋامنىڭ مۆشۈكنى خالتىدىغا سېلىپ، خالتىنى يەنە بىر سېۋەتكە قاچىلاپ ماڭغىنىمۇ كار قىلمىغانىكەن.

مومام بوۋامدىن مۆشۈكنى ئەمدى ساتماسلىقنى ئۆتۈنگەن. مومام بوۋامغا:«چوشقا، توخو دېگەندەكلەرنى ساتقاننى كۆرگەن،ئەمما، مۆشۈك ساتقاننى كۆرمىگەن، ھەممە ئائىلىنىڭ باقىدىغان چوشقا، توخۇلىرى بار، بىزنىڭ پەقەت مۈشۈ بىرلا مۆشۈكىمىز بار، ھېلىمۇ ئۇنى ئىككى قېتىم سېتىۋەتسەك ئۆزى قايتىپ كەلدى، ئۇنى ھەرگىز سېتىۋەتمەيلى، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتايلى...» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئەمما، بوۋام مومامنىڭ گېپىنى ئاڭلىماپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ مۆشۈكنى يەنە لۇڭلىن دۇكىنىغا سېتىۋېتىپتۇ.

لۇڭلىن دۇكىنى ناھىيە بازىرىدا بولۇپ، ئۆي بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. ھەممە بۇ قېتىم مۆشۈك قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ قاراشقان، ئەمما، مومام مۆشۈكنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزمەي، قاچىسىغا كۈندە سۇ يەم – توشقۇزۇپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتكەن.

بۇ قېتىم مۆشۈك ھەقىقەتەن قايتىپ كېلەلمىگەن.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلدۇم، كۆپ قىسىم ۋاقتىم مۇشۇ يەردە ئۆتتى. مەن بىلىدىغان بۇ تۇپراقنىڭ كۆپ قىسمى ئەمدىلەتىن ئىنسانلار پائالىيىتىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان زېمىن ئىدى. بۇ يەردە، توپا بىلەن ئاشلىق، يول بىلەن ئىز ، سۇ بىلەن قۇدۇق،ئوت بىلەن كۆمۈر تېخى يۈز كۆرۈشمىگەندى. بۇ يەردە ئۈچ ئەۋلادنىڭ نېرىسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بېرەلمەيمىز ، بىزنىڭ باللىرىمىز بىزدىن قەدىمىي تۇپراقتىنمۇ ئۆتە يىراق ئىدى. مەن بۇ يەردە 100 يىل ياشىغان تەقدىردىمۇ ئۆ-

زۉمنی «شىنجاڭلىق» دېيەلمەيمەن.
مانا، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتی، مەن تۇغۇ-
لۇپ چوڭ بولغان ئائىلەمدىن بەكمۇ يىـراقتا، مەن ئـىلگـىرىكى تۇرمـۇ-
شۇمدىن، مومام توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىـمدىن ئۈزۈل - كـېسىل ئـاي-
رىلغاندەك ئىدىم. مومامنىڭ بىر ئەسىرلىك كەچۈرمىشنى يۈدىگىنىچە ئۆ-
لۈپ كېتىشى مېنىڭ يۇرتۇمنى ھېچقـانداق مەنىـسى يوق مەۋجـۇتلۇققا
ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ يەردە مومامنىڭ تاغ باغرىغا ياسالغـان قەبرىسـى
يىللارنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا ئۇپرىماقتا، يىگانىلىقنى ئاشكارىلىمـاق-
تا، ئاستا - ئاستا گۈمۈرۈلمەكتە؛قەبرە تېشى ئىچ - ئىچىدىن ئاستـا -
ئاستا يىمىرىلىپ،نەقىشلەر ئۆچمەكتە؛ ئادەم تۇرمـىغلـى ئۇزاق بولغـان
ئۆيىمىز ئۆرۈلۈپ چۈشكەندۇ...ئۆيىمىز نىڭ كەينىدىكى بۇلاقتىن سۇ ئې-
لىپ كېلىدىغان بامبۇك نەيچە چىرىغان ھالەتتە ئوت - چۆپلۈكتە تـاش-
لىنىپ ياتقاندۇ، بۇلاقنىڭ ئەتراپىغا ياتقۇزۇلغان تاش تاختاي ئاللىبۇرۇن
بۇزۇلۇپ كەتكەندۇ، بۇلاق سۈيى قالايمىقان ئېقىپ، ئەتراپتىكى ئوت -
چۆپلۈك قۇرۇپ كەتكەندۇ... كەنتتىكى مويسىپىتلار بىر - بىرلەپ ئـۆ-
لۈپ كېتىپ، ياشلار بىر - بىرلەپ ئۆيلىرىدىن ئايرىلىشۋاتقاندۇ. ئۆيـە-
مىز نىڭ ئالدىدىكى يولنى بامبۇك يوپۇرماقلىرى قاپلاپ، شۇ يولغا قاراپ
تۇرغان ياغاچ ئىشىككە سېلىنغان قۇلۇپنى ئاللىبۇرۇن دات بېسىپ كـەت-
كەندۇ، كاھىشلار ئاللىبۇرۇن ئۆرۈلۈپ چۈشكەندۇ. ئىلگـىرى مومام ئـۆ-
چۈن تەييارلانغان، قارا سىردا تۈجۈپىلەپ سىرلانغان جەسەت ساندۇقـ-
مۇ قاپقاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە چىرىپ كەتكەندۇ؛ تامغا ئېسىلغان يىپ ئېگـ-
رىدىغان چاقنى قاتمۇ - قات ئۆمۈچۈك تورلىرى بېسىپ كەتكەندۇ...
مېنى ئۇ يەرگە باغلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر نەرسە مومام بىلەن ئا-
پامنىڭ ئىلگىرى ئۇ يەردە ياشىغانلىقى بـولسا كېـرەك... مەن ئۇ يەرگـە
تۇتىشىدىغان ھېچقانداق يولنى بىلمەيمەن، كەنتتىكى ھېچقانداق بىرىنى
تونۇمايمەن. ئەمما، ئۇ يەر يەنىلا مېنىڭ يۇرتۇم، مومام ئۆزى تالاي قې-
تىم تىلغا ئالغان سېرىق مۆشۈكنـى ئەزىز لەپ بـاققاندەك، ئـۇ يەر مېنـى

كىچىكىمدىن ئەزىزلەپ چوڭ قىلغان. مەن ئۇنىڭ يىراقتا غايىپ بولغانلىقىنى بىلگىنىمدە، ئازابلانغىنىمدىن چۈشۈمدىمۇ:«شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ تاش ئوقۇرىغا سۇ توشقۇزۇپ قويۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

مەن كېلىپ چىقىش تارىخى يوق ئادەم ئەمەس، ئەجدادىم مېنىڭ پۇتۇم بىلەن مېڭىپ بۈگۈنگە ئۇلاشقان؛ مەن يىلتىزى يوق ئادەم ئەمەس، گېنىم مەن چۈشەنمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن بۇ جەمەتنىڭ داۋاملىشىش جەريانىنى ئېنىق خاتىرىگە ئالغان؛ مەن يۇرتى يوق ئادەم ئەمەس، مەن بېرىپمۇ باقمىغان ئۇ يەر مومام بىلەن ئانامنىڭ بايانلىرىدا تالاي قېتىم تىلغا ئېلىنىپ مېنى ھاياجانلاندۇرغان ۋە تەقدىر مېنى ئۆزگە مەڭگۈلۈككە باغلىۋالغان. ئۇ يەردىكى چوڭقۇر يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن جياڭگو، يازنىڭ ھەر چۈشتىن كېيىنلىكى دەل ۋاقتىدا قانات قاقىدىغان تومۇزغا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىنمۇ بەك تونۇش.

مەن ئاجىز ئادەم ئەمەس، «ۋاقىتلىق ئادەم»مۇ ئەمەس،ھاياتىمنى دەرھال ئاخىرلاشتۇرغان تەقدىردىمۇ، مەن «ۋاقىتلىق ئادەم» ئەمەس.

يەنە ھېلىقى مۆشۈكمۇ بار، ئۇنىڭ ھېكايىسى تولىمۇ ئۇزۇن. ئۇ بۈگۈنگە قەدەر ئۆيگە قايتىش يولىدا كېتىپ بارماقتا. شوخ بالىلىق بەزىدە سەھرادىكى ئېرىقلاردا چاپسا، بەزىدە يولدىن ئېزىپ قېلىپ، ئېگىز قىيا ئۈستىدە خۇددى بوۋاقتەك قىقىراپ يىغلايدۇ؛ بەزىدە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چارىلانىنى كۆرۈپ ئەندىككىنىچە تۇرۇپلا قالىدۇ...تولۇن ئاي كۆككە ئېسىلغاندا ئۇ ئوت – چۆپلۈكنىڭ پىنھانلىقىغا چۆكىدۇ. ئۇ بەزىدە قىش كېچىسىدىكى قىرۋۇ، بەزىدە بولسا تومۇزدا ياغقان گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر...

چوقۇم بىر كۈنى ئۇ كۆلچەك يېنىدىكى بامبۇكزاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھويلىنىڭ بوش يېرىدىكى تاش تۈلۈقنى، كاھىش ئاستىدىكى ئىدىشنى كۆرىدۇ

سەرگەردانلىق ئاخىرلىشىدۇ! ئۇ ھويلىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كى-

رىدۇ-دە، ئۆزى ئىلگىرى يەم يېگەن قاچىدىكى سۇنى قېنىپ – قېنىپ سۈمۈرىدۇ. ئۇ سۇنى كىمنىڭ قۇيۇپ قويغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ. ئۇزاق يىللاردىن بېرى ھېچكىم ئۆز ئۆيىنى ئۇنتۇيالمىغىنىغا ئوخشاش، مۆشۈكنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق.

# ئىككىنچى قىسىم

## خەنزۇ باللار

كاۋۇتۇدا ئون نەچچە خەنزۇ بالا بار، ئۇ يەردە خەنزۇچە مەكتەپ بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭى سەككىز ياشتا، كىچىكى ئىككى -ئۈچ ياشلاردا بولۇپ، كۈن بويى توپلىشىۋېلىپ ۋارقىراشقىنىچە ئۇياقتىن بۇياققا چېپىشىپ، مەھەل-لىنى بېشىغا كىيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ:«ئاق جوۋان، مەن كەلدىم!» دەپ ۋارقىراشلىرى شاۋقۇن – سۈرەنلىرى بىلەن بىللە ئەگىپ يۈرىدۇ.

ئاتا – ئانىلىرىنىڭ ئۇلارغا نېمىلەرنى ئۆگىتىدىغىنىنى بىلمەك تولى-مۇ تەس.كېيىن، ياشتا ئەڭ چوڭ گاۋ يۇڭ ئامالسىز قازاق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئىككى ھەپتىگە بارمايلا ئۇ قازاق باللار بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيدىغان بولۇپ كەتتى. تېخى ئۇ ئىسمىنى «گاۋ يۇڭبېك» قا ئۆزگەرتىۋالدى. «بېك» ـ قازاق ئەرلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇ-لىدىغان ھۆرمەت ئاتالغۇسى ئىدى.

ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەن غەلىتە ئىسىملىك ئەڭ كىچىك بالا بېڭ دەننىڭ ئۈچ ئاچىسى بار بولۇپ، ئۇلار يەتتە ياش، بەش ياش ۋە تۆت ياشتا ئىدى. ئەگەر بۇ تۆت بالا قول تۇتۇشقىنىچە قاتارلىشىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈۋالسا، ئاپتوموبىللارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك سىگناللى-رىمۇ كار قىلمايدۇ.

چېن ئائىلىسىدە ئۈچ بالا بار بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى دا چېن، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى چېن ئېر. كىچىكى قىز بالا بولغاچقا«چېن

سەن» دەپ ئاتىسا تازا قاملاشمايدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ ئىسمى «سەن سەن» بولۇپ قالغان. بۇ ئۈچ بالا قاتار تىزىلىپ مېڭىشقا ئامراق بولۇپ، ئالدى-دىكىسى تېخى كىچىك بايراقمۇ كۆتۈرۈۋالىدۇ.

لىۇ ئائىلىسىدىكى ئىككى بالا يەتتە ياشتا ئىدى،ئۇلار ئوخشاش يىل، ئوخشاش ئاي، ئوخشاش كۈندە تۇغۇلغىنى بىلەن قوشكېزەك ئە-مەس. دا نى ئىسملىك قىز چاق بېقىۋېلىنغان بالا بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن بىر نەچچە سائەتلا چوڭ بولغاچقا ئاچا بولۇپ قالغان. ئۇ تولىمۇ چىراي-لىق ۋە زېرەك قىز . ئەمما، لىۇ ئائىلىسىنىڭ ئۆز بالىسى ھەم پاكار ھەم ئورۇق، ھاڭۋاقتى بالا بولۇپ، پەقەتلا كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەل-مەيتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ دائىم دېگۈدەك دانى مېنى ئۇردى، پىرەنىكىمنى ئېلىۋالدى، دەپ يالغان سۆزلەيتتى.

بۇ ئىككى بالىنىڭ ئاياغ تىتۈشى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئادەمنىڭ قا-رىسى كۆرۈنمەي تۇرۇپلا «تاراق – تۇرۇق» قىلغان سادا كېلىپ بولات-تى. باللار ئاياغنى بەك ئاسان يىرتىۋېتىدىغان بولغاچقا، ئاتىسى ياغاچتا چەم ياساپ، بالون پارچىسىنى تىزغىسغا مىخلاپلا ئاياغ قىلىپ بەرگەن-دى. بۇنداق ئاياغ ھەم ئەرزان ھەم تىكمەك ئاسان بولۇپ، باللار بىر نەچچىنى ئارتۇق يىرتىۋەتسىمۇ كارى چاغلىق ئىدى. ئۇلار بۇ خىل ئا-ياغنى ئوبرازلىق قىلىپ «تاختا ئاياغ» دەپ ئاتىشاتتى.

ۋاڭ ئائىلىسىنىڭ ئىككى قىزى بار بولۇپ، چوڭى ياۋاش، كىچىكى شوخ ئىدى. ئۇلار ئاتىسىدىن تاياق يېگەندە بۇرۇنلىرىدىن قان ئېقىتقان-چە ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە يىغلاپ كېتەتتى.

تام قوشنىمىز زېڭ ئائىلىسى كىچىك دۇكان ئاچاتتى. ئۇ ئائىلىنىڭ يەتتە ـ سەككىز ياشلار ئەتراپىدا كېلىدىغان ئوغلى لىڭزى كۈن بويى پۇكەيگە يۆلەنگىنىچە دۇكان ئاچاتتى، ئۇ ھېسابقىمۇ ئۇستا ئىدى. خې-رىدار يوق چاغلاردا ئۇ دېرىزىدىن كوچىدا خۇشال ـ خورام ئويناۋاتقان باللارغا قارىغىنىچە مەيۈسلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بەزىدە ئۇ بېشىنى

دىرىـزىدىن چىقىرىپ بـالىلارغا:«ئـاق جۇۋان! مەن بۇ يـەردە...» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلار-نىڭ بالىلىرى ئىدى. ھەر بىرىنىڭ ئائىلىسىدە بىردىن دۇكان بـولسىـمۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ دۇكىنىدىن نەرسە ـ كېرەك سېتىـۋېلىشـنى ياخشـى كۆرەتتى. ئۇلار قوللىرىدا بىر مودىن پۇلنى سىقىمدىغىنىـچە توپ بولـۇ-شۇپ ئۇ دۇكاندىن بۇ دۇكانغا چېپىشاتتى، ئەڭ ئاخىرىدا سېتىۋالىدىغىنى يەنىلا بىر تېلى بىر مولۇق چوكىلىق كەمپۈت بولاتتى. چوكـىلىق كـەم-پۈت ئۆزلىرىنىڭ دۇكىنىـدىمۇ بار، تـېخى توپ بـاھاسى ئارزانـلا ئىككى پۇڭ.

نېمىشقىكىن، كۆپچىلىك لىگزىنىڭ دۇكىنىغا بـېرىشنـى ياخشى كـۆ-رۈشەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئـۇنداق قىلـىشى دوستـلۇق ئۈچۈن ئـە-مەس، بەلكى،سوقۇشۇش ئـۈچۈن ئىدى. كـىم بەكرەك ۋارقـىرىسا شـۇ ئۇتقان بولىدۇ.

لىگزى بەك زېرەك، ئەمما، ئاپىسى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايتتى، ئۆيگە كېلىپلا ھېساباتنى سۈرۈشتۈرەتتى.

ـھازىر نېمە ساتتىڭ؟

ـكەمپۈت، بىر موغا بەش تال،ئىككى موغا ئون تال ساتتىم.

ـقايسى خىلدىكىسىنى؟

ـئاۋۇ يەردىكىسىدىن...

ـئەستا، ئۇ خىلدىكىسى بىر موغا ئۈچ تال!

ـ...

لىگزى گەپ قىلالماي قالاتتى.

ـئەستا، شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتـۇرالمىغـان، قانچـىلىك زىيـان تارتقىنىنىمۇ بىلمىگەن، جۇۋاپىنمەك! كىم سېتىۋالغان؟

ـدا نى بىلەن ئىنىسى،ـئۇ ئەينەك پۇكەيگە يۆلەنگىنىچە كەمپـۈت شۈمەۋاتقان دانى بىلەن ئىنىسىنى كۆرسىتەتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇرنـە-

دىن ماڭقىسى ئېقىپ قالغانىدى.

ــ ئەستا، تېز قايتۇرۇۋالامسەن!

ــ ئاڭلاشتىڭمۇ؟ ئاپام ئۇ كەمپۈتنى بىر موغا بەش تال ئەمەس،ئۈچ تال دەيدۇ. تېز ، ھەر بىرىڭلار ئىككى تالدىن كەمپۈتنى قايتۇرۇڭلار،ــ دەيتتى لىڭ زى ئۇلارغا.

دانى بىلەن ئىنىسى بىر بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن ئىككى تالدىن كەمپۈتنى چىقىرىپ قايتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار كەمپۈت شۈمىگەچ قالغىنىنىمۇ قايتۇرۇپ پۇلغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا پىچىرلىشاتتى. ئەمما، ئاخىرىدا ئۇنداق قىلماي، كەمپۈتنى شۈمەگىنىچە ياغاچ ئاياغلىرىنى تاراقلىتىپ كېتىپ قالاتتى.

ئانام كىچىك باللارنى بەك ئاسانلا ئالدىۋېتەتتى، باللارمۇ ئانامغا ئالدىنىشقا ئامراق بولۇپ، پات - پاتلا بىزنىڭ ئىشىكىمىز ئالدىغا كېلىشىۋالاتتى.

ئۇلار ئانامنى«تىككۈچى موما»دەپ، مېنى بولسا «جۈەن جۈەن ئاچا» دەپ چاقىرىشاتتى.

كەيپىياتى ياخشى چاغلاردا، ئانام جېنىنىڭ بارىچە ئۇلارنى ئەسكى ئىش قىلىشقا كۈشكۈرتەتتى، ئەمما، كەيپىياتى ناچار چاغلاردا ئۇلارغا ئەدەبلىك بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى.

ئەگەر قازاق باللار كېلىپ قالسا، ئانام ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارغا خەنزۇ تىلىدا ئادەم تىللاشنى ئۆگىتەتتى. شۇڭا، بىزنىڭ بۇ ئەتراپتىكى يەتتە ياشتىن تۆۋەن بارلىق قازاق باللار گېپىنىڭ بېشىغا«ئاناڭنى» نى قوشۇۋالاتتى.

ھاۋا ياخشى، ئالدىراش ئەمەس چاغلاردا باللارنى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا ئويناتقىلى ئېلىپ بارىمەن. ئۇ يەردە بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بىر ئورمان بار بولۇپ، ھەر خىل ئۇچار قۇشلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. مەن ئۇلارنى يالپۇزنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ بېقىشقا بۇيرۇيتتىم.

-سىغىز نىڭ پۇرىقى بىلەن ئوخشامدىكەن؟
-ھوي، راستلا ئوخشاشكەن!
ئۇلار تۆگمەس سوئاللارنى سورىغاچ ھەر بىرى بىر قۇچاقتىن يالپۇز يۇلۇپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشەتتى. دانى مەندىن تۇيۇقسىز سوراپ قالاتتى:
-جەن جەن ئاچا، سىغىز مۇشۇنىڭدىن چىقامدۇ؟
دانى يولدا كېتىۋاتقاچ ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرەتتى:
«قاراپ باققىن قايتىپ ئۆيۈڭگە!
ئا...
يۈيۈشۈپ بەر قازان – قومۇچنى!
قاراپ باققىن قايتىپ ئۆيۈڭگە!
ئا...
يۈيۈشۈپ بەر قازان قومۇچنى...»
ئۇ ئەتراپىغا قاراپ باقاتتى، ئەگەر ئادەم بولمىسا ئۈنلۈك ئاۋازدا:« ھەي! ئاق جۇۋان!» دەپ ۋارقىرايتتى.
دانىنىڭ قولى ئەپلىك بولۇپ، بەرەڭگىنى ھەم تېز ھەم پاكىز ئاقلايتتى، ھەرگىز زايە قىلمايتتى.
دانىلارنىڭ ئائىلىسى دۇكان ئاچقاندىن سىرت يەنە ئاشخانىمۇ ئاچاتتى. دا نى بەرەڭگە ئاقلاپلا قالماي، تۇرۇپنىمۇ ئاقلىمىسا بولمايتتى.
مەن ئۇنىڭ بەرەڭگە ئاقلىغىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. ئۇ ئىنچىكە بارماقلىرىنىڭ ئەپچىل ھەرىكەتلىرى، پىچاقنى ئوينىتىشلىرى بىلەن نېپىز بەرەڭگە پوستىنى يەرگە ئۇچۇرۇپ چۈشۈرەتتى. ئۇنىڭ بەرەڭگىنىڭ زېدە بولغان، قۇرت يېگەن جايلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئويۇپ ئالغاندىكى تېز ھەرىكىتى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىشقا پىششىق كەتكەندى. بىر جۈپ قولنى جايىدا تېز ئىگىلەپ تۇرمۇشقا زۆرۈر بولغان ئىشلارنى قىلسا ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. ئەمگەك قىلالىغان بالا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ، ئامراقلىقىنى

قوزغايدۇ.

گاۋ يۈگۈرۈپ بەنلەرنىڭ ئاپتوموبىلى بار، شۇڭا، ئۇ يەتتە يېشىدىلا «شەرق شاملى» ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئاپتوموبىلنى كەينىگە ياندۇرغاندا ئۇ ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇۋالاتتى ـ دە، بەدىنىنىڭ يېرىمىنى كوزۇپتىن چىقىرىپ كەينىگە قارىغاچ رول ئۇراتتى.

ئۇ ئەگەر بىرەرسىنىڭ ئاپتوموبىلنى كەينىگە ياندۇرغىنىنى كۆرۈپ قالسا، ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى – كەينىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، شوپۇرغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بۇيرۇق بېرەتتى:«ياندۇرۇڭ،ياندۇرۇڭ... بولدى، ياخشى...داۋاملىق ياندۇرۇڭ، چاتاق يوق، ياندۇرغىلى بولىدۇ، خاتىرجەم ياندۇرۇڭ...بولدى! ياخشى، يەنە ياندۇرۇڭ...بولدى، توختاڭ!»

ئەڭ قىزىقارلىق ئىشلار توي – مەرىكىلەردە بولىدۇ. بالىلار تۆردىكى ئۈستەلدە ئولتۇرۇۋېلىشنى ياخشى كۆرۈشىدۇ،چۈنكى، تۆردىكى ئۈستەلگە ياخشى يېمەكلىكلەر كۆپرەك تىزىلاتتى. توي ئىگىسى ئۈستەلمۇ – ئۈستەل يۈرۈپ ھاراق تۇتۇپ بولۇپ، تۆرگە كەلگەندە چۈچۈپ كېتەتتى.

تويلاردا تەييارلىنىدىغان ئۈستەللەر خېنىزۇلار دائىم ئىشلىتىدىغان تۆت چاسا ياكى يۇملاق ئۈستەل ئەمەس، بەلكى،ئۇزۇن ئۈستەل بولۇپ، ھەر بىر ئۈستەلدە 20 دىن ئارتۇق ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئۈستەلگە كەنتتىكى بارلىق خېنىزۇ بالىلار دەللا سىغىدۇ. شۇڭا، تويلاردا بۇ بالىلار بىرلا ئۈستەلگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، بۇنداق بولغاندا بالىلار كەپسىزلىك قىلىپ تەرتىپنى بۇزالمايتتى. بالىلار يېمەكلىكلەرنى بىر قولىدا ئاغزىغا سالسا، يەنە بىر قولىدا يانچۇققا سالىدۇ. شۇڭا، بالىلار تويغا يانچۇقلىرى چوڭ كىيىملەرنى كىيىشىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى بېڭ دەننىڭ ئاچا – سىڭىللىرى كۆپرەك قىلاتتى.

# ئاماق ئائىلىسىنىڭ كىچىك ئوغلى

ئاماق ئائىلىسىنىڭ كىچىك ئوغلى بەك شوخ، ئۇ ماڭا قىشتا قار پومزىكى ئاتسا، يازدا تاش ئاتاتتى.

ئۇنىڭغا ياراشمىغىنى شۇكى، بويى ئۆسۈپ بىر مېتىر 70 سانتىمېتىرغا يەتكەن چاغدىمۇ باشلانغۇچ 6-يىللىقتا ئوقۇيتتى.

كاۋۇتۇ باشلانغۇچ مەكتىپى كەنتكە كىرىش ئېغىزىدا يولنىڭ سول قول تەرىپىدە بولۇپ، ئېگىز ئۆسكەن سۆگەت ۋە تېرەك بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. ئىككى رەت سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر سىنىپ بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى كىچىك دائىرە مەيدان ئىدى. مەيداندا كونىراپ كەتكەن ئىككى جۈپ گار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. تېگى يوق بىر سېۋەت ئارىدىكى بىر گاردا گار تورىنىڭ ئورنىدا قىڭغىر - قىيسىق ئېسىلىپ تۇراتتى.

ھەر كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن ۋاقىت كاۋۇتۇنىڭ ئەڭ جانلانغان ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلىدىغان ۋاقىت ئۇنچىلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا يول قىيقاس - چۇقانغا تولىدىغان بولۇپ، سانسىزلىغان سومكا ھەر يان ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ. يول ياقىسىدىكى ئېرىق بويىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلار سومكىلىرىنى يۈتتۈرۈپ قويغانلار بولاتتى.

ئاماقنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئادەمنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، چاچنى قاماللاپ تارتىدىغان خۇيى بار. مەن ئۇنىڭ بۇ خۇيىغا ئۇزاق مەزگىل توپلىغان تەجرىبەمگە ئاساسەن قايتۇرما زەربە بېرەتتىم. يەنى ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى سەزگەن ھامان دەرھال بىر قولۇمنى كەينىمگە چىقىرىپ، بىر قولۇم بىلەن چېچىمنى يىغىپ چىڭ تۇتۇۋالىمەن، ئاندىن كەينىمگە بۇرۇلۇپلا كېلىشتۈرۈپ تېپىمەن.

ئەمما، ھەرىكىتى بەك چاققان بولغاچقا، ئۇنى پەقەتلا تېپەلمەيتتىم،

ئۇ چېچىمنى تۇتۇۋالسا پەقەتلا قويۇپ بەرمەيتتى. مەن ئاچچىقتا ئۇنىڭ
كىيىملىرىنى تارتىشتۇرۇپ، قوللىرىنى تاتىلايتتىم. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا
بەكرەك قوپاللىق قىلىشقا پېتىنالمايتتىم، چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدا قاماللاق-
لىق چېچىم پۈتۈن بەدىنىمگە ئاغرىق كىرگۈزۈۋېتەتتى... ئاخىرىدا مو-
مامنىڭ يۈزگە تۈكۈرىدىغان ئامالىنى ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم.

نەتىجىدە، يەنىلا ئۇ يېڭىۋالاتتى. ئۇ ئىلگىرىكى تالاي قېتىمقىغا
ئوخشاش، ئۆرۈلگەن چېچىمغا ئورىۋالغان لېنتامنى سىيرىۋالاتتى-دە،
مۇشتۇمۇمدىن ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن قاچۇرۇپ، لېنتامنى ئېگىز كۆ-
تۈرۈپ پۇلاڭلاتقان پېتى قېچىپ كېتەتتى.

مەن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئاسانلا بولدى قىلامدىم! مەن بۇزۇلغان
چېچىمنى سىقىمدىغىنىمچە كەينىدىن قوغلىماي قالمايتتىم. بىز ئەنە
شۇنداق چۇقان كۆتۈرگىنىمىزچە كەنتتىن كېسىپ ئۆتۈپ، چېگرا
مۇداپىئە پونكىتىنىڭ ئات ئېغىلىغىچە يۈگۈرۈپ باراتتۇق.

ھۇ ئەسكى! مەن ئۇنى تۇتالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئۇ تام تۈۋ-
گە باراتتى - دە، بىرلا سەكرەپ تامغا ئېسىلىۋالاتتى، ئۇزۇن پۇتلىرىنى
تامغا ئارتىلدۇرۇۋېلىپ بىرلا كۆچەپ تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالاتتى.
مەن ئېغىلنى بىر ئايلىنىپ، ئېغىل ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا ئادەمنىڭ
قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت قۇرۇق ئوقۇرنى غاجاۋاتقان ئاتلارنىڭ
باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولغان ھالدا ماڭا قاراۋاتقانلىقىنىلا كۆرەت-
تىم.

«راھىبتىن قۇتۇلغان بىلەن بۇتخانىدىن قۇتۇلماق تەس.» مەن
يەنە ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىمچە يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا بې-
رىپ ساقلاپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ نېمىلەر بىلەندۇ ئالدىراش يۈرگەن ئاپىسى
ماڭا تۇيۇقسىز بىر نېمىلەرنى دەپ قالاتتى. ئاچچىقىمدا يېرىلغۇدەك
بولسامۇ، ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرەلمەيتتىم، چۈنكى ئۇ
بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە گەپ ئۇقمايتتى. ھەتتا، ئۇنى قازاقچىنىمۇ تولۇق
چۈشەنمەمدىكىن دەيمەن (ھەي، مەن دەۋاتقان قازاق تىلىنى پەقەت ئە-

قىللىق كىشىلەرلا چۈشىنىدۇ....) شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر ھازا كولدۇرلاپ كېتىمەن.

تۇيۇقسىز تامنىڭ بۇلۇڭىدا بىرىنىڭ تىمسىقلاپ يۈرگىنى كۆزۈمگە چېلىقاتتى. ئۇ بولماي كىمۇ؟ ئۇ سېرىلىپ قالغاندا لېنتامىنى ئاغزىدا چىشلىگەن، سومكىسىنى بېلىگە چىگكەن ھالەتتە مېنى تېرىكتۈرىدىغان قىلىقلارنى قىلاتتى. مەن يۈگۈرگەن پېتى قېشىغا بېرىشىمغىلا، ئۇ يەنە تام تۈۋىدىكى كېسەككە دەسسەپ تۇرۇپ بىر ئاتلىپلا ھويلىنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋالاتتى.

مەن دەرغەزەپ بولغىنىمچە دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىرىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى جالاقلىتىپ ئاچقىنىمدا، ئۇ ئىشىككە كەينىنى قىلىپ كاڭدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقان بولاتتى. ۋارقىرىغىنىمچە ئۇنىڭ قېشىغا ئېتىلىپ بارغىنىمدا ئۇنىڭ ئاتىسىغا كۆزۈم چۈشەتتى-دە، ئۇنىڭغا:«ئاكا، ئوغلىڭىز بەك ئەسكىكەن، مېنىڭ نەرسەمنى ئېلىۋالدى! ئۇ نېمىشقا دائىم مېنىڭ نەرسەمنىلا ئېلىۋالىدۇ؟» دەيتتىم.

«ھە؟» ئۇ بېشىنى ئوغلىغا بۇرايتتى:«بۇ نېمە ئىش؟»

ھېلىقى كەپسىز بۇ چاغدا ئىنتايىن ياۋاش قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاتىسىغا قىسقىلا بىر نېمىلەرنى دەپ چۈشەنچە بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇ چوقۇم تېنىۋالاتتى. ئۇ ئۇۋال قىلىنغان قىياپەتتە چاپان ۋە ئىشتىنىنىڭ يانچۇقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆرۈپ قوياتتى.

«سومكىچۇ!» مەنمۇ جاھىللىق بىلەن چاپلىشىۋالاتتىم.

ئۇ كەپسىز ئامالسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سومكىسىدىكى ھەممە نەرسىنى تۆكەتتى.

مەن يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالاتتىم، گەرچە ئۇ بەش مولۇق نەرسە بولسىمۇ. ئاخىرى بېشىمنى قاماللىغىنىمچە ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ چاقىرىشلىرىغىمۇ قارىماي يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەتتىم.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ مەندىن ئىككى تال ئۆچۈرگۈچ، بىر چىرايلىق كونۋېرت، بىر بىلەيزۈك(ئۇ چېقىۋەتكەن ئىدى)، ئۈچ تال چاچ قىس-

قۇچ،بىر تال ئۈزۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالغانىدى. تېخى، ئۇ ئېلىپ قاچقان كەمپۈت، گازىر دېگەندەك نەرسىلەرنى دېمەيلا قوياي. يەنە تېخى يېرىم تال ئالمىمۇ بار، قايسى كۈنى مەن يولدا ئالما يەپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ يېرىم قالغان ئالمىنى ئېلىپ قاچتى، مەن ئۇنى قوغلاپ تۇتۇۋالغاندا پەقەت ئالمىنىڭ ئۇرۇقىلا قالغانىدى.

توغرا، بەش مو پۇلمۇ بار، ئۇ يەنە مېنىڭ بەش مو پۇلۇمنى ئېلىپ قاچقانىدى.

گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، مېنىڭمۇ ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالغان يېرىم بار. قايسى بىر كۈنى ئۇ بىزنىڭ دۇكانغا جىياڭيۇ ئالغىلى كەلگەندە، ئۇنىڭ جىياڭيو تۆكۈنىنىڭ يېنىدا ھېسابات قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ سومكىسىدىن بىر تىزىق ئاچقۇچ ۋە بىر يېڭى تاپشۇرۇق دەپتەرنى ئېلىۋالغانىدىم. كېيىن ئۇ ئاچقۇچلىرىنى ئىككى تال خىرۇستال ۋە ئاچىسىنىڭ بىر تال ئۆچۈرگۈچىگە تېگىشىپ ئېلىپ كەتتى. تاپشۇرۇق دەپتەرنى بولسا ئۆزۈم ئىشلەتتىم. ھازىر مەن ئۆگىنىۋاتقان قىيمىچىلىق تېخنىكىلىرىنى ئۇ دەپتەرگە يېزىپ قالدۇرسام تازا باب كېلەتتى. ئەمما، يەنە ئۇن تاپشۇرۇق دەپتەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ قىلغان ئەسكىلىكلەرنى يۇيۇپ بولالمايتتى.

مەن يەنە ئۇنىڭ بىر بەكسىنى ئېلىۋالغانىدىم، ئۇ بەكە گەرچە ئىنتىك بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن خالاس بولالمايدۇ.

نەرسە ئېلىپ قېچىشتىن باشقا، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئۆچلۈكۈمنى كەلتۈرىدىغان بىر قىلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇ دائىم مېنى دوراپ گەپ قىلاتتى.

مەن پۈكەينىڭ ئالدىدا تورۇپ خېرىدارلار بىلەن باھا تالىشىۋاتقان چاغلىرىمدا، ئۇ ياندا تورۇپ گەپكە قوشۇق سالاتتى. ئەمما، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمايتتى. مەن خېرىدارغا: «كەرەپشەنىڭ كىلوسى بەش يۈەن» دېسەم، ئۇ ياندا تورۇپ كانىيىنى كەرگىنىچە خېرىدارغا: «ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ كىلوسى بەش يۈەن» دەپ ۋارقىرايتتى.

مەن: كۆكتاتلار يېڭى، تېخى بايىلا شەھەردىن ئېلىپ كەلگەن...

ئۇ...: كىلوسى بەش يۈەن! بەك ئەرزان!

مەن: مۇچىنىڭ كىلوسى سەككىز يۈەن...

ئۇ: كەرەپشە تېخىمۇ ئەرزان!

مەن: سامساقنىڭمۇ كىلوسى سەككىز يۈەن، هازىر كۆكتاتلارنىڭ باهاسى ئۆسۈپ كەتتى...

ئۇ: كۆكتاتلارنىڭ باهاسى ئۆسۈپ كەتتى! مۇچىنىڭ كىلوسى سەككىز يۈەن! سامساقنىڭمۇ كىلوسى سەككىز يۈەن !

مەن: ئەمدى ئەرزانلاتقىلى بولمايدۇ، شەهەردىمۇ بەك قىممەت، بىز شۇنچە يىراق يەردىن ئېلىپ كەلسەك...

ئۇ: مۇچىنىڭ كىلوسى سەككىز يۈەن! سامساقنىڭمۇ كىلوسى سەككىز يۈەن ! بەك ئەرزان!

مەن قولۇمغا چىقىپ قالغان كونا گېزىتنى پۇرلاپ كاللەك قىلىپ ئۇنىڭغا ئاتاتتىم-دە، يەنە خېرىدار بىلەن پارىڭىمنى داۋاملاشتۇراتتىم. خېرىدار زادى كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى ئاڭقىرالماي:« مۇچىمۇ يېڭىمۇ؟...» دەپ سورايتتى.

-ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ مۇچىمۇ يېڭى، كەرەپشىمۇ يېڭى، سامساقمۇ يېڭى...

ئۇدۇلدىكى تامغا ئېسىلغان سائەت بۇ كەپسىزنىڭ مەكتەپكە بېرىشىغا يەنە بەش مىنۇت قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن، سودامنى داۋاملاشتۇراتتىم:

-يېسىۋىلەكمۇ بار،بەرەڭگىمۇ بار...

-يېسىۋىلەكمۇ يېڭى، بەرەڭگىمۇ يېڭى...

-ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن!

-يېسىۋىلەكنىڭ كىلوسى سەككىز يۈەن! بەرەڭگىنىڭمۇ كىلوسى سەككىز يۈەن!

-قالايمىقان سۆزلىمە، يېسىۋىلەكنىڭ كىلوسى بىر يۈەن ئىككى

مو، بەرەڭگىنىڭ كىلوسى ئىككى يۈەن!

-ئاڭلىدىڭىز مۇ؟ يىپسۇۋىلەكىنىڭ كىلوسى بىر يۈەن ئىككى مو، بەرەڭگىنىڭ كىلوسى ئىككى يۈەن...

-كۆزۈمدىن يوقال!

مېنىڭ بۇنچىلىك ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلىشىم ئاسان ئەمەس ئىدى.

-يىپسۇۋىلەكىنىڭ كىلوسى بىر يۈەن ئىككى مو، بەرەڭگىنىڭ كىلوسى ئىككى يۈەن...

-يوقال!

- يىپسۇۋىلەكمۇ يېگى، بەرەڭگىمۇ...

مەن پۇكەي ئاستىدىن گەزلىمە مېتىرنى ئېلىشىمغا، ئۇ دوپپىسىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىپ، پۇكەيدىن سەكرەپ چۈشۈپ: «يىپسۇۋىلەكىنىڭ كىلوسى بىر يۈەن ئىككى مو، بەرەڭگىنىڭ كىلوسى ئىككى يۈەن!» دېگىنىچە سىرتقا چاپاتتى.

مېنىڭ گەزلىمە مېتىرنى ئېلىپ قوغلاشلىرىم ئاللىبۇرۇن كېچىككەن بولاتتى. شۇنداق چاغدا يىتتىشۋېلىپلا قالسام، ئۇنى بىر نەچچىنى ئۇرۇۋېتەتتىم.ئەمما، يەنە گەزلىمە مېتىرنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەگەر قولۇمدىكىسى چى بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. ئۇنىڭغا يىتتىشەلمەي، كەينىمگە ياناتتىم. ئەمما، ئىشىك يەنە تاراققىدە ئېچىلىپ ئۇنىڭ ئاۋازى پەيدا بولاتتى: «يىپسۇۋىلەكىنىڭ كىلوسى بىر يۈەن ئىككى مو، بەرەڭگىنىڭ كىلوسى ئىككى يۈەن...»

. قىسقىسى، بۇ كەپسىز بار بولسا قەتئىي سودا قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەمما، ئامال قانچە؟ بۇ دۇكان تۇرسا،كىمنىڭ كىرگۈسى كەلسە شۇ كىرىۋېرىدۇ، توسۇۋالغىلى بولاتتىمۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدەك ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئالىقاپنى قانداق قىلغۇلۇق. مۇھىمى بۇ ئۆي ئۇلارنىڭ ئىدى... سۇرۇشتۇرۇپ كەلسە ئۇ كەپسىز ئۆي ئىگىسى ئىدى. بىز ھەر ئايدا ئۇلارغا 100 يۈەن ئىجارە ھەققى تاپشۇرىمىز . بىر نەچچە ئايدا بىر

قېتىم ئاپام مېنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا ئۇ تىزىملايدىغان دەپتەرنى بالدۇرلا تېپىپ، كاڭ ئۈستىدىكى يۇمىلاق ئۈستەلگە قوياتتى-دە، ياۋاشلىق بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ ئاتىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇ بۇنىڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى، خالىغانچە كەپسىزلىك قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دېمەك، ئۇ كەپسىز پەقەت مۇشۇنداق چاغلاردىلا ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ خۇددى ئايال غوجايىنغا ئوخشاش بوغۇرساق،جياڭمېيەنتياۋغا ئوخشاش تاتلىق – تۈرۈملەرنى ئۈستەلگە تىزىۋېتەتتى. ئۇ كەمپۈت تىزىلغان تەخسىدىن بىر تال كەمپۈتنى ئېلىپ ماڭا بېرەتتى، مەن ئاغزىمغا سېلىپلا غاتىراسلىتىپ چايناپ يۇتۇۋېتەتتىم-دە «تاتلىق ئەمەسكەن» دەيتتىم. ئۇ دەرھال كەمپۈتتىن يەنە بىرنى ماڭا ئۇزىتاتتى.

مەن بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ كەمپۈت يەيتتىم. ئۇنىڭ ئاتىسى كېلەي دېمەيتتى. مەن پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىشكە پېتىنالمايتتىم، ئۇ ئىشەنچسىز، چوقۇم خىيانەت قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئاتىسى ئوسماننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. ئوسمان بولسا نەچچە ئون يىل ئىلگىرى سېسىق نامى پۇر كەتكەن، ئۆزىنى «قازاق شاھى» دەپ ئاتىۋالغان باندىتلار كاتتىبېشى ئىدى. ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئۈزۈلمەي ئېيتىلىپ كەلمەكتە ئىدى، ئاڭلىغانلىكى ئادەمنى سۈر باساتتى.

ئاماق ناھايىتى چىقىشقاق، ياخشى ئادەم، ئۇ بىزگە دائىم غەمخورلۇق قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما، قانداق قىلىپ بۇ ئۆيدە ئاۋۇ كەپسىزدەك ئادەم بولۇپ قالغان بولغىيتتىكىن؟

كېيىن، ئۇ كەپسىز باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن كاۋۇتۇدىن غايىپ بولدى. ئۇ شەھەردە ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانمىش. بىر قېتىم شەھەرگە نەرسە – كېرەك سېتىۋالغىلى بارغان ۋاقتىمدا، ئۇنى ناۋايىنىڭ تونۇرى يېنىدا خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان يېرىدە كۆردۈم. خېمىر

خىلى كۆپ ئىدى. ئۇ ئاسما مايكىنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئاق پەرتۇق تار-تىۋالغان بولۇپ، پۈتۈن ئەزايى ئاپپاق ئۇنىڭغا ملەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئاش-تاختا ئۈستىدىكى قوللىرى ناھايىتى ئەپچىل ھەرىكەتلىنەتتى. مەن سىرتتا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويماقچى بول-دۇم. ئەمما، ئۇ يىگىت بىلەن ئۆزۈن يىل «كۆرەش» قىلغان بولسامۇ، ئىسمىنى بىلمەيدىغىنىم دەرھال ئېسىمگە كەچتى.

مەن ئادەتتە ئۇنى«شۇمتەك» دەپ چاقىراتتىم، كەيپىياتىم ياخشى چاغلاردا بولسا «شاكىچىك» دەپ چاقىرىمەن.

قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە ئۇمۇ قايتىپ كەلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كى-يىپ، قىز دوستىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئىدى. بەللى، كىچىككىنە تۇرۇپ شەھەرگە كىرىپلا يامان خۇينى ئۆگەنگىنىنى بۇنىڭ!

يېنىدا قىز دوستى بولغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ، ئۇ ناھايىتى ئەدەبلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ماڭا ئەدەب بىلەن سالام قىلىپ:«سودا ياخشىدۇ، سالامەتلىكىڭىز ياخشىدۇ، ئۆي ئىچى تىنچلىقتۇ...» دېگىنىچە دۇرۇس قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ ئىككى يېرىم يۈەن پارچە پۇلغا پە-ۋىدىن بىر بوتۇلكا ئالدى، كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.

ـ سەن ئون ئۈچكە كىردىڭمۇ ياكى ئون تۆتكە؟ـ ئۇنىڭدىن سو-رىغاچ ئىستاكاننى ئېلىپ بەردىم.

ـ ئون سەككىز ياش!

يالغانچى، ئۇ قىز دوستىنىمۇ ئالداپتۇ ـ دە؟

مەن ئۇنى قويۇپ، ئۇنىڭ قىز دوستىغا يۈزلەندىم:

ـ سىزنىڭ يىگىتىڭىز بەك ئەسكى!

ـ شۇنداق.

ـ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىڭ، تاشلىۋېتىڭ!

ـ ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، ئۇ ماڭا قەرزدار بولۇپ قالغان!

ـ ياخشىغۇ...بەك نومۇسسىزلىققۇ بۇ؟... ئىككىڭلارلا نومۇسسىز

ئىكەنسلەر...

قىز پۈكەيگە يۆلەنگىنىچە كۆلۈپ كەتتى، شەھەرلىك بۇ قىز ئـو-چۇق – يورۇق، شوخ ئىدى. ئۇ ناھايىتى مودا كـىيىنـگەن بولۇپ، بـۇ يەردىكى قىزلار بىلەن ئاسمان – زېمىن پەرق قـىلاتتى، ئەمـما، ئۇنـىڭ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چېچى ئۇنىڭ بېلىدە ئويناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، ھەر قانداق چاغدا كۈلـۈپلا تۇرىدىـغان كۆزلـىرى ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايتتى.

يىگىت جىمجىت ئولتۇرۇپ پىۋىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەنـە بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن قىز نى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

كاۋۇتۇنىڭ قـىش پەسلى ھـەققەتـەنمۇ ئۇزۇن. بـۇ يەرنىڭ ھـەر قانـداق مەزگىلـى قىش پەسـلىدەك ئۇزۇن ئـەمەس. ئەمـما، ياز پەسلـى كەلگەندە بولسا، ئادەمدە كاۋۇتۇنىڭ ياز پـەسلى ئەڭ ئـۇزۇندەك تۇيغـۇ پەيدا قىلىدۇ. خوش، ئاماقنىڭ كىچىك ئوغلى كەتتى، يەنە بىر ياش بۇ يەردىن ئايرىلدى. ئەمما، مەن يەنىلا بۇ يەردە...

## دەريا بويىدىكى بوش يەر

بىر ئات دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلـگەندە مۇزغـا يىقىـلىپ ئۆلـۈپ كەتتى. كېيىن، توختىماي ياغقان قار ئۇنى ئېگىز بىر دۆڭگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن، قار – مۇزلار ئاستا – ئاستا ئېرىدى، ھېلىقى ئات غەلىتە پۇراق تارقاتقىنىچە قارلىقتا قايتا پەيدا بولدى. چۈنكى، سۇ-نى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن، بىرى ئۇنى دەريا قىرغىقىغا سـۆرەپ چىقىـپ، تاشلىققا تاشلاپ قويغانىدى. مەن ھەر كۈنى ئايلانغىلى چـىققىـنىمدا ئـۇ يەردىن ئۆتىمەن، يىراقتىن قاراپ قويۇپلا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىمەن.

باھارنىڭ ئاسمىنى ئالاچىپار ھەم سۈزۈك بولىدۇ. كۆكـتە لەيلـەپ يۈرگەن بۇلۇتلار بىلەن زېمىندىن كۆتۈرۈلگەن تۇمان بىر گەۋدىگە ئـاي-لىنىپ كېتىدۇ. باھارنىڭ ھاۋاسى يەنىلا سوغۇق بولىدۇ، بىراق، قىشنىڭ

ھاۋاسىغا ئوخشىمايدىغان يېرى، باھارنىڭ ھاۋاسىدا قۇياشنىڭ ئىللىق ھارارىتى بار؛ قىشنىڭ قۇياشى تۆككەن نۇرلار خۇددى كۈمۈش ئەسۋاپتىن تارقىغان نۇردەك سوغۇق، ھارارەتسىز.

باھاردا، كەينى - كەينىدىن ياغقان يامغۇر پايانسىز زېمىننى نەمدەيدۇ، يامغۇردىن كېيىن ھاسىل بولغان بۇلۇتلار ئۆزگىچە جىلۋىلەرنى تۆكىدۇ.

ئۇ بۇلۇتلار يىراقلاردىن كەلگەن ئەمەس، مۇشۇ زېمىننىڭ تىنىق كۆكىدە يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشنىڭ ھارارىتىدە ئاپىرىدە بولغان تازا سۇ پارلىرىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى. يىراقتىن قارىغاندا، پايانسىز زېمىندىن توپ - توپ سۇ پارلىرى كۆتۈرۈلۈپ ئاستا - ئاستا يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، بارا - بارا قويۇقلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇت پەيدا بولىدۇ. توپ - توپ غايەت زور بۇلۇتلار غەربتىن شەرققە تېز سۈرئەتتە سۈرۈلىدۇ. شامال كۈچلۈك، شامال يۈكسەكلىكتە.

شامال بىر پەس چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان سېسىق پۇراقنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، بۇرۇنغا زەرپ بىلەن ئۇرىدۇ، قېچىپمۇ ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ. يەنە بىر قېتىملىق شامال بولسا زېمىننى ئەڭ ساپ ھاۋاغا تولدۇرىدۇ، ھەر قانچە قىلىپمۇ بايىقى سېسىق پۇراقنى پۇرىغىلى بولمايدۇ. گەرچە ئۇ ئات بىر نەچچە قەدەم نېرىدا بولسىمۇ.

شەرقتىن ھۇشقۇتقىنىچە كەلگەن باھار شامىلى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە كۈچلۈك. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قۇدرەتكە ئىگە بولالايدىغىنى يەنىلا زېمىن. زېمىندىكى قار - مۇزلار كۈنسېرى ئېرىپ، يېشىللىق كۆز ئاچىدۇ. مەن ھەر كۈنى دەريا بويىغا بېرىپ ئايلىنىمەن، ھەر قېتىم زېمىن ۋە شەرق شامىلىنىڭ كۈچ قۇدرىتىگە بۆسۈپ كىرگىنىمدە تەسۋىرلىگۈسىز ئازابقا دۇچار بولىمەن. ئۇ ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ كۈچسىزلىكىدىن، ئاشۇ كۈچسىزلىك بىلەن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلغىنىمدىن بولسا كېرەك.

بۇ يىل باھار كېچىكىپ كەلدى.قىشتىكى قاتتىق قار ئاپتىنى بې-

شىدىن كەچۈرگەن زېمىن تېخى ئەسلىگە كېلىپ بولالماستىلا باھار كەلدى. دەريا قىرغىقىدىكى سايلىقتا قىشتىن ئۆتەلمىگەن قوي، كالىلارنىڭ جەسەتلىرى ئۇ يەر، بۇ يەردە دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. ھايات قالغان كالىلار جەسەتلەرنىڭ ئەتراپىدا ئەمدىلەتىن باش كۆتۈرگەن ئوت -چۆپلەرنى ئاۋايلاپقىنا يېيىشەتتى. كۆكتە قاغىلار توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇشاتتى. ھەيۋەتلىك دولقۇن ياسىغان دەريا سۈيى چوڭقۇر يار تېگىدە شىددەت بىلەن ئاقاتتى. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى قومۇشلۇقتا قۇشلار ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سايرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن قۇش ياكى ياۋا ئۆردەك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بۇ ئەتراپ پايانسىز كەتكەن تۈزلەڭلىك. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپى بوغداي ئېتىزى بولۇپ، ئاغدۇرۇلغان جايلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما، دەريانىڭ بۇ تەرىپى پۈتۈنلەي قاقاسلىق بولۇپ، بىر نەچچە توپ قەبرىستانلىق يېيىلىپ ياتاتتى. مەن ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن، قىلىن جۇۋامنى كىيگىنىمچە بۇ يەرگە كېلىپ ئايلىنىمەن. قار ئېرىپ بولغاندا دەريا قىرغىقىدىكى تاشلار چوقچىيىپ چىقىپ قالدۇ. ئالدىرىماي ئىزدىسە، تاشلىقتىن ئىنتايىن چىرايلىق، شەكلى غەلىتە تاشلار ئۇچراپ قالدۇ.مەن تېرىۋالغان تاشلارنى دەريا بويىدا پاكىز يۇيغاندىن كېيىن، ئوتلاقتا يېيىپ قويىمەن، ئاندىن مېڭىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىمەن. قاقاسلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە كەينىمگە يانىمەن. بۇ چاغدا تاشلار قۇرۇپ بولغان بولىدۇ. مەن كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكى ۋە يانچۇقلىرىمنى تاشقا تولدۇرغىنىمچە ئۆيگە قايتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك سەيلە ئاخىرلىشىدۇ.

مەن دەرۋازىدىن كىرىپلا:«مەن نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدىم» دەپ ۋارقىرايمەن.

بۇ چاغدا ئاپام بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپلا:«تاشقۇ شۇ!» دەپ قويىدۇ.

كېيىن، ئاپامۇ سەيلىگە چىققاندا تاش تېرىشكە قىزىقىدىغان بولۇپ

قالدى. ئۇ تېرىۋالغان تېشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:« قارا بۇ تاشقا، نېمە-دېگەن يۇمىلاق؟ بۇنداق تاشنى ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ!» دەيت-تى.

ياكى بولمىسا، بەزى تاشلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:« قارا، بۇ نېمە دېگەن ئاپپاق، خۇددى سۇلياۋدەكلا...» دەيتتى.

بەزىدە سىلىق تاشلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:«قارا، بۇ تاش بەك سىلىقكەن! خۇددى بىرى سىلىقلاپ قويغاندەك...» دەيتتى.

مەن:«شۇنداق، بەك سىلىقكەن، ئەمما، ئۇنداق بولغاننىڭ نېمىگە پايدىسى؟» دەيتتىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇمىلاق بولامدۇ، سىلىق بولامدۇ، ئاق بولامدۇ، ئىشقىلىپ، تېرىۋالغان تاشلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتەتتى.

ئەمما، مەن يىغىۋالغان تاشلارنى ساقلاپ قوياتتىم. ئۇ تاشلارنى بىر نەچچە ئەينەك بوتۇلكىغا قاچىلاپ سۇ تولدۇرۇپ قويسام، ئۇ تاشلار تو-لىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى جاڭاگۇلمۇ تاش تېرىشكە ئامراق ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم بارغان، ئۇلارنىڭ ئۆيى تولىمۇ رەت-لىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يەرگە قىزىل خىش «٨»شەكلىدىكى گۈل چىقىرىپ تىزىلغان ۋە سۇ سېپىلگەن بولاتتى. كاڭغا ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلەنگەن يوتقان – كۆرپىلەر رەتلىك تىزىلغان، يوغان دېرىزە تەكچىسىگە بىر نەچچە تەشتەك گۈل تىزىلغانىدى. جاڭاگۇل ئو-قۇشتىن توختىغان بولسىمۇ، تېخى ياتلىق بولمىغانىدى. ئۇ ئىشچان، مۇلايىم قىز بولۇپ، كۆن بويى ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدىلا يۈ-رەتتى. ئۇ بىكار بولۇپ قالسا يا كەشتە تىكەتتى، ياكى بولمىسا دەريا بو-يىغا بېرىپ تاش تېرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى.

جاڭاگۇلمۇ تېرىۋالغان تاشلىرىنى سۇغا چىلاپ قوياتتى. ئەمما، ئۇ پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتىكى سۈزۈك، پارقىراق ئۇششاق تاشلارنىلا تېرەت-تى. ئۇ تاشلارنى سۇ تولدۇرۇلغان ئاق داسقا سالغاندىن كېيىن، قۇياش

نۇرى چۆشۈپ تۇرىدىغان دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قوياتتى. دېرىزە پەردىسى بىر تەرەپتە ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى، ئاپپاق ياپقۇچ سۇ يۈزىدە يېنىك تەۋرىنەتتى.

مېنىڭچە، ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى تاش تېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، شۇڭا، هازىرقىدەك يېرىم داس چىرايلىق تاشنى يىغالىغان. هۆل تاشلارنى ئالقىنىڭىزغا قويغىنىڭىزدا خۇددى گۆهەردەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. جاڭاگۈل چوقۇم سەزگۈر قىز ...

ئۇ گۆهەرنى سىقىمدىغىنىچە ئەزەلدىن ئۆزىگە نامەلۇم بولغان ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ ئەسلىمىسى قوينىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ كىچىك چاغلىرىدىلا يۈرتىنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي، تەنها تۇرمۇشىنى قەدىرلەپ كەلگەن، ئۆز تۇرمۇشىدىن قانائەت هاسىل قىلىپ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈپ كەلگەن...

جاڭاگۈل بىلەن ئىككىمىز تەڭ دېمەتلىك. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى – «يېڭى ئېچىلغان گۈل».

ئەمما، مەن ئەزەلدىن دەريا بويىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ باقمىغان.

مەن دائىم دەريا بويىدا شامالغا يۈزلەنگىنىمچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىمەن. دەريا بويىغا ئادەم ناهايىتى ئاز كېلەتتى. بەزىدە، بىر كىچىك بالىنىڭ ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن. ئۇ بىر دەم كىتاب ئوقۇغاندىن كېيىن، كىتابنى يەرگە قويۇپ يادلايتتى. بەزىدە ئۇ قولىغا بىر نەچچە تال تاشنى ئېلىۋېلىپ، ئوتلىغاچ ئۆزىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن كالىلىرىنى يىغىپ كېلەتتى. ئاندىن بايىقى تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بېرىلىپ دەرس تەكرارلايتتى.

بۇ ئوقۇشنىڭ ياخشى مەزگىلى ئىدى، ئۇ نېمە ئۈچۈن يەنە بۇ يەردە پادا بېقىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇ چوقۇم ئوقۇشقا بېرىلىپلا كەتكەن، شۇڭا، ئۇ ئۆتۈلۈپ بولغان دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ تەكرار قىلماقتا. بى-

لىم ئەمدىلا دۇنيانى چۈشىنىشكە باشلىغان يۈرەككە نىسبەتەن تولىمۇ سىرلىق بىلىنىدۇ، كۆز ئالدىدىكى دۇنيادىنمۇ سىرلىق ئەمەسمۇ؟

هاۋا يەنىمۇ ئىللىغان چاغلاردا دەريا بويىغا كىر يۇيغىلى بارىمەن. يۇيۇپ بولغان كىرلەرنى دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقتا يايىمەن. دەريا بويىدا شامال دائىم دېگۈدەك كۆچلۈك بولىدۇ. هاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كېيىن يۇيغان كىرلەرنى يايغىچە ئالدىدىكىلىرى قۇرۇپ بولاتتى. شۇ تەرىزدە هەممە كىيىملەرنى يۇيۇپ بولۇپ، پۇتلىرىمنىمۇ يۇيىمەن، تاش تېرىپ ئوينايمەن. كىيىملەرنىڭ هەممىسى قۇرۇپ بولغاندا رەتلىك قاتلاپ ئۆيگە قايتىمەن.

يازدا دەريا سۈيى تېيىزلاپ، تېخىمۇ سۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بەزىدە بىربالا ئىتىنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا هەيدەپ بارىدۇ-دە، چوتكىسى بىلەن ئاتنى تۈجۈپىلەپ يۇيىدۇ. مېنىڭ بەك ئاچچىقىم كېلەتتى، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ يۇقىرى تەرىپىمدە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ۋارقىرايمەن، ئەمما، ئۇنىڭ مەن بىلەن كارى بولمايدۇ. «هۇ شۇمتەك!» مەن كىرلىرىمنى كۆتۈرگىنىمچە ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئۆتۈپ مۇۋاپىق جاينى تاللىۋالغاندىن كېيىن كىر يۇيۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن. كىم بىلسۇن، بىردەمدىن كېيىن ئۇ بالا ئىتىنى يېتىلەپ مېنىڭ يۇقىرى تەرىپىمگە ئۆتۈپ، ئىتىنى داۋاملىق يۇيىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئاتىمەن، چاچرىغان سۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى هۆل قىلىۋېتىدۇ. ئۇمۇ بوش كەلمەي ماڭا قارىتىپ تاش ئاتىدۇ، چاچرىغان سۇ مېنىڭمۇ باش – ئايىغىمنى هۆل قىلىۋېتىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتىم، ئۇ كىچىك بولسىمۇ بەستلىك ئىدى.

مەن داس ۋە كىرلەرنى قىرغاققا قويۇپ، بىر پەس ئويناپ كەلسەم، ئۇ يەنىلا ئەزمىلىك بىلەن ئات يۇيۇۋاتقان بولاتتى. مەن ئۇنىڭغا:« هەي، مەن ياردەملىشەيمۇ؟» دەپ ۋارقىرىسام، ئۇ گەپمۇ قىلماي كۈلگىنىچە ئىتىنى مىنىپ كېتىپ قالاتتى.

ئۇنىڭ ماڭا پىسەنت قىلمىغىنىغا قاراپ ئىچىمدە:«ھۇ شۇمتەك، بىز - نىڭ دۇكانغا نەرسە سېتىۋالغىلى بېرىپ باقە قېنى، ساڭا قىممىتىنى، نـا - چېرنى ساتمايدىغان بولسام!» دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

ئۇ ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوزۇققا ئېتنى باغلاپ قـويغانـدىـن كېيىن، قايتىپ كېلىپ مەندىن سەل نېرىدىلا ئولتۇرۇپ پىچاق ئوينـاي - دۇ. مەن كىرلىرىمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سىقتۇرىمەن. ئۇ - نىڭ بىلەكلىرى بەك كۈچلۈك ئىدى، ئۇ سىقىپ بولغان كىرلەردىن مەن بىر تېمىم سۇمۇ چىقىرالمايمەن.

مەن دەريادىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاقتىكى قـومۇشلۇقـتا كىر يـې - يىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۇ تۇيۇقسىزلا:« بۇ ئات مېنىڭ بولدى» دېگەنىدى.

بۇ ئۇنىڭ ماڭا كۆز - كۆز قىلغىنى ئىكەن - دە!

مەن باللار خەتنىسى قىلىنغاندا بىر تايچاققا ئېرىشىدۇ، دەپ ئاڭلى - غان. ئۇ ئاللىبۇرۇن شۇ ياشقا كېلىپ بولغانىدى.

-بۇ يىل يېزىدا ئوتكۈزۈلىدىغان ئاقىنلار ئېيتىشىشـىدا ئات بەيگـە - سىگە چۈشىمەن! مېنىڭ ئېتىم بەك قالتىس،- دېگەنىدى ئـۇ يەنە هايـا - جانلانغان هالدا.

-نېمانچە پاكار،- مەن ئاتقا مۇنداقلا قاراپ قويدۇم.

-پاكار بولسا ياخشى، پاكار ئات قالتىس بولـىدۇ،- ئۇ سەل ئـاچ - چىقلانغاندەك قىلاتتى،-قاراڭ ئۇنىڭ كۈچلۈك پۇتلىرىغا!

كېلىپ مېنـى بىرنى تـەپمىسـىلا، مەن ئۇ ئـاتنىڭ كـۈچلۈك ياكـى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلىمەن؟ شۇڭا ئۇلاپلا دېدىم:

-ئاق، قىزىل،قارا،سېرىق ئاتلار چىرايلىق بولىدۇ...ئەمما، سېنىڭ ئېتىڭ چىپار ئىكەن!

ئەسلى مەن ئۇ ئاتنى «شالغۇت ئات» دېمەكچى ئىدىم. «شالغۇت» دېگەن بۇ سۆزنى قازاقچە دېيەلمىگەچكە شۇنداق دېگەنىدىم.

-چىپار ئات ياخشى، سىز بىلمەيدىكەنسىز ، سىز بىلمەيسىز !

قاراپ باقسام، ئۇ ھەقىقەتەن ئاچچىقلانغان ئىدى. شۇڭا، ئارتۇق

گەپ قىلمىدىم.

ـ مېنىڭ ئېتىم ئەڭ قالتىس ئات، ئىگەرمۇ ياخشى، سىز ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسىز !

مەن سۇدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىمنى پۇرۇشتۇرگىنىمچە:«ھەي، پاكار ئات...» دېدىم.

ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغىنىچە تېخىمۇ يوغان تاشتىن بىرنى ماڭا قارىتىپ ئاتتى.

يەنە پۇتۇن بەدىنىم ھۆل بولۇپ كەتتى... مەن ئېسىمنى يىغماي تۇرۇپلا ئۇ سۇغا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، قارشى قىرغاققا ئۆتۈپ، قۇرايلا دەپ قالغان كېپىملەرنى بىردىن ـ بىردىن سۇغا تاشلىغىلى تۇردى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي، سۇغا چۈشۈپ كېپىملەرنى تۇتۇۋېلىپ تېخىمۇ يىراققا ئاتاتتى.

ئەھۋال چاتاق ئىدى. مەن دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ بىر ھازا قوغلىغاندىن كېيىن ئەڭ يىراقتىكىسىنى تۇتۇۋالدىم. قالغانلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. مەن سۇدا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولغىنىمچە بىر ھازا ھەپىلىشىپ ھەممە كېيىمنى «قۇتۇلدۇرۇۋالدىم». قۇرايلا دەپ قالغان كېيىملەر ئىدى... ھەي... بۇ ئۆكتەم بىلەن تەڭ بولماي، ئۆزۈمگىلا تايانماي بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

مەن كېيىملەرنى بىر ـ بىرلەپ قايتا چايقاپ سىققاندىن كېيىن، قومۇشلۇققا يېيىپ قۇرۇتتۇم. ئۇنىڭ قىرغاقتا ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى. بىر دەمدىن كېيىن قارىسام ئۇمۇ يوق، ئاتمۇ يوق تۇراتتى. ئەسلىدە، مەن ئۇنىڭ ئېتىنى يەنە بىر تازا كەمسىتمەكچى ئىدىم.

مەن ئۇنى ئىككىنچى قېتىم يەنە دەريا بويىدا ئۇچراتتىم، بىز ئەپلىشىپ قالدۇق. ئۇ چاغدا مەن يەنىلا قىرغاقتا كىر يۇيۇۋاتاتتىم، ئۇ يەنىلا ئېتىنى ئەزمىلىك بىلەن يۇيۇۋاتاتتى.

مەن يەنە ئۇنى كىرلەرنى سىقىشىپ بېرىشكە چاقىردىم. مەن ئۇ-

نىڭغا كىيىملەرنى سىقتۇرغاچ نۇرغۇن ئاچچىق گەپلەرنى دەۋالدىم. ئەمما، ئۇ سۇس كۆلۈپ قويۇپلا، گەپلىرىمگە پەرۋا قىلمىدى. ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

-بەيگىدە نەچچىنچى بولدۇڭ؟

-تېخى بالدۇر، ئاقىنلار ئېيتىششى تېخى باشلانمىدى.

-ھە.

مەن ھەممە كىيىملەرنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېگىز قىرغاقتا ئۇنىڭ ئېتىنى بېرىلىپ يۇيۇشلىرىغا قاراپ ئولتۇردۇم. شامال ھۇشقۇتماقتا ئىدى، ئالەم سۈزۈكلۈككە سىڭگەن، زېمىن سۈكۈتكە چۆككەندى. قارشى قىرغاقتىكى قومۇشلۇق دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. تومۇز ئىسسىق كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ھېلىقى ئۆلۈك ئاتنىڭ قاغا – قۇزغۇن، قۇرت – قوڭغۇزلاردىن ئېشىپ قالغان ئاپپاق ئىسكىلىتى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان ياپيېشىل ئوتلاقتا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

-ھەي، بۇ يىللىق ئاقىنلار ئېيتىششى نەدە ئۆتكۈزۈلىدۇ؟ مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزسە نېمە دېگەن ياخشى، بۇ يەر كەڭ ھەم تەكشى، ئات چاپتۇرۇشقا بەك باب كېلىدۇ.

-ياق، ئاۋۇ تەرەپتە بۇغدايلىق بار، كەنت باشلىقى ئۇنىمايدۇ.

-شۇنداقمۇ؟- مەن ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. ناۋادا مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن بولسا بەك ياخشى بولغان بولاتتى. ئۆيىمىزگە يېقىن بولغاندىن كېيىن، بايامقى يېيىپ گازلىق سۇ، كەمپۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىپ، ئانچە -مۇنچە سودىمۇ قىلىۋالاتتىم.

- سېنىڭ ئېتىڭ راستلا كېرەككە كېلەرمۇ؟

-مەنمۇ بىلمىدىم.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تۇيۇقسىزلا ئازابلىنىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي دېدىم:

-ھېچقىسى يوق، سېنىڭ ئېتىڭنىڭ پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرى بارغۇ؟

-شۇنداق،-ئۇ خۇشال بولۇپ كەتتى،-ئېتىمنىڭ ئېگىرىمۇ بەك

ياخشى، تېخى يېقىندىلا زاۋۇتقا بۇيرۇتۇپ ياساتقان.

ئۇنىڭ «زاۋۇت» دېگىنى دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى سۇ ئامبىرى-نىڭ يېنىدىكى كەنت ئىدى. كەنتتىكى ئەرلەر يەر تېرىغاندىن باشقا، ئې-گەر، قامچا،تاقا-مىخ، ئۆزەڭگە قاتارلىق ئاتقا كېرەكلىك ئەسۋاب--ئۈسكۈنىلەرنى ياسايتتى. ھەتتا، ئۇلار خۇرۇم ئۆتۈكمۇ تىكەتتى.

-بىراق، بەيگىدە ئاتنى ئېگەرلەشكە بولمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئېگەرنى ئېلىۋېتىدىغان گەپ...

ياز كېتىپ، قىش كەلدى. جاڭاگۈل ياتلىق بولدى. مېنىڭ ئۇنىڭ ياتلىق بولغاندىن كېيىن ھېلىقى يېرىم داس تاشنى ئېلىپ كەتكەن كەت-مىگەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۈم بار ئىدى. ماڭا سوۋغا قىلىۋەتكەن بولسا بەك ياخشى بولاتتى...

مەن ھېلىمۇ دەريا قىرغىقىدا ئايلانغاچ چىرايلىق تاشلارنى تېر-مەن. بىلىپ بىلمەي پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتىكى تاشلارنى ئىز دەيمەن.

سوغۇق چۈشۈپ، دەريا ياقىسىدىكى شامالمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ھېلىقى ئات يۇيىدىغان بالىنى كۆرمەيدىغان بولدۇم. مانا ئەمدى، ئۇ با-لىنى تونۇمايدىغىنىمنى، قايسى ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيد-ىغىنىمنى، ھەتتا، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ باقمىغىنىمنى ئەسكە ئالماقتىمەن.

ئۇ دېگەن كۆرەكنىڭ باشلانغان باشلانمىغىنىنىمۇ بىلمەيمەن.

مەن دەريا قىنىدىكى تاشلىقتا بېلىمنى ئەگكىنىمچە تاش ئىز دەي-مەن. دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنى باشقىچە بىر خىل جىمجىتلىقتەك بىلىن-دۇ، چۈنكى، تەگسىز خىياللارغا چۆككەندە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ، دىققەتنى تاشلىقىلا مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ. مەن بېشىمنى كۆتۈ-رۈپلا، جاڭاگۈلنىڭ ئات مىنىپ بۇ ياققا كېلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. ئۇ مېنى كۆرمىدى، كەينى تەرىپىمدىكى ئېگىز قىرغاقتىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چوكانلارغا خاس ھالدا ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، چې-چىنى تۈگۈپ ياغلىق چىگىۋالغىنىنى، بوينىغا قوي يۇڭى شارپىسى ئار-

تىۋالغىنىنى، پۇتىغا بولسا ئۆتۈك كىيىۋالغىنىنى ئېنىق كۆردۈم. ئېخى يېڭىلا توي قىلغان بولغاچقا شارپىسىغا بۆركۈت پېيى قىستۇرۇۋالغانىدى.

مەن تۇرغان جايدىن قارىغاندا، كائىناتنىڭ چەكسىزلىكى ھاياتىي كۆچكە تولغان چەكسىزلىك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

## كاۋۇتۇنىڭ ئەبەدىيلىكى

كاۋۇتۇغا تۇنجى قېتىم بارغان ۋاقتىمدا پۈتۈن ئالەم ماڭا تونۇشقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك، قاتتىق بوران چىقىپ، گۈلدۈرماملىق يامغۇر يېغىپ كەتكەنىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئاق تېرەك بەلبېغى قاتتىق سىلكىنىپ، خۇددى يول بويى ماڭا: «ياق...ياق...ياق» دەۋاتقاندەكلا قىلاتتى.

مەن تونۇمايدىغان ئون نەچچە قازاق يۇرتداش بىلەن كونىلىقىدىن ھازىرلا چۈۋۈلۈپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتكەن بىر ئون كىشىلىك ئەبجەق جىپتا قىستالغىنىمىزچە ئولتۇرۇپ ماڭغانىدۇق. جىپ پاتقاق بولۇپ كەتكەن يولدا خۇددى مەست ئادەمدەك ئىككى ياققا ئىرغاڭشىغىنىچە ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. قاتتىق يامغۇر مۆلدۈر بىلەن قوشۇلۇپ ماشىنا ئەينەكلىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. ماشىنا خۇددى چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا نام – نىشانسىزلا ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك دەم – دەم توختاپ ماڭاتتى. مەن كاۋۇتۇنىڭ بۇنچە يىراق چۆل – جەزىرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ماشىنا يول بويى بىر دەم – بىر دەم بۇزۇلۇپلا تۇردى. ھەر بىر بۇزۇلغاندا بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، شوپۇرنىڭ دامگىرات بىلەن ماشىنىنى كۆتۈرۈپ، بۇزۇلغان يەرنى ياساپ بولۇشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر ئىدۇق. مېنىڭ پەقەتلا بارغۇم يوق ئىدى، خۇددى ھەممە نەرسە ئالدىمنى توسۇۋاتقاندەك ئىدى. ماشىنا يەنە بۇزۇلدى. يولنىڭ ياقىسىدا تۇرغىنىمدا بۇ چەكسىز چۆل – جەزىرە داۋالغۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۈستىبېشىم چۆپ – چۆپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. مەن يېقىن

ئەتراپتىكى دۆڭلۈككە چىقىپ يىراق – يىراقلارغا نەزەر سالاتتىم.

بىز نىڭ ئۆيدىكىلەر كاۋۇتۇدا دۇكان ئاچقان بولۇپ، كۇندە نۇرغۇن ئادەم بىلەن بىرىش – كېلىش قىلىپ تۇرساقمۇ، ئەستە قالىدىغىنى ناھايىتىمۇ ئاز بولاتتى. ئەمما، ئاپام ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇ ھەممىنى ئېسىدە تۇتۇۋالاتتى. يىرىم يىلغا بارمايلا ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى ھەممە ئادەم بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى. ئەگەر پاراڭ ئارىلىقىدا بىرەرىنىڭ ئىسمى چىقىپ قالسا، ئۇ دەرھال سۈرەتلەپ كېتەتتى:

ـ... ھە ھېلىقى دوپپىسى ناھايىتى كۆپ ئادەم، ئۇ دوپپىسىنى يەڭگۈشلەپلا تۇرىدۇ...

ـ ۋازىبېك؟

ـ ھە ئايالى تاماكا چېكىدىغان ھېلىقى ئادەم...

ـ تۇماقان؟

ـ بىر قېتىم تويدا سەن بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغان...

ـ ھە، ئۇ چوقۇم بادەنبېك.

...

مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئەستە تۇتۇش تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ چىرايى ئوخشاشتەكلا بىلىنەتتى. كاۋۇتۇدىكى كۆنلەر خۇددى مەڭگۈ يېگىلىق سادىر بولمايدىغاندەك ئەنە شۇنداق ئادەتتىكىدەكلا ئۆتەتتى، ھېچنېمە ئېسىمدە قالمايتتى، يۈرىكىم بۇ يەردە ئەمەستەك.

مەن كۆن بويى پۇكەيىنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرۇپ، بىراۋنىڭ ئىشككە تارتىلغان ئېغىر پەردىنى قايرىپ كىرىپ، نەرسە – كېرەك سېتىۋېلىشىنى كۈتەتتىم.

كىرگۈچىلەر گەپ قىلمايدۇ، مەنمۇ گەپ قىلمايمەن. ئەمما، بىرى پۇكەيىنىڭ ئالدىدا نەچچە سائەتلەپ گەپ قىلماي تۇرالايدۇ، ئەمما، مەن بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي: «ئىشىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايمەن. ئۇ گەپ قىلمايدۇ. مەن ئۇنىڭغا گازىر ئۇزاتسام گەپ قىلماي چاقىدۇ، تۈگىسە يە-

نە ھاڭۋاقنىنچە گەپمۇ قىلماي تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەپتىگە چىداپ بولالماي يەنە ئالما بېرىمەن. ئۇ بىر نەچچە چىشلەپلا تۈگىتىدۇ-دە، يە- نە .ئېغىز سۈكۈتكە چۆكىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتى كۆپ ئىدى. ئاخىرىدا مەن قولۇمغا قۇلۇپنى ئېلىپ، ئىشارەت بىلەن ئىشكنى تاقايدىغانلىقىمنى بىل- دۈرگەندىن كېيىنلا ئۇ چىقىپ كېتىدۇ. مەن ئىشكنى تاقىغاندىن كېيىن دەريا بويىغا بېرىپ ئۇزاق ئايلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ تېخىچە دۇكاننىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ پۇ- كەينىڭ ئالدىدا مال جاھازىسىغا تىكىلگىنىچە ئۇزاقتىن – ئۇزاق گەپ – سۆزسىز تۇرۇشى ئۈچۈن ئىشكنى ئېچىشقا مەجبۇر بولىمەن. مەن ئۇ ئادەمنىڭ قانداقسىگە بۇنچە كۆپ ۋاقتى بارلىقىنى بىلىپ يېتەلمەيمەن. ئۇ ئادەم ھەۋەس قىلغۇدەكلا بىكارچى ئىدى.

كاۋۇتۇنىڭ ئۇششاق بالىلىرى ئوقۇش بىلەن ناھايىتى ئالدىراش. ئۇلار مەكتەپكە بارمىغان ۋاقىتلىرىدا ئۆيلىرىدىن تۇخۇم ئوغرىلاش بىلەن ئالدىراش بولىدۇ. كېيىن ئۇلار ئوغرىلىغان تۇخۇملىرىنى بىز نىڭ دۇكان- غا ئېلىپ كېلىپ سېتىش بىلەن ئالدىراش بولۇشىدۇ.

ئۇلار دۇكانغا يۈزلىرى قىزارغان، كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقنىغان ھالدا ھاسىراپ – ھۆمۈدەشكىنىچە يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ.

مەن بىر تۇخۇمنى ئۈچ مودىن سېتىۋالاتتىم. ھەر قېتىم تۇخۇمنى ئېلىپ پۇل بېرىۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇلارنى سېغىز ياكى پىرەنىك سېتىۋې- لىشقا كۈچەپ دەۋەت قىلاتتىم. ئەمما، ئۇلار بەك ئەقىللىق بولۇپ، مې- نىڭ گەپلىرىمگە قۇلاق سالمايتتى. ئۇلارنىڭ پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىدىغان- لىقىنى بىلىپ بولالمايتتىم. يەنە كېلىپ، كاۋۇتۇدا سېغىز ۋە پىرەنىكتىن باشقا كىچىك بالىلار ياقتۇرىدىغان نېمىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئويلاپ يېتەل- مەيتتىم.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆنا ئالاھىدىرەك ئىدى. ئۇ يېرىم يىل كۆنىدە بىردىن تۇخۇم ئېلىپ كېلىپ ماڭا ساتتى. ئەگەر بىرەر كۈن كېلەلمىسە چوقۇم ئىككىنچى كۈنى ئىككى تۇخۇمنى بىراقلا ئېلىپ كېلەتتى.

دەسلەپتە مەن ئۇنى ئوغۇل بالىمىكىن دېگەنىدىم، كېيىن ئۇنىڭ چېچى ئۇزۇن ئۆسكەندىلا ئۇنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ئىلگىرى تاقىرباش ئىدى، ئۇنىڭ قولىدا تۇخۇمنى سىقىمدىغىنىچە تۇرغان قىياپىتىنى مەسخىرە قىلاتتىم.

يەنە بىر بالا بولۇپ، ئۇ دائىم تۇخۇم ساتقىلى كەلگەن باللار بىلەن بىللە كېلەتتى، ئەمما، ئۆزى بىرەر قېتىممۇ تۇخۇم ئېلىپ كەلمىگەنىدى. مەن باشقىلارغا پۇل بېرىۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇ ياندا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى.

ئاخىرى بىر كۈنى ئۇمۇ بىر تۇخۇم ئېلىپ كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزى يالغۇز كەلگەن بولۇپ، جىددىيلەشكەن ھالدا تۇخۇمنى ماڭا بېرىپ، مېنىڭ پۇل بېرىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەن تۇخۇمنى سىلكىپ باقتىم، ئاندىن، قۇياشقا تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىپ تۇخۇمدا مەسىلە باردەكلا ھېس قىلدىم. ئەمما، يەنىلا ئۇنىڭغا پۇل بەردىم. ئۇ پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇخۇمنى چاقتىم. دەرۋەقە، ئۇ پىششىق تۇخۇم ئىدى.

ئۇنىڭ چوقۇم ئاپىسى ئۇنىڭغا پىشۇرۇپ بەرگەن تۇخۇم ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، ئۇ يېيىشكە كۆزى قىيماي، ئەكېلىپ پۇلغا تېگىشكەنىدى.

مېنىڭ بەك ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئامالسىز ئۇنى يەۋەتتىم.

مەن كاۋۇتۇدا ئۆگەنگەن بىرىنچى قازاقچە سۆز «تۇخۇم»، يەنى «جۇمۇرتقا» ئىدى.

دۇكىنىمىزغا ئەنە شۇ ئۇششاق باللار ۋە ھېلىقى بىكارچىدىن باشقا خېرىدار بەك ئاز كېلەتتى.

كاۋۇتۇدا تىجارەت قىلىش خۇددى مارىستا تىجارەت قىلغانغا ئوخشاش ئىش ئىدى.

مېنىڭ كۈن بويى پۇكەينىڭ ئارقىسىدا ئۇخلىغىنىم ئۇخلىغان ئىدى، ئويغانسام ئورۇندۇقنى ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىنىمەن. قۇياش غەربكە قىيسايغاندا ئۆيىنىڭ سايىسى ئارقا تەرەپتىن يېيە-

لىپ كېلەتتى. قۇياش نۇرىنىڭ سۇرۇلىشىگە ئەگىشىپ مەنمۇ ئورۇندۇقنى سۇرەتتىم.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا ئاخىرى بىر خېرىدار كەلدى، مەن ئالدىرىغىنىمچە ئۇنىڭ نېمە سېتىۋالىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئەمما... ئۇنىڭغا «گويرۇ لەغمەن» كېرەككەن.

مەن ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئاشخانا ئەمەس، دۇكان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، تۇرغۇنلارنىڭ ئاشخانىسىنى كۆرسىتىپ قويدۇم.

بىراق، تۇرغۇنلارنىڭ ئاشخانىسى سودا ياخشى بولمىغانلىقتىن تاقىلىپ قالغىلى بىر ئايدىن ئاشقانىدى. شۇڭا، ئۇ ئادەم بىر دەمدىلا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ گويرۇ لەغمەن يەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئامالسىز ساللارنىڭ ئاشخانىسىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. ساللار ئاشخانا ئاچمايتتى، ئەمما، ئۇلارنىڭ ھويلىسىدا يوغان بىر ئىتى بار ئىدى. شۇڭا، ھېلىقى ئادەم قايتا كەلمىدى.

كەنتتىكى كوچا پاك – پاكىز بولۇپ، ئىككى قاسناقتا سۆگەت ۋە تېرەكلەر قاتارلىشىپ تۇراتتى. يولنى بويلىغان ئېرىقتا سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئاقاتتى.

ئەمما، كوچا ئادەمسىز ئىدى.

پەقەت بىر ئاققۇ كوچىنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە ئاستا مېڭىپ باراتتى-دە، يەنە كەينىگە قايتىپ كوچىنىڭ بۇ يېقىغا كېلەتتى.

يۇقىرىقىلار پەقەت يازدىكى ئىشلار، ئەتىياز ۋە كۈزدىكى ئەھۋال باشقىچە ئىدى.

چارۋىچىلار ئوت – چۆپ، سۇ قوغلىشىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، تاغقا چىققاندا ۋە تاغدىن چۈشكەندە چوقۇم كاۋۇتۇدىن ئۆتەتتى. ئۇ مەزگىللەردە كۈندە دېگۈدەك توپ – توپ كالا، قوي پادىسى ئاسمان – پەلەك چاڭ كۆتۈرگىنىچە مەھەللىدىن ئۆتەتتى. پادا ئۆتكەن ئاسفالت يول پاتقاق بولۇپ كېتەتتى.

ئۇنداق چاغلاردا دۇكان سەھەردىلا ئادەم بىلەن تولىدۇ، نەچچە

يىل توپلىغان مەھسۇلات بولسىمۇ سېتىپ بولغىلى بولاتتى، دۇكاندا نېمە بولسا ئۇنى چوقۇم ئالىدىغان ئادەم چىقاتتى. خېرىدار دۇكاندا يوق نەرسىنى سورىغان تەقدىردىمۇ، يوق نەرسىنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسىنى ساتقىلى بولاتتى.

مەسىلەن: ناۋادا بىرەرى پەمىدۇر كونسېرۋاسى سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا لازا كونسېرۋاسىنى تەۋسىيە قىلىشقا؛ كىيىم تىكىش ماشىنىسى مېيى سوراپ قالسا، ماشىنا يېغىنىسنى تەۋسىيە قىلىشقا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېغنە ئېلىپلا كېتىپ قالاتتى.

ئەمما، ئۆكتەم خېرىدارلارمۇ يوق ئەمەس. مەن ئاشۇنداق بىر سېمىز ئايالغا ئۇچرىغان. ئۇ بىر كىچىك باللار ئىشتىنىنى سەككىز يۈەنگە سېتىۋالىمەن، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى، مەن ئۇنىمىدىم، چۈنكى ئۇ ئىشتاننى ئەڭ ئەرزان دېگەندىمۇ 10 يۈەنگە ساتسام بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇكەيگە يۆلەنگىنىچە جاھىللىق بىلەن باھا تالىشىشقا باشلىدى. ئۇ تالاشقانچە مەن تېخىمۇ جاھىللىق قىلىپ ئۇنىڭغا يول قويمايتتىم. بىز شۇ تەرىقىدە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغىچە باھا تالاشتۇق. قورساقلىرىمىز ئېچىپ كوركىراپ كەتكەندە ئامالسىز ئىككىمىزلا ئۆيلىرىمىزگە تاماققا ماڭدۇق. تاماق يەپ بولۇپ دۇكانغا كەلسەم، ئۇ يەنە پۇكەيگە يۆلەنگىنىچە چۈشتىن بۇرۇنقى باھا تالىشىشنى داۋاملاشتۇردى.

باھا توققۇز يۈەنگە كەلگەندە كەچ كىرىپ دۇكاننى تاقايدىغان چاغ بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە ئۆز ئۆيلىرىمىزگە قايتىشتۇق. ئىككىنچى كۈنى... ئۈچىنچى كۈنى...

ئاخىرى ئۇ ئىشتاننى يەتتە يۈەنگە ئېلىپ كەتتى.

يايلىتىش مەزگىلىدە ئەڭ كۆپ سېتىلىدىغىنى ئىشتان. مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىشتاننى بۇنداق ئاسان ئۈزىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بەلكىم، ئاتنى كۆپ مىنگەچكە شۇنداق بولار.

يايلىتىش مەزگىلى ئۆتۈپ بولغىچە 200 قۇردىن ئارتۇق ئىشتان سېتىلىپ بولىدۇ.

كوللېكتىپ ئىشتان سېتىۋالىدىغان مەنزىرە ناھايىتى قىزىق بولىدۇ. ھەممىسى كىيىملىرىنى تەڭلا سېلىپ، ئالماقچى بولغان ئىشتاننى سىناپ باقىدۇ. ئەگەر بۇنداق چاغدا دۇكانغا كىرىپ قالغاندا يەرنىڭ ئاياغ بىلەن تولغانلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ تەڭلا پۇكەيگە چىقىۋالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار كىيىملەرنىڭ يەرگە سۆرىلىپ پاسكىنا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشىدۇ.

ياخشى يېرى، دۇكىنىمىزدىكى پۇكەي ناھايىتى پۇختا بولۇپ، ئۈستىگە قېلىن ياغاچ تاختاي قويۇلغان، شەھەرلەردىكى دۇكانلارنىڭكىدەك ئەينەك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ يەردە پۇكەيگە كىيىم سىنايدىغانلارلا ئەمەس، پىۋا ئىچىدىغانلار، مال جاھازىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ماللارنى كۆرىدىغانلار، ئاياغ سىنايدىغانلار، ھەتتا، ئۇرۇشىدىغانلارمۇ چىقىۋالاتتى.

ئىشتان سېتىۋالىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلار يېڭى ئىشتاننى كىيىشىدۇ-دە، كونا ئىشتاننى پۇرلاپ يانچۇقىغا تىقىپ، ئىشتىنىنىڭ قىرىنى قاتۇرغىنىچە چىقىپ كېتىشىدۇ.

يەنە بىر ئادەم بار، ئۇ تولىمۇ ئەزمە ئىدى. ئۇ دۇكاندىكى بارلىق كىيىملەرنى ئىككى قېتىمدىن كىيىپ چىقاتتى، ھەر بىر ئىشتاننى كىيگەندە ئۆرۈلۈپ – چۆرۈلۈپ يۈرۈپ قايتا – قايتا دەڭسەيتتى، ھەتتا، قولىنى يانچۇققا قايتا – قايتا سېلىپ كۆرۈپ باقاتتى. ئاندىن ئۇ پۇكەيدىكى دۆۋىلىنىپ كەتكەن كىيىملەرنىڭ ئارىسىدا پۇتلىرىنى سۇنغىنىچە ئولتۇرۇپ، ئالدىرىماي – تېنىمەي باھا تالىششقا باشلايتتى. باھادا كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشتان دۆۋىسىگە قايتا شۇڭغۇپ، يەنە تاللاشقا چۈشەتتى. ئاخىرىدا يەنە باھانى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇناتتى.

بۇنىڭغا چىداپ بولالمىغان ئانام ئۇنىڭ سېلىپ قويغان ئايىغىنى تېپىپلا پۇكەينىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

سودا پۈتۈپ، پۇل قولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىنكى ئىشلار بىز بى-

لەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى.

ئۇ ئادەم يېڭى ئىشتاننى كىيىپ بولغاندىن كېيىن ئايىغىنى تاپالماي بەك قاقشاپ كېتەتتى.

يازىچە تاغدا پادا باققان چارۋىچىلار كۈزدە قايتىپ كېلىشىپ كاۋۇتۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىدۇ. كالا، قوي پادىلىرىمۇ تاغدىن چۈشۈرۈلۈپ، مەخسۇس قوتانلاردا بېقىش داۋاملىشىدۇ. بۇ چاغدا ئوت - چۆپ ئورۇپ بولۇنغان، بۇغداي يىغىپ بولۇنغان، مال - چارۋىلار ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇنغان بولۇپ، تۈزۈك ئىشمۇ قالمايدۇ. شۇڭا، كۆپچىلىك كوچىدا ئۈچتىن - تۆتتىن بولۇۋېلىپ، تا كەچ كىرگۈچە پاراڭ سوقىدۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە دېيىلىپ بولغان گەپلەرنىمۇ قايتا - قايتا دېيىشىدۇ، تالىشىدۇ. پەقەت دېگۈدەك گەپ قالمىغاندا، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە جايىدا تۇرۇشىدۇ، ئاللىبۇرۇن كەچ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆيلىرىگە قايتىقۇسى كەلمەيدۇ. ئۆيگە قايتمايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار بولاتتى. ياشلار بىر بىرىنى كۆرگەندە مۇھەببەتلىك سۆزلىرى تۈگىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. كېيىن ئۇلارنى داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. كۈز پەسلىدە توي كۆپ بولىدۇ، ھەر بىر توي ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۈز ئايلىرىنىڭ ھەر بىر كېچىسىدە مەلۇم بىر ئۆيدە كېچىچە چىراغ ئۆچمەي، ئېلېكترونلۇق رويال ۋە ئاكوردىيونىنىڭ شوخ ساداسى كېچە ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ.

مەن يېرىم كېچىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، ياڭراۋاتقان مۇزىكا ساداسىغا ئۇزاققىچە قۇلاق سالدىم. ئاندىن كىيىملىرىمنى كىيىپ، كەنتتىكى يورۇق تۇرغان تەرەپكە يول ئالدىم. مەن ئاشۇ ئائىلىنىڭ كېسەكتە قوپۇرۇلغان پاكار قورۇ تېمىدىن ھويلا ئىچىگە بويۇندىدىم-دە، دەل - دەرەخلەرگە ئېسىلغان چىراغلاردىن، ئېسىل نازۇ نېمەتلەر تىزىلغان ئۈستەللەردە يەپ - ئىچىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ خۇشال كۈلكە سادالىرىدىن يەنە بىر ھەشەمەتلىك توينىڭ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلدىم. يېڭى

بىر مۇزىكىنىڭ باشلىنىشى بىلەن بېشىغا ئۇزۇن چۈمبەل ئارتىلغان، ئاپ-
پاق ئۇزۇن كۆينىكىنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن كەمزۇل كىي-
گەن، قولىغا زەر بىلەن ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلەنگەن يىپەك
قولياغلىق تۇتۇۋالغان كېلىنچەك باش بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ بارا
– بارا كۆپىيىۋاتقان ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ نازۇك ھە-
رىكەتلىرى بىلەن جىلۋىلىك قامىتىنى نامايان قىلاتتى. مەن ئۇنى ئېنىق
كۆردۈم، مەن ئۇنى تونۇيمەن. ئۇ تېخى بالا ئىدى.ئۇ  نەچچە كۈن
ئىلگىرىلا بىزنىڭ دۇكاندىن قەلەم قۇتىسى ۋە تاپشۇرۇق دەپتەر سېتىۋال-
غانىدى.

مەن ئۇنى چاقىردىم،ئەمما، ئۇ ئاڭلىمىدى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم–دە، كىيىملىرىمنى سېلىپ، چۈش قوي-
نىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. بىر چاغدا يەنە يىراقلاردا ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكا
ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. دەل شۇ چاغدا بىرىنىڭ ئىسمىمنى چاقىر-
غانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىغىنىمدا سىرتتا بىرى
يۈزىنى دېرىزە ئەينىكىگە يېقىپ تۇرۇپ مېنى چاقىرىۋاتاتتى.

مەن بىردەم قارىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بايىقى كېلىنچەك ئىكەنلىكىنى
بايقىدىم. كاۋۇتۇنىڭ قىش پەسلى يېرىم يىلغا يېتىدۇ، قىش پەسلىدە دۇ-
كاننىڭ سودىسىمۇ پەسكويغا چۈشۈپ قالىدۇ. مېنىڭ مەشىنىڭ قېشىدا
ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. ھاۋا سوغۇق، دۇكانغا مەستلەردىن باشقا ھېچ-
كىم كەلمەيتتى.

توك سائىتىنى تەكشۈرگىلى كەلگەن يىگىت:« ھاراق ئىچمىسە نېمە
قىلىدۇ؟» دەيتتى.

ئۇ يىگىت ئىككى قولى بىلەن پۇكەيىنى تىرەپ تۇرۇپ سەكرەپلا
پۇكەيگە چىقتى–دە، بەداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇردى:

–ئىچمەي نېمە قىلىدۇ؟ شۇ تاپتا كاۋۇتۇدا ھاراقتىن باشقا كۆڭۈلگە
ياققىدەك نەرسە قالمىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر مۇئەللىمنى«ئاق چاچ» دەپ ئاتايتتۇق. بىزنىڭ ئۇنداق ئاتىشىمىزدا ھەرگىز غەيرىي مەقسەت يوق ئىدى. بىز ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئاپپاقلىقىدىن، ئىسمىنىڭ زىيادە ئۇزۇنلۇقىدىنلا شۇنداق ئاتايتتۇق. ئۇمۇ دۇكانغا دائىم دېگۈدەك كېلىپ ھاراق ئىچەتتى. ئۇ رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان، قەددى قامەتلىك، دۇرۇس ئادەم ئىدى. ئۆتۈكىگىمۇ ياماق چۈشمىگەنىدى.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھاراق ئىچىدىغانلارمۇ مۇئەللىملەر ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى ناھايىتى رەتسىز بولۇپ، ئۆتۈكلىرىگىمۇ ياماق چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئىشكتىن كىرىپ گەپ قىلمايلا پۇكەيگە سەكرەيتتى-دە، بەداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. سەل ئەدەبلىكرەكلىرى پۇكەيگە ئۆتۈكلىرىنى سېلىپ چىقىپ، بەداشقانىنى قۇرۇشاتتى. كاۋۇتۇدا مەستلەر كۆپىيىپ كېتىدىغان كۈن — ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىلىق دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەن كۈن بولاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى ناھىيە يىللىق سىناپ تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا، ھەممە ئوقۇتقۇچىلار شۇ ئىشنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتتىمۇ، ھاراق ئىچكىلى كېلىدىغانلار ۋە مەست بولۇۋېلىپ كوچىدىكى قار دۆۋىسى ئۈستىدىلا يېتىپ قالىدىغانلار بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى قانداق ساقلاپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ئەمدى يەنە «ئاق چاچ»نىڭ گېپىگە كېلەيلى. ئۇ ئادەمنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى بەك ياخشى ئىدى، ئاددىيسى، ئۇ پۇكەيگە سەكرىمەيتتى. ئۇ پۇكەينىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ھاراقنى رومكىلارغا سىپايىلىك بىلەن قۇيۇپ ئىچەتتى. باشقىلار بولسا ھاراقنى بوتۇلكا بىلەنلا ئاغزىغا قۇياتتى.

ئۇنىڭ ئاپپاق چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى، ئاپپاق چاچلار ئاستىدىكى چېھرى نۇرلىنىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئۇ كۈندۈزدىلا دۇكانغا كەلدى (ئادەتتە، ھاراقكەشلەر

كېچىسىلا كېلەتتى.) ئۇنىڭ قولىدا نەۋرىسىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئايىغى تۇراتتى (بىز نىڭ ئائىلىدە ئاياغ ياماپدىغان ھۈنەرمۇ بار ئىدى.).
–نېمانچە يوغان ئاياغ بۇ، ئوغلىڭىز چوڭ بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟– سورىدى تاغام ئۇنىڭدىن.
– بۇ ئەڭ كىچىكىنىڭ، سەككىز ياشقا كىردى.
–ئۆزىڭىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟
– يەنە ئىككى ئاي ئۆتسە، نەق 60 قا كىرىمەن.
ئۇ بىر بوتۇلكا پىۋا ئالدى–دە، رومكىغا قۇيۇپ ئىچكەچ ئاياغنىڭ پۇتۇشىنى ساقلىدى.
–سەن ئاق چاچىنىزە،ھەر كۈنى ئىچىسەن، يا قىزىل بۇرۇن (ھاراقكەش بۇرۇن) بولۇپ قالمىدىڭ – ھە؟–تاغام ئاياغ ياماقچى ئۇنىڭغا دېدى.
–ئاز قالدىم، ئاز قالدىم.
–ئىچمىسەڭ بولمامدۇ؟
–نېمە دەپ ئىچمىگۈدەكمەن؟ كاۋۇتۇدەك بۇ يەردە ھاراقتىن باشقا نېمە بار؟
مەن بىر چەتتە ھاڭۋاقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم.
ئاياغ ياملىپ بولغاندىن كېيىن، ئاق چاچ پۇلنى بېرىپلا كېتىپ قالدى. ئۇ كېتىۋاتقاندا كەينىدىن بىردەم قاراپ تۇردۇم، ئۇنىڭ تۇرقى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قېرىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. گەرچە ئۇنىڭ قەددى تىك بولسىمۇ، مۈرىلىرى پەسكە ساڭگىلاپ، بىلەكلىرى بوشاپ كەتكەنىدى. پەلتوسىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغاندا پۇرلەشكەنلىكتىن قېلىپ قالغان بىر نەچچە قۇر ئىز بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئىشتىنى سەل پاسكىنا بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاپپاق چاچلىرى شامالدا توزۇپ تۇراتتى.
كاۋۇتۇنىڭ قىش پەسلى گويا ھاراققا چىلانغاندەكلا ئىدى. ئاسمان

گۈمبىزى بەزىدە تىنىق كۆك رەڭگە كىرسە، بەزىدە تۇتۇلۇپ كېتىدۇ، ئەمما، زېمىن ئاشۇ ئاقلىقى بىلەن ئۇپۇق سىزىقىغا تۇتىشىدۇ؛ يىراقلاردا كاللار ئاستا – ئاستا سۈرۈلىشىدۇ.
بۇ چاغدا گويا ھاراقنىڭ كۆچلۈك پۇرىقى ئۇچۇرۇپ كەلگەندەك يىراقتىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ناخشىنىڭ مېلودىيىسى گۈزەل ۋە ئېنىق بولۇپ، كىشىنى مەست قىلاتتى.
ناخشا ئېيتىۋاتقانلار يول بويىدا ئاشخانا ئاچىدىغان ئۈچ تۇل ئايال ئىدى.
ھە راست، كاۋۇتۇدا بىر غەلىتە ئەھۋال بار بولۇپ، ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇل ئاياللار ئاچقان بولىدۇ؛ ئاياللار تۇل قالسىلا، ئاشخانا ئېچىشتىن باشقا ئىشنى قىلمايدۇ.
ئۇ ئۈچ ئايالنىڭ ناخشىسى چۈشتىن كېيىندىن تا تۈن نىسپىگىچە داۋاملىشىدۇ. قىزىقچىلىق كۆرۈپ كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ مەست بولۇپ يۈزلىرى قارىداپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما، ئۇ ئۈچىنىڭ ناخشىسىنىڭ قىلچە ئۇداردىن قاچماي، خۇددى بىر ئادەم ئېيتىۋاتقاندەك چىقىۋاتقانلىقىنى سۆزلىشىدۇ.
ئاپام ناھايىتى يېتىشلىك، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئېرىنمەي بېرىپ، ھاراقنى ئاز ئىچىشكە دەۋەت قىلسا، ئۇلار تەڭلا يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ ئاپام بىلەن زاكونلىشىپلا كېتىدۇ. ئۇلار ھاراق ئىچكىنىنى تەن ئالماي، ئاغزىلىرىدىن گۈپۈلدىتىپ ھاراق پۇرىتىپ تۇرۇپ، ئاپامنى بىزنىڭ ئابرۇيىمىزنى چۈشۈردۈڭ، دەپ ئەيىبلىشىپلا كېتىدۇ.
ئەتىسى مەستلىكى يېشىلگەندە ئۇلار ئاستىلا ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ.
بۇ چاغدا ئاپام يەنە يېتىشلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەمدى ھاراق ئىچمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ.
ئەمما، ئۇلار ئاچچىقلانغىنىچە تەڭلا يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ، ھاراقنىڭ

كېيىنى ئاپامدىن چىقىرىشىدۇ.

دۈكىنىمىزنىڭ سول تەرىپىدىكى ئاشخانىدىكى تۇل ئايال تۇرسۇنخاننى بىز «تۇگۇن» دەپلا ئاتايمىز. ئۇنى بەك چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، قاش - كۆزى جايىدا، زىلۋا بەدىنى ئىسكەتىدىن كەتمىگەن، قانداقلا كىيىم كىيسە يارىشىۋېرىدىغان ئايال.

تىماچ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ھەر قېتىم تاغدىن چۈشكەندە ئۇنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ. ئۇ مۇھاپىزەتچى قامەتلىك، كېلىشكەن ئادەم بولۇپ، تۇگۇن بىلەن بىللە تۇرغىنىدا ھەركىم ئۇلارنى تازا قاملاشقان بىر جۈپلەركەن دېيىشىدۇ.

قويۇق ئۆسكەن سۇس قوڭۇر رەڭلىك چېچىغا قاراپ، بىز ئۇ مۇھاپىزەتچىنى «سېرىق تۆك» دەپ ئاتايمىز. ئۇ دائىم بىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ ھاراق ئىچەتتى. بىز ئۇنى «سېرىق تۆك» دەپ ئاتاۋەرگەچكە، كاۋۇتۇلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى شۇنداق ئاتاپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، شۇڭىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. تۇگۇن ئۇنى ئىزدەپ دۇكىنىمىزغا كەلسىمۇ:« سېرىق تۆك بارمۇ؟» دەيدۇ.

تۇگۇننىڭ ئاشخانا ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز يۈرۈشتۈرۈپ كەتمىكى ناھايىتى تەس ھەم جاپالىق ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە بولغاندا، تۇل ئايال قايتا نىكاھلانسا ئىلگىرىكى ئېرىدىن بولغان بالا ئىلگىرىكى ئېرىنىڭ جەمەتىنىڭ ھامىيلىقىدا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ قايتا ياتلىق بولۇشنى خالىمايدۇ. ياخشى يېرى، ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى غەرەز ئۇقۇپ قالغان بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىغا ياخشى ياردەمچى ئىدى. بولۇپمۇ، بالىلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى ناھايىتى ئىشچان بولۇپ، سەھەردىلا ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئاشخانىنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ، ئۈستەل - ئورۇندۇق، قاچا - قۇچىلارنى سۈرتۈپ تازىلاپ، ئوچاققا ئوت ياقىدۇ. ئاندىن كەنتنىڭ باش تەرىپىدىكى دەريادىن سۇ توشۇپ كېلىپ ئىدىشلەرنى توشقۇزىدۇ. سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ قىزچاق شۇندىلا

مەكتەپكە ماڭالايدۇ. بۇ قىز چاق ئۈچ بالىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چىرايلىقى بولۇپ، چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ.

ئەمما، ئۇ ناھايىتى جىمغۇر، ئىغىر – بېسىق، تەمكىن بولۇپ، خۇددى چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەكلا ئىدى.

گەرچە،بەزىدە بالىلارنىڭ ئۆسۈپ – يېتىلىشى ئادەمنى ئاراملىسىزلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما، كاۋۇتۇدا مەڭگۈ مۇرەككەپ ئىش بولمايدۇ، ھېچكىم ئۇنچە كۆپ باش قاتۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ.

پەقەت بەزى كۈنلىرى «سېرىق تۈك» دۇكىنىمىزغا كېلىپ:« دائىم مېنى سېرىق تۈك دەپ ئاتايسىلەر، زادى ئۇ نېمە دېگەن گەپ؟» دەپ سوراپ قويىدۇ.

كاۋۇتۇنىڭ قىش پەسلى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، بۇ پەسىلنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ.

قۇربان ھېيت كەلدى.

بۇ چاغدا دۇكاننىڭ سودىسى يەنە بىر قېتىملىق جانلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. چارۋىچىلار تاغقا چىققان، تاغدىن چۈشكەن مەزگىل ۋە قۇربان ھېيت بۇ يەردىكى دۇكانلار تازا پۇل تاپىدىغان ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلار يازدا يازلىققا(يەنى ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسى)، قىشتا قىشلاققا(جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى قىشلاق) كەتكەن چاغلار ئۇنداق ئەمەس.

ئۇ بىر نەچچە كۈندە بىز كېچە – كېچىلەپ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىشقا سالىمىز . ھېيتقا 15 كۈن قالغاندىن تارتىپ تاكى ھېيت كۈنىگىچە كىيىم تىككۈزىدىغانلار دۇكىنىمىزدا ئۈچىرەت بولۇپ كېتىدۇ. ناھايىتى كەچلەردىمۇ ئىشكنى چېكىپ ئىشتان سېتىۋالىدىغانلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈندە قەنت – گىزەك، پېچىنە – پىرەنىك، تۇخۇم قاتارلىقلارنىڭ سودىسى ھەممىلا دۇكاندا ئوخشاشلا قىزىپ كېتىدۇ.

ھارپا كۈنى ھېيتلىق نەرسە – كېرەك سېتىۋېلىش يۇقىرى دول-

قۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈللەرگىمۇ ئورۇن قالمايدۇ. پۈكەينىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇۋاتقان قوللار مال جاھازىسىدىكى ئۈنى – بۇنى كۆرسىتىپ كۆزلەرنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. نەرسە – كېرەك سېتىشلا ئەمەس، خېرىدارلار كۆرسەتكەن ماللارنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۆزىلا ئادەمنى بەكلا ھارغۇزۇۋېتىدۇ. پۇل ئېلىۋاتقان، پۇل قايتۇرۇۋاتقان، پۇل پارچىلاۋاتقان...يېتىشىپ بولالماي،كۆپ قوللۇق بۇتساتۋا بولۇپ قالمىغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ كېتىدۇ كىشى.

چۈش بولغاندا خېرىدارلار ئازلاپ سەل ئارام تېپىپ قالدۇق، بۇ چاغدا بىز بىر قۇر ئىشتاننىڭ كاملىقىنى بايقاپ قالدۇق.

ئاپامنىڭ ئەستە تۇتۇشى بەكلا ياخشى، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ئۇ ئىشتاننى 11ـ12 ياشلار چامىسىدىكى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئېلىپ كۆرگەنىكەن. ئۇ ئايال ئىشتاننى بالىسىنىڭ بويىغا دەللەپ ناھايىتى ئۇزاق ئويلىنىپ كەتكەنىكەن. ئۇ چاغدا ئاپام ئۇنى ئىشتاننى سېتىۋېلىشقا خېلى زورلىغان، ئەمما، ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتكىنىگە قاراپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان ئىكەن. ئۇ چاغدا دۇكاندا ئادەم كۆپ بولغاچقا ئانا – بالا ئىككىيلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ مەسلىھەتنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، ئادەم ئازلىغاندا ئۇلار ئىشتان بىلەن بىللىلا غايىپ بولغانىدى.

ئاپامنىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلدى، دېمىسىمۇ، بىزنىڭكىدەك بۇنداق كىچىك دۇكان بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ھېيتتىكى سودا ئۈچۈن بىز بىر نەچچە كېچە – كۈندۈز ئىشتان تىككەنىدۇق. بىر نەچچە سائەت سەرپ قىلىپ تىكىپ پۈتكۈزگەن ئىشتان بىر نەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدە يوقاپ كەتسە غەزەپلەنمەي تۇرغىلى بولامدۇ؟

ياخشى يېرى، بىزنىڭ بۇ يەر ئىككى – ئۈچ كەنتتىن تەركىب تاپقان كىچىك جاي بولۇپ، بىرەرسىنى سۈرۈشتۈرمەكمۇ ناھايىتى ئاسان. بىز ئۇ ئانا – بالىنىڭ ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراباقاي كەنتىدە

تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇ ئايال ۋە يولدىشىنىڭ ئىسمىنى ناھايىتى تېزلا ئېـ-
نىقلاپ چىقتۇق. شۇڭا، بىز ئۇلار بىلەن بىر كەنتلىك بىر نەچچىسىدىن
گەپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشتانىنىڭ پۇلىنى ئۇنتۇپ قالغان – قالمىغانلى-
قىنى سەمىگە سالدۇق. كۆپ ئۆتمەي، ئەتراپتىكىلەر ئۇ ئايالنىڭ ھارپا
كۇنى قىلغان ئىشنى بىلىپ باشلىرىنى چايقاشقىنىچە ئەپسۇسلىنىپ كې-
تىشتى.

سودا ياخشى بولغاچقا بىز ئۇ ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويدۇق، نا-
ھايىتى كەلسە بىر كىچىك باللار ئىشتىنى ئەمەسمۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىز كەچ كىرگىچە ئالدىراش بولدۇق، كەچ كىر-
گەندىن كېيىنلا خېرىدارلارنىڭ ئايغى بېسىقتى. دۇكانىمۇ ئىككى ھەپتە
ئىلگىرىكى تىنچلىقىغا قايتتى. ھېيت باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىلدى-
كى ئەڭ ئالدىراش مەزگىل ئاخىرلاشتى.

بىز دۇكانىنىڭ ئىشكىنى تاقاپ، كەچلىك تاماققا تەرەددۇتلىنىۋاتقان
چاغدا بىرى ئىشكنى چېكىپ قالدى.

ئىشكنى ئاچقىنىمىزدا بىز ئىشتان ئېلىپ پۇلىنى بەرمىدى دەپ قا-
رىغان بالا يۇزلىرى قىزارغان، ھاسىراپ – ھۆمۈدىگىنىچە ئىشىك ئالدىدا
تۇراتتى. قارىغاندا، ئۇ ھېلىلا قاراباقايدىن كەلگەندەك تۇراتتى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ دېمىنى ئېلىۋالماي تۇرۇپلا ناھايىتى جىددىيلەش-
كەن، ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە تۇرغۇن گەپلەرنى دەپ كەتتى. ئۇ ئۆز-
لىرىنىڭ ئىشتاننى ئوغرىلىمىغانلىقىنى، ئىشتانىنىڭ كىچىك كېلىپ قالغانلى-
قىنى، كېيىن، ئالماسلىق قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىزگە چۈشەندۈرمەكچى
بولاتتى. ئۇ گەپلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىزگە قانداق چۈشەندۈ-
رۈشنى بىلەلمەي، جىددىيلىشەتتى، توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇ ئاخىرىدا
يىغلىغىنىچە ئىشتاننى سۇنۇپ تۇرۇپ:

– ئاپام مېنى ئەۋەتتى. ئىشتان كىچىككەن، راستلا كىچىك كېلىپ
قالدى، – دېدى.

بىز قانداق قىلالايتتۇق؟ بىر كىچىك بالا كېچىدە 10 نەچچە كىلومېترلىق قار – مۇزلۇق يولنى بېسىپ، چۉشەندۉرگىلى بولمايدىغان ئىشنى چۉشەندۉرگىلى كەلگەنىدى.

بىز ئۇنىڭ قولىغا كەمپۉت تۇتقۇزغاچ تەسەللى بەردۇق ۋە ئۇنىڭغا بالدۇرراق قايتىپ كېتىشنى ئېيتتۇق.

بىز ئۆزىمىزنىڭ خاتا قىلغانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، تولىمۇ ئارامسىزلاندۇق. بىز تاقەتسىزلەنگىنىمىزچە مال جاھازىسىنى ئالا قويماي قايتا ئاختۇرۇپ چىقتۇق، دەرۋەقە، ھېلىقى ئىشتان مال جاھازىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن تېپىلدى.

نۇرغۇن كىشىنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ھېچقانداق ئىشنى خاتا قىلمىغان ئەھۋالدا ھېچقانداق چۉشەندۉرۉشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزىگە قارا چاپلانسا، چوقۇم ئۆچ ئېلىش كېرەك.

ئەمما، ئۇلار قانداق ئويلاشقاندۇ؟

ئەتە ھېيت بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يوسۇنى بويىچە باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن ئۇقۇشماسلىقلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ھالدا، ھېيتنىڭ ئىناقلىقىقا دەۋەت قىلىدىغان خاسىيىتىدىن بەھرلىنىشنى ئويلاشقانمىدۇ؟

شۇنداق، ئۇقۇشماسلىق تولىمۇ بىئەپ ئىش.

بىز ئۇزاق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن،ھېيت كۉنى ئەتىگەندىلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە «يېڭى يىل پەتىسى» قىلىپ باردۇق (ئەلۋەتتە، قۇربان ھېيت يېڭى يىلنى كۉتۉۋېلىش ئەمەس. بۇ يەردىكى خەنزۉلار شۇنداق ئاتاپ ئادەتلەنگەنىدى.)

بۇنداق خاسىيەتلىك ھېيتتا، يەرلىك كىشىلەر قائىدە بويىچە ئۇرۇق – تۇغقان، دوست – بۇرادەرلىرى ئارا ئۉچ كۉن ھېيتلىشىدۇ. بىرىنچى كۉنى، ئەرلەر ھېيتلىشىدۇ، ئاياللار ئۆيلىرىدە قېلىپ، گۆش پىشۇرۇپ، قەنت – گېزەك، تاتلىق – تۉرۉملەر بىلەن مول داستىخان ھازىرلاپ،

مېھمان كۈتىدۇ؛ ئىككىنچى كۈنى ياشلار ۋە باللار ھېيتلىشىدۇ؛ ئۈچىنچى كۈنى ئاياللار ھېيتلىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغانـدا، ئىلگـىرى ھەر قانـداق ئىش سەۋەبلىك ئازارلىشىپ قالغانلار ھېيتلىشىش پۇرسـىتىدىـن پايدىلـىنىپ، ئاداۋەت داغلىرىنى يۇيۇپ تاشلاپ، ئىناق بولغان باردى – كەلدىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىدۇ.

بىز ھېيت كۈنى ئالدى بىلەن ئۇۋال قىلغان ھېلىقى ئانا – باللىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ بېرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ،ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلغاندۇق. ھېلىقى بالا بىزنى تەسىرلەندۈرگەندى.

بىز كەنتتىن چىقىپ ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان كەڭ دالىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ئىككى كىلومېتىردىن ئـارتۇق دەرەخلىـق يولنى بېسىپ ئۆتتۇق. قىشتا دەل – دەرەخلەر قېلىن بىر قەۋەت قار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يولنىڭ سـول قاسنـىقىغا سـۆگەت، ئوڭ قاسنىقىغا تېرەك تىكىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتـتى. بىز كېتىۋاتقاچ سەل تۇرۇپ دەيدىغانلىرىمىزنى ئويلىشاتتۇق، مەسلىھەتلىشەتتۇق. كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزى ۋە ئاپپاق دالادىن قايتقان نۇر ئادەمنى توختاۋسىز ھاياجانغا سالاتتى. قارلىق يول بىر نەچچە كۈندىن بېرىدىكى يولۇچىنىڭ كۆپلىكىدىن سەل كېڭەيگەن ۋە تۈزلىنىپ قـالغان بولـۇپ، ياي شەكلىدە ئالدىمىزدىكى ئېگىزلىككە تۇتىشىپ تۇراتتى. ئېگىزلىكتىـن ئۆتسەكلا قاراباقاي كەنتى ئىدى.

بۇ يول ئون نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى، يول بويى ئاپپاق قـار ۋە كۆپكۆك ئاسماندىن باشقا ھېچنېمە كۆزگە چېلىقمايتتى. بۇ يىل قار ئىلـگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆپ يېغىپ، قار ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چـىقارغانـدى. تاغ قاپتاللىرىدا يېغىلغان قارنىڭ قېلىـنلىقـى 20 نەچچە مـېتىردىـن ئاشىدىغان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا شەكىللەنگەن قار تېمىنىـڭ قېلىنلىقىمۇ ئىككى مېتىردىن ئاشاتتى. پۈتىمىز ئاستىدىكى يولدا ئات –

ئۇلاقلارنىڭ تولا دەسسىشىدىن يېرىم مېتىر قېلىنلىقتا قار «ئازگىلى» شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئازگال قارنىڭ ئىپتىداسىنى قوينىغا ئېلىپ تۇراتتى.

بىز كېتىۋېتىپ ئاخشامقى بالىنى ھەم تىت-تىت بولغان ھەم دىلى ئازار يېگەن ھالدا مۇشۇ يول بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بارغىچە ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن قانچە يالغۇزلۇق ھېس قىلغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدۇق. بۇ ھەقىقەتەن پاكلىق يولى ئىدى...

باھار كەلدى. قار- مۇزلار ئېرىپ، پاتقاق ۋە سۇنىڭ دەستىدىن پۇت قويغىدەك يەر قالمىغان ئىدى. تۈن قىسقىراپ كۈن ئۇزارماقتا ئىدى. كېچىدە ئېسىمدىن كەچكەچ، كۆككە قارىسام ئوۋچى يۇلتۇز تۈركۈمى غايىپ بولغانىدى.

بۇ يەردە بىر يىل ياشىغاندىن كېيىن ئويلاپ باقسام، بىر نەچچە ئادەمنى تونۇمايدىكەنمەن، دېمەكچى، بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەمما، كىمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ماڭا ناھايىتى ئېنىق، ھېچ بولمىغاندا ئوپئوخشاش بۇرۇت قويۇۋالغان ئىككى ئادەمنى ئارىلاشتۇرۇپ قويمايمەن.

دۇكاننىڭ سودىسىنى ياخشى دەپ كەتكىلىمۇ، ناچار دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە قېلىش ياكى كېتىش توغرىسىدا بەك ئارىسالدى بولدۇق. ماڭا بەرىبىر، تولا ئۆي كۆچۈپ كۆنۈپمۇ قالدىم، نەگە بارساق بولىۋېرىدۇ. ئەمما، ئاپام بەكلا قىيالمايۋاتاتتى. ئۇ كاۋۇتۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چىققانىدى:

بىرىنچىدىن، بۇ يەردە ئېلىنىدىغان باج سودا ياخشى پەسىلدە باشقا ئۆلچەمدە، سودا سۇس پەسىلدە يەنە باشقىچە ئۆلچەمدە ئېلىناتتى. بۇ بىزنىڭكىدەك كىچىك دۇكانلارغا نىسبەتەن تازا مۇۋاپىق ئىدى(ئادەتتە، بىر يىلنىڭ يەتتە ئېيى سودا سۇس پەسىل، بەش ئېيى سودا ياخشى پەسىل دەپ ئايرىلاتتى)؛

ئىككىنچىدىن،بۇ جاي كىچىك، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش –

كىلىش قويۇق، مېھىر - مۇھەببەت چوڭقۇر؛

ئۇچىنچىدىن، بۇ يەر چەت جاي بولغاچقا ئىستېمال يۇقىرى ئەمەس، پۇل بولغان بىلەنمۇ خەجلەيدىغان يەر يوق، پۇل يىغقىلى بولىدۇ؛

تۆتىنچىدىن، بۇ يەرنىڭ چەت جاي بولغانلىقى سەۋەبلىك دۇكاندىكى ماللارنى ياخشى باھادا ساتقىلى بولىدۇ، پايدىسى شەھەردىكى دۇكانلارنىڭكىگە قارىغاندا خېلى ياخشى.

بىز دەسلەپتە بۇ يەرگە كەلگەن چېغىمىزدا، بۇ يەرنىڭ چارۋىچىلار تاغقا چىققان ۋە چۇشكەندە چوقۇم ئۆتىدىغان ئۆتەڭ ئىكەنلىكىدەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك كىچىكرەك تىجارەتلەرنى قىلىشۋالساق دەپ ئويلىغان. ئويلىمىغان يەردىن، بىر يىللىق ھېساباتنى دەڭسەپ كۆرگەن ئاپام:« يەنىلا كاۋۇتۇ خەلقى بىزنى بېقىپتۇ!» دەۋەتتى.

بىز دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى چارۋىچىلارنىڭكىدەك باياشات ئەمەس، ئەمما، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم بولۇپ، كۆڭلىرى تىنچ ئۆتىدۇ. ئەمما، بىرەر نەرسە كەم بولۇپ قالسىلا ئىشلار يۇرۇشمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كېتىمىز. ئۆي ئەتراپلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ھېچنېمە كەم ئەمەس. دۇكاننىڭ سودىسىغا كەلسەك، ئىشقىلىپ ، ھەر كۈنى سودا بولۇپ تۇرىدۇ. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ، ئاچچىقسۇ، جىياڭيۇ، چاقماق قەنت، چاي، تۇز قاتارلىق نەرسىلەر كۈندە سېتىلىپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ دۇكاننىڭ سودىسى ئەنە شۇنداق ياخشىمۇ ئەمەس، ناچارمۇ ئەمەس، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ تۇرىدۇ. كۆڭلىرىمىز يا بەك تويۇپ كەتمەي، يا ئاچ قالماي، بىر خىل رىتىمدا ئۆتىدۇ. تۇرمۇشىمىز بەك خاتىرجەم ۋە تىنچ، خۇددى يۆلەنچۈك بولسا يۆلىنىپلاۋالغاندەك. تۇرمۇشىمىزدا باشقىچە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ، بىز دىمۇ باشقىچە ئوي - خىيال يوق.

كاۋۇتۇدا ھەممە ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق.

بىز بىر ئاز پۇل يىغىپ، ياخشىراق ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئالدۇق. كېيىن يەنە بىر ئاز پۇل يىغىپ، تېخىمۇ ياخشىراق ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئالدۇق. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن، يەنە بىر ئاز پۇل يىغىپ، ئۆي ئىجارىگە ئالماي، يېرىم پۇلىنى ئالدىن بېرىپ، كونا بولسىمۇ ئۆيدىن بىرنى سېتىۋالدۇق. بەك ئېسىل ۋە چوڭ بولمىسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بار بولدى. بىز يەنە بىر ئاز پۇل يىغىپ، تېخىمۇ چوڭراق ئۆيدىن بىرنى سېتىۋېلىشنى پىلان قىلدۇق. ئەمما، ئۇنىڭدىن كېيىن كاۋۇتۇدەك بۇنداق جايدا تېخىمۇ ياخشىراق تەرەققىيات پۇرسىتىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزىمىز يەتتى. كاۋۇتۇدا بۆسۈش يوق، كۈنسايىن كۆپىيىدىغان جۇغلانمىمۇ يوق. كاۋۇتۇدا سىز پەقەت كاۋۇتۇنىڭلا تەرتىپىگە بويسۇنۇشىڭىز، توختىماي تېپىرلاشقا يۈزلىنىشىڭىز كېرەك. ئۇ سىزنى سىزگە ئېرىشتۈرگەن نەرسىلەر بىلەن باغلىۋالىدۇ، سىزنى بۇ يەردىن كەتكۈزمەيدىغان نەرسە پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا، خالاس.

كاۋۇتۇ ئەڭ دەسلەپتە باندىتلارنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. ياشانغانلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بىزنىڭ كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرغان بۇ ئەتراپ كونا كىگىز ئۆي ۋە چېدىرلار بىلەن تولغان جاي ئىكەن. كېيىن قىسىم كەلگەندە، بۇ يەردە بوز يەرلەر ئېچىلىپ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا لەخمە ئۆيلەر ياسىلىپتۇ. يەرگە چوڭقۇر ئورەك كولىنىپ، ئۈستى شاخ - شۇمبا بىلەنلا يېپىلىپ ياسىلىدىغان ئۆيلەر لەخمە ئۆي بولاتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ يەر بىلەن باشقا جايلارنىڭ پەرقى قالمىدى. دەرەخلىك يوللار، ئىككى رەت كېسەك ئۆيلەر سېلىنغان چوڭ - چوڭ قورۇلار، كەنت ئەتراپىدىكى سالا - سالا بۇغدايلىق ۋە بۇغدايلىق ئەتراپىدىكى بېدىلىكلەر ئوخشاش يېڭىلىقنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

باھاردا بىز يېقىن ئەتراپتىكى تاغقا چىقىپ موگۇ تەردۇق. بىز تاغنىڭ ئەڭ ئىگىز يېرىگىچە چىقتۇق. تاغ چوققىسى بەك سوغۇق، شامال

كۆچلۈك بولۇپ، قار گۈللىرى ئۇچۇپ تۇراتتى. بىز ئېگىز تاغ چوققى-
سىدا تۇرۇپ كاۋۇتۇغا نەزەر تاشلىدۇق. ئۇنىڭدا بىرەر يېڭى ئىزنا يوق
بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى قىياپىتىدە تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ بېكىك جاي.
ئۇ ھازىرقىدىنمۇ ياخشىراق بولالمايدۇ. ئەمما، ئۇ بولمىسىمۇ بولىدىغان
جاي ئەمەس... ئۇ تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەپ تۇرالايدۇ.

نۆۋىتىدە شۇ قېتىم تاغقا موگۇ تەرگىلى چىققان چاغدىكى ئىشلارنى
سۆزلەپ ئۆتەي. ئۇ كۈنى بىز تۆت تاغدىن ھالقىپ، تۈگمە چوڭلۇقىدى-
كى موگۇدىن ئاران ئىككىنى تاپتۇق. ئۇ خىل موگۇ ئىنتايىن ئاز
ئۇچرايدىغان تاغ گۆھىرى بولغاچقا، ئۇ موگۇلار تۈگمىچىلىك بولسىمۇ
تاش يۈرەكلىك بىلەن يىلتىزى بىلەن قوشۇپلا يۇلۇۋالدۇق. شۇنىڭغا
ئوخشاش ئۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان بولغاچقىلا تۈگمىچىلىك كېلەت-
تى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ موگۇلار بىلەن بىر قازان شورپا قايناتتۇق.

قانداقلا بولسۇن، باھار كەلدى. دەريا سۈيى دولقۇنلاپ، يەرلەر
ئىللىدى. غايەت زور بۇلۇتلار غەربتىن شەرققە قاراپ تېز - تېز سۈرۈ-
لەتتى. قۇياش ئۆزۈلۈپ - ئۆزۈلۈپ سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇتلار ئارىسىدىن
تال - تال نۇر دەستىلىرىنى زېمىنغا سانجىيتتى. بۇلۇتنىڭ كۆلەڭگىسى
چۈشكەن جايلار سوغۇق، نۇر دەستىلىرى سانجىلغان جايلار نۇرلۇق ۋە
ئىللىق ئىدى. ھەشەمەتلىك نۇر - جىلۋىگە تولغان دۇنيا! بىز تاغ چوق-
قىسىدا تۇرۇپ پەسكە قارىدۇق، كاۋۇتۇ بىزگە تونۇش دۇنيانىڭ سىرتىدا
تۇرغاندەك، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ قەلبىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز بىلەن مەڭ-
گۈ تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتۇق. بىز كۆچۈشنى قارار قىل-
دۇق. بىزنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىپ تېخىمۇ ياخشى ياشاش ئارزۇ-
يىمىز بار ئىدى. ئەمما، تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىش ئۈچۈن، تېخىمۇ
چەت - يىراق جايغا بېرىپ، تېخىمۇ جاپالىق كۈن كەچۈرۈشكە توغرا
كېلەتتى. شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە تېخىمۇ ياخشى كۈنلەرنى نابۇت قىلىۋېتى-
شىمىز مۇمكىن ئىدى. ھېسابلاپ كەلگەندە، ئۇ چاغدىكى كۈنلەر ھازىرقى

كاۋۇتۇدىكى ياخشىمۇ ئەمەس، ناچارمۇ ئەمەس بىر خىل ئۆتتىدىغان كۇنلەرگە ئوخشاپمۇ قالاتتى. ئۇ چاغدىكى بىز يەنە نېمىلەرنى ئويلار-مىز؟ بىز يەنىلا مېڭىشنى قارار قىلدۇق. كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىمىز مۇنداق: ئەتىيازلىق چارۋىلار تاغقا قويۇپ بېرىلىدىغان مەزگىلدە، بىز ئۆينى سېتىۋەتكەندىن كېيىن، دۇكاندىكى ماللارنى ئېلىپ چارۋىچىلارغا ئەگىشىپ تاغقا چىقتۇق. ئەمما، ئۇ قېتىمدا كۆپ پۇل تاپالمىدۇق. شۇڭا، تاغدىن چۈشىدىغان چاغدىكى كىراغا ئايرىغان پۇلىمىز 50 كىلومېتىرغا ئاران يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز شۇ جايدىلا بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، بىر قىشنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ياندۇرقى يىلى چارۋىچىلار تاغقا چىق-قاندا يەنە بىر قېتىم تاغقا چىقتۇق. ئۇ قېتىم بىز ياخشى پۇل تاپتۇق. بىراق، تاپقان پۇلىمىز ئاشۇ 50 كىلومېتىرلىق جايدىكى بىز ئىجارىگە ئالغان ئۆينى سېتىۋېلىشقا ياكى كاۋۇتۇغا قايتقاندىن كېيىن بىر يىل ئۆي ئىجارىگە ئېلىشقا يېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز قايتا – قايتا ئويلانغاندىن كېيىن كاۋۇتۇدىن ۋاز كەچتۇق.

كېيىن بەزىبىر ئۇششاق – چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن كاۋۇتۇغا بىر نەچچە قېتىم باردۇق. ئەمما، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كاۋۇتۇدىن ئايرىلىشى-مىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەن ئىكەنمىز. شۇڭا، ئا-خىرقى قېتىمقى مەنزىرە ئېنىق ئېسىمدە يوق. ئەمما، مەن تۇنجى قېتىم-دىكى مەنزىرىنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن. چۈنكى، مېنىڭ تۇرلۇك – تۈمەن خىل كەچۈرمىشلىرىم ئاشۇ تۇنجى قېتىمدىن باشلانغان بولۇپ، مەڭگۈ ئاخىرلاشمايتتى.

## كاۋۇتۇدا ئاغرىپ قالغاندا...

كاۋۇتۇنىڭ دوختۇرخانىسى ھەقىقەتەن غەلىتە جاي. دوختۇرخانىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىككى قاتار بىر قەۋەتلىك ئۆي قورۇنى قورشاپ تۇراتتى، ئوتتۇرىدا تېخى بايراق خادىسى بار ئى-

دى. دۆلەت بايرىقى خادىسىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئىككى-ئۈچ مو يەرگە ئاپتاپپەرەس تېرىلغان بولۇپ، يەنە بىر تەرىپىدە كۈدە پارنىكى بار ئـ- دى.

ئۇ دوختۇرخانىدا دوختۇرلارمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئىشخانىدا جىددىي قىياپەتتە ئولتۇرۇشاتتى. ئەمما، بىرسى نومۇر بېرىدىغان، بىرسى ھېسابلايدىغان، يەنە بىرسى دورا بېرىدىغان ئىشلار يوق. ئەگەر كېسەل كۆرسەتكىلى كىرىپ قالسىڭىز ، پەقەت بىرلا دوختۇر ھەممە ئىشنى پۈتكۈزىۋېتىدۇ.

دوختۇر جىددىي قىياپەتتە تومۇرىڭىزنى تۇتىدۇ، تىلىڭىزنى كۆرىـ- دۇ، قان بېسىمىڭىزنى ئۆلچەيدۇ، يەنە جىددىي قىياپەتتە تىڭشىغۇچ بىلەن ئۇزاقتىن – ئۇزاق تىڭشايدۇ، ئاندىن تېخىمۇ جىددىي قىياپەتتە رېتسېپ يازىدۇ. ناۋادا سىز كېسەللىك ئەھۋالىڭىز توغرىسىدا سوراپ قالسىڭىز ، ئۇ ھېچنېمىنى دەپ بەرمەيدۇ. ئۇ جىددىي قىياپەتتە سول قول تەرىپىـ- دىكى تارتمىنى بىر ھازا ئاختۇرغاندىن كېيىن بىر ئەينەك بوتۇلكىنى ئـا- لىدۇ-دە، جىددىي قىياپەتتە بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئاپپاق دورىلار- نى سول ئالقىنىغا ئاستا تۆكىدۇ، ئاندىن ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن دورىلارنى ساناشقا باشلايدۇ... 100 تالدىن 200 تالغىچە دورىنى(ئۇ دورا سىز بەش قېتىم ئاغرىپ قالسىڭىزمۇ يېتىدۇ) ئەستايىدىللىق بىلەن ساناپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى ئاشقان دورىنى بوتۇلكىغا سېلىۋېـ- تىپ، كۆرۈۋاتقان ژۇرنالنىڭ بىر ۋارىقىنى ناھايىتى مەغرۇرانە ھالدا «جارت» قىلىپ يىرتىپ، دورىنى كەسكىن قىياپەتتە ئورايدۇ-دە، تېخىمۇ كەسكىن قىياپەتتە «بىر كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ تال» دەيـ- دۇ.

كىچىككىنە كېسەلگە بېرىلگەن دورا سىزنى چۆچۈتمەي قالمايدۇ.

ئۇلار رېتسېپ يېزىپ دورا بېرىشتىن باشقا يەنە كېسەللەرگە ئاسما ئوكۇلمۇ ئۇرىدۇ. ھە راست، مەن باشقىلارغا ئۇ دوختۇرلارنىڭ بەرگەن

دورىسىنىڭ ئادەمنى ئەنسىرىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتسام، ئاڭلىغۇچى چوقۇم ھەيران بولىدۇ. ھازىرغىچە، بارلىق كىشىلەر ئىچىدە پەقەت مەنلا پەقەت دورا بېرىدىغان مۇئامىلىدىن بەھرىلىنىپ كەلدىم. ئەمما، باشقىلار دوختۇرخانىغا كىرگىنىدە باشقا گەپ - سۆزسىزلا ئالدى بىلەن بىر نەچچە بوتۇلكا ئاسما ئوكۇل ئۇردۇرۇشقا بۇيرۇلىدۇ، قالغان گەپلەر ئوكۇل تۈگىگەندىن كېيىن دېيىلىدۇ. كېسەلنىڭ ئېغىر ياكى يېنىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئاسما ئوكۇل ئۇرۇلىدۇ.

دېگەندەك، مېنىڭ ئۇ دوختۇرخانا بىلەن بولغان ئىككىنچى قېتىملىق ئالاقەمدە تەلىيىم كەلمەي قالدى، ئالدى بىلەن ئىككى بوتۇلكا ئاسما ئوكۇلنى ياۋاشلىق بىلەن بەدىنىمگە ئاققۇزۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئۇ قېتىمقى كېسەللىمنى مەن بىر نەچچەيلەن بىللە دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى تاغبەچى دېگەن سۇ ئامبىرىغا بېلىق تۇتقىلى بارغاندا تېپىۋالغان ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ گېپى تولىمۇ كۆپ ئىدى. مەن ئۇنى تونۇمايتتىم، ئەمما، ئۇ ناھايىتى كەسكىن تەلەپپۇزدا ماڭا ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىشلارنى بۇيرۇپلا تۇراتتى. مەن ئۇنى يېزا ئورگىنىدا خىزمەت قىلامدىكىن دەپ پەرەز قىلغانىدىم. مەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇ بەلگە كېلىدىغان جايدا تۇرۇپ بېلىق تورىنى تارتىشىپ بېرەتتىم، سوغۇقتىن چىشلىرىم كاسىلداپ كەتسىمۇ قولۇمنى ھەرگىز بوشىتىۋەتمەيتتىم، چۈنكى باشقىلارنىڭ ھەممىسى كۈچىنىڭ بارىچە تورنى تارتاتتى. ئەمما، ھېلىقى كىشى تورنى بەك پەس تۇتۇۋالدىڭ، دەپ مەندىن رازى ئەمەس ئىدى. مېنىڭ بويۇم شۇنچىلىك تۇرسا، ماڭا نېمە ئامال؟ شۇنىڭ بىلەن مەن: «زۇكام بولۇپ قالىدىغان بولدۇم!» دەپ غودۇراپ كەتكەنىدىم.

ئۇ گېپىمگە جاۋابەن مەرتلەرچە: «دوختۇر پۇلىڭىزنى ئاتچوت قىلىپ بېرىمەن» دېگەنىدى.

ئاقىۋەت، مەن راستلا زۇكام بولۇپ قالدىم، كارىۋاتتىن قوپقىدەكمۇ

مادارىم يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپام مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئويلىمىغان يەردىن، ھېلىقى كىشىمۇ دوختۇرخانىدا ئاسما ئوكۇل ئۇردۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، مەن دوختۇر پۇلۇمنى ئاتچوت قىلىش ئىشىنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم.

ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، مەن دوختۇرخانىدا يېزا ئورگىنىنىڭ كادىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرىدىم، يەنى، ئۇرۇلغان ئوكۇل سۈيۈقلۇقى ئوخشاش، ئولتۇرغان سوغۇق ياغاچ ئورۇندۇق ئوخشاش، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا كېسەللىك ئەھۋالىمنى دوختۇردىن سورىيالمىدىم، ئوكۇل سۈيۈقلۇقىمۇ ئۇنىڭكى بىلەن تەڭلا ئېقىپ بولدى. ئاخىرىدا يەنە دوختۇرخانىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تەڭلا بايقىدۇق... ئۇلارنىڭ بىز بىلەن كارى بولمايلا ئىشتىن چۈشۈپ كەتسىمۇ مەيلى ئىدى، ئەمما، ئۇلار ئىشكىلەرنى تاقىمايلا ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى!

ئۇ يېزا ئورگىنىنىڭ كادىرى بولغىنىغا تۇشلۇق نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەمكىن ئىدى. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىز بىر - بىرىمىزنىڭ بىلىكىگە سانجىلغان يىڭنىلەرنى تارتىپ قويۇشتۇق.

قىسقىسى، سىز كاۋۇتۇدا ئاغرىپ قالسىڭىز چوقۇم ئۆزىڭىز بىر ئامال قىلىشىڭىز، ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئاز بېرىشىڭىز كېرەك.

كاۋۇتۇدا ئۇ دوختۇرخانىدىن باشقا يەنە بىر يەردە كېسەل كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ۋىۋىسكىسىغا «مۇتەخەسسىس ئامبۇلاتورىيەسى» دەپ يېزىلغان بىر شەخسىي ئامبۇلاتورىيە.

ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ مۇتەخەسسىس كاۋۇتۇ دوختۇرخانىسىنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقى بولۇپ، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان ئىدى. بىز ئۇنى «سېمىز دوختۇر» دەپ ئادەتلەنگەن. «سېمىز دوختۇر» دېگەن ئىكەنمىز، ئۇ چوقۇم ناھايىتى سېمىز -

دە. شۇڭا بىز ئۇنىڭ يېنىغا بەك ئاز بارىمىز ، ئۇ بەكلا سېمىز ئىدى!
بىر ئادەم قانداق بولۇپ بۇنچە سەمىرىپ كېتىدۇ؟ ئۆزىنىڭ تېنىنىمۇ
كونترول قىلالمىغان دوختۇرغا يەنە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

ئەگەر كاۋۇتۇدا مەن كۆرگەن ئەڭ سېمىز ئايال ۋانزىلانىڭ ئاپىسى
بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، مەن كۆرگەن ئەڭ سېمىز ئەر، ئەلۋەتتە،
ئاشۇ دوختۇر بولىدۇ. نېمە دەي؟ ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ بىر پۇشقىقى مېنىڭ
ئازادە كۆڭلەك قىلىپ ئۆزگەرتىپ تىكىپ كىيىشىمگە يېتىدۇ. ئەمما، بۇ
ئوخشىتىشىم تازا جايىدا بولماي قالدى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئىشتىنى دائىم
پاسكىنا تۇراتتى.

بىراق، بۇ دوختۇرنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ياشلاردىكى نەۋرىسى بەكلا
چىرايلىق بالا بولۇپ، يۈزى ئاپپاق ئىدى. ھەم قويۇق ھەم ئۇزۇن، ئې-
گىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى چاقناپ تۇ-
رىدۇ. ئۇ دائىم تاقىرباش يۈرەتتى، پەقەت بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىدە مېتال
تەڭگىچىلىك جايىدا چاچ قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ چاچ چىرايلىق ئۆرۈ-
لۈپ، قىزىل لېنتا چىگىپ قويۇلاتتى. بۇدرۇققىنە كەلگەن بۇ بالا ئەتى-
دىن كەچكىچە يىقىلىپ – قوپقىنىچە ئۇ ياندىن بۇ يانغا يۈگۈرۈپلا يۈرى-
دۇ. ئۇنىڭ سېمىز بوۋىسى چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىن(ئۇنىڭ ئامبۇلا-
تورىيىسى بىلەن چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنى يول ئايرىپ تۇرىدۇ) سۇ ئې-
لىپ كېلەتتى. ئۇ سۇنى كۆتۈرۈپ بىر نەچچە قەدەم ماڭمايلا دېمى سى-
قىلىپ قالاتتى ـ دە، يول ياقىسىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ ئارام ئالاتتى. نەۋ-
رىسى يىقىلىپ قوپقىنىچە يۈگۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلاتتى. بالا يۈگۈرۈپ كې-
لىپ بوۋىسىنىڭ يوتىسىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئېسىلىۋالاتتى ـ دە،
خۇددى قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈلكىسى ئەتراپنى بىر ئالاتتى.

ئەگەر ئۇ ماڭا ئۇچراپ قالسا، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئۇنىڭ
بۇرۇن ۋە يۈزلىرىنى چىمدىپ، بىلەكلىرىنى سىلاپ كېتىمەن، خۇددى
ئۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك... ئۇ نېمانچە

چىرايلىق بالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سېمىز دوختۇر ئۇنچە...

شۇ قېتىم كاۋۇتۇ دوختۇرخانىسىدا ئۇرۇلغان ئاسما ئوكۇل گەرچە زۇكىمىمنى ساقايتىۋەتكەن بولسىمۇ، دىمىقىم ئىششىپ نەپەسلىنىشىم راۋان بولمايلا قالدى. بىر كۈنى سېمىز دوختۇرنى ئۈچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇ بىر پەس ئەستايىدىل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:«رېئاكسىيە خاراكتېرلىك بۇرۇن ياللۇغى» دەپ جاۋاب بەردى.

«رېئاكسىيە خاراكتېرلىك بۇرۇن ياللۇغى!» بۇ نېمە دېگەن ئۆل-چەملىك كەسپىي ئاتالغۇ – ھە! شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى بوش چاغ-لىمايدىغان بولدۇم.

مەن يەنە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتىشنى قارار قىلدىم.

ئۇنىڭ ۋىۋىسكىسى كىچىكنىڭ بىر تەرىپىدىكى كېسەك تامغا ئېسىل-غان بولۇپ، ئاق رەڭلىك ۋىۋىسكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە سۇس قىزىل رەڭلىك قىزىل كرېست بەلگىسى، ئاستى تەرىپىدە«مۇتەخەسسىس ئام-بۇلاتورىيەسى» دېگەن خەنزۇچە قارا رەڭلىك خەت، ئۇنىڭمۇ ئاستى تەرىپىدە بىر قۇر يېشىل رەڭلىك قازاقچە خەت بار ئىدى.

مەن ئۇلارنىڭ قورۇ تېمىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، كىرىش ئىشىكىنى تەستە تاپتىم. قورۇ تېمىنىڭ ئۆزۈلگەن جايىغا ئاستى – ئۈستى ئىككى تال چەنزە توغرىسىغا بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇ ھېسابتا قورۇنىڭ كىرىش ئىشىكى ئىدى. بۇ يەردە كۆپ قىسىم ئائىلىلەرنىڭ قورۇسىنىڭ كىرىش ئىشىكى شۇنداق بولۇپ، مال – چارۋىلارنىڭ قالايمىقان سىرتقا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئەمما، ئادەملەر بىمالال كىرىپ چى-قالايدۇ. مەن ئىككى تال چەنزىنىڭ ئارىلىقىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ھويلىغا كىردىم. سېمىز مۇتەخەسسىسنىڭ 13 ياشلىق ئوغلى ھويلىنىڭ بوش يېرىدە يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە كېسەك قۇيۇۋاتاتتى، كۆچلۈك كۈن نۇرى ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن دۈمبىسىگە سانجىلىپ تۇراتتى. ھويلىدىكى بىر توپ مېكىيان ھويلىغا بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ كىرگەنلى-

كىنى كۆرۈپ، قاقىلداشقىنىچە ھويلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كۆكتاتلىققا قېچىپ كېتىشتى.

ھويلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كېسەك ئۆيلا ھاكلانغان بولۇپ، ئىـ شىكىگە ئاق رەڭلىك پەردە تارتىلغانىدى، شۇڭا، مەن ئۇدۇل شۇ تەرەپـ كە ماڭدىم. ئىشىكتىن كىرگەندىلا كىچىك كارىدور بولۇپ، كارىدورنىڭ ئۇدۇلى ۋە ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئىشىك بار ئىدى. مەن سول قولنى بېسىپ مېڭىپ ئاۋاز ئاڭلانغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، دېگەندەك سېـ مىز مۇتەخەسسىس كونا زامانلاردىكى سۇس كۆك سىردا سىرلانغان ياـ غاچ ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ناھايىتى سالماق ھالەتتە ئولتۇراتتى. ئۇ سالماق ئولتۇرغاندەك قىلسىمۇ، خۇددى ئېغىر ئىش قىلىۋاتقان ئادەمدەك توخـ تىماي ھاسىرايتتى.

مېنىڭ ئالدىمدىكىسى بالىسىغا دورا ئالغىلى كەلگەن بىر ئاتا بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات قىلغان ھالدا بالىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سېـ مىز مۇتەخەسسىسكە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. سېمىز مۇتەخەسسىس بولسا «ھە... ھە...» دېگىنىچە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بىر پەس قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن كېلىۋاتقان ئادەمنى تولىمۇ بىئارام قىلىـ دىغان كۈچلۈك پۇراقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئولتۇرغاچ ئىچىمدە ئويلىدىمكى، سەل تۇرۇپ ماڭا نۆۋەت كەلگەندە ئامال بار جىقراق گەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاغزىنى ئېچىش پۇرسىتى بەرمەيمەن.

ئۇ تەرەپتە، بىزنىڭ سېمىز مۇتەخەسسىسىمىز رېتسېپ يېزىپ دورا بېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئىككىلەنگەن ھالدا قولىنى پەلـ توسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ بىر ھازا ئاختۇرغاندىن كېيىن، ناھايىتى تەستە بىر تىزىق ئاچقۇچنى چىقاردى. ئاندىن ئارىسىدىكى بىر تال كىـ چىك ئاچقۇچنى تاللىۋالغاندىن كېيىن ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ، بىر دەم

قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاچقۇچنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.
ئاندىن كېيىن، ئۇ ئاچقۇچنى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەر-
جىدىكى ئاستا سۈرئەت بىلەن ئوتتۇرىدىكى تارتمىنىڭ قۇلۇپىغا سال-
دى... ئۇ يېقىن يەلپىگۈچتەك قوللىرى بىلەن شۇنچە كىچىك ئاچقۇچنى
تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە شۇنچە كىچىك قۇلۇپنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.
ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سالالمىغانچە ئۇنىڭ نەپىسى تېز لىشىپ كېتىۋاتاتتى...
مېنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپلا ئاچقۇچنى تارتىۋېلىپ ئۇ قۇلۇپنى شاراققىدە
ئېچىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى.

ئۇ ئاخىرى قۇلۇپنى ئاچتى، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن كۆلۈپمۇ ئۆلگۈر-
دى. كېيىن ئۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە قولىنى تارتمىغا سېلىپ ئاختۇرۇشقا
باشلىدى. ئۇ بىردەم ئاختۇرغاندىن كېيىن، خۇددى سېھىرگەرلەردەك
تارتمىدىن ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر ئالىيېشىل سۇلياۋ بولاقنى چىقاردى، ئۇ
ئۆسمۈرلەر زۇكام دەملىمىسى ئىدى. ئۇ يوغان بارماقلىرى بىلەن سۇلياۋ
بولاقتىكى كىچىك خالتىلارنى بىردىن - بىردىن، ئىنچىكىلىك بىلەن سا-
نىدى. ئۇ ساناپ 13 ياكى 15 كە كەلگەندە ئېزىپ قېلىپ قايتا ساناپ
چىقتى. ئالدىدا ئولتۇرغان ھېلىقى كىشىمۇ ئۇنىڭغا «......8...9...
10...11» دەپ سانىشىپ بېرەتتى. ئىككى ئەركەكنىڭ ئىككى خانا ئى-
چىدىكى ئاشۇ كىچىك سانلارنى سەۋرچانلىق بىلەن سانىشى ھەقىقەتەن-
مۇ كۈلكىلىك ئىدى...

ئۇلار كىچىك خالتىلارنى ئالدىرىماي ساناپ 30 غا كەلگەندە، ئىخ-
تىيارسىز ھالدا ئاغرىق بالىغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. بەلكىم، ئۇ بالا كې-
سىلى ساقىيىپ كېتىپ يەنە ئۇن نەچچە كۈنلەرگىچە ئىچەر ئۇ دورىنى...

دورا ئاخىرى سانىلىپ بولدى، بىز نىڭ سېمىز مۇتەخەسسىسىمىز
بىر قولىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر خالتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بى-
لەن ئالدىرىماي - تېنىمەي كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قولىنى
يەنە ئالدىرىماي - تېنىمەي تارتمىغا سېلىپ بىر قايچىنى ئالدى. ئۇنىڭ

تارتمىسى ھەقىقەتەن بىر سېھىرلىك ساندۇققا ئوخشايتتى.

قايچا بىر - بىرىگە تۇتاش دورا خالتىلىرىنى كېسىپ ئايرىشقا ئىشلىتىلەتتى، ئەمما، ئۇ بىر خالتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىنلا كېسىپ تاشلىدى، ئۇششاق دورا دانىچىلىرى ئۈستەل ئۈستىنى بىر ئالدى. قارىغاندا ئۇ كۆزەينەكنى بەك بالدۇر ئېلىۋەتكەندەك قىلاتتى.

ئۇ «ياق...ياق» دەپ غودۇرىغىنىچە بىر قولى بىلەن ئۈستەل ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان دورىنى يىغىپ يەنە بىر قولىنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈردى.

مەن ئۇنى ئۇ دورىنى تاشلىۋېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇ دورىنى ئالقىنىدا چىڭ سىقىمدىغىنىچە تۇرغىنىدىن قارىغاندا، تاشلىۋەتكۈسى يوقتەك قىلاتتى.

ئەمدى ئۇ ئۇ دورىنى بىر ۋاراق قەغەز تېپىپ ئورايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلماقچى بولۇپ، ئۇياق - بۇياققا قارىدى، ئاندىن قۇرۇق ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى بىر قۇر سىلاپ چىقتى. ئاخىرىدا ئۇ قوللىرى بىلەن «ئامال بولمىدى» دېگەن ئىشارىنى چىقاردى-دە، ئالقىنىدىكى دورىنى ھېلىقى كىشىنىڭ ئالقىنىغىلا تۆكۈپ بەردى.

مەن ئەمدى ئۇ چېچىلىپ كەتكەن بىر خالتا دورىنى تولۇقلاپ بېرىدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما، ئۇ ئېشىپ قالغان دورىلارنى ئاستا يىغىپ تارتمىغا سالدى-دە قۇلۇپىنى باستى...

ھېلىقى ئاتا چېچىلىپ كەتكەن دورىنى سىقىمدىغىنىچە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، دورىنى ئاغزىغىلا ئاتتى.

ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى. ھەيرانلىقىمدىن ئەسلىمگە كېلەلمەي تۇرۇپلا قالمىغان بولسام، ئاللىبۇرۇن تىكىۋېتەتتىم...

مېنىڭچە، مەن يەنە 20 يىل چېنىقسام ئاندىن بۇ يەردىكى يۇرتداشلارنىڭ ھۈنىرىگە يېتەلەرمەنمىكىن. ھازىرچە بولمايدۇ، مەن يەنە كۆپ ئىشلارنى كۆرۈشۈم، ھەرەج تارتىشىم، بىرەر نەرسىگە ھەيران قال-

مايدىغان بولۇشۇم كېرەك...

شۇنىڭ بىلەن مەن كېسەلنىڭ گېپىنى تىلغا ئالماي، لوشۇەنىپىسو ئالدىغانلىقىمنى دېدىم.

بۇ قېتىم ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى، دورا سەل قىممەت بولۇپ قال-غاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىچە ئاۋارىچىلىق بولمىدى.

ئەمما، ئۇ ماڭا ئۈچ مونى كەم قايتۇرغانىدى.

ئۈچ مونىڭ كارى چاغلىق، مەن يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا ئېھتىياتسىزلىقتىن شۇنداق قىلىپ قويدى، دەپ بىلدىم. مەن ئورنۇمدىن قوزغالغان چېغىمدا ئۇ چۈشەنچە بېرىپ:« رەسمىيەت ھەققى ئۈچ مو...»دېدى.

رەسمىيەت ھەققى؟ قانداق گەپ بۇ؟ مەن ئۇنىڭغا بىر قولدا پۇل بېرىپ، بىر قولدا ئۇنىڭدىن دورا ئالغان تۇرسام. يا مەن ئۇنىڭغا تەك-شۈرۈتۈپ، دىياگنوز قويدۇرمسام، نەدىن كەلگەن رەسمىيەت ھەققىكەن ئۇ؟

ئۇ يەنە بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، «نومۇر ھەققى!» دېدى.

مەن دورا قۇتىسىنى سىقىمدىغىنىمچە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، كۆككە يۈزلەنگىنىمچە ئۇزاق ئويلاندىم. ئۇلارنىڭ توخولىرى ئەمدى ما-ڭا كۆنۈپ قالغاندەك ئىدى، ئەتراپىمدا ئۇ يەر، بۇ يەرنى تاتىلىغىنىچە يېمەكلىك ئىزدەيتتى، ھەتتا، ئاياغلىرىمنىمۇ چوقىلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگىنىچە ئىش قىلىۋاتاتتى.

## سەھرادىكى توي مەشرىپى

مەن مەشرا بىلەن سەھرادىكى بىر تويدا تونۇشقان. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە مېھرى ئىسسىق ياش بولۇپ، بىر كۆرۈپلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. ئەمما، مەن مۇشۇ ئەپتىم بىلەن قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇسسۇل ئوينىيالايمەن؟ ئاياغلىرىم توپا، ئىشتىنىمنىڭ تىزلىرىغا

ئۇن يۇقۇندىسى چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ، كە-
يىم ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۇ يەرگە بارغانىدىم. ئەڭ ياخشى كىيىم-
لىرىم ئۆيدە قالغانىدى...

شۇڭا مەن دەرھال ئۆيگە يۈگۈرگەن پېتى قايتىپ، يۈز - كۆزلە-
رىمنى يۇدۇم-دە، دەزماللانغان كۆڭلىكىمنى كىيىپ باردىم.

ئەمما، مەن تازا ياسىنىپ، خۇشال - خورام ھالدا تويغا قايتىپ
بارغىنىمدا مەشرا قايتىپ كەتكەنىدى. مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاتتىق
ئازابلاندىم. ئەمما، مەن باشقىلاردىن ئۇنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئەپسىز كۆ-
رۈپ، ئۇنى بىر چاغدا كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بىر چەتتىكى ئورۇن
دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم.

مەن ئۇنى بەك ئۇزاق ساقلىدىم، ھەش - پەش دېگۈچە سەھەر
سائەت 2 بولۇپ كېتىپتۇ، توي كەچ سائەت 12 دە باشلانغانىدى. دەريا
بويىدا دۇكان ئاچقان تانىمبېك ئېلېكترونلۇق رويال چالاتتى. ناخشى-
چىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلىنىپ ئۇنىڭ بېيىدا تۇرۇپ ناخشا ئېيى-
تاتتى. چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ چۆرگىلەپ تۇرۇپ ئوينىلىدىغان ئاي
ئۇسسۇلى ئوينىلىپ بولدى، «قارا يورغا» مۇ ئوينىلىپ بولدى، تانسىمۇ
بىر نەچچە قېتىم ئوينالدى، ئەمدى بولسا دىسكو قايناۋاتقان ئىدى. ھويلى-
غا يىغىلغان ياشلار بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى، ئەمما، مەشرا يوق ئى-
دى. مەن ساقلىغانچە ئازابلىنىۋاتقان ئىدىم، ئەمما، نېمىشقا بۇ يەردىن كەت-
كۈم يوق؟ھامىنى مېنى بىرى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدىغاندەك، مەنمۇ
خۇشاللىق بىلەن تەكلىپنى ئىلىك ئېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدىغاندەك تۇيى-
غۇ مەندە بار ئىدى. ئەمما، كۆڭلۈمدىكى غەشلىك سەۋەبىدىن خۇشال
بولالمايتتىم.

ئۇنداق چاغلاردا قانچىلىك ھاياجانغا چۆمۈلۈپ كېتىدىغىنىمنى دەپ
بېرەلمەيمەن. تويلار ھەقىقەتەن بەكلا قىزىپ كېتەتتى. پۈتۈن ئىشتىياق
بىلەن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھارغان چاغدا ئىسسىق ئۆيگە

كىرىپ ھاردۇق چىقارغاچ تاتلىق ـ تۈرۈملەردىن يەپ، قىزىق چايدىن قانغىچە ئۇتلاش قانداق ھۇزۇرلۇق ئىش ـ ھە! كاڭنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ دومبىرا، ئىسكىرىپكا چېلىپ، ناخشا ئېيتىشۋاتقان ياشلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىپ، بەدەن سەل ئىسسىشۋالغاندىن كېيىن يەنە چىقىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدىغان گەپ، كىشى خۇددى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئويىنىسىمۇ قانمايدىغاندەك.

بۈگۈن كەچتىكى تويمۇ ئوخشاشلا قىزىسىماقتا ئىدى، ھەر قانداق تويدىن قالمايدىغان ئاتىقان بوۋاينىڭ كېلىشى بىلەن ھەممە تەڭلا چوقان سېلىشىپ كەتتى. 70 ~ 80 ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ بوۋاي ناھايىتى قىزىقچى بولۇپ، تۈگمەس ھەزىللىرى بىلەن سورۇننى قىزىتىپلاۋېتەتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى ھەر خىل شەكىلدە ئۆزگەرتىپ ھەزىل قىلىشلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ، ھەتتا، كۆزى بىلەن بۇرنىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرالايتتى. ئۇ كىمگە قارىسا شۇ ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈپ كېتىدۇ. ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، قانداقلا مۇزىكا چېلىنسا ئۇ زوڭزىيىپ تۇرۇپ قەدىمىي ئۇسسۇل ـ «قارا يورغا» ئۇسسۇلىنى ئويناۋېرىدۇ. ئۇ ئۇسسۇلنى ئۆزىنىڭ ۋارقىرىشىنىڭ رىتىمىغا چۈشۈرۈپ ئوينايدۇ، ئېلېكترونلۇق روياللىنىڭ ئاۋازى ئاسمان ـ پەلەك ياڭراپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئۇسسۇلغا قىلچە تەسىر قىلالمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس شەكىل بىلەن سورەن كۆتۈرۈپ، ئۇسسۇلچىلار تويدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ، مورىلىرىنى ئېتىپ بېرىلىپ ئويناشلىرى خۇددى ئۇ قەدىمكى زامان كىشىلىرى بىلەن تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان بولۇپ، بەدىنىدىن «گۈپۈلدەپ» ھاراق پۇرىقى كېلەتتى، ئاي ـ يىللار مۆكچەيتكەن بەدىنى ئېغىر ئىدى. ئەمما، بىر ئۆرە تۇرۇپ بىر زوڭزىيىش ئارىلىقىدا ئۇنى ئېغىر بىر نەرسە بېسىپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ كۆك قەرىدە غايەت زور دولقۇننى بايقىغاندەك، باشقا بىر دۇنيادىكى ئۆزى بىلەن ئۇسسۇلغا

چۈشكەن گۈزەل پەرىنى كۆرگەندەك، كۆز ئالدىدىكى دۇنيادىن ھالقىغان ھالدا بىرىلىپ ئوينايتتى. مۇزىكا ئۇنىڭ روھىدا، ئىنتايىن نازۇك ۋە ساپ قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان پەيت ــ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ شاد - خۇراملىققا تولغان پەيتىمىدۇ؟

توزدەك ياسانغان چىرايلىق قىز نەبىرە ئېلېكتىرونلۇق روياللىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ناخشىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، ناخشىنىڭ رىتىمى ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. ئۇ بىز دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان قازاقچە مودا ناخشا بولۇپ، مەيداندىكىلەرمۇ ئەگىشىپ ئېيتماقتا ئىدى.

قىيا - چىيا، شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە ئاتىسىغان بوۋايدىن نەبىرە ئېيتىۋاتقان ناخشىنىڭ مەنىسىنى ۋارقىراپ تۇرۇپ سورىدىم. ئۇ گېپىمنى تەستە ئاڭلىدى ۋە مەنىسىنى دەپ بەردى:

«ياخشى كۆردۈم بىر قىز نى، قانداق قىلاي؟
ئۇ قىز نى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، قانداق قىلاي؟
چىن يۈرەكتىن سۆيدۈم ئۇنى، پەقەتلا ئۇنى،
ۋىسال ئۈچۈن تولا تالدىم، قانداق قىلاي؟»
مەنمۇ ئىچىمدە:«قانداق قىلاي؟» دېدىم.

ئەمما، سىمىز كەلگەن ئائىلە ئايالى ئازادگۈل قىزىقارلىق قىلىپ: « ئۇ ناخشىنىڭ مەنىسىچۇ سەن مېنى ياخشى كۆرسەن، مەن سېنى ياخشى كۆرمەن، دېگەن گەپ» دېدى.

ئەمما، ئاۋۇ كۈلكە - چاقچاق بىلەن قىزىقچىلىق قىلىشىپ تۇرغان ياشلار يەنە باشقىچە مەنىدە:« سەن مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولساڭ، مەن سەل تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىمەن»دەپ تەرجىمە قىلىشاتتى.

مەشرا نېمە دەر؟ بۇ ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل كېچە ئىدى، مەن پۈتۈن ئەس - يادىم بىلەن بىرسىنى خىيال قىلماقتا ئىدىم. نېمە

ئۈچۈن ئۈمىد بارلىقىنى بىلمەيتتىم، ئەمما، بۇنداق كېچىدە يۈز بەرگەن
ھەر قانداق كەچۈرمىش شەكسىز لىككە تولغان بولىدۇ... مەن كىشىلەر
توپىدىن چىقىپ، خالىيراق بىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇم. ئۆيدىكى تام
مەشىنىڭ ئۈستىدىن پاكىز چىنىدىن بىرنى ئالدىم-دە، دوخوپكىغا يېقىن
ئولتۇرۇپ چاي ئىچتىم، قولۇمنى دوخوپكىنىڭ ئىچىگە سۇنۇپ مۇزلاپ
كەتكەن قوللىرىمنى ئىللىتتىم. خىيال قىلغانچە مەنىسىز بىلىنىپ، ئۆيگە
قايتىش- قايتماسلىق توغرىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. بۇ چاغدا رى-
تىمى ئاستىراق مۇزىكا قويۇلدى، مەن چىنىدىكى چاينى بىر كۆتۈرۈپلا
ئىچىۋەتتىم-دە، سىرتقا چىقىپ ئۇسسۇلچىلار توپىغا قوشۇلۇپ كەتتىم.

ئادەم تېخىمۇ كۆپەيدى. سەھەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ
كەتكەن بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاپپاق ھور پۈركۈلۈپ
تۇراتتى، ئۇسسۇل ئوينىمىغانلار بولسا، پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە كۈچەپ
ئۇرۇشاتتى. ئەمما، پارقىراپ تۇرغان يۈزلىرىدىن، چاقناپ تۇرغان كۆز-
لىرىدىن ئۇلارنىڭ سوغۇقنى ئازراقمۇ ھېس قىلمىغانلىقى بىلىنىپ تۇرات-
تى. جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ياشلار ئۇسسۇلغا
قانغاندىن كېيىن، قول تۇتۇشقىنىچە توپتىن ئايرىلىشاتتى-دە، رەڭمۇ
رەڭ قەغەز گۈللەر ئېسىلغان دەرەخ ئاستىغا، ئېشىك ئالدىدىكى پەلەمپەي-
نىڭ يېنىغا، ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ كەينىگە، كارىدورنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئۇ-
زۇن ياغاچ ئورۇندۇقا، خالىي ئۆيگە... بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ باشقىچە
پاراڭلىرىنى باشلايتتى، ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى... شۇنىڭ بىلەن
ئۇزاق كېچە ھەقىقىي باشلىناتتى.

ئەمدى ئېلېكترونلۇق رويالنىڭ ئالدىغا بىر كىچىك بالا ئۆتكەن
بولۇپ، ئۇ چالغان مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇ ناخ-
شىدىن توختاپ قالسا، قەيەردىدۇ بىرى ئۇلاپ ئېيتاتتى. ھويلىنىڭ بىر
بۇلۇڭىدىكى گۆش پىشۇرغان ئوت ئاللىبۇرۇن ئۆچكەن بولۇپ، كۆل
دۆۋىسىدە ئۇششاق چوغ دانىچىلىرى خۇددى يۇلتۇزدەك ئۇ يەر - بۇ

يەردە سۇس چاقناپ تۇراتتى. مەن قالايمىقان خىياللار بىلەن يەنە بىر-دەم تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتماقچى بولدۇم.

سەھەر سائەت ئۈچ بولغاندا «يىگىتىم» قۇلان كەلدى. ئۇ ھەقىقە-تەن كىشىنى خۇش قىلالايدىغان ھەمراھ ئىدى. بىز بىر - بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى چاقىرغىنىمىزچە يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. مەيداندىكى ئۇسسۇلچىلار باشلىرىنى بىز تەرەپكە بۇراپ كۈلۈشۈپ كې-تىشتى. ئەمدى مەن ئىلگىرىكى توي مەشرەپلىرىدە ئېرىشكەن، پەقەت ياشلارلا ھېس قىلالايدىغان خۇشاللىق، بەخت تۇيغۇسىنى تاپقاندىم. گەرچە كىشىنى كۈلكىگە قىستايدىغان ھېچقانداق گەپ - سۆز بولۇنمى-غان بولسىمۇ، بىز قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىمىزچە ئۇسسۇل ئويناپتتۇق. مۇ-زىكىنىڭ رىتىمى تېز ھەم شوخ بولۇپ، ھېچبىر ئاخىرلىشىدىغاندەك قىل-مايتتى. مەن تەرلەپ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسامۇ، ئۆزۈمنى توختىتىۋالالمايتتىم، ھارغىنلىقنىمۇ ھېس قىلالمايتتىم. مەن ئاي-لىنىۋېتىپ ھېس قىلدىمكى، كۆزۈمگە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئەمەس، يالقۇنلاۋاتقان، تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئۇسسۇللا كۆرۈنەتتى.

يۈز - كۆزلىرىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن، تاقىرباش قۇلان بەش ياشتا ئىدى. ئۇمۇ ئاتىقانغا ئوخشاش پەقەت «قارا يورغا» ئۇسسۇلىنىلا ئويناپتتى، بۇدرۇقىنا ئىككى بىلىكى توختىماي قانات قاقاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋېلىپ قالايمىقان ئايلانغىنىنى ئايلانغاندى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بېرەتتىم، ئۇسسۇلنى ھەقىقىي ياخشىراق ئوي-ناشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيتتىم. مۇزىكا قۇلاققا ئۇرۇلۇپ تۇرسا، تەن-لەر ئىختىيارسىز تەۋرەپ كېتەتتى، ئۇسسۇل ئىشتىياقىدا ئوت بولۇپ يانغان تەنلەر...خۇددى سىزنى تىنىمسىز ھالدا ئۇسسۇلغا دەۋەت قى-لىۋاتقاندەك ئىدى.

مەن «قارا يورغا» نى ئويناشنى بىلمەيمەن، پەقەت مۇزىكىغا ئەگى-شىپ، قاملاشسا - قاملاشمىسا، ئانچە - مۇنچە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قو-يىمەن. كۆپچىلىك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى بەك ئوخشىتىپ ئالدىگىز،

دېيىشىدۇ. ئەمما، مەن بىلىمەنكى، ئۇسسۇلدىكى ئەڭ نازۇك ھەم سىرلىق، روھقا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسە ماڭا مەڭگۈ يات، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيمەن.

بۇ تاڭ ئاتماس كېچە، ياشلار شۇنداق بولۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىشىدۇ. قۇلان بەك قالتىس ئىدى، ئۇ بىر مۇزىكىغا يەنە بىر مۇزىكىنى ئۇلاپ ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتى، چارچايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سەھەر سائەت تۆت بولاي دېدى، ئۇسسۇل ئويناۋېرىپ قورساقلىرىم ئاغرىپ كەتتى، ئەمما، ئۇ ئۇسسۇلنى ئەمدىلا باشلىغاندەك تەرزدە ئىدى. ئۇ مېنى ئازراقمۇ دەم ئالغىلى قويمايتتى، كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ چۆرگىلىگىنى چۆرگىلىگەنىدى. بىراق، مەشرا كەلمىگەنىدى. ماڭا بۇ يەردە نېمە بار؟ كۆڭلىكىمدىكى ئاۋۇ شۇمتەك پاسكىنا قوللىرى بىلەن تۇتۇۋېرىپ داغ قىلىۋەتكەن جايىنى كۆرگىنىمدە، ئازابلىنىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم.

ئۇسسۇل سەل پەسكويغا چۈشكەندەك قىلسىمۇ، كەيپىيات يەنىلا جۇشقۇن ئىدى. مەيداندا پەقەت ياش يىگىت – قىزلارلا قالغان بولۇپ، تويى بولغان قىز بىلەن يىگىت ۋە ياشانغانلار، ئاياللار مەيداندىن چېكىنگەنىدى. ئېلېكترونلۇق رويال چېلىۋاتقان يىگىت مودا ناخشىلارنى بىر – بىرىگە ئۇلاپ توختىماي ئېيتاتتى. نېمىشقىكىن، توساتتىنلا بۇ سورۇن تېتىمايۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. مەن قۇلان ئارقىلىق ئۆزۈمنى «نىقابلاۋاتقاندەك»، ئۆزۈم مەڭگۈ مۇشۇنداق تەنھا ئادەمدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ھەي، سۆيگىنى بولماسلىق ھەققەتەن ئازابلىق ئىش ئىكەن...

بىر چاغدا قۇلاننىڭ ئاپىسى كېلىپ، ئۇنىڭ يىغلىغىنىغىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. بەستلىك، سېمىز كەلگەن ئۇ ئايال قۇلاننى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇ توختىماي تېپىچەكلەيتتى.

قەلبىمنى مەنىسىزلىك قاپلاپ،ئاخىرى قايتىشنى قارار قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلۈم بۇزۇلغان، مۈگدەك بېسىپ كەتكەنىدى.

ئەمما، دەرۋازىدىن چىقىپ تۇرۇشۇمغا بىرسىنىڭ:«مەشرا! بۇ ياققا كەل...» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن ئورنۇمدا تۇرۇپلا قال- دىم-دە، ئەتراپقا قۇلاق سالدىم. ھويلىدىن ئېلېكترونلۇق رويال ۋە كىشىلەرنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. مەن ئىختىيارسىز كەينىم- گە ياندىم-دە، ئۇدۇل ھويلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چوڭ بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنىڭ تۈۋىگە كەلدىم. دېرىزىنىڭ سىرتىغا سۇلياۋ چاپلانغان بولۇپ، دېرىزىگە قىزىل پەردە ۋە ئاپپاق تور پەردە قوشلاپ تارتىلغانىدى، شۇڭا، مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. ئۆيدە ئادەم كۆپ بولۇپ، ئاكوردىيونغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان قوش كىشىلىك ناخشا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئىشىكنى ئاچتىم، كارىدورنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، ئادەملەر كىرىپ چىقىپ تۇراتتى. مەن «غىپپىدىلا» ئۆيگە كىردىم، شۇ ھامان نەم ھەم ئىللىق ھاۋا مېنى ئوراپ ئالدى، ئاپپاق ھور ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، بىرىم مېتىر ئېگىزلىكتە لەيلەيتتى. خىلىدىن كېيىن ئاندىن ئۆينىڭ ئىچىنى ئېنىق كۆرەلىدىم: ئۆي ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، كاڭ ئۆينىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگە- لىگەن بولۇپ، تەكلىمات كىگىز سېلىنغانىدى. كاڭدا ئۆرە تۇرغان، ئول- تۇرغان ۋە يانپاشلاپ ياتقان ئادەم 10دىن ئاشاتتى. ئۆينىڭ ئۈچ تېمىغا گىلەم تارتىلغان بولۇپ، گىلەمنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قامچا، بىر دومبىرا ۋە بۈركۈت، ئاق تۈلكىلەرنىڭ ئەۋرىشكە ۋە تېرىلىرى ئېسىلغانىدى. پە- گادىكى ئۇزۇن ئۈستەلگە ھۆل - قۇرۇق مېۋە - چېۋە، قۇرۇت قاتارلىق نازۇ نېمەتلەر تىزىۋېتىلگەنىدى، سېرىق ماي تولدۇرۇلغان ئەينەك بو- تۇلكا يالتىراپ تۇراتتى.

ئوڭ قول تەرەپكە تام مەش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. كاڭ بىلەن تام مەش ئارىلىقىغا نەقىش ئىشلەنگەن ياغاچ كارىۋات توختىتىلغانىدى، كارىۋات ئۈستىگە 20 نەچچە قۇر گۈل كەشتىلەنگەن يوتقان - كۆرپە رەتلىك

تىز ئۆچتىلگەن بولۇپ، تورۇسقا تاقىشىپلا قالغانىدى. يوتقان – كۆرپىلەر-نىڭ ئۈستىگە يەنە ئاپپاق پەردە يېپىلغانىدى.

مەن ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئۆيگە سەپسالدىم، مەشرانىي تاپالماي تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، كۆزۈم كارىۋات رىشاتكىسىغا ئارتىلغان جۇۋىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئۇ جۇۋىنى مەن بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتىم. مەن ئاستا بېرىپ جۇۋىنى قولۇمغا ئالدىم، جۇۋىنىڭ يېڭىدە ياماق بار ئىدى. ۋاھ، مەشرا-نىڭ بولماي، كىمنىڭ بولاتتى؟

دېگەندەك، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەشرا يەنە بىر ياش بىلەن كۈلۈشكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار مېنىڭ يېنىمدىن ئۆت-كەندىن كېيىن، ئۇ جۇۋىسىنى ئالماقچى بولدى. مەن دەرھال جۇۋىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. مەن ئۇنى قايتىدىغان بولدى دەپ ئويلىغان-دىم، ئەمما، ئۇ جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىدىن كونا بىر خاتىرە دەپتەرنى ئال-دى-دە، دەپتەرنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان بىر باغاقچىنى چىقىرىپ يېنى-دىكىسىگە بەردى. كېيىن ئۇ جۇۋىسىنى يەنە ماڭا ئۇزاتتى، مەن دەرھال جۇۋىنى جايىغا ئېلىپ قويدۇم.

خۇددى مەن ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتقاندەك ئىدىم. ئۇ يېنى-دىكىسىگە بىرنېمىلەرنى دېدى، يېنىدىكىسى باغاقچىنى سىقىمدىغىنىچە چىقىپ كەتتى. كېيىن، مەشرا ماڭا قارىدى-دە، «رەھمەت سىزگە!» دې-دى.

–ھېچقىسى يوق، مەشرا!

–ھوي، ئەسلىي سەيپۇڭنىڭ قىزىكەنغۇ،– مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندىن كېيىنلا ئۇ ماڭا دىققەت قىلدى.

ئۇ ئېگىشىپ تۇرۇپ ئايىغىنى سالغاچ:

–نېمىشقا چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىمايسىز؟–دېدى.

–سىرتتا ئادەم قالمىدى.

–نېمىشقا يوق بولغىدەك؟ شۇنچە كۆپ يىگىت تۇرمامدۇ، بۇ

يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟

مەن كۈلۈپ كەتتىم. ئاندىن ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا يالغان سۆزلىدىم:

-مەن بىرسىنى ساقلاۋاتىمەن، ئۇ ياندىكى ئۆيدە پاراڭلىشىۋاتىدۇ... سەل تۇرۇپ بىز بىللە قايتىمىز ... سىرت بەك قاراڭغۇ... مەن ئۆزۈم يالغۇز ... قورقىمەن...

مەن ھەقىقەتەن بىلىپ بولالمىدىم، قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى...

-ھە،-ئۇ كاڭغا چىقتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئايىغىمنى سېلىۋېتىپ كاڭغا چىقتىم.

كاڭدا ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالتاغىل سۆزلەشكىنىچە ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى، بەزىسى ئاكوردىيون چېلىۋاتاتتى، بەزىلىرى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، تېخى ئۈچ - تۆتى بىر يەرگە كېلىۋېلىپ قارتا ئويناۋاتاتتى. ئۆي قويۇق ئىس ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغانىدى. پەگادا تاماكا قالدۇقى بىلەن گازىر شۆپىكى يېيىلىپ ياتاتتى.

مەشرا كارىۋاتنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ تامدىن دومبىرانى ئالدى -دە، بىر نەچچىنى تىرىڭشىتىپ قويۇپ يەنە جايىغا ئېسىپ قويدى.

مەن ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، دۇمبىرانى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

-چېلىڭە!-دېدىم.

-سىز چالالامسىز؟- ئۇ دومبىرانى قولىغا ئالغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

-چالالمايمەن.

-تەس ئەمەس، مەن سىزگە چېلىشنى ئۆگىتىپ قوياي!

-مەن بەك دۆت، ئۆگىنەلمەيمەن...

-ياق، سىز دۆت ئەمەس. سىز سەبىيۇك ئەمەسمۇ؟ كېيىم تىكەلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنەلەيدۇ... ھا...ھا...ھا...

ـ يەنىلا سىز چېلىڭ...

ئۇ دومبىرانى بىر پەس سازلىۋالغاندىن كېيىن، چېلىشقا باشلى-
دى.

ئۇ مۇزىكا بىز دائىم ئاڭلايدىغان مېلودىيەسى ئاددىي ۋە يېقىملىق مۇزىكا ئىدى. ئەمما، مەشرانىڭ چېلىشى بىلەن ئۇ مۇزىكا تېخىمۇ سېھىرىي كۈچكە تولغاندەك قىلاتتى... دومبىرانىڭ رىتىمىنىڭ ئېنىقلىقىدىن شۇنداق بولغانمۇ ياكى چالغۇچىنىڭ ئۇ مۇزىكىغا بەك پىششىقلىقىدىنمۇ، بۇنى بىلمەك تەس ئىدى. ۋارقىراشقان، ناخشا ئېيتقان، چاۋاك چالغان ئاۋازلارغا ئاكوردىيوننىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ كەتكەن ئۆي ئىچىدە مەشرا-نىڭ مۇزىكىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى، ئۇنىڭ مۇزىكىسى ئەتراپتىكى شاۋقۇن – سۈرەننىڭ قىلچە تەسىرىگە ئۇچرىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆيدىكى شاۋقۇن – سۈرەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغاندىكى سالماق قىياپىتى چەكسىز دالىنىڭ جىمجىتلىقىنى ئەسلىتەتتى. دومبىرانىڭ مەڭگۈ ئا-خىرلاشمايدىغان يېقىملىق مېلودىيەسى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا توختاۋسىز ئاقاتتى، خۇددى ئۇ تىز پۈكمەس قەيسەرلىكتەك، تەۋرەنمەس ساداقەتتەك...

گويا مەن چۈش ئىلكىدە ئىدىم، ئىككىمىزدىن باشقىلارنىڭ ھەمە-مىسى مەست بولۇپ كەتكەنىدى، كۈچلۈك ھاراق پۇرىقى ئۆينى بىر ئال-غانىدى. ئۇلار مەيلى گەپ – سۆزلىرىدىن بولسۇن، مەيلى ئەتراپنى كۆ-زىتىشلىرىدىن بولسۇن، بىزدىن ناھايىتىمۇ يىراقتا ئىدى، بىز بىلەن بىر توپتا ئەمەس ئىدى. ئۆيدىكى كەيپىياتمۇ مەست – ئەلەس ھالەتكە ئۆت-كەنىدى. مەن ئاستا ئۆملەپ بېرىپ ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدا دومىلاپ ياتقان رومكىنى ئېلىپ كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكى بىلەن سۈرتتۈم ـ دە، لىققى-دە ھاراق قۇيۇپ مەشراغا ئۇزاتتىم.

ئۇ مۇزىكىدىن توختاپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆزرىخاھلىق بىلدۈر-گەندىن كېيىن، ھاراقنى بىر يۇتۇم ئىچىپلا رومكىنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر-دى ـ دە، مۇزىكىسىنى داۋاملاشتۇردى. مەن رومكىنى تۇتقىنىمچە مۇزىك-

غا قۇلاق سېلىپ خۇددى ھازىرلا ھاراق ئىچكەن ئادەم ئۆزۈمدەك مەستخۇش ئولتۇرۇپ كەتتىم . مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا بىرـ شىمنى پەس قىلىپ تۇرۇپ ھاراقنى بىر يۇتۇم – بىر يۇتۇمدىن ئىچتىم. مۇزىكىغا قۇلاق سالغاچ ئولتۇرۇپ يوغان رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىپ تۈگەتتىم. بۇ چاغدا مەن ھېس قىلدىمكى، بۇنداق ئولتۇرىۋەرسەم كەيـ پىياتىم تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكۈدەك. شۇڭا مەن ئاستا كاڭدىن چۈشتۈم – دە، پەگادا دۆۋىلىنىپ تۇرغان ئاياغلار ئىچىدىن ئايىغىمنى تېپىپ كىـ يىپ، شاۋقۇن – سۈرەنگە تولغان ئۆيدىن سىرتقا چىقتىم... بۇسۇقتىن پۈتۈمنى ئېلىپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز كەينىمگە بۇرۇلدۇم، مەشرا خۇددى مەن بىلەن پەرۋايى پەلەكتەك، ئەسلىدىكى جايىدا ئولتۇرغىنىچە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن دومبىرا چېلىۋاتاتتى...

سېنتەبىردىكى سەھرا تولىمۇ جەلپكار ئىدى. ئۆي – ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ۋە كالا قوتانلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىگە ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئوت – چۆپلەر تاغدەك دۆۋىلىنىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىنى بولسا كۆپكۆك تىنىق ئاسمان يېپىپ تۇرىدۇ. ئېگىز – ئېگىز دۆۋىلەنگەن مەنگەن ۋە كۆك ئاسمان بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، سەھرانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگىچە گۈـ زەل تۈسكە كىرگۈزىدۇ.

ئىمتاسلىققا تولغان ياز پەسلى ئۆتۈپ كەتتى. يازلىقتا يازنى ئۆتـ كۈزگەن ۋە چارۋا باققان كىشىلەر ئارقا – ئارقىدىن قايتىپ كېلىشتى. كاۋۇتۇدەك كىچىك بازارنىڭ ئۆزۈلمەي توي بولىدىغان، قاينام – تاشـ قىنلىققا تولغان پەسلى يېتىپ كەلدى، گويا ھەر كەچتە ئۇسسۇل بەزمىـ سى بار، ھەر كەچتە سۆيگۈ ھېكايىسى بار.

ئۇسسۇل بەزمىسى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە كۆكتىكى يۇلـ تۇزلار تەگسىز جىمجىتلىققا چۆكەتتى. يىراق – يىراقلاردىن تارقىلىۋاتقان گۈزەل مېلودىيەلەر كەنتنىڭ سوغۇق جىمجىتلىقىنى كېسىپ ئۆتكىچە سەل ـ پەل ئاجىزلايتتى. قېپقالغان مېلودىيە كېچە ئاسمىنىدا ئۇزاقتىن – ئۇزاق تەۋرىنەتتى، خۇددى يۈرەكنىڭ سوقۇشى بىلەن بىرلىشىپ

كەتكەندەك ئىدى... ھاۋا تەۋرىنەتتى، تەنلەر تەۋرىنەتتى، خۇددى ھەرمىنۇت - ھەر سېكۇنت گۈزەل مېلودىيەگە تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل پەرۋازىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈشكە تەييار تۇرغاندەك ئىدى.

سىز ئاللىبۇرۇن چۈش قويىنىغا كىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ مەپتۇنكار مېلودىيە ئۆزىنىڭ سېھرىلىك مۇڭى بىلەن چەكسىز قاراڭغۇلۇقتىكى تەنھالىقىڭىزنى ئاستا - ئاستا ئويغىتىدۇ.

سېنتەبىرنىڭ كېچىلىرىدە كەنتنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە چوقۇم بىر يورۇقلۇق بولىدۇ، سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى يىغىلىپ، كەنت ئاسمىنىدىكى قات - قات بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، پەقەت شۇ بىر نۇقتىغا چۈشۈۋاتقاندەك كۆڭۈلدىلا كۆرگىلى بولىدىغان ئاقلىقنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ يەردە چوقۇم توي مەشرىپى بار.

يەنە بىر يەردە توي مەشرىپى بار. دېمەك، كەنتنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىكى يورۇقلۇق كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يورۇقلۇق ۋە گۈزەل مېلودىيەلەر سەھرا توي مەشرىپىنىڭ جىمى مەزمۇنى بولۇپ قالىدۇ. ناخشا ئاۋازى، ئوتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان كۆڭلەك، شېرىن پىچىرلىشىش، زىياپەت، ئۇسسۇل، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەببەتلىك بېقىششلار، قول تۇتۇششلار، يەرنى بىر ئالغان كەمپۈت قەغىزى ۋە گازىر شۆپىكى قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەك تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق ۋە ئۆكۈنۈشنىڭ بوشلۇقىدا چاقناپ تۇرىدۇ، كىشى ئۇلارنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئەسكە ئېلىشقا ئامالسىز. كېيىنكى كۈنلەردىكى مەلۇم بىر پەيتتە، ئاشۇ كەچۈرمىشلەر ناھايىتى روشەن ھالدا كۆڭۈل ئاسمىنىڭىزدا نامايان بولىدۇ، تەسەۋۋۇرىڭىزنى يەنىمۇ كېڭەيتكىنىڭىزدە بولسا بارلىق كەچۈرمىش تارقاپ كەتكەن بولىدۇ... ئېسىڭىزدە پەقەت ئاشۇ كېچىدىكى يورۇقلۇق ۋە كېچە ئاسمىنىدا تەۋرەپ تۇرغان مېلودىيەلا قالىدۇ.

دەرەخلەرگە رەڭگارەڭ چىراغلار ئېسىلغان، ئۈستەللەرگە نازۇ نېمەتلەر توشقىچە تىزىلغان بولۇپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يىقىلغان گۈل-

خانلار چوڭ – چوڭ قازانلارنى ۋاراقشىتىپ قايىنىتاتتى، گۆشنىڭ مەززى-
لىك پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ئالدىراش يۈرۈشكەن كىشىلەرنىڭ
يۈزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. جۇۋىلىرىنى سىلىۋېتىشىپ ئالدىراش
يۈرگەن ئاياللار يېڭىزدىن ئۆتكىنىدە سۈت ۋە قوينىڭ كۆچلۈك ھىدى
بۇرنىڭىزغا ئۇرۇلىدۇ. بەزى ئاياللاردىن بولسا «ئاي»نىڭ (بۇ يەردىكىلەر
ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئەتىر) پۇرىقى كېلىدۇ، ئۇ خىل ئەتىرنىڭ پۇرىقى
پاشا قوغلاش سۇيۇقلۇقىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇ خىل
كۆچلۈك پۇراق شۇ دەمدە شۇ ئاياللارنىڭ مۇھەببەتكە تولغان ياشلىق
نازاكىتىنى ھېس قىلدۇراتتى... ھەر بىر ئۆينىڭ ئىشكى توختىماي ئې-
چىلىپ يېپىلىپ تۇراتتى. ئىشكلەر ئېچىلغان شۇ پەيتتە، زىياپەتنىڭ
داغدۇغىسى، كۆچلۈك نۇر، كۈلكە – چاقچاق، ناخشا –مۇزىكا ئاۋازى،
ئاپپاق ھور... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ ئاستا
– ئاستا كېچە ئاسمىنىغا سىڭىپ كېتەتتى.

ئەرلەر ھەشەمەتلىك بىز ەلگەن ئۆيلەردە ئولتۇرۇشۇپ ھاراق ئى-
چىشمەكتە ئىدى، ھەر قانداق بىر گەپ كەيپىياتنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى.
كېيىن، ناخشا – مۇزىكا باشلاندى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ناخشىغا
ئاۋاز قوشۇپ، ناخشا ئاخىرى خورغا ئايلاندى. كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە
ئولتۇرۇپ زور ئىشتىياق بىلەن دومبىرا چېلىۋاتقان كىشىنىڭ يۈزلىرى
قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا ناخشىسىنى باشلىدى، ئۇنىڭ
تۇيغۇسى بىلەن ناخشا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئوت بو-
لۇپ يانغان كۆزلىرىدىن تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان بالقىپ تۇراتتى! ئۇ
تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ سىزگە تىكىلگىنىدە، سىز ھاياجاندا ئۆزى-
ڭىزنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىسىز...

ئەڭ چىرايلىق بىزەلگەن ھەم ئەڭ چىرايلىق ئۆيدە كېلىنچەك
تويلۇق لىباسقا پۈركەنگىنىچە بىر دۆۋە تويلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئول-
تۇراتتى. ئۆينىڭ تۆت تېمىغا مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىق رەخت-
لەر ئېسىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا شىرداق، گىلەم دېگەن-

دەكلەر ئېگىز قىلىپ تىزىۋېتىلگەنىدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭغىمۇ توپ – توپ شىرداقلار قويۇلغانىدى. كىچىك ئۇستەلگە نازۇ نېمەت تىزىلغان بو-لۇپ، ئۇنىڭغا تېخى قول تەگمىگەنىدى. قاتمۇ – قات پەردە تارتىلغان نەقىشلىك ياغاچ كارىۋاتتا كېلىنچەك قەددىنى رۇسلىغان ھالدا جىمجىت ئولتۇرغان ،كارىۋاتقا ئوتقاشتەك رەڭمۇ رەڭ سېلىنچىلار سېلىنغانىدى.

بىر توپ كىچىك بالا ئىشكتىن بويۇنداپ ئۆي ئىچىگە قارايتتى، ئەمما، ئۇلار ئۆي ئىچىگە كىرەلمەيتتى. مەنمۇ ئۇ باللارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئۆي ئىچىگە ئۇزاق قارىدىم. بىر چاغدا كەينىمدە ۋاراڭ – چۇ-رۇڭ ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. قارىسام ئاياللار قوللىرىدا چوڭ – چوڭ پەت-نۇسلارنى كۆتۈرگىنىچە ئۆي – ئۆيلەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. دېمەك، تاماق تارتىلغانىدى.

سەھرادىكى تويلاردا مەززىلىك پىشۇرۇلغان قوي گۆشى مېھمانلار-نىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلمەي قالمايتتى(پاھ! قوي گۆشى ھەققەتەن مەززى-لىك ئىدى....). ئەمما، قوي گۆشى سائەت 11 يېرىمدىن ئاشقاندا تارتى-لىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بوغۇرساق، قورۇت، ھۆل – قۇرۇق مېۋە – چېۋە، يەل – يېمىش،نان – پېچىنە دېگەندەك يېمەكلىكلەر ئۇستەللەرگە تولدۇرۇۋېتىلىدۇ. ھەر بىر ئۇزۇنچاق ئۇستەلگە 12_13 ئادەم سىغىدىغان بولۇپ، ئۇلار قىزغىن پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ، ئۇستەلدىكى نازۇ – نې-مەتلەرگە كەڭ – كۇشادە بېقىشىدۇ. تۇن نىسپى بولغاندا، ئاندىن تا-ماقلار تارتىلىدۇ، يەنى، ئالدى بىلەن قوي قېرىنى،ئىنچىكە پىنتوزا، «لاۋخۇ سەي»(لازا، پەمىدۇر،پىيازلار قەلەمچە قىلىپ توغرالغاندىن كې-يىن، ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق سەي) قاتارلىق سوغۇق سەيلەر تارتىلىدۇ. بۇنداق سوغۇق سەيلەرنىڭ تەييارلىنىشى ئاددىي ھەم يېيىشلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىسسىق قورۇمىلار ھەر بىر ئۇستەلگە تۆت تەخسىدىن چىرايلىق قىلىپ تىزىلدى. ئۇن نەچچە جۈپ چوكا تەڭلا ئىشقا كىرىشىپ، تەخسىلەر بىردەمدىلا قۇرۇق-

دىلىپ قالدى. ئاندىن، مېھمانلار يەنە بوغـۇرساق، قۇرۇت، ھۆل – قـۇ-رۇق مېۋە – چېۋە، يەل – يېمىش، نان – پېچىنە دېگەندەك نېمەتلەرگـە ئېغىز تېگىشتى. يېيىش – ئىچىش يەنـە بىر –ئىـككى سائـەت ئەتراپـىدا داۋاملاشتى. سائەت 11 يېرىم بولغاندا، تاۋاق – تاۋاقلاردا ئىسسىق ھـور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قوي گۆشى كەلتۈرۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇگۈن كەچتىكى زىياپەت بىرىنچى قېتىملىق يۇقىرى پەللىگە چىـقتى. ئوچـاقتىكـى ئوتنىـڭ ھارارىتى، گـەپ – سۆزلەردىكـى ھارارەت، ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆزىدە چاقناۋاتقان ئۇچـقۇن، ئەڭ مۇھـە-مى، تاۋاقلاردىكى گۆشتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسسىق ھور قاتارلىقلارنىـڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ سورۇن كەيپىياتىغا جۇشقۇنلۇق، كىشىلەرنىڭ يۈز-لىرىگە خۇشاللىق جىلۋىسى ئاتا قىلاتتى. ئىككى ئەر دۇئا ئوقۇپ بولغان-دىن كېيىن، بەللىرىدىكى پىچاقلىرىنى ئېلىشتى ـ دە، گۆشلەرنى پارچىلاپ پولۇ ئۇسۇلغان يوغان تاۋاقلارغا سېلىشقا باشلىدى. گۆش پاقلان گۆشـى بولۇپ، ھەم يۇمشاق ھەم مەززىلىك ئىدى. گۆشنىڭ ئۈستـىگە تۇزدىـن باشقا ھېچقانداق تېتىتقۇ سېپىلمەيتتـى، ئەمما، گـۆشنىڭ تـەمى ئادەمگـە تەسۋىرلىگۈسىز لەززەت ئاتا قىلىدۇ، ئۇنداق تەمنى ئاسانلا تەڭشۇالغـ-لىمۇ بولمايدۇ. ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، مەززىـلىك تائـام پۇرىقى ئۆرلەپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز ، ئېلېكتىرونلۇق رويالـىنىڭ ئاۋازى ھـويلىنـى بىر ئالـدى! ياشلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھويلىغا چىقىشتى، دېمەك، توي مەشرىپى باشلانغانىدى. بىز مۇ قوللىرىمىز نى يۇيۇشقاندىن كېيىن، جۇۋىلىرىمىز نى كىيىشىپ ھويلىغا چىقتۇق. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ھويلا تېمىنى چۆرىـدەپ تىزىلغان ئورۇندۇقلار بوش قالمىدى. ئورۇندۇق تەگمىگەنلەرنىڭ بـەزى-لىرى ئوتۇن دۆۋىسىگە ياماشتى، بەزىلىرى ئىشىك تۈۋىدىكى پەلەمپەيگـە چىقىۋېلىشتى. يەنە نۇرغۇن ئادەم ئوتتـۇرىدا يۇمـىلاق دائىرە قالـدۇرۇپ ئۆرە تۇرۇشتى. تۇنجى مۇزىكا باشلىنىپ بىر ھـازادىن كېيـىن، ئوتتـەك تاۋلىنىپ تۇرغان تويلۇق لىباسقا ئورانغان كېلىـنچەك سالـماق قەدەملـەر

بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇ ئاپپاق ئۇزۇن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە قېنىق قىزىل رەڭلىك قىسقا يەڭ كەمزۇل كىيگەن بولۇپ، قولىدا گۈل كەشتىلەنگەن قولياغلىق تۇتۇۋالغانىدى. ئۇزۇن تۇمىقىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىۋالغان بۈركۈت پېيى قىستۇرۇلغان چۈمبىلى يەرگە تېگەيلا دەپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا ھەممە چۇقان سېلىشىپ كەتتى، ئەرلەر بولسا بىر – بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئۇنىڭغا ئىنتىلەتتى. ئەمما، كېلىنچەك بېشىنى پەس قىلغىنىچە ھېچكىمگىمۇ قارىماي، سىپايە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇسسۇلنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ئەر ئۇنىڭ ئۇسسۇلىغا ئەگەشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېلىنچەك بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئۇسسۇل ئوينىغان كىشى تەلەيلىك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ بەس– بەستە تۇرغانلار ئارىسىدىن ھەمراھ تاللىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. مۇزىكىنىڭ مېلودىيەسى ۋە رىتىمى كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. ئۇسسۇل تەبىئىي تۇيغۇنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئادەمگە ئۆزىنىڭ تېنىدىكى لاتاپەتنى، روھىيىتىدىكى گۈزەللىكنى، نازۇك قەلبىنى ئۆزىگە تونۇتىدۇ، ئۇسسۇل– ئادەم ئۆزىنى بايقايدىغان ھەرىكەتقۇ! كېلىنچەكنىڭ قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىدىكى ئاياللار ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، توي مەشرىپىنىڭ بېشىدىكى بىر نەچچە قېتىملىق ئۇسسۇلدا ئوتتۇرىغا چۈشكەن قىزلارغا قولياغلىق سوۋغات قىلدى. قولياغلىقتا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن قىزلار ئۆزلىرىنى پەخىرلىك ھېس قىلىشاتتى. ئۇلار بىر كۈزدە قانچىلىك قولياغلىققا ئېرىشەر ـ ھە! ئەمما، قولياغلىق بىر نەچچە موغىلا كېلىدىغان، ئاددىي گۈل بېسىلغان قولياغلىق ئىدى.

تۆت بۇرجەك يىپەك رەخت پارچىسىنىڭ چۆرىسىگە ھەر خىل رەڭلىك يىپلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرىنى كەشتىلەپ تىكىلىدىغان قولياغلىقنى ئىلگىرى قىز – ئاياللار ئۆزلىرى تىكەتتى. بەزىلىرى قولياغلىقنىڭ بىر بۇرجىكىگە چېسلانىمۇ كەشتىلەپ قوياتتى. ئىلگىرى بىر قىز بىر نەچچە تال قۇرۇتنى ئەنە شۇنداق قولياغلىق بىلەن ئوراپ ماڭا بەرگەنىدى. قۇرۇتنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قولياغلىقنى دېرىزە تەكچىسىگە تاشلاپ

قويدۇم. توپا بىسىپ پاسكىنا بولۇپ كەتكەن قولياغلىقنىڭ زادى نىمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەس، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ناھايىتىمۇ ئۇزاقتا قالغان ئەسلىمىنىڭ ئىزىنى پەقەت مەنىلا بىلىمەن. ئاشۇ قولياغلىقنىڭ ئىگىسى تارتىنغىنىچە چەكسىز خۇشاللىق ئىلكىدە ھەمراھى بىلەن شادىيانە ئۇسسۇلغا چۈشكەن بىر قىز.

شىرىن ئارزۇ - ئارمانلارنى دىلىغا پۈككەن، ياشلىق باھارى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزچاق ئىدى...

مەن ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا، چىرايلىق بىر قىزنىڭ نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى تولىمۇ ماسلاشقان ئىدىكى، چىھىرىدىن بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ھەقىقەتەن بىر ساھىبجامال ئىدى! ئۇ شۇ تاپتا ئەڭ تەلەيلىك ئىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ گۈزەل چۈشى رېئاللىققا ئايلانغانىدى. مۇزىكا خۇددى ئۇنىڭ جىسمىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى، گويا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كۆك، زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقات ئۇنىڭغا ئىنتىلىۋاتقاندەك، كائىنات ئۇنى مەركەز قىلىپ يېڭى بىر دۇنيا ئاپىرىدە قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ پۈتىنى تۈزلەپ،ئېڭىكىنى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرگىنىدە بولسا، پۈتۈن دۇنيا يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى...

مەن ئۇسسۇل ۋە شۇ تاپتا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىدىم. گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش بولمىغان بولسا، ئاشۇ گۈزەل، نازۇك بەدەنلەر بولمىغان بولاتتى. يەنە نىمە ئۈچۈن ئاشۇ گۈزەللىك ئادەمنىڭ قەلبىگە يارا ئىزلىرىنى قالدۇرىدۇ؟ ئاشۇ ئۇيقۇدىكى تەنلەر، داڭقىتىپ قالغىنىچە كېتىۋاتقان تەنلەر ياكى ھاياجانلانغان ھالدا بىر نىمىلەرنى دەۋاتقان تەنلەر، ئېگىز دىن قاڭقىپ پەسكە چۈشۈۋاتقان تەنلەر.... بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ سىرتىدا ئىدى، دۇنيادىن ھالقىغان شەيئىلەرنى ئاپىرىدە قىلاتتى، ۋاقىت ئۇزارغانچە ئۇلار كۆپىيەتتى، دۇنيادىنمۇ ئاستا - ئاستا يىراقلىشاتتى. شۇڭا، بىز

كۆرۈۋاتقان تەنلەر كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا – ئاستا قېرىيدۇ، ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەندىمۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى يوقتەك تۇيۇلـ-دۇ. پەقەت ئۇسسۇلچىنىڭ تېنىلا دۇنيانىڭ مۇكەممەللىكىنى تەڭشەپ تۇ-رىدىغاندۇ! پەقەت گۈزەللىك بولسىلا جىمى مەخلۇقات روھىي بىردەك-لىككە ئىگە بولىدۇ، پەقەت گۈزەللىكلا ھەقىقىي تەبئىيلىكتۇر.

مەن يەنىلا ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ خىيال قىلىمەن، بەلكىم، مېنىڭ ياخشى كۆرگىنىم پەقەت مەن دائىم ئېرىشىشنى ئارزۇ قى-لىدىغان، ئۆزۈمدە يوق نەرسە بولۇشى مۇمكىن. مەن دائىم كۆپرەك نەرسىنى بىلىۋالسام، تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى كۆرۈۋالسام، دەپ ئويلاي-مەن. مەن مەيداننىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ شادىيانە تۇرقىغا قاراپ-تىم. بىراق، مەنمۇ خۇشالمۇ؟ پەقەت مەن ئۇسسۇل ئوينىغان ۋاقتىمدىلا ھەممە نەرسىگە ئېرىشىشىم مۇمكىن.

مەن بىجامال بىلەن كەچتە بىللە ئۇسسۇل ئويناشنى دېيىشىپ قويدۇم. چۈنكى، بىز توي ئىگىسىگە باشقىلارغا ئوخشاش بىر پارچە رەخت، بىر نەچچە بولاق چاقماق قەنت دېگەندەك سوۋغا – سالام تەي-يارلىمىغان ئىدۇق. شۇڭا ئۇلارنىڭ زىياپەت ئۈستىلىدىن ئورۇن ئېلىشقا خىجىل بولاتتۇق. بىز ھەر قېتىم زىياپەت ئاخىرلاشقاندا توي بولۇۋاتقان ھويلىغا كىرەتتۇق-دە، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتەتتۇق.

بىجامال توي قىلىپ بولغان ئايال بولسىمۇ، ياش قىزلاردەك بەك شوخ ئىدى. ئۇنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىماي كۈلكە – چاقچاق قىلىپ يۈرۈشىگە ئەقلىم يەتمەيتتى. ئۇ ئۇ يەرگە بارسىمۇ كۈلكە، بۇ يەرگە كەلسىمۇ كۈلكە ئىدى. ئۇنىڭ بارغانلا يېرىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلمەي قالمايتتى. تېخى بەزىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن:« بۇ بىجامالنىڭ كاللىسىدىن چاتاق چىقىپتىمۇ نېمە...» دەپ غۇدىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى تو-لىمۇ سۈزۈك ۋە جاراڭلىق بولۇپ، ناۋادا ئۇ مەلۇم بىر جايدا «ھۇيت!» دەپ ۋارقىراپ قالسا، كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ يېرىمى:«بۈگۈن كەچتە يە-

نه توي بار ئىكەن ـ دە!» دېيىشىپ كېتىدۇ.

بىجامال توي قىلغان ئايال، مەن خەنزۇ بولغاچقا، ئۇيسۇل بەزمە-سىدە يېگىتلەر بىلەن ئۇيسۇل ئويناشنى بىئەپ ھېس قىلاتتۇق. شۇڭا، ئىككىمىز بىر قەدەر مۇقىم ھەمراھلاردىن بولۇپ قالغانىدۇق. ئۇيسۇلدا ئۇ مېنى يېتەكلەپ ئوينايدۇ، مەن بولسام ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قارىسىغىلا چۆرگىلەيمەن. ئۇ ئۇيسۇلنى بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۈچلۈك ھەم ئەۋرىشىم بىلەكلىرىدىن نەپىس ھەرىكەتلەرنى چىقىرىپ، مەغرۇرانە قىيا-پەتتە ئوينايدۇ. ئۇنىڭ نەرىمۇ توي قىلىپ بولغان ئايالغا ئوخشىسۇن؟ ياشلىق باھارىغا ئەمدىلا يەتكەن قىزچاقنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ بەزىدە مەن ئۇيسۇلدىن توختاپ، بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇيسۇلىغا قاراپ تۇرۇپ كېتىمەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، چېھرىدىن، ئۆرۈم چاچلىرىدىن، ئۇيسۇل ھەرىكەتلىرىدىن، قىسقىسى، ئۇنىڭ جىسمىدىن نۇر تاراپ تۇراتتى.

بىجامال تېخى ئانا بولغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى بالىسى ئىك-كى ياشقا كىرگەندە كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئەينى چاغدا دىققەتسىز-لىكتىن ئۇنىڭ قولىدىكى چايدان يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، قايناقسۇ بال-نىڭ ئۈستىگىلا تۆكۈلگەن ئىدى... كېيىن ئۇ يەنە بىر باللىق بولغان، ئۇ بالىمۇ يېشىغا توشماي تۇرۇپلا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا ئۆلۈپ كەتكەن بالىسىنىڭ سۈرىتى-نى ئېلىپ كۆرسەتەتتى ۋە پەخىرلەنگەن ھالدا:« قانداق، چىرايلىقمە-كەن؟ ئۇنىڭ تېرىسى نېمە دېگەن ئاپپاق...» دەيتتى، ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئازابلىنىش تۇيغۇسى يوق ئىدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئازابلىنىشىنىڭمۇ ھا-جىتى يوق. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تېخى بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ يېتىلىشى تېخى ئەمدىلا باشلانغانىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن، باشلىنىش قاچانلا بولسا، كې-چىككەن بولمايتتى، قانچە قېتىم باشلىنىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر بىر باشلىنىش بىرىنچى قېتىملىق باشلىنىشقا ئوخشاش ئىدى. كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىشىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ئىشلار. مەسىلەن، كېيىن ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن چىرايلىق باللارنى تۇ-

غۇشى دېگەندەك.

ھازىر سەھەر سائەت بىردىن ئاشتى، يىراقتىكى توي بولغان ئۆيدىن كېلىۋاتقان مۇزىكا ئۈچ قېتىم ئالماشتى، ئەمما، مەن تېخىچە ئۆيدە ھېلىقى دۆت خوتۇننى ساقلاۋاتاتتىم. ئادەمنى تولىمۇ تېرىكتۈرىدىغۇ ئۇ... مانا، تۆتىنچى مۇزىكا باشلاندى، تازا مەن ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكا ئىدى. مەن يەنە ساقلىيالايتتىممۇ؟ مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ كاڭ ئۈستىدە بىر خىيالدا يوق پوپايكا توقۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم. مەن ئاچچىقىمدا دېرىزە ئەينىكىنى قاتتىق ئۇردۇم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قول سىلكىدى.

مەن ئىشىك تۈۋىگە بارغىنىمدا، ئۇ ئىشىك ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇراتتى.

ـھەي، ھەي، ھەي، نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭىز مۇ؟ ھازىر سائەت نەچچە بولۇپ كەتتى؟

ـئاۋازىڭىزنى پەسەيتىڭ، ئېرىم قايتىپ كەلدى!ـئۇ دەرھال قولۇمنى تارتىپ تۇرۇپ، خەنزۇ تىلىدا شۇنداق دېدى.

ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، بۇ دۆت خوتۇن ئېرىدىن نېمانچە قورقۇپ كېتىدىغاندۇ، خۇددى ئاتىسىدىن قورققاندەك. بۇنىڭ نېمە قورقۇنچىلىكى بار؟ مەن ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلگىنىمچە ئۆيگە كىرىپ ئۇدۇل ئېرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنلۇك ئاۋازدا دېدىم:

ـقاراڭە سىزنى، خوتۇنىڭىزنى نېمانچە قورقۇتۇۋېتىسىز ؟ ھەممىمىز ياش، چىقىپ ئويناپ كەلسەك نېمە بولاتتى؟

ـقورۇق گەپ، مەن ئۇنى ئۇرمىدىم، تىللىمىدىم يا ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويمىدىم، بارغىسى كەلسە بېرىۋەرمەمدۇ،ـ ئۇنىڭ ئېرى خۇيىزۇ بولغاچقا خەنزۇچە سۆزلىدى.

ئېرى شۇنداق دېسىمۇ، ئۇ يەنە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تىل ئىشتىكۇسى كەلگەندەك بېشىنى سالغىنىچە پوپايكىسىنى توقۇپ ئولتۇراتتى

ئادەمنى جىلە قىلىپ.

ـقاراڭە، سىز ئادەتتە ئۇنىڭغا بەكلا قاتتىق قول ئىكەنسىز ، بولمىسا ئۇ بۇنچە قورقۇپ كېتەمتى؟

ـكىم شۇنداق دەيدۇ، مەن ئۇنى ئۇرمىسام يا تىللىمىسام...

ـئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى كىم بىلەتتى؟ ئۇرغىنىڭىزنى، تىللىغىنىڭىزنى ماڭا دەپ بېرەمتىڭىز ؟

ـنەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ مەن ئۇنى ئۇرمىدىم، تىللىمىدىم...

ـئەمىسە ئۇ نېمىشقا سىزدىن بۇنچە قورقىدۇ؟

ـئۇ مەندىن قورقامدا؟ مېنىڭچە ئۇ مەندىن قورقمايدۇ.

ـبولدى، بولدى، مەن بارمايمەن، بارمايمەن... ـ بىجامال دەرھال شۇنداق دېدى.

ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ يولسىزلىققۇ بۇ! مەن بىجامالغا:

ـبىجامال، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، مەن بار، ئۇنىڭدىن قورقماڭ،ـدېدىم. ئاندىن ئۇنىڭ يولدىشىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ دېدىم:

ـ ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېيەلەيسىز ؟ سىز بەك ئەسكىكەنسىز ، خوتۇنىڭىزنى بەك بوزەك قىلىدىكەنسىز . ئۇنىڭ بارغۇسى بار تۇرسا نېمىشقا ئۇنى قورقۇتىسىز ؟ سىز بەكلا ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كېتىپسىز ! ئۇسسۇل ئوينىغانغا نېمە بولاتتى؟ نېمە قىلىق بۇ؟ بولمىسا سىزمۇ بىللە بېرىپ ئوينىماسسىز ؟ ھىم، ئەسلىي مەن سىزنى خېلى دۇرۇس ئادەم دەپ ئويلايتتىم، سىزنىڭ بۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن...

مېنىڭ گېپىم «سىز بىزنىڭ دۇكانغا تۇخۇم ئالغىلى بارغاندا، سىزگە ئەرزانلا بېرەتتۇققۇ...» دېگەن يەرگە كەلگەندە،ئۇ گەپلىرىمگە چىدىمايلا قالدى ـ دە:

ـبولدى، بولدى، تېز بېرىڭلار! بالدۇر قايتىپ كەل!ـ دېدى.

بىجامال بەك خۇشال بولۇپ كەتتى،ئەمما، ئۇ يەنە ئەنسىرىگەن ھالدا ئېغىز ئاچتى:

ـراستىما؟

مەن ئۇنىڭ يولدىشىغا:

ــ مەن كاپالەت بېرەي، بىر سائەتلا، بىر سائەتتە چوقۇم ئۇنى ئەكې-لىپ قويىمەن، ــ دېدىم ــ دە، بىجامالنىڭ قولىدىن تارتتىم:

ــ ئەستا، ماڭمامسىز! ھېچقىسى يوق، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا مېنى ئىزدەڭ، مەن ئۇنى ئەدەبلەپ قويىمەن...

ــ مەن تېخى كىيىملىرىمنى يۆتكىمىدىم!

بىجامالنىڭ كىيىملىرىنى يۆتكەپ، چاچلىرىنى تاراپ تەييار بولۇشىغا يېرىم سائەت ۋاقىت كەتتى. ياش خۇيزۇ چوكان شۇاڭ شۇاڭلارنىڭ ئىشىكىدىن ئۆتكەندە، ئۇ ئۇنىمۇ چاقىرۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى، بۇ شۇاڭ شۇاڭمۇ ئېرىدىن قورقىدىغانلاردىن ئى-دى. شۇڭا، شۇاڭ شۇاڭنى ئۆيىدىن«قۇتۇلدۇرۇپ» چىققۇچە سەھەر سا-ئەت ئىككىدىن ئاشتى. مەن بەكلا تىت ــ تىت بولۇپ كەتتىم.

بىز مەھەللىنىڭ قاراڭغۇ كوچىسىدا مۇدۇرۇپ ــ سوقۇلۇپ كې-تىۋاتاتتىمىز، يىراقتىن ئېلېكترونلۇق رويالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىچىمىز بوشاپ، يېنىكلەپ قالغاندەك ئىدۇق. مەن ئالدىرىغىنىمچە توي بولۇۋاتقان قورۇنىڭ تېمىنىڭ يېنىغا كېلىپ قورۇ ئىچىگە بويۇندىدىم. مەشرا ئېلېكترونلۇق رويال چالغۇچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كۈلۈمسى-رىگىنىچە دومبىراچېلىۋاتاتتى، جىمى نۇر ئۇنىڭ چېھرىگە يىغىلغاندەك ئىدى. سەھرانىڭ ئايال ناخشىچىسىنىڭ زىل ئاۋازى كېچە ئاسمىنىغا تارايتتى. يېنىمدىكى بىجامال بىلەن شۇاڭ شۇاڭ ئالدىراپ ئۇسسۇل قايىنىمىغا چۆشۈپ بولغانىدى. بىرى ئالدىمغا كېلىپ قولىنى تەڭلەپ مېنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلدى، مېنىڭ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي ئامالىم بولمى-دى. مەن بىرىنچى قەدەمنى ئالدىم. بىرىنچى قەدەمنى ئېلىپلا، بۇ كېچى-نىڭ تېخى بالدۇرلىقىنى، ھەممىنىڭ تېخى باشلانمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

شۇنداق، بۇ يەنە بىر گۈزەل كېچە ئىدى. ئۇسسۇلغا بىر سائەتتە قانامدۇ كىشى؟ قايتىش ئىشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم. بىجامال ئىككىسى

نىمە بولۇشسا بولىمدۇ.

كۆز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر نەچچە كۈنىدە مېنىڭ ھېچ يەرگە بارغۇم كەلمەيلا قالدى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا مىختەك ئول-تۇرۇپ كىيىم تىكىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم. ئەمما، دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىمدا، تىنىق كۆك ئاسمان دىلىمنى ئېرىتىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىشىمنى توختاتتىم-دە، ئىشكنى تاقاپ سىرتقا چىقتىم.

مەن مەھەللىنىڭ تار كوچىسىدا كېتىپ بارماقتا ئىدىم. گەرچە بۇ چارۋىچىلار تاغدىن چۈشكەن، كاۋۇتۇدا ئادەم ئەڭ كۆپ بولىدىغان پە-سىل بولسىمۇ، كاۋۇتۇنىڭ كۈندۈزدىكى مەنزىرىسى ئادەتتىكى كۈنلەر بىلەن پەرقلەنمەيدىغاندەكلا قىلاتتى. يوللار قۇپقۇرۇق، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئېتىلگەن. بەزىدە كىچىك بالىلار-نىڭ قورۇ تېمىغا يامىشىپ ئويناۋاتقىنى كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. مەن بىلمەن، كاۋۇتۇدا خۇشاللىقنىڭ ھەممىسى كېچىدە . مەن ئاخۇن قەب-رىستانلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەنتنىڭ باش تەرىپىدىكى ئېرىققا يېقىنلى-شىپ قالدىم. بۇ ئەتراپتا ئۆي – ھويلىلار قالايمىقان ئورۇنلاشقان بو-لۇپ، يەر شەكلىگە بېقىپ، ئېگىز – پەس قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تې-خىمۇ يىراقتا بىر تۈپ گىياھمۇ يوق تاقىر تۈزلەڭلىك يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ يەردە بىر بالا كېسەك قۇيۇۋاتاتتى. ئۇ بوش يەرلەرگە پۈتۈنلەي كې-سەك قۇيۇۋېتىلگەنىدى. ئۇ كېسەكلەر قۇرىسا ئۆي سالغىلى بولىدۇ. ئەم-ما، كىم بۇنداق چاغدا ئۆي سالىدۇ؟ كۆزىمۇ ئۆتۈپ كېتەيلا دېگەن تۇرسا.

ئۇ بالا مېنىڭ قاراپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئىشىنى بىمالال قىلىۋاتقان ئادەم مېنى كۆرۈپلا قىلىۋات-قان ئىشىدىن ئازغىلى تۇردى. ئۇ مېنىڭ تېز راق كېتىشىمنى ساقلىدى بولغاي، تەييار بولغان لايىنى قايتا – قايتا ئارىلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

مەن ئۇنى تونۇيمەن، ئۇ سېمىز دوختۇر بادىنىنىڭ كىچىك ئوغلى قابۇدقالان بولۇپ، ئۇ ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى. قا-

رىغاندا، ئۇ ئىككى بېلىكىگە تايىنىپ، كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي پۇل تېپىۋاتاتتى.

مەن قايتمىدىم، جايىمدا تۇرۇپ ئۇ يەر بۇ يەردىن گەپ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلىدىم.

ــنېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئۆي سالامسەن؟ خوتۇن ئالامسەن؟

ــياق، ياق، خوتۇن ئالمايمەن. قورۇ تېمىنى قايتا قوپۇرىمىز، قاراڭ، قورۇ تېمى ئۆرۈلۈپ كەتتى،ــ ئۇ خەنزۇچىنى تازا راۋان سۆز-لىيەلمەيتتى.

ئۇ تېز سۈرئەتتە قولى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى ــ دە، مەن قاراپ بولغىچە قولنى چۈشۈرۈۋالدى ۋە قولاشمىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن لاينى ئارىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇنىڭ يۈز – كۆزى پاتقاق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىشتىنىدىمۇ پاتقاق ئىزى قېتىپ كەتكەنىدى.

مەن ئىچىمدە كۈلگىنىمچە قايتتىم، ئويلىغانچە كۈلگۈم كېلەتتى. ئالدىنقى قېتىم ئۇ بىزنىڭ دۇكاندىن بىر خالتىسى بەش مولۇق راك قە-لەمچىسىنى نېسىگە ئالغان بولۇپ، پۇلنى بەرمىگىلى ئىككى ئاي بولغان-دى. بولدىلا، پۇلنى بەرمىسىمۇ مەيلى.

مەن كوچىنىڭ ئايىغىدىكى داۋانغا كەلگەندە، ئايلىنىپ باشقا يول بىلەن قايتماقچى بولدۇم. ئەمدى ئالدىمغا مېڭىۋەرسەم چۆل – جەزىرە ۋە قاقاسلىققا چىقىپ قالاتتىم. ئېرىقتىكى سۈپسۈزۈك سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. مەن ئېرىقنى بويلاپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، بىر يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا مەشرانى كۆردۈم.

ئۇ ئېرىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا كېسەك قۇيۇۋاتاتتى. ئۇ ئېگىشىپ تۇرۇپ قېلىپقا لاينى توشقۇزاتتى ــ دە، ئېغىر قېلىپنى دەس كۆتۈرۈپ بىر نەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپ، قېلىپنى كۆمتۈرەتتى، قۇيۇل-غان كېسەكلەر تولىمۇ رەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ چېچى چۇۋۇلغان، كىيىملى-رى پاتقاققا مىلەنگەن بولسىمۇ، كېلىشكەن قامىتى يەنىلا مېنى مەپتۇن

قىلاتتى.

مەن بىر پەس نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.ئۇنىڭغا قابىلىد. قالانىغا چاقچاق قىلغاندەك:« نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ئۆي سالامسىز؟ يا خوتۇن ئالامسىز؟» دېگىلى بولمايدۇ ـ دە! ياخشى يېرى، ئۇ ئىشقا بەك بېرىلىپ كەتكەچكە مېنىڭ كەلگىنىمنى سەزمىدى.

مەن بىر پەس ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، كەينىمگە ئۆ. رۈلۈپلا كەلگەن يولۇم بىلەن مېڭىپ كەتتىم.

مەن نېمىشقا بۇنداق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغاندىمەن؟ مەن قېتىپ يا. سىنىۋالغان بۇ ئەپتىم بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولسام بولمايدۇ، خۇددى قايسى كۈنى كەچتە ئۈستىبېشىم مەينەت ھالەتتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغانىغا ئوخشاش. مەن ئۆزۈمنىمۇ تولۇق چۈشەنمىگەن يەردە، باشقىلارنى تېخىمۇ چۈشەنمەيمەن... مېنىڭ نەزىرىمدە مەشرا شاھقا ئوخشايتتى. ئۇ قامەتلىك، كېلىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ساپ قەلب بار، يەنە سەنئەتكە ماھىر بىر جۈپ بىلەك بار. ئۇ بىلەكلەر ھازىر كەت. مەن سېپىنى چىلك تۇتقان ئىدى. ئەمما، مەن ئۇ ياگراتقان مۇزىكىنىڭ دۇنيانىڭ پىنھان بۇلۇڭىغا ـ يەنە بىر ياشنىڭ قەلب دۇنياسىغا قانداق ئې. قىپ كىرگىنىنى بىلىمەن... مەن تولىمۇ بەختلىك، بەزى گەپلەرنى مەن ھەقىقەتەن ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.

كېيىن، مەن چوقۇم باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، ياشلىق مەزگىلى ئەنە شۇنداق ئۇزاق... مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا، كۆڭلۈم كۆ. تۈرۈلۈپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. ئۇنداق بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ مەن شېرىن چۈشۈمنىڭ رېئاللىققا ئايلىنالماسلىقىدىكى سەۋەبىنىڭ مېنىڭ خەنزۇ بولۇپ قالغانلىقىم ياكى ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي باشقا - باشقا دۇنيادا ئىكەنلىكىم ئەمەسلىكىنى بىلىمەن... ئەمەلىيەتتە مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيمەن. ياخشى يېرى، مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى دەپ باقمىغان، ھېچنېمىنى بىلدۈرمەي كەلگەنىدىم...

مەن يەنە مەشرانىڭ ئايالىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ بەستلىك كەلگەن

چىرايلىق قازاق قىزى ئىدى. ئۇچ بالىنى تۇغقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئې-
غىرلىقى 200 جىڭغا يەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇلايىملىقى چىقىپلا تۇ-
رىدىغان بولۇپ، دائىم ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، بوينىغا يوغان قوي يۇ-
ڭى شارپىسىنى ئارتىپ يۈرەتتى. ئۇ يىراقتىكى يازلىق يايلاقتىكى كىگىز
ئۆيدىن بېلىنى ئەگكىنىچە چىقاتتى-دە، قولىدا سۈت ساغىدىغان چېلەك
ۋە ئورۇندۇقنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى
كالا قوتىنى تەرەپكە ماڭاتتى... بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەن ھەر قانداق
ئادەم ۋاپا – ساداقەتنى، مېھىر – مۇھەببەتنى ھېس قىلماي قالمايدۇ.
ئەجدادلاردىن ئەۋلادمۇ – ئەۋلاد مىراس قالغان ھېلىقى ئىشلار ھازىر-
غىچە توختاپ قالغىنى يوق. مەندىمۇ شۇنداق. تېخى مەندە باشلانمىغا-
نىدى!

قايتىش يولۇم سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. مەن يولدا يەنە قۇلاننى
ئۇچرىتىپ قالدىم، ھە راست، قۇلان قىز بالا ئىدى! ئۇنىڭ سېرىق بىلەن
قىزغۇچنىڭ ئارىلىقىدىكى چېچى خېلى ئۆسۈپ قالغان (بىزنىڭ بۇ يەر-
دىكى كىچىك باللارنىڭ چېچى يازدا چۈشۈرۈلۈۋېتەتتى)بولۇپ، ھەم
يۇمشاق ھەم شالاڭ ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توخ-
تاپ، بارمىقىنى چىشلىگىنىچە ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. مەن يىراقتىنلا
جىسمىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئۇ گۈزەل قىزچاقنى كۆردۈم، يەنە كۆكتىن
لەيلەپ چۈشۈۋاتقان ئالتۇن رەڭ يوپۇرماقلارنى كۆردۈم... گۈزەل ئالتۇن
كۈز – ئۇسسۇل پەسلى ئىدى. يەنە بۈگۈن كەچتىكى توي خىيالىمغا كەلدى،
ھەي، نېمىشقا ئۈمىد بولمىغۇدەك؟

قۇلان بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، يولدا ماڭا باشقا ھېچكىم ئۇچرىما-
دى. مېنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغان پېتى قايتىپ كەتكۈم كەلدى.

مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە ياشاۋاتىمەن، قى-
لىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ، تېپىشقا تېگىشلىك پۇلنى تېپىۋاتىمەن.
تۇرمۇشۇم ھەم تىنچ ھەم ئالدىراش. ئەمما، مەن ئاشۇ تىنچلىق ۋە ئال-
دىراشلىقنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا نېمىنىڭ ساقلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

مەن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنىسىگە يىپ ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ھەر قېتىم بىر مو پايدىنى دەپ خېرىدارلار بىلەن زېرىكمەي-تېرىكمەي باھا تالىشىۋاتقاندا، كېچە - كېچىلەپ ئىشلەپمۇ ئىشلىرىمنى تۈگىتەلمەي، قاپارغان قوللىرىمنى تۇتقىنىمچە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا مېنىڭ بۇ جىسمىمدا ئۇسسۇلنىڭ سېھرىي كۈچى بار، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. مەن ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت پۇت - قوللىرىمنى ئۇسسۇلنىڭ چىرايلىق، نازۇك ھەرىكەتلىرىگە كەلتۈرۈپ، مۇزىكىنىڭ سېھرىي دۇنياسىغا كىرىپ كەتسەمكەن دەيمەن. بۇ جىسمىم ھېرىپ - چارچاش، قېرىش ۋە ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاپىرىدە بولغان ئەمەسقۇ، ئاخىر!

مەن كېچىلەردە يىراق - يىراقلاردىن كېلىۋاتقان ئېلېكترونلۇق روياللىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالغىنىمچە ئۇيقىغا كېتىمەن، دەم - دەم ئويغىنىپ شېرىن چۈشلىرىمنىڭ قوينىدىن يېنىپ چىقىمەن. چۈشۈمدە ئىلگىرىكى ئىشلارنى، يەنى، قوشنىمىزنىڭ قىزلىرى بىلەن قول تۇتۇشقىنىمىزچە مەھەللىنىڭ كاداك يولىدا تويغا ئالدىراپ كېتىۋاتقان،توي بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە توپا ۋە پاتقاقنىڭ دەستىدىن قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئاياغلىرىمىزنى غازاڭ بىلەنلا سۈرتۈۋېتىپ، خاتىرجەم ھالدا ئىشىكتىن كىرىپ كېتىۋاتقان مەنزىرىنى كۆرىمەن... بىز ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا ھويلىدىكى بىرى:« ھوي، تىككۈچىلەرنىڭ قىزلىرى كېلىپ قاپتىغۇ!» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى.

بىز قاتار تۇرۇپ ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا، ئەمەلىيەتتە، مەغرۇرلانغان ھالدا كۈلۈپ تۇراتتۇق. كىشىلەر بىزنى ئىتتىرىشكىنىچە ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار توپىغا قوشۇۋېتەتتى. ئۈستى تەرەپكە ئېسىلغان رەڭگارەڭ چىراغلار ئاستا پۇلاڭشىپ تۇرسىمۇ، شامالنى قىلچە شامال باردەك ھېس قىلىشمايتتۇق.چىراغلارنىڭ نۇرىنىڭ چوڭقۇرىدا يەنە قاراڭغۇلۇق بار ئىدى. مېنىڭ يەنە نېمىنىدۇ ئېنىق كۆرگۈم كېلەتتى، بىرى كىشىلەر توپىنى ئۇدۇل كېسىپ ئۆتۈپ مېنىڭ ئالدىمغا كېلەتتى--

ده، ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ، ماڭا قولىنى سۇناتتى...

كېچىلەرنىڭ ئېغىر قاراڭغۇلۇقىدا ئۇيقۇمدىن ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىمدا، يىراق – يىراقلاردىكى مۇزىكىغا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قۇلاق سالغىنىمچە ئولتۇرۇپ كېتىمەن. ئولتۇرغىنىمچە يەنە شېرىن ئۇيقۇغا كېتىمەن، يەنە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن. ئاخىرىدىكى چۈشۈمنىڭ بىرىدە مەشرانى ئېلېكترونلۇق رويال چېلىۋاتقان ھالەتتە كۆرىمەن. ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى ماڭا نەقەدەر تونۇش- ھە!

مەن غەرق ئۇيقۇغا كەتكىنىمدە، مېنىڭ جىسمىمدا يەنە ئۇسسۇلنىڭ سېھرىي كۈچى بارمۇ؟ مەن ھەر قېتىم جىسمىمنى كېچە قاراڭغۇلۇقىدىكى كاۋۇتۇنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە غەرق ئۇيقۇغا كەتكىنىنى ئويلىغىنىمدا، جىسمىمنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدىكى كاۋۇتۇنىڭ يەنە بىر جايىدىكى شادىيانە مەنزىرە بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەندەك، ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەستەك ھېس قىلىپ كېتىمەن.

مەن كۈز پەسلىنى مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ ئۆتكۈزدۈم. مەن ياشلىقىمدىنلا مەشرانى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەن ئېگىز ھەم چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان دەريا قىرغىقىدا كېتىۋاتماقتىمەن، دەريا سۈيى چوڭقۇر يار تېگىدە جىمجىتقىنا ئاقاتتى. مەن مېڭىشتىن توختاپ، يەرگە پاتۇرۇلۇپ قالغان كىچىك بىر تال تاشنى ئاستا تېپىشكە باشلىدىم، ئۇنى مەن تاكى قومۇرۇلۇپ چىققانغا قەدەر تەپتىم. ئاندىن ئۇنى يەنە ئەسلىدىكى ئورەككە كىرگۈزۈپ، دەسسەپ چىڭداپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈردۈم. مەن مەشرانى ھەقىقىي ياخشى كۆرەتتىم، مەن سۆيگۈمگە ئىشىنەتتىم، ئۇنى ئەسلەپ تۇراتتىم. ئەمما، بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ مەن ئۇنى تونۇمايتتىم، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تونۇتۇشقا تېخىمۇ ئامالىم يوق ئىدى. كىمنىڭ كىمنى تونۇشى، كىمنىڭ كىمنى تونۇماسلىقى قاتارلىقلارنىڭ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈم بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، خۇددى، مېنىڭ مەشراغا بولغان سۆيگۈمنىڭ مەشرا بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغىنىغا ئوخشاش... مەن

ياشلىقىمدىنلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، دېمىگەنمىتىم. ئۇنداق بولمىسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ ياشلىقىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ ئورنى يوق-تە! ياكى بولمىسا، بۇ دۇنيانىڭ تۈرلۈك گۈزەللىكلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولالامدىم؟ بۇنداق گۈزەل دۇنيادا تەنھا ئۆتۈش تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش. شۇڭا، قەلب دۇنيايىمغا مەشرا كىرىپ كەلدى، ئۇ يۈرىكىمگە سۆيگۈ ئوتىنى تۇتاشتۇردى... كۈز ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى، ئەمما، كائىنات ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇراتتى. پەقەت دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى كۆكتىن لەيلەپ چۈشكەن غازاڭلار بىلەن ئالتۇن رەڭدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. قۇرۇقدالغان دەرەخ شاخلىرى كۆككە سانجىلىپ تۇراتتى، كەڭ يايلاق سېرىق رەڭ بىلەن بويالغانىدى.

مەن ئۆتۈپ كەتكەن كەچۈرمىشلەرنى ياد ئەتمەكتىمەن، كەلگۈسىدە يۈز بەرمەكچى بولغان ئىشلارنى خىيال قىلماقتىمەن، يەنە ئاغزىمدىن چىقىرالمايدىغان ئازاب ۋە بەختنى خىيال قىلماقتىمەن. مەن ئاستا كېتىۋاتىمەن، گەرچە يارنىڭ ئاستىدا ئېقىۋاتقان دەريا كۆكۈچ سوغۇق ھاۋانى ئۆستەڭگە توختاۋسىز پۈركۈپ تۇرسىمۇ، قۇياش ئىللىق نۇرلىرى بىلەن جىسمىمغا ھارارەت ئاتا قىلىپ تۇراتتى. كۆزلىرىم چەكسىز ئۇچۇققا قادالغانىدى. مەن بۇ دۇنيانى سۆيىدىغانلىقىمنى ياكى نەپرەتلىنىدىغانلىقىمنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن. بىر تورغاي ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى يانتاقلىقنىڭ ئارىسىدىن «پارتتىدە» ئېتىلىپ چىقتى-دە، بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ ئۇچۇپ كۆك تامان پەرۋاز قىلىپ كەتتى. كۆككە قارىغىنىمدا، بىر توپ ئاققۇ سەپ تۈزگىنىچە بۇ زېمىننىڭ ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كۆك ئاسمان تولىمۇ تىنىق ئىدى.

تېخىمۇ يىراقتا بولسا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان بۇغدايلىق ۋە ئالتۇن نۇر بىلەن جۇلا چېچىپ تۇرغان ئېگىزلىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىرى ئاشۇ ئالتۇن رەڭ نۇرلار ئىچىدىن گۈرجىكىنى دولىسىغا تاشلىغىنىچە چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. مەن قەدىمىمنى توختىتىپ، ئۇ تەرەپكە بىردەم قاراپ تۇردۇم. ئەمما، ئۇ مەشرا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئادەم يې-

قىنلىشىپ ماڭا سالام قىلدى، ئەمما، مەن ئۇنى تونۇمايتتىم.

-ھەي، بالام، كاۋۇتوۇچۇ بەك ياخشى جاي!

-شۇنداق، كاۋۇتۇ بەك ياخشى جاي.

-سىز نى كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟

مەن كۈلۈپ كەتتىم.

-كەتمەيمەن، كەتمەيمەن، كاۋۇتۇ بۇنداق ياخشى تۇرسا، نېمە دەپ كەتكۈدەكمەن؟

ئۇ ئالدىمغا كېلىپ توختىدى.

-بۇگۈن كەچتەچۇ بىز نىڭ ئۆيگە بېرىڭ، بىز نىڭ ئۆيدە بۇگۈن توي بولدى، كەچتە توي مەشرىپى بار.

-بولىدۇ،- مەن خۇشاللىقىمنى باسالمايلا قالدىم،- سىلەرنىڭ ئۆي قەيەردە؟

-كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ قارىسىڭىز ، قايسى ئۆيدە ياندۇرۇلغان چىراغ ۋە توپلانغان ئادەم كۆپ بولسا، شۇ ئۆي بىز نىڭ دېگەن گەپ.

ئۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىنى كۆرسەتتى. ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىغىنىمدا، كۆز يېتىم يەردىكى ئېگىز لىكتە بىر خىلۋەت كەنت گويا دۇنيانىڭ سېھىرلىك قۇچىقىدا، كۆز پەسلىنىڭ جىلۋىسى ئارا سوزۇلۇپ ياتاتتى. دەريانىڭ ئۈستىدە بىر تۆمۈر زەنجىرلىك ئاسما كۆۋرۈك ئېسىلىپ تۇراتتى...

## دالىدىكى ئۇيقۇ

قۇۋېيدىكى كۈنلەردە، مەن نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇخلايمەن. ئۇخلىمىسام، نېمە ئىش قىلىمەن؟ ياپيېشىل يايلاقتا كۆك ئاسمانغا تىكىلگىنىڭىز چە ئۇزاقراق ياتسىڭىز ، كۆزلىرىڭىز تېلىپ ئۇيقۇ تۇتۇپلا كېتىدۇ. ئەمما، دۇنيا يەنىلا ئۆز پېتى قېلىۋېرىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ تاغ ئارىسىدا ئۇخلاشقا باب كېلىدىغان جاي ناھايىتى كۆپ. تەكشىرەك ئوت - چۆپلۈككە بېرىپ، بەدىنىڭىز نى يەرگە تەگكۈزگىنىڭىز چە ياتسىڭىز ،

تولمۇ راھەتلىنىپ كېتىسىز ، شۇ يېتى ئۇيغانماي بىر ياز ياتسىڭىزمۇ ھېچكىم سىزگە دەخلى قىلمايدۇ، يامغۇر يېغىپ توڭلاپ كەتمىسە-ڭىزلا.سوغۇق سىزگە ئاستا - ئاستا تۇيدۇرماي ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەمما، يامغۇر تۇيۇقسىزلا زەرپ بىلەن تېگىش قىلىدۇ. مەن يايلاقتا ئۇخلىغان چېغىمدا، جۇۋام بىلەن بېشىم ۋە بەدىنىمنىڭ ئۈستى قىسمىنى يېپىۋالى-مەن. شۇڭا، يامغۇر يېغىپ ئىشتىنىمنىڭ پۇچقاقلىرى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەندىلا ئاندىن ئويغىنىمەن. گاراڭ ھالەتتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دالدىراق يەرگە بارىمەن-دە، ئۇيقۇمنى داۋاملاشتۇرىمەن. بىز-نىڭ تاغدا، بىر پارچە بۇلۇت يەنە ئۆزىنىڭ چوڭلۇقچىلىك يەرگىلا يام-غۇر تاشلايدۇ، تولىمۇ زېرىكىشلىك.

باشقا بۇلۇتلار يامغۇرنى خۇشلۇقى تۇتۇپ قالسا تاشلاپ، بولمىسا تاشلىمايتتى. يەنە بەزى چاغلاردا، ھېچقانداق بۇلۇت يوق كۆك ئاسماندىنمۇ شارقىراپ يامغۇر يېغىپ قالاتتى. ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ... بۇلۇت بولمىسا، نەدىن كەلگەن يامغۇر ئۇ؟ ئۇ يامغۇر نەدىن كەلگەن؟ بۇ دالا ھەقىقەتەن يولسىز ئىدى. ئۇ سىز ئىلگىرى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار بەدىلىگە چۈشەنگەن داۋلىلارنى ئاستا - ئاستا يوققا چى-قىرىۋېتىدۇ.

سوغۇقمۇ بۇلۇت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر پارچە بۇلۇت ئۆچۈپ كەلسە، زېمىندىكى بىر پارچە يەرگە چۈشىدىغان قۇياش نۇرىنى توسىۋا-لىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر پارچە زېمىندا سوغۇق ھاۋا پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە، سوغۇق ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ، قۇياش غەربكە قىيسىيىپ، تاغنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئاستا - ئاستا يېيىپ باستۇرۇپ كېلىدۇ-دە،شۇ ھامان تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

مەن تاغ قاپتىلىدا ئېغىر قەدەملىرىمنى سۆرىگىنىمچە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن مېڭىپ، ئۇخلىغۇدەك جاي ئىزدەيمەن. تەكشى ھەم قۇرغاق جاينى تاپقاندىن كېيىن، ئاسمانغا قاراپ ئەڭ يېقىن بۇلۇتنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى كۆزىتىمەن، يەنە شامالنىمۇ دەڭسەپ باقىمەن، ئەگەر بىرىم سائەت ئى-

چىدە بۇلۇت يېتىپ كېلەلمىگۈدەك بولسا، ئاندىن خاتىرجەم ياتىمەن. ئۇنداق ئۇيقۇدا ھەرگىز چۈش بولمايدۇ، خۇددى ھېچنېمىنى ئويلىمىغان ھالدا چوڭقۇر تۇيغۇ ئىچىگە شۇڭغۇپ كېتىۋاتقاندەك... پەقەت ئويغانغان ۋاقتىڭىز دىلا ئۆزىڭىزنىڭ بايا ئۇخلىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ يېتىسىز .

بەزىدە ئۇخلاۋېتىپ يۈرىكىڭىز ئاغقاندەك بولىدۇ-دە، كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىز ، خۇددى سىر تۇلۇقىدا سىرلاپ قويغاندەك ئاسمان گۈمبىزىنى قاسراق بۇلۇتلار تەكشى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز . ئۇ بۇلۇتلارنىڭ چوڭ – كىچىكلىكى، شەكلى ئوخشاش، رەڭگى سۇس بولىدۇ. ئۇنداق بۇلۇتلارنى ئاسماندا «توختىدى» دېگەندىن كۆرە، ئاسماننى «سۆيىدى» دېگەن تۈزۈكرەك! مېنىڭچە ئۇلار تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەتلىك مەنلەرگە ئىگە. مەن بىلىمەنكى، ئۇ بۇلۇتلار شامالنىڭ ئىجادىيىتى. مەن شامال توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىم، ئۇ قانداق قىلىپ ئۆزىمۇ سوقۇلالمايدىغان ۋە تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان يۈكسەكلىكتىن نەرە تارتقىنىچە چۈشۈپ، تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىقنى كەڭ زېمىنغا چاچىدىغاندۇ؟ شامالغا ئۇچراپ قالغان بۇلۇتلار «ئاھ!» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي پارچە – پارچە بولۇپ كېتىدۇ، يەنە شامالغا ئەگىشىپ بىر مەزگىللىك سەپەرنى باشلاشقا ئۈلگۈرەلمەيلا تاشلىنىپ قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، بۇلۇت پارچىلىرى ئاجىزلىغان شامالنىڭ ئاستا، ئۇزاقتىن – ئۇزاق پەپىلىشىدە ئەللەيلىنىدۇ. مەن كۆرگەن بۇ بۇلۇتلار يەنىلا ھاياجان ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان، تېخىچە ھاسىراپ – ھۆمۈدەشتىن توختىمىغان بۇلۇتلار ئىدى. ئۇ بۇلۇتلارنىڭ تەقدىرى ئۆزلىرىنىڭ قولىدا ئەمەس،ئەمما، تولىمۇ بەختلىك. سىز كۆزىڭىزنى تۇيۇقسىز ئاچقىنىڭىزدا، ئاسمان گۈمبىزىگە رەتلىك تىزىلغان دەستە – دەستە بۇلۇتلار سىزگە «ھەممىسى ئاخىرلاشتى» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ چاغدا سىز ئۇخلاپ قالغان ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە جاھاندا گويا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز .

شامال چىقمىغان ۋاقىتلاردا ئاسمان گۈمبىزىنى ئىككى خىل بۇلۇت

قاپلاپ تۇرغان بولىدۇ. بىر خىلى خۇددى تۇمانغا ئوخشاپ كېتىدىغان يىپنىڭ ھەم شالاڭ بۇلۇت بولۇپ، ئاسمان گۈمبىزىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك قاپلاپ، ئاسماننىڭ رەڭگىنى سۇس كۆك رەڭگە كىرگۈزىدۇ. بۇنداق بۇلۇتلار ئاسمان بوشلۇقىنىڭ ئۈستى قىسمىغا تارقالغان بولىدۇ. يەنە بىر خىلى، بىز دائىم كۆرىدىغان، پەسلا جايدا توپ - توپ لەيلەپ يۈرىدىغان بۇلۇت بولۇپ، بۇنداق بۇلۇتلار بەزىدە بېشىمىزغا تېگىپ قالايلا دەيدۇ. بۇنداق بۇلۇتلار شۇنچىلىك دەرىجىدە ئاقكى، ئۇنىڭ ئاقلىقىغا ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئاقلىقى يېتەلمەيدۇ. سىز ئۇنداق بۇلۇتلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كۆزىڭىزنى باشقا شەيئىلەرگە ئاغدۇرغان تەقدىردىمۇ، كۆز ئېكرانىڭىزدىن ئاشۇ بۇلۇتلارنىڭ ئاقلىقى ئۆچمىگەن بولىدۇ. بۇلۇتنىڭ ئاقلىقى ئاددىي ئاق رەڭنىڭ ئاقلىقى بولماستىن، بەلكى روھنىڭ ئاقلىقىدۇر.

مەن ناھايىتىمۇ بۇرۇن، بۇ دۇنيادا تېخى ئاق رەڭ بولمىغان چاغدىمۇ ئاپپاق بۇلۇت مەۋجۇتمىكىن دەيمەن.

كۆپ ھاللاردا، بۇلۇتلار ئاسمان بوشلۇقىدا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ئەگەر سىز ئاسمانغا قارىسىڭىز ھېچنېمىنى پەرق قىلالمايسىز، پەقەت ئۇ بۇلۇتلار ناھايىتىمۇ تىنچ ھالەتتە ئاسمان بوشلۇقىدا ئېسىلىپ تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز. ئەگەر سىز ئاسمان بوشلۇقىغا ئۇزاق تىكىلىپ قارىسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ ئاستا- ئاستا غايەت زور بىر خىل يۆتكىلىشكە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز، ئۇنداق يۆتكىلىش غايەت زور بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئىگە كۈچلۈك يۆتكىلىش. شامال كېلىپ سوققىنىدا بولسا، ئاشۇ يۆتكىلىش بىلەن بارچە شەيئى ئوخشاش بىر قىيسىيىشقا يۈزلەنگەندەك بولىدۇ... بولۇپمۇ، ئاشۇ نۇرغۇنلىغان بۇلۇت توپى تېز سۈرئەتتە بىر يۆنىلىشكە قاراپ ئاققاندا شۇنداق. بۇلۇتلار چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدا كۈچلۈك شامالنىڭ تەسىرىدە كۈچلۈك يۆتكىلىش پەيدا قىلغاندا، «ئۇچۇش» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىش تولىمۇ خاتا بولۇپ قالىدۇ! بۇنداق يۆتكىلىش ئىنتايىن زور غايىۋى قۇد-

رەتكە ئەگە يۆتكىلىش بولۇپ، خۇددى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئوخشاش شەكسىزلىككە ئىگە، توسۇش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس... ئەنە قاراڭ، ئاسمان بوشلۇقنى قاپلىغان يۆتكىلىش ۋە غايىپ بولۇشقا قاراۋېرىپ كۆزلىرىم تالدى، ئاستا – ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىم...

بۇلۇتنىڭ گېپىنى بۇنداق جىق قىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، تاغلىق دالىدا ئۇخلىسىڭىز يۇزىڭىز كۆككە يۈزلىنىدۇ، كۆزىڭىزگە ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغان نەرسە– بۇلۇت، ئويغانغاندا كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزلا بۇلۇتنى كۆرىسىز. ئەلۋەتتە، بەزىدە بىر پارچىمۇ بۇلۇتنى كۆرگىلى بولمايدۇ، تىنىق كۆك ئاسمان غايىۋى چەكسىزلىك بولۇپ كۆز ئېكرانىڭىزغا چۈشىدۇ. بىراق، بۇلۇتسىز تىنىق كۆك ئاسمانغا بىۋاستە تىكىلىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئاسمان بوشلۇقىدىن تاراۋاتقان كۈچلۈك نۇر كۆزلەردىن ئاقquzغان ياشنىڭ نۇرىدىلا ئاسماننىڭ رەڭگىنى ۋە تىنىقلىقىنى ھەقىقىي كۆرگىلى بولىدۇ. مەن ئاسمانغا قاراپ ياتماقتىمەن، كۆز نۇرلىرىم ئاستا – ئاستا بۇلۇتلار بىلەن ئۇچراشتى، بۇلۇتلار ئاستا – ئاستا كۆپەيمەكتە ئىدى، بۇلار مېنىڭ خىيالىي تۇيغۇم ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەيمەن. شۇنىڭ بىلەن ئاستا – ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىم...

كۇۋېيدىكى يازلىقتا مېنىڭ قىلىدىغان ئانچە كۆپ ئىشىم يوق. ئائىلىمىزدىكى تۆت ئادەمنىڭ مەن،ئاپام ۋە ئاپامنىڭ ئىككى شاگىرتى تۆتىمىز (مومام ئۇ چاغدا ناھىيە ئىچىدىكى بىر تونۇشىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى.) تىككۈچى بولۇپ، ماڭا ئىش ئاشمايتتى. ئەمما، ماڭا ئوخشاش ھەر قانداق ئىشنى قىلغۇسى كەلمەيدىغان ئادەم ھەمىشە باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىغىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، مەن كۈندە دېگۈدەك سىرتلارنى ئايلىناتتىم، قورسىقىم ئاچقاندىلا ئۆيگە قايتاتتىم.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تاغ قاپتىلى ئېگىز بولغىنى بىلەن تىك ئەمەس ئىدى، ياپىپېشىل كىچىككىنە بىر ئورمانزار تاغ قاپتىلىدا قارىيىپ تۇراتتى. شۇ جاي بىلەن قىيالىقنىڭ ئۇستىگە چىققاندا، ئۇنىڭغا تۇتاش كەتكەن يەنە بىر قىيالىق كۆزگە تاشلىنىدۇ. يەنە داۋاملىق ئۆرلىگەندە

تېخىمۇ ئېگىز بىر قىيالىق ساقلاپ تۇرىدۇ... قاتمۇ – قات قىيالىق خۇددى غايەت زور پەلەمپەيگە ئوخشاش بۇ زېمىندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يارلىقنىڭ تېگىدە، يەنى، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ بۇ مەنزىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن ئىلگىرى قىيالىقنى بىردىن بىردىن بېسىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ باققان ئىدىم. ئەڭ ئېگىز چوققىدا تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىغىنىڭىزدا قاتمۇ –قات تاغلار، چەكسىز دالا تولىمۇ ھەيۋەت، بىپايان كۆرۈنىدۇ، قاتتىق شامال زەرپ بىلەن سوقۇپ تۇرىدۇ.

ئۇ چوققىنىڭ ئۇ تەرىپى قويۇق ئىپتىدائىي ئورمان بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئورمانغا سېلىشتۇرغاندا، مەن ئىلگىرى كۆرگەن ئورمانلار پارچە – پۇرات دەرەخزارلىقلا ئىبارەت. ئۇ ئورمان نەم ھەم قاراڭغۇ بولۇپ، يەر يۈزىنى قېلىن بىر قەۋەت مۇخ قاپلاپ تۇرىدۇ. ئاسمانغا بوي سوزغان قارىغايلار تولىمۇ قويۇق ئۆسكەن، ھەممىلا يەردە ئۆرۈلۈپ چىرىپ كەتكەن دەرەخلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەن ئورمانلىقنىڭ چېتىدە تۇرۇپ ئىچىگە قاراپ باقتىم-يۇ، ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. مەن تاغ چوققىسىدىن پەسكە قاراپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، تاغ چوققىسى ۋە ئورمانلىقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتتۈم. دېگەندەك، تاغنىڭ بۇ تەرىپى ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىردىن ئاشمايدىغان يانتۇلۇق ئىدى. پەس تەرەپ بولۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپ ۋە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈل – گىياھلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تېخىمۇ ئېگىز بىر قىيالىققا تۇتىشىپ تۇراتتى. ئەمما، تاغ يامىزىلىدىكى بىزنىڭ ئۆي تەرەپلەردە بولسا ئاق ۋە سېرىق رەڭدە ئېچىلىدىغان گۈل – گىياھلارلا بار ئىدى. ئەلۋەتتە، لەيلىقازاقنىڭمۇ قىزىل رەڭدە ئېچىلىدىغانلىرى بار بولۇپ، ئۇزۇن، ئىنچىكە غولىنى ئەگكىنىچە قانداقتۇ بىشارەتلەرنى قىلىپ دەريا بويىدىكى ئوتلاقتا ئاستا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ؛ ئورمانلىقنىڭ ياقىسىدىكى ياۋا مۇدەن گۈللىرى «غۇچچىدە» ئېچىلىپ قېنىق قىزىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، ئەمما،

غولىدىكى دەريا سۈيىدەك تەكشى تارالغان قىزىل رەڭلىك گۈللەرگە سې-
لىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ قىزىللىقى ناھايىتى سۇس ۋە مىسكىن كۆرۈنىدۇ.

يارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىزغىچە كېلىدىغان قويۇق ئوتلاقتا تو-
رۇپ، نەزىرىڭىزنى قىزىلگۈل پادىشاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، يارنىڭ ئۇ
تەرىپىدىكى تاغ قاپتىلىغا قارىغاندا، ئاپپاق رەڭلىك بىر كىگىز ئۆي
كۆزگە چېلىقىدۇ. نەزەرىڭىزنىڭ سول تەرىپىدە بولسا ئاپپاق قار – مۇز
بىلەن قاپلانغان چوققا سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

ئۇ كۈنى، پاكار ئۆسكەن ئوتلاقنىڭ تەكشىرەك بىر جايىنى تاللىۋې-
لىپ، كېيىملىرىمنى مەھكەم كىيدىم-دە، ئۇدۇلدىكى ئاشۇ كىگىز ئۆيگە
يۈزلەنگىنىمچە يېرىم كۈن ئۇخلىدىم. ئارىلىقتا بىر نەچچە قېتىم ئويغىنىپ
كەتتىم-يۇ، ئەمما، بىراقلا ئويغىنىپ كېتەلمىدىم، خۇددى ئۇ جايدا مە-
لۇم بىر نەرسە ئۇيقۇمنى باغلىۋالغاندەك. چۈشتىن كېيىن ھاۋا سوۋۇ-
غاندىلا تولۇق ئويغىنىپ كەتتىم-دە، ئۆيگە ئالدىراپ قايتتىم.

تولىراق ئۇخلايدىغان جايىم تاغنىڭ شىمال قاپتىلىدا بولاتتى. ئۇ
يەردىكى ئوتلاقتا خۇددى كىرىسلوغىلا ئوخشاپ كېتىدىغان يوغان ئاق
رەڭلىك تاشلار بار بولۇپ، يېتىشقا تولىمۇ ماس كېلەتتى. ئەمما، ئۇ
تاشلار كىرىسلودەك يۇمشاق ئەمەس ئىدى، ئازراقلا ئۇخلىسا بەدەننىڭ
بىر تەرىپى ئۇيۇشۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق چاغدا يەنە بىر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ
يېتىشقا ھورۇنلۇق قىلغاندا، يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پۇت
سېزىمىنى يوقىتىدۇ.شۇڭا، ئويغانغاندىن كېيىن ئازراقلا مىدىرلاپ قوي-
سا، پۇتنىڭ ئۇچىدىن كىرگەن بىر خىل شېرىن ئاغرىق ئاستا- ئاستا
سۆرۈلۈپ بەلگە كەلگەندە توختايدۇ، ئاغرىقنىڭ دەستىدىن ئاغرىۋاتقان
جايىنى تۇتۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چاغدا، تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇ-
رۇپ ئاغرىغان ۋە ئۇيۇشقان جايىنى ئۇۋۇلاپ ئەسلىگە كەلتۈرمەكتىن
باشقا ئامال يوق.

ئۇ ئەتراپتىكى تۆپىلىكنىڭ يەر شەكلى بىر قەدەر تەكشى بولۇپ،

بەزىدە توپ – توپ قوي پادىلىرى(پەس تەرەپتە تۇرۇپ تاغنىڭ ئۈستىگە قارىغاندا سان – ساناقسىز تال – تال پادا يوللىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ) ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، چاڭ ـ توزان پەلەككە سوزۇلۇپ، ئەتراپنى قويلارنىڭ مەرەشلىرى قاپلاپ كېتىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا، جايىمدا ئولتۇرۇپ، خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك دولقۇنلاپ تۇرغان قوي پادىلىرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىمەن. پادىلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا تاشتا قايتا سۇنايلىنىپ يېتىپ ئۇيقۇمنى داۋاملاشتۇرىمەن. پادىنىڭ كەينىدىن قامچىسىنى ئويناتقىنىچە ئاتلىق كېتىۋاتقان پادىچى ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويىدۇ-دە، ناخشا ئېيتىپ كېتىپ قالىدۇ.

ئۇ بۇياقتا بىرىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، پادىسىنى قەستەن بۇياققا ھەيدەيتتى. مېنىڭ نېمە كارىم بولسۇن!

ئۇنداق تاشتا ئۇخلاپ ئويغانغان شۇ پەيتتە چۈشتىكى مەنزىرە بىلەن ئۇدۇل تەرەپتىكى تاغنىڭ مەنزىرىسى بىرلىشىپ كېتىدۇ-دە، يەنە بىر پەستىلا تاغ مەنزىرىسى كۆز ئېكرانىدىن ئۆچىدۇ، خۇددى چۈش ئۇ مەنزىرىنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئېلىۋالغاندەك. شۇنىڭ بىلەن، تاغنىڭ مەنزىرىسى ماڭا مەن ئويغىنىشتىن بۇرۇنقى مەنزىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ جەزبىدار كۆرۈنۈپ كېتىدۇ.

مەن ئۇدۇل تەرەپتىكى تاغ قاپتىلىغا ئۇزاق قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئاندىن پۈتۈنلەي ئېسىمگە كېلىمەن. ئېسىمگە كەلگەندىن كېيىنلا بەدىنىمگە ماغدۇر يۈگۈرىدۇ-دە، مەن ئاندىن ئۆيگە قايتالايمەن. بولمىسا، مېنىڭ جىسمىمدىكى ماغدۇر ئۇخلاشقا ۋە چۈشنى ئېسىمدە ساقلاشقىلا ئاران يېتىدىغاندەك ئىدى. مەن كۈن – كۈنلەپ ئۇخلايتتىم، ئۇخلاۋېرىپ بەدەنلىرىم بوشاپ كېيىم تىكىش ماشىنىسىنىمۇ تېپەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالاتتىم. ماشىنىنى ئىككىنى تېپەتتىم-دە، ھاسىراپ توختاپ قالاتتىم. بۇ چاغدا باشقىلار مېنىڭ ئاستا تىكىۋەتمەكچى بولغىنىمنى بىلىۋالاتتى. ئەمما، بۇ چاغ تىكىۋېتىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى. مەن ماشىنىنى ياۋاشلىق بىلەن بىر ھازا تېپىشىم، ئاندىن يەنە بىر پەس قول

ئىشى قىلغاندىن كېيىن يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك. خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپمۇ يىپنى يىڭنىگە ئۆتكۈزەلمەي سىرتقا چىقىپ ئۆتكۈزىمەن، سىرتتا يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزمەك تولىمۇ ئاسان ئىش ئىدى. ئاندىن، يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنىنى چاپاننىڭ پېشىگە سانجىيمەن، مانا بۇ تىكىشۋېتىش-نىڭ پۈرسىتى ئىدى.

## ئاقنىلار ئېيتىشىشىدا

مەن ئاقنىلار ئېيتىشىشىغا چىرايلىق كىيىملىرىمنى كىيىپ چىرايلىق ياسىنىپ باردىم. ئەمما، باش كىيىممنى يۆتتۈرۈپ قويغاننىڭ ئۈستىگە، ئۈستىبېشىم ۋە سومكام توپىغا مىلەندى، كىيىملىرىم يىرتىلدى، كۆزئەي-نىكىمنىڭ بىر كۆزىگە دەز كەتتى، يۈزۈمنىڭ ئۇيەر بۇ يېرىگە كۆك چۈشۈپ كەتتى.

ھېلىمۇ ياخشى كۆزئەينەكنىڭ يەنە بىر كۆزى ساق قالغاندى، دەز كەتكەن كۆز يەنىلا ئۆز جايىدا مۇقىم تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھېلىدىن چۈ-ۋۈلۈپ چۈشۈپ كەتمەيدىغاندەك ئىدى. باش كىيىمىم يۇتسىمۇ، سومكام ۋە ئۈستىبېشىم مەينەت بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى ئىدى، ئەمما، ئىشتىنىم-نىڭ يىرتىلغىنى يامان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز يېنىمدىكى دەپتەرنىڭ مىغىنى چىقىرىپ، ئىشتاننىڭ يىرتىلغان يېرىنى يامىۋالدىم.

كېيىن يەنە بوينۇمغا ئارتىۋالغان باشياغلىقنى بېلىمگە چىگىۋالدىم. ئۇنداق قىلغاندا ئىشتاننىڭ يىرتىلغان يېرى يېپىلىپ قالاتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئاقنىلار ئېيتىشىشىغا ئەمدى ھەرگىز بارمايمەن، دەۋەتتىم ئىچىمدە. مېنىڭ ئۆيگە قايتقۇملا كېلەتتى...

يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، بىز قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغاندۇق. بىر ئەبجەق چىقىپ كەتكەن دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تىراكتور بىز ئۇن نەچچەيلەننى ئېلىپ كېتىۋېتىپ(ھەممىمىز تىراكتورنىڭ كوزۇپىغا چىقىۋالغاندۇق)، تاغ يولىنىڭ سول تەرىپىدىكى سۇلۇق جىلغىغا چۈ-شۈپ كەتتى. شۇڭا، مېنىڭ ئەپتىم ئەنە شۇنداق بولۇپ كەتكەنىدى.

مېنىڭ ئەھۋالىم ھەر ھالدا ياخشى، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان موماي تىراكتور ئۆرۈلگەندە سىرتقا قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرالمايلا قالدى.

يان تەرىپىمدە ئولتۇرغان قوشكېزەك ئاچا-سىڭىللار گەرچە ھېچنېمە بولمىغان بولسىمۇ توختىماي يىغلايتتى.

بەختكە يارىشا، تىراكتوردىكىلەر ھەممىمىز ساق -سالامەت ئىدۇق، تىراكتورمۇ ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان دەرىجىدە بۇزۇلمىغانىدى.

تىراكتوردىكى بارلىق ئەرلەر بەس – بەستە تىراكتورنى يولغا ئېلىپ چىقىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا باشلىدى. بىر نەچچىسى چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيىنى ئىزدەپ كېتىپ، قايتىپ كەلگەندە بولسا، قوي يۇڭىدا ئەشكەن ئارغامچا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئارىيەت ئېلىپ كەلگىنىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر نەچچە ئەرنىمۇ ياردەمگە باشلاپ كەلدى. ئىككىسى سۆرەش ئاپتوموبىلىدىن بىرنى توسۇپ كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز نىڭ تىراكتورىمىز يولغا چىقىۋالدى.

S شەكىللىك تاغ يولى بەك تىك بولغاچقا، ئازراق يامغۇر – يېشىن بولسىلا ۋەقە چىقاتتى. شۇڭا يولنىڭ ئەگىلىدىغان ئەڭ خەتەرلىك يېرىگە يوغان ياغاچ قوزۇق تىكىلگەن بولۇپ، شوپۇرلار ئۇ قوزۇقنى«قۇتقۇزغۇچى قوزۇق» دەپ ئاتىشىدۇ. ۋەقە چىقىپلا قالسا شوپۇرلار ئارغامچا، تۆمۈر زەنجىرلەرنى ئاشۇ «قۇتقۇزغۇچى قوزۇق» تىن ئارتىلدۇرۇپ ئۆتكۈزىدۇ-دە، بىر ئۇچىنى ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن ئاپتوموبىلغا يەنە بىر ئۇچىنى سۆرىگۈچى ئاپتوموبىلغا چاتىدۇ. سۆرىگۈچى ئاپتوموبىل چېتىلغان ئارغامچىنى كۈچەپ تارتقاندا پەستىكى ئاپتوموبىل ئاستا – ئاستا يول ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىلىدۇ.

ئاڭلىشىمچە، ئۇ قوزۇقنى ئون نەچچە يىل بۇرۇن بىر ئايال تىكىپ قويغان بولۇپ، ئۇ ئايال ئاشۇ قوزۇق بىلەن ئېرىنى قۇتقۇزىۋالغان ئىكەن. ئۇ ئەينى چاغدا 28-29 ياشلاردا بولۇپ، ئەر – ئايال ئىككىيلەن تاغدىن ئوغرىلىقچە دەرەخ كېسىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ۋەقە يۈز

بەرگەندىن كېيىن ئەرنىڭ پۇتى سۇنۇپ، ئەس – ھوشنى يوقىتىپلا قو-
يۇپتۇ. ئىككىسى يول بويىدا ئولتۇرۇپ زار – زار يىغلاپتۇ. ئاخىرى، ئا-
يال ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن ئاپتوموبىلغا قىيالماي(شەخسلەرنىڭ ئوغـ-
رىلىقچە دەرەخ كېسىشى قانۇنغا خىلاپ بولۇپ، ئەگەر ئۇ يېقىن ئەتـراپ-
تىكى ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلسا، ئاپتومـو-
بىلغا قوشۇلۇپ ئۆزلىرىمۇ تۇتۇپ قېلىناتتى) كېچىچە ئۈچ-تۆت كىلومې-
تىر تاغ يولىنى بېسىپ مەھەللىگە بېرىپ، بىر نەچچە ئەرنى باشلاپ كې-
لىپ ھېلىقى قوزۇقنى تىكىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئازگالدىكى ئاپتوموبىلنـى
ئوڭۇشلۇق تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قوزۇق ھەر يىلـى
بىر نەچچە قېتىم ئىشلىتىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

كېيىن، بىر ئاقىنلار ئېيتىشىشىدا بىرسى ئۇ ئايالنى ماڭا كۆرسىتىپ
قويدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ قالدىم. ھەم ئورۇق ھـەم
پاكار ئۇ ئايال ئۈچ يىغلاڭغۇ بالىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان بولۇپ، يولدىشىغا
ھە دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

ئۇلار ئېيتىشىش مەيدانىدىكى ئادەملەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چې-
دىر تىكىپ، چېدىرنىڭ ئىچىگە يايما يېيىـۋالغان بولـۇپ، گازلىق سـۇ ،
كولباسا دېگەندەك نەرسىلەرنى ناھايىتىمۇ قىممەت ساتاتتى.

ئۇ چاغدا قورسىقىم بەك ئېچىپ كېتىپ، ئۇنىڭ يايمىسىغا بـېرىشقـا
مەجبۇر بولغانىدىم. گازلىق سۇنىغۇ دېمەيلا قوياي، بىز نىڭ دۇكاندا بىـر
تېلى تۆت مودىن سېتىلىدىغان كولباسانى ئۇ بىر يېرىم يۈەندىن سېتىۋا-
تاتتى. ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ يېگەندىن كۆرە، لەغمەن يېگىنىم ياخ-
شىراق!

ئەمما، «ئاشخانا» دېگەن خەت يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر كـە-
گىز ئۆيگە كىرىپ تاماقنىڭ باھاسىنى ئۇققانـدىن كېيـىن، يەنە ھـېلىقـى
كارامەت ئايالنىڭ چېدىرىغا قايتا كىرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ ئەينى يـە-
لىدىكى كۆلكىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مەغرۇرانە كۈلكىسى بىلەن كـول-
باسا ۋە گازلىق سۇنى ماڭا ساتتى.

ئەتراپتا چۇقان سېلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر ئىچىدە پەقەت مەنلا ئۆز ئىلگىرىكى يىللاردا باش رول ئالغان ھېكايىلەرنى ئويلاۋاتقاندىمەنمۇ؟ ئاددىي تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن خىل ئىسسىق - سوغۇقلىرى ئارا ئۆنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا نۇرلىنىپ تۇرغان، ئۆچۈرۈۋېتىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى پەقەت مەنلا ھېس قىلىۋاتقاندىمەنمۇ؟

ئاقىنلار ئېيتىشىشى بەك قىزىپ كەتتى. ئەتراپ كۈلكە - چاقچاق قىلىشىۋاتقان كىشىلەر بىلەن جانلىنىپ تۇراتتى. جىلغىنى بويلاپ نەچچە ئونلىغان ئاپپاق كىگىز ئۆيلەر تىكىۋېتىلگەنىدى. ئۇلار چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيى ئەمەس ئىدى، چۈنكى، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئاقلىقى تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. يەنە كېلىپ، ھەر قانچە باي چارۋىچى بولسىمۇ، كىگىز ئۆيىنىڭ ئۈستىنى يوغان گۈل نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن ئاق رەخت بىلەن قاپلاپ قويمايتتى... ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئۆيلەرنى ھۆكۈمەت تەرەپ تىككەن بولۇپ، رەھبەرلەر تۇرىدىكەن. باشقا ئادەم ھەق تاپشۇرسىلا ئۇ ئۆيلەردە تۇرالايدىكەن، بولمىسا، ئۇ ئۆيلەر قۇرۇق پېتى سۈلكەت ياساپ قاتارلىشىپ تۇرىدىكەن.

قارىماققا، ئاقىنلار ئېيتىشىشىغا سودا - سېتىق قىلغىلى كەلگەنلەر ئويۇن - تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەردىن كۆپ ئىدى. ئويۇن - تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى يايمىدىن بىرنى يېيىپلا، يولغا چىقىدىغان چىقىمنىڭ ئورنىنى قىلىۋېلىشنىڭ كويىدا بولغانلىقىدىن شۇنداق بولغان بولسا كېرەك.

بۇنداق بىر ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. يولنىڭ يىراقلىقىنى دېمىگەندىمۇ، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك ئاقىنلار ئېيتىشىشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇنداق چوڭ تىپتىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئاقىنلار ئېيتىشىشى تولىمۇ داغدۇغىلىق بولاتتى. بۇنداق ئېيتىشىش يەتتە يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بولۇپ، ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى(بۇنداق ئەڭ داغدۇغىلىق ئاقىنلار ئېيتىشىشى پەقەت بىر ناھىيە ياكى بىر ۋىلايەتتىكى قازاق مىللىت-

نىڭلا ئىشى بولماي قالاتتى، يىراقتا موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەردىكى قازاقلارمۇ كېلىپ قاتنىشاتتى.) ئاقىنلار ئېيتىشىشى- ئاقىنلار قوشاقنى سازغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشنى ئاساس قىلىدىغان بىر خىل ئامموۋى سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ، ھەر قېتىملىقى ئادەتتە بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىدۇ. ئاقىنلار ئېيتىشىشىدا قوشاق ئېيتىشتىن باشقا يەنە ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى، قىز قۇۋار، شۇڭقار كۆندۈرۈش، چېلىشىش قاتارلىق ئامموۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ ئورنى ئادەتتە قاتمۇ – قات تاغلار ئارىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئاز يېتىدىغان، ئوت – چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن جايلاردىن، يەنى، يازلىقتىن تاللىنىدۇ. ئورۇن چوقۇم تەكشى ۋە كەڭ بولۇپ، ئېيتىشىش سورۇنى ۋە ئات بەيگىسىگە ماس بولۇشى كېرەك.

ۋاقىت توشۇشى بىلەنلا چارۋىچىلار تەرەپ – تەرەپتىن يېتىپ كېلىشىپ، ھەر خىل پائالىيەتلەر ۋە قايناق بازارنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ۋاقىت دوستلار دىدارلىشىدىغان ياخشى پۇرسەت. باشقا ۋاقىتلاردا دوستلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ ھال – مۇڭ قىلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، چارۋىچىلار ئېگىز تاغلار ۋە تارام – تارام دەريالار ئايرىپ تۇرغان يايلاقلاردا ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈشىدۇ.

قاتمۇ – قات تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىدە پەقەت ئۆزىگە خاس داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ خىل پائالىيەتنىڭ خۇشاللىقى ۋە مەپتۇنكارلىقىنى باشقىلارنىڭ ھېس قىلىپ يېتىشى ناھايىتى تەس.

ئەمما، ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ ئاساسلىق نومۇرى بولغان ئېيتىشىشنى پەقەتلا چۈشىنەلمەيمەن، ئۇنىڭدا ئىككى ئادەم ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئاھاڭدا دومبىرا چېلىپ، بىر – بىرىگە قوشاق ئېيتىشىدۇ، دومبىرا قوشىقى ئارقىلىق بىر – بىرى بىلەن كۈچ سىنىشىدۇ. ئۇتقۇچىنىڭ قانداق قىلىپ ئۇتۇپ چىققانلىقىنىمۇ بىلىپ

بولالمايمەن. ئېيتىشنى چۈشىنەلمەسلىكىمنىڭ نېمە كارايىتى بار؟ چۈ-
شىنەلمىسەممۇ پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كۆرىمەن. كۆرگۈچىلەرنىڭ ئـوخ-
شاش ھېسسىياتىنى، ئوخشاش چىـراي ئىپادىـلىرىنـى كۆزىتىـش تولىمـۇ
ئەھمىيەتلىك ئىش.

قىز قوۋۋار تېخىمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ. پەللىـدىن چىقىـش بۇيرۇقـى
بىلەن تەڭ ئات مىنىشكەن بىر توپ قىز – يىگىت ئالغا قاراپ چاپىـدۇ.
بىر بېرىش –قايتىش بىر مەيدان بولىدۇ. بېرىشتا يىگىت ئېتىنى چاپتـۇر-
غىنچە قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىپ، مەيلىنى ئۇتىدىغان گەپ – سۆزلەرنى
قىلىدۇ. قىز ھەرگىز ئاچچىقلانماسلىقى كېرەك، پەقەت ئاڭلىغۇسى كـەل-
مىسە، قامچىسىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى تېخىمۇ تېز چاپتۇرۇپ يىگىتنى ئار-
قىدا قالدۇرۇشى كېرەك. ئەمما، قايتىشتا قىز ئۆز ئىختىيارى بويىچە يـە-
گىتتىن ئۆچىنى ئېلىۋالسا بولىدۇ. يەنى، بۇ چاغدا قىز ئېتىنى چاپتۇرغى-
نىچە يېتىشىۋېلىپ، يىگىتنى راسا قامچىلاپ قانچىلىك ئۆچى بولسا شـۇن-
چىلىك ئېلىۋالسا بولىدۇ. يىگىتمۇ بۇ چاغدا قامچىدىن ئۆزىـنى بەكلا قـا-
چۇرۇپ كەتمەسلىكى، قامچىدا ئازراق ساۋىلىش ئۈچۈن پەقەت ئـېتىنـى
چاپتۇرۇپ قىزنى ئارقىدا قالدۇرۇشى كېرەك.

ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى بۇ پائالىيەت قىز – يىگىتلەر ئۆزئارا مۇھەب-
بەت ئىزھار قىلىشىنىڭ بىر شەكلى ئىكەن. ئەمما، ھازىرغا كـەلگەندە ئـۇ
پەقەت بىر خىل تەنتەربىيە پائالىيىتىگە ئايلىنىپ قالـغان، ياكى بـولمىسـا
ئادەم ئەدەپلەيدىغان ئويۇنغا ئايلىنىپ قالغان.

ئوغلاق تارتىشىشمۇ ئات چاپتۇرۇش بىلەن بولىدىـغان ھەرىكـەت.
چەۋەندازلار ئىككى گۇرۇپپا بولۇشۇپ، توقۇملاپ تەييارلانغان ئاق قوي
تېرىسى ياكى بېشى كېسىۋېتىلگەن ئاق پاقلانى تالىشىـدۇ. پاقلان شىـد-
دەت بىلەن چېپىشىـۋاتقان ئاتـلار ۋە چاڭ ـ توزان ئارىـسىدا گاھ كـۆرۈ-
نۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدۇ. ئاسمانغا ئېتىلـغان پاقلان مـەلۇم بىر چـە-
ۋەندازنىڭ قولىغا چۈشكەندە، ھەمراھلىرى دەرھال يوپۇرۇلۇپ كېلىـپ،
ھەر خىل توساقلارنى بۆسۈپ ئۇنى ۋە ئولجىنى ئاخىرقى نۇقـتىغا يـەت-

كۆزۈشكە تىرىشىدۇ، ئۆلجىنى ئېلىپ ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكەنلەر غەلىبە قىلغان بولىدۇ. بەزىدە پاقىلان يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا چەۋەنداز ئۈچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئاتنىڭ بىر يېنىغا ساڭگىلايدۇ-دە، يەردىكى پاقلاننى قولىغا ئېلىۋېلىپ، يەنە ئۈچقاندەك چىپىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئەتراپتىن «بارىكاللا!» سادالىرى ياڭراپ كېتىدۇ.

ئەتراپ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. مەن بىلىكىگە بۆركۈت قوندۇرۇۋالغان بىر بوۋاي بىلەن خېلى ئۇزاق بىللە ماڭدىم، ئۇ قاياققا بۇرۇلسا مەنمۇ شۇ ياققا بۇرۇلدۇم، قەيەردە توختىسا مەنمۇ شۇ يەردە توختىدىم. ئەگەر ئۇ شىرداق سانتىدىغان يايمىدا باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالسا، مەن بەش قەدەم نېرىدا ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم.

ئات بەيگىسى تېخى باشلانمىغان بولۇپ، باشقا قىزىقچىلىقمۇ يوق ئىدى. چېلىشىش سورۇنىنىڭ ئەتراپىنى ئات مىنىشكەن تاماشىبىنلار ئورىۋالغان بولۇپ، قىسلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ چېلىشىشنى كۆرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «بارىكاللا» ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن باشقا ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم. تىت – تىت بولۇپ، ئاتلارنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن كىرىش ئېغىزى ئىزدەۋېتىپ، بىلىكىگە شۇڭقار قوندۇرۇۋالغان بوۋاينىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

ئۇ ئاتقا مىنىۋالغان بولۇپ، ئېتى سالماق قەدەملەر بىلەن بۇ تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ساقال – بۇرۇتى خۇددى قەدىمكى دەۋرلەردىكىگە ئوخشاش ئاجايىپ ساقال – بۇرۇت بولۇپ، ئاغزىنىڭ ئەتراپىنى قاپلىغان قويۇق ساقال – بۇرۇت تاكى ئۇنىڭ قۇلىقىغىچە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۇلكە تېرىسىدە ئىشلەنگەن ھەم ئېگىز ھەم يوغان قەدىمكى پاسوندىكى تۇمىقى كونا بولغىنى بىلەن تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

مەن بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ تۇمىقى ۋە بىلىكىگە قوندۇرۇۋالغان شۇڭقارنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالغانىدىم.

هازىرقى زاماندا ئۇۋچى قالمىدى. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇنىڭ ئىس-مىنىڭ ئالدىغا چوقۇم «ئوغرى» دېگەن ئىبارە قوشۇلۇپ قالاتتى، ئۇ ئو-غرىلىقچە ئوۋلىغۇچى بولۇپ قالاتتى. كۈنسايىن ئازىيىپ كېتىۋاتقان ياۋايى ھايۋانلارنى چوقۇم ياخشى قوغداش كېرەك. ئەمما، مەن ئويلاي-مەنكى، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشى پەقەت ئوۋچىلارنىڭ بولغانلىقىدىنلا ئەمەس! جاھاندىكى نۇرغۇنلارنىڭ نەپسى ئىستىكى ئوۋ-چىلارنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىدىنمۇ رەزىل ۋە قەبىھ!

ئەڭ ئاخىرقى كۆندۈرۈلگەن شۇڭقار ئەڭ ئاخىرقى ئوۋچىنىڭ بې-لىكىگە قونۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن چەبدەسلىكى، يېنىپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن باتۇرلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىياپىتى شۇنچە مەغرۇر ئىدىكى، گويا ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپلا تۇرغاندەك، ئولجىغا بار كۈچى بىلەن ئېتىلىشقا تەييارلىنىپ بولغاندەك ئىدى. ئەمما، ئۇ قېرىپ قالغان بولۇپ، پەيلىرى شالاڭلاپ، تىرناقلىرى ئۇپراپ، شەكلى ئۆزگە-رىپ كەتكەنىدى.

ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئاشۇ ئوۋچىلار بىلەن شۇڭقار ۋە ئۆزى ئوۋچىلىق بىلەن ياشىغان زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي، ئادەمنى تە-سىرلەندۈرىدىغان مۇناسىۋەتتىن ھېچنېمە قالمىغانمىدۇ؟ بىلىكىگە شۇڭقار قوندۇرۇۋالغان بوۋاينى ئەمەلىي ئەمەستەك ھېس قىلىمەن، ئۇ ئاستا — ئاستا يوقۇلۇۋاتقان قەدىمىي شەيئىدەك قىلاتتى. ئۇنى قورشاپ تۇرغان ھاۋا بىلەن بىز كىرىپ كېلىۋاتقان ھاۋا ئېنىق پاسىل بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى، ھەتتا، سۇنۇش ھاسىل قىلاتتى.

ئاقىنلار ئېيتىشىشىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى پائالىيەت دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەزمۇن ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتمەكتە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق داغدۇغىلىق پائالىيەتتە چارۋىچىلار ئېرىشىدى-غان خۇشاللىق بىلەن بۇ زېمىندا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بار بولغان خۇشاللىقنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقتەك قىلاتتى.

مەن يايلاقتىكى كىشىلەر توپى ئىچىدە مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈرۈ-

مەن، بىرمۇ تونۇشۇم ئۇچرىمىدى. ئاقىنلار ئىپتىشىشىغا شەھەرلىكلەرمۇ كۆپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېرى شۇ يەردە ئىدىكى، ئۇلارنىڭ كىيگىنى ئوخشاشلا مىللىيچە كىيىم بولسىمۇ، چارۋىچىلارغا قارىغاندا رەتلىك ھەم پاكىز ئىدى.

كېيىن مەن بىر شەھەرلىك ئايالغا دىققەت قىلىپ قالدىم. ئۇزۇن كۆڭلەك ئۈستىگە ئۇزۇن كەمزۇل كىيىۋالغان ئۇ ئايال چېچىنى تۈجۈپە-لەپ تاراپ بانتىلىۋالغان بولۇپ، بېشىغا يىپەك ياغلىق ئارتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېسىۋالغان ھالقىسى قۇياش نۇرىدا يالىلداپ تۇراتتى، پۇتىغا سىپىۋالغان ئۆتۈكى تولىمۇ ياراشقان ئىدى. ئۆزى نازاكەتلىك بولغاچقا، كىيىملىرى تولىمۇ يارىشىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئۇزاق قارىۋالدىم. ئۇنىڭغا قارىغانچە ئۇنىڭدىكى مە-لۇم بىر نەرسە ماڭا تونۇشتەك بىلىنىپ كەتتى. سىنچىلاپ قارىدىم، توغرا، ئۇ كىيىۋالغان گۈل كەشتىلەنگەن كەمزۇلنى مەن تىككەن ئە-مەسمۇ؟

مەن ئىلگىرى خېلى ئۇزاق مەزگىل كەشتە ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان ، شۇ جەرياندا 20 نەچچە قۇر كەمزۇلغا گۈل كەشتىلەپ چىققا-نىدىم. ئۇ كەمزۇللار ئۇزاق مەزگىل بېسىلىپ قالغان بولغاچقا، ئادەتتىكى يىپلار بىلەنلا گۈل كەشتىلەنگەن بولۇپ، رەڭگىمۇ تۇتۇق ئىدى. شۇڭا مەن «٨» خېتى شەكلىدىكى كەشتە ئۇسۇلى بىلەن رەڭلىك يىپلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ كەمزۇللارنىڭ پېشى، ئىككى تەرەپ يېرىقى ۋە ياق-چۇقلىرىغا ئىزنى بىلگىلى بولمايدىغان، خۇددى تەبىئىيدەك كۆرۈنىدىغان قىلىپ مىللىيچە گۈل نۇسخىلىرىنى كەشتىلەپ قويغانىدىم. مەن كەشتە-لىگەن نەقىش نۇسخىلىرى ئىچىدە قوي مۈڭگۈزى، ئەترگۈل، مۇدەن-گۈل، باراقسان ئۆسكەن ئۆسۈملۈك ۋە ئۇششاق يوپۇرماق قاتارلىقلارنىڭ نەقىش نۇسخىلىرى بار ئىدى. ھەر بىر گۈل نۇسخىسىنى بىر نەچچە خىل رەڭدە كەشتىلىگەنىدىم، ھەر بىر تال گۈل بەرگى يەنە ئۈچ-تۆت خىل ئارىلىق رەڭدە پۈتەتتى. ئاخىرىدا مەن يەنە كەمزۇلنىڭ ياقىسىغا، يېڭىگە

ۋە پەشلىرىگە گۈللۈك سىزىقلارنى كەشتىلەپ، تۈجۈپىلەپ دەزمال سىلىۋەتكەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن دۇكاندا ئۇزاق مەزگىل بېسىلىپ قالغان 20 نەچچە قۇر كەمزۇل تۆت-بەش ھەسسە ئارتۇق باھادا ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ بولغانىدى.

كېيىن يەنە نۇرغۇن ئادەم كەمزۇل سېتىۋېلىش ئۈچۈن دۇكىنىمىزغا كېلىشتى، ھەتتا، شەھەرلىكلەرمۇ يېزىدىكى تۇغقانلىرى ئارقىلىق شۇ خىل كەمزۇلنى سۈرۈشتۈرۈشتى. ئەمما، مېنىڭ ئادەمنىڭ زېھنىنى زىيادە ئۇپرىتىۋېتىدىغان بۇ خىل ئىشنى پەقەتلا قىلغۇم يوق ئىدى. چۈنكى، بىر قۇر كەمزۇلنى پۈتكۈزۈشكە ئىككى كۈن ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، مەن بۇ خىل تەكرار ئىش قوشىدىغان ئىشنى ياقتۇرمايتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇ 20 نەچچە قۇر كەمزۇلنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوق ئىدى، پەقەتلا ھەر بىرى ئوخشاش بولمىغان گۈل نۇسخىلىرى بىلەن كەشتىلەنگەنىدى. ئەمما، ئۇ ئاياللار كەشتە نۇسخىسى بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشاشنى ئالمىز دەپ تالىشىپ بېشىمنى قايدۇرۇپلاۋېتەتتى. بىرى كەشتىسى سەبىنەنىڭكىگە ئوخشاشنى ئالمەن، دېسە، يەنە بىرى بىلىنىڭكىگە ئوخشاشنى ئالمەن، دەيتتى؛ بىرى پېشىگە كەشتىلەنگەن گۈل نۇسخىسى ئايگۈلنىڭكىگە ئوخشاشنى تەلەپ قىلاتتى، يەنە بىرى بولسا ئېتىكىگە كەشتىلەنگەن گۈل نۇسخىسى ئادىنىنىڭكىگە ئوخشاشنى تەلەپ قىلاتتى... ئۇ ئىشلارنى ئۈجۈر - بۈجۈرىگىچە ئەستە تۇتۇپ بولغىلى بولاتتىمۇ؟ ھەقىقەتەن باشنى ئاغرىتىدىغان ئىشلار-دە بۇ.

مەن ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ 20 نەچچە قۇر كەمزۇلنى كەشتىلىدىم. گۈل نۇسخىلىرىنى بىر يىگنە - بىر يىگنىدىن كەشتىلەپ چىقىش ئادەمنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تولىمۇ چارچىتىۋېتىدىغان ئىش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۇ جەرياندا خېلى كۆپ تەجرىبە توپلىۋالدىم. يەنى، قايسى رەڭ بىلەن قايسى رەڭ ماسلاشتۇرۇلسا مۇۋاپىق بولىدۇ، قايسى خىل گۈلگە قانداق يوپۇرماق ماسلاشتۇرۇلۇپ كەشتىلىنىدۇ... دېگەندەكلەر توغرىسىدا بىر قەدەر مۇكەممەل چۈشەنچە ھاسىل

قىلىپ، مۇۋاپىق ئۇسۇللارنىمۇ تېپىپ چىققانىدىم. شۇنىڭ بىلەن كەشتە-لىرىم بىرى - بىرىدىن چىرايلىق ۋە نەپىس چىقتى. مەن كەشتىچىلىكتە ئىككى ئاي ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلەش ئۆزۈمنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى!

قىسقىسى، بىر مەزگىل زىلزىلە قوزغىغان كەشتىچىلىك ھاياتىم پە-قەت ئىككى ئايلا داۋاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايلار ماڭا ئۆچ بولۇپ كېتىشتى.

ھازىر، ئالدىمدىكى مۇنۇ ئايال مەن كەشتىلىگەن كەمزۇلنىڭ بىرد-نى ھېيتلىق كىيىم قاتارىدا كىيىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان ھالدا تولىمۇ داغدۇغىلىق ئەنئەنىۋى پائالىيەتتە ئىدى. ئۇ بىر خىل قە-دىمىي تۇيغۇ ئىچىدە كېتىۋاتاتتى... ئاشۇ قەدىمىيلىك ئىچىدە مېنىڭمۇ ئىزىم بار ئىدى. مەن ئىلگىرى ئاشۇ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قارىشىدا بىر بۆلەك مۇساپىنى باسقانىدىم، ئازراق ئېغىش بولغان چاغلاردا يەنە مۇۋا-پىق توختاشنىمۇ باشتىن كەچۈرگەنىدىم.

ئاقىنلار ئېيتىشىشىدا يېرىم كۈندىن ئارتۇقراق ئايلىنىپ يۈرۈپ بە-رەرمۇ خەنزۇنى ئۇچرىتالماي، ئۆزۈمنى تولىمۇ تەنھا ھېس قىلدىم. ئەمە-ما، ئەتراپىمدىن ئۇياق بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان قازاقلار بۇنىڭغا ھەيران قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، بىرى ئۇدۇل يېنىمغا كېلىپ يول سورىسا، يەنە بىرى نېمە ئۈچۈن چېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتكەند-لىكىنى، قاچانغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى سورايتتى... خۇددى مەن ئېيتىشىش پائالىيتىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىلىدىغاندەك. ياخشى يېرى، مەن ئۇ سورالغان ئىشلاردىن خەۋەردار بولغاچقا، تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردىم. كېيىن مەن كۆزەينەك تاقىۋالغاچقا ئۇلار مېنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، دېگەنلىرىمۇ خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ئەينىكىمگە دەز كەتكەن كۆزەينەكنى تاقىۋالغىنىم تېخى...

تاغ قاپتىلىدىكى ئورمانلىقتا ياۋا بۆلجۈرگەن بار بولۇپ، كىچىك باللار قوللىرىدا قېپقىزىل بۆلجۈرگەنلەرنى سىقىمداشقىنىچە ئورمانلىقتىن

يۈگۈرۈشۈپ چىقماقتا ئىدى. مېنىڭمۇ بۆلجۈرگەن تەرگۈم كەلدى، بىراق، يېرىم يولغا بارغاندا رايىم قايتىپ كەتتى. ئاقىنلار ئېيتىشىشىغا قاتنىشۋېتىپ بۆلجۈرگەن يېيىش پۈرسىتىگە ئېرىشەلمىگىنىم تولىمۇ ئەپ-سۇسلىنارلىق ئىش بولدى. بۇ تاغنىڭ نەرىدە بۆلجۈرگەن يوق ئىدى؟ شۇنىڭ بىلەن مەن كەينىمگە يېنىپ، ئوتلاقتا ياتتىم-دە، ئۇيقۇغا كەت-تىم.

ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئويغانغاندىن كېيىن ماشىنىدىن بىرنى تېپىپ قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدىم. گەرچە ئېيتىشىش تېخى ئاخىرلاشمىغان بولسىمۇ، مەن كۆرۈپ قانغاندەك تۇيغۇدا ئىدىم.

قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا شاۋقۇن – سۈرەن-دىن ئويغىنىپ كەتتىم، كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا كۆزنى ئاچقىلى بولمايت-تى. مەن كۆزلىرىمدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىنلا كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىنى ئېنىق كۆرەلىدىم. كۆزۈمنى ئېچىپلا، كۆك ئاسمان خۇددى يەر يۈزىگە يېقىنلاپ قالغاندەك، چوڭقۇر يار بولسا ئې-گىزلەپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئۇ يەردە- پايانسىز يايلاقتا ئات بەيگىسى داۋاملاشماقتا ئىدى، ئاتلار يەرنى تىترەتكىنىچە قويۇق چاڭ كۆتۈرۈپ چېپىشماقتا ئىدى. ئاخىرقى پەللىگە توپلاشقانلار چە-ۋەندازلارغا يۈزلەنگىنىچە توختىماي چۇقان كۆتۈرۈشەتتى. مەن جايىمدا بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم-دە، پەسكە قاراپ يۈگۈردۈم، ئەمما، بەيگە مەيدانىغا يېتىپ بېرىشىمغىلا مۇ-سابىقە ئاخىرلاشتى. يەڭگۈچى ئۆز غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلاتتى، ئۇ يەر-دىكى كەيپىيات تولىمۇ جانلىنىپ كەتكەنىدى. مەن پەقەت چەۋەندازلار-نىڭ قېنىق قوڭۇر ئاتقا مىنگەن چەۋەندازنى ئوراشقىنىچە بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنىلا كۆرەلىدىم. قارىماققا ئۇ يەڭگۈچىدەك قىلاتتى، ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى «7» رەقىمى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. مەن دەر-ھال يول ياقىسىدىكى تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇنىڭغا تىكىلدىم. دەر-ۋەقە، مەن بىر ئاز ھاياجانلانغانىدىم.

چەۋەندازلار يىقىنلاشقاندا بىلدىمكى، يەڭگۈچى 12_13 ياشلاردىكى بىر ئۆسمۈر ئىدى. ھەقىقەتەن قالتىس... ئۇنىڭ بوينىغا مېدال ئېسىلغان بولۇپ، يۈزلىرىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ھاياجانلانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئۇ ئۆزىنى ئۇنچە قالتىس ھېسابلىمىغاندەك سۈس كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا سىنىپىدىكى بارلىق ساۋاقداشلىرى يېشەلمىگەن مەسىلىنىڭ جاۋابىنى پەقەت بىر ئۆزى ئەڭ بۇرۇن يېشىپ چىققاندا بولىدىغان خىجىللىققا ئوخشاپ كېتىدىغان خىجىللىق ئىپادىسى بار ئىدى.

مەن ئەمدى قايتىدىغان ماشىنا تېپىشىم كېرەك. مەن يايىما رايونىدا ئۇياق بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، بىر نەچچە ماشىنىنى ئۇقۇشتۇم، ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇۋۋىغا بارمايدىغان بولۇپ چىقتى. مەن تىت_تىت بولماقتا ئىدىم. بىر شوپۇر ماڭا تېخى:« بۇگۈن تېخى ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ بىرىنچى كۈنى تۇرسا، قايتىشقا نېمە بۇنچە ئالدىرايسىز؟» دېدى. يەنە بىر شوپۇر:

_قايراتنىڭ ماشىنىسى قۇۋۋىغا بارىدۇ، سىلەر بىللە قايتساڭلار بولىدۇغۇ؟_دېدى.

_قايراتنىڭ ماشىنىسى قەيەردە؟_مەن خۇشلۇقۇمدىن ۋارقىرىۋەتتىم.

_قايراتنىڭ ماشىنىسى يوق، پەقەت ئېتى بار!_ شوپۇرلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مەن ئۇلار كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم، بىر بالا ئېتىنى قوزۇققا باغلاۋاتاتتى. مەن چۈشەندىم، ئۇ بالا قايرات ئىدى، يەنى، ھېلىقى كىچىك چېمپىيوننىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ تېتىقسىز ئادەملەر مېنى مەسخىرە قىلىشقانىدى.

سەللا بۇرۇن بۇ بالىنى قورشىۋېلىشقانلار ئەمدى تارقاپ كېتىشكەن بولۇپ، بالا بويىندىكى ئالتۇن مېدالنى ئېلىۋەتكەنىدى. ئاسما مايكىسىنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ فورمىسى كىيىۋالغان قايرات قارىماققا تېخى بىر گۆ-

دەك ئۆسمۈردەك قىلاتتى. ئۇ ئىتنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن سۇ ئىلىپ ئىچتى. بۇ ۋاقىتتا يەنە باشقا بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سوغۇققىنا بىر ئىغىز گەپ قىلدى، ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

ھا...ھا... ئەمەلىيەتتە مەن بۇ بالا بىلەن ھەمسەپەر بولۇشقا تولىمۇ رازى ئىدىم. مەن خۇددى بىر ئازمۇ چۈشەنمەيدىغان ئاقىنلار ئىيتىششىنىڭ باش - ئاخىرىنى ھېس قىلالىغىنىمغا ئوخشاش، بۇ ئۆسمۈرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە مەلۇم بىر خىل شەيئىنىڭ ئاستا - ئاستا ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن سەپەرداش بولغان بولسام، يول بويى ئەركىن - ئازادە پاراڭلاشقان بولاتتۇق، سەپەر تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى. بەلكىم يەنە نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگىنىۋالغان بولاتتىم.

## گۈلپەرى

قۇۋۋىيدىكى چاغلىرىم ئىدى، بىر كۈنى مەن ئورمانلىقنىڭ چېتىدە كېتىۋېتىپ «پەرى» بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى «گۈلپەرى» بولۇپ، مەن ئۇنى «پەرى » دەپلا ئاتايتتىم.

ئۇ چاغدا مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىششىم ناھايىتى تەسكە توختىغانىدى. بىر چۈشتىن كېيىن پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قويىنىڭ سانىنىڭ تۆت تۈمەن ئەمەس، 400 ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. ئۇ يەنە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ماڭا نۇرغۇن قازاقچە سۆزنى ئۆگىتىپ قويدى، ئەپسۇسلىنارلىقى مەن ھەممىسنى ئۇنتۇپ كەتتىم. مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويدۇم، كۈنلەرنىڭ بىرىگە بارغاندا ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولساق ئۇ: «لى جۈەن، ئىسمىڭىز نىمە؟ نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ يىگىتىڭىز بارمۇ؟ ئاپىڭىز نەچچە ياشقا كىردى؟ ئاتىڭىز نەچچە ياشقا كىردى؟ بۇ بىلەكمۇ؟ بۇ قولمۇ؟ بۇ تاشما؟...» دېگەندەك سوئاللارنى ناھايىتى بىمالال ھالدا مەندىن سورايتتى.

ئۇ كۈنى مەن يانچۇقۇمغا قاچىلىۋالغان خاسىڭنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭ-
غا بەردىم، ئۇ مەندىن بۇرۇن يەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە ئې-
شىپ قالغان خاسىڭنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بەردىم. بىز غۇر – غۇر شامال
ئۇرۇپ تۇرغان تاشنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ،
پاراڭلاشقاچ خاسىڭ يېدۇق. كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاتا – ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن يەنە ئۇلار-
نىڭ ئۆيىدە ئىككى چىنە قېتىق ئىچتىم. قېتىققا ئازراق شېكەر سېپىۋەت-
كەن بولسا ئىدى، مەن يەنە ئىككى چىنە ئىچىشكە تەييار ئىدىم.

گۈلپەرى ئۇ چاغدا 15 ياشتا بولۇپ، مەندىن كىچىك ئىدى. ئەمما،
ئۇنىڭ بويى ئېگىز، ئۆزى ئەقىللىق، ئىشچان ھەم غەرەز ئۇقىدىغان بو-
لۇپ، قارىماققا مېنىڭ ھەدەمدەكلا كۆرۈنەتتى.

ئەمەلىيەتتە، بىز تونۇشۇشتىن خېلى بۇرۇنلا بىر نەچچە قېتىم كۆ-
رۈشكەن. پەقەت مەن ئېسىمدە قالغان بىر نەچچە قازاق قىزىنىڭ ھەم-
مىسىنىلا ياخشى دەپ قارايتتىم، ئەمما، ئۇ بىر نەچچە قىزنىڭ بىرلا ئا-
دەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىدىم.

بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر ياغقان چاغدا، دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ كې-
تىپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاشلار سۇنىڭ ئاستىدا قالدى. دەريادا
كۆۋرۈك بولمىغاچقا بىز ئاشۇ تاشلارنى دەسسەپ دەريادىن ئۆتەتتۇق.
شۇنىڭ بىلەن مەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپسىلىپ قالدىم. مەن دەس-
سەپ تۇرغان تاشنى قىرغاققا يېقىن، كېيىكتەك بىر سەكرەپلا قىرغاققا
چىقىۋالىمەن، دەپ خاتا پەرەز قىلغان ئىكەنمەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەن
كېيىك ئەمەس ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېنىم قېلىن ياختىلىق كىيىملەر
بىلەن ئورالغانىدى. كەينىمگە قايتىشقىمۇ ئامال يوق ئىدى، چۈنكى بايا
مەن دەسسىگەن تاش سەكرىگەن ۋاقتىمدا ئۆرۈلۈپ كېتىپ سۇغا چۆ-
كۈپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز جىددىي ئېقىۋاتقان سۇ-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاپىلاقچىلىك سىلىق تاشنىڭ ئۈستىدە ئالاق –
جالاق بولغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

دەل شۇ چاغدا سۆيۈملۈك گۈلپەرى گويا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا
پەيدا بولدى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېلىپ دەريا قىرغىقىدا توختـ-
دى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ قىرغاقتىكى ئەپلىك جايدا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن
ماڭا قولىنى سۇندى. مەن ئېگىلىپ تۇرۇپ تەستە ئۇنىڭ قولىنى تـۇ-
تۇۋالدىم، ئۇنىڭ كۈچىشى بىلەن مەن سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق
سۇغا چۈشۈپ كەتمەي ئامان - ئېسەن قىرغاققا چىقىۋالدىم.
يەنە بىر كۈنى، مەن ئادىتىم بويىچە دەريانىڭ ئۇ قېتىغا سۇ ئالغىلى
باردىم. ئورمانلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ساھىلدا بىر بۇلاق بار بولۇپ،
سۈيى تولىمۇ سۈزۈك ۋە تاتلىق ئىدى. مەن بۇلاقنىڭ ئەتراپىدىكى ئوت
- چۆپلەرنى قايرىۋەتكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى، ئاندىن سۇ
ئاستىدىكى تاشلارنى، ئاخىرىدا سۇنى كۆردۈم. دېمەك، سۇ تولىمۇ سـۈ-
زۈك ۋە تازا ئىدى. بۇلاق سۈيى خۇددى ساپ ھاۋاغىلا ئوخشايتتى.
مەن ئېلىۋالغان سۇلياۋ ساپلىق بىلەن بۇلاق سۈيىنى بىر ساپلىق -
بىر ساپلىقتىن ئېلىپ چېلەكنى توشقۇزدۇم ـ دە، ئەتراپنى ئايلىنىپ كـې-
لىشكە ماڭدىم.
مەن بىر تۆپىلىككە چىققاندىن كېيىن پەسكە قارىغىنىمدا، بىرى چې-
لەك كۆتۈرگىنىچە ساھىل بويلاپ بۇلاق تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. مەن
ئۈستىگە قاراپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇم. بىر چاغدا بىرىنىڭ ۋارقىرىغان
ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن ئاۋاز كېلىۋاتقـان تەرەپكە قـارىدىم، بىـرى
مېنىڭ قىزىل رەڭلىك سۇلياۋ ساپلىقىمنى پۇلاڭلاتقىنىچە ماڭا نېمىلەرنـى-
دۇ دەۋاتاتتى. ئىشلىتىپ تۇراي دەۋاتقاندۇ تايىنلىق؟ شۇنىڭ بىلەن مەن
ماقۇللۇقىمنى بىلدۈرۈپ ۋارقىراپ قويۇپلا، ئورمانلىقـقا كىرىـپ كەتتىـم.
بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئورمانلىقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بـۇلاق
تەرەپكە قارىدىم، بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا ئادەم يوق ئىدى، مېنىڭ قىپقىزىـل
سۇلياۋ چېلىكىممۇ كۆرۈنمەيتتى.
مەن ئالدىراپ - تېنەپ پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشتۈم. مېنـىڭ ساپلىـ-
قىمنى ئىشلەتكەن قىز ئېغىر چېلەكنى كۆتۈرگىنىچە كېتىپ باراتتى. مەن

ۋارقىرىغىنىمچە ئۇنى قوغلاپ ماڭدىم. بۇ چاغدا ئـۇ بىر تار يـالغۇزئايـاغ
كۆرۈككە چىقىپ بولغان ئىدى. بايىلا يامغۇر ياغـقان بولغـاچقا ئۇ كـۆۋ-
رۈك تولىمۇ تېيىلغاق ئىدى، ئەمما، ئۇ بىر قولىدا بىردىن چېلەكنى كـۆ-
تۈرگىنىچە سالماق قەدەملەر بىلەن كۆۋرۈكـتىن ئۆتـۈپ بولدى. ئۇ شـۇ
ماڭغىنىچە يايلاقنىڭ باش تەرىپىگە بارغاندا ئانـدىن چېلـەكلەرنى يـەردە
قويۇپ، ماڭا قاراپ قول پۇلاڭلاتـتى. ئاندىـن ئۇ تاغ قاپـتىلىـدىكى بىـر
كىگىز ئۆي تەرەپكە يۈرۈپ كـەتتى. يەنـە بىر تەرەپـتىكى ئـانچە يىـراق
بولمىغان جايدا مېنىڭ ئۆيۈم بار ئىدى. بەلكىم، ئۇ مېنى تونۇيدىغانـدۇ؟
بولمىسا ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئۇ يەردىلىكىنى قانداق بىلىدۇ؟ بۇ يايلاقتـا
بىر نەچچە ئائىلىلىك خەنزۇ بار تۇرسا.

كېيىن، بۇ ئىشلارنى مـاڭا گۈلپـەرى ئۆزى دەپ بەرگەن، بـولمىسـا
ئۇنىڭ گۈلپەرى ئىكەنلىكىنى تا ھازىرغىچە بىلمەي يۈرگەن بولاتتىم.

كېيىن يەنە بىر قېتىم كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىش بولغانىدى. ئۇ كۈنـى
مەن يەنە بىر تاغ جىلغىسىغا ئاپامنى ئىز دەپ باردىـم. ئاپام ئەتـىگەندىـلا
بىرلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چاي - پاي ئىچىشكەچ مۇڭدىشىپ كـېلىمـەن،
دەپ چىقىپ كېتىپ چۈشكىچىلا قايتىپ كـەلمىگـەنىدى. شۇنـىڭ بىلـەن
مەن مومامنى دۇكانغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزۈم يالغـۇز ئۆيدىن چـىققانـ-
دىم. ئۇ تەرەپتە كىگىز ئۆيلەر ئاز بولۇپ، تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئۇ-
يەر - بۇيەردە چوقچىيىپ تۇراتتى. مەن كىگىز ئۆيلەرگە بـىرمۇ - بىـر
كىرىپ ئىز دىدىم، ئاخىرى بىرى ئاپامنى تاغنىڭ كەينىدىكى ۋادانىڭ ئۆ-
يىدە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاپام نېمانچە ئايغى ساياق ئايالدۇ!

مەن ئاپامنى تاغنىڭ چوققىسىدىن ئېشىپ، ئورمانلىقتىن ئۆدۈل كـې-
سىپ ئۆتۈپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە يەتكەنمىكىن دەپ پەرەز قىلدىم. ئەمما،
مەن قاپقاراڭغۇ ھەم زەي ئورمانلىققا يالغۇز كىرەلمەيتتىم، تاغنىڭ تۆۋەن
تەرىپى بىلەن ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدىم. يول يىراق ھەم تىمتـاس-
لىققا چۆمگەن بولۇپ، بىرەرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىر ئاز مـاڭغاندىـن
كېيىن كەينى تەرىپىمدىن ئات تۇيىقىنـىڭ دۈپۈرلـىگەن ئاۋازى كەلـدى،

مەن قورقىنىمدىن دەرھال يول بويىدىكى تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدىم، كېلىۋاتقانلارنىڭ ئۈچ ياش قىز بالا ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا مۆكۈۋالغان يېرىمدىن چىقىپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. ئۇلار كۈلكە – چاقچاق قىلىشقىنىچە، تىز گىن سېرىپ خۇددى بەيگىگە چۈشكەندەك چاپقىنىچە كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار ماڭا بىردەمدىلا يېتىشىۋالدى. مەن يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتتۇم. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، ماڭا قاراپ نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ كەتتى.

كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئالدىمغا كەلدى-دە، خۇددى چاقچاق قىلغاندەك بىر نېمىلەرنى دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى «تىككۈچى» دېگەن بىر سۆزنىلا ئاڭقىرالىدىم. ئۇ ئېگەرنىڭ كەينى تەرىپىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ماڭا قارىدى، مەن خۇشاللىقىمدا ئالدىراپ – تېنەپ ئېگەر ۋە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تارتىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشتىم. بۇ چاغدا باشقىلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، مەن بولسام نېمىنى خاتا قىلغانلىقىمنى ئاڭقىرالمايلا قالدىم.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى مەندىن نەگە بارىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن تاغنىڭ كەينىدىكى ۋادىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار خۇددى مەن قىزىقارلىق يۇمۇردىن بىرنى دېگەندەك ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ ماڭا قاراشقىنىچە تېخىمۇ بەكرەك كۈلۈشۈپ كەتتى... مەن ئۇ كۈلگۈنچەكلەرگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئات بارغانچە تېز چاپماقتا ئىدى، مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالدىم. بىر چاغدا ئاتنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىدى. مەن كۆزۈمنى ئاچتىم، ئالدىمدىكى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بۇلۇق ئۆسكەن ئوتلاقتا ئۈچ كىگىز ئۆي كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. دېمەك، مەنزىلگە يېتىپ كەلگەن ئىدۇق. مېنىڭ ئۇلارغا قايتا – قايتا رەھمەت ئېيتىشىم ئۇلارنى

تېخىمۇ كۆلدۈرۈۋەتتى... ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى دەل گۈلپەرى ئىدى.

بىزنىڭ كۆرۈشۈشىمىز پەقەت ئۈچ قېتىملا ئەمەستۇ. ئۇنىڭ كېيىن ماڭا دېگەن سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۆزۈم كۆرگەن بارلىق خۇشال، قىز-غىن قازاق قىزلىرىنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ قالغان بولسام كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى يېنىپ تۇراتتى، چېھرىدىن نۇرلار ياغاتتى. ئۇلار قۇلاقلىرىغا ئاي شەكىللىك ھالقا ئاسقان بولۇپ، قوللىرىدا كىچىك قامچا ئوينايتتى. مەن ئۇلارنىڭ قامچىسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم، بۇ ئۆ-تۈنۈشۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئۇزاقىسچە كۈلۈشۈپ كەت-تى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى قامچىسىنى ئاستا ماڭا ئۇزاتتى...

## بىزنىڭ ئۆي

بىز تۇنجى قېتىم يايلاق كۆچۈۋاتقان چارۋىچىلارغا ئەگىشىپ سايقىن-بۇلاققا كەلگەن ۋاقتىمىزدا، ماشىنىدىن چۈشۈپلا بۇ يەردە تۇرۇپ قې-لىشقا ئىشەنچ قىلالمىغانىدۇق. بۇ ئەتراپ پۈتۈنلەي قويۇق ئوت - چۆپ باسقان سازلىق بولۇپ، ئولتۇراقلاشقان بىرەرمۇ ئائىلىلىك يوق ئىدى. پەقەت دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى يىراق تاغ قاپتىلىدا ئۈچ كىگىز ئۆي بار ئىدى. بىز سازلىققا سۇلياۋ رەختنى سالغاندىن كېيىن ئاندىن ماللارنى چۈشۈرمەكچى بولدۇق، ئەمما، شۇنچە ئىزدەپ ئۇ سۇلياۋ رەختنى پە-قەتلا تاپالمىدۇق، ئۇ ماللارنىڭ تېگىدە قالغاندەك قىلاتتى. ئەمما، شوپۇر بىزنى ھە دەپ ئالدىراتقىنىچە ھەر خىل ماللار قاچىلانغان يەشىكلەرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ پاتقاق چۆپلۈككىلا قويۇشقا باشلىدى. باشقا ماللارنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، نۆۋەت يوتقان - كۆرپىلەرگە كەلگەندە، توساتتىن يامغۇر يېغىپ كېتىپ، يوتقان - كۆرپىلەر ھۆل بولۇپ كەت-تى. ئۇستىگە جۇۋىنى يېپىنچاقلىۋالغان 88 ياشقا كىرگەن مومام بىر قو-لىدا ھاسىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە تىت - تىت بولۇپ يىغلايتتى، ئەمما،

بىزگە ياردەملىشەلمەيتتى. گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى، شوپۇر ماللارنى تېز سۈرئەتتە چۈشۈرۈپ بولۇپ، بالدۇرراق قايتىشقا ئالدىرايتتى. ئاخىرى، ماللار چۈشۈرۈلۈپ بولۇندى، شوپۇر بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەي ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ئايال گۈگۈم قوينىدىكى سازلىققا تاشلىۋېتىلدۇق.

بىز ناھايىتى تەستە بىر سايىۋەن تېپىپ يامغۇردا قالغان مال ۋە يوتقان – كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىنى ياپتۇق. تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلغاندا سەرەڭگىنى تاپالماي قالدۇق-تە، يېپىپ قويۇلغان سايىۋەننى قايتا ئېچىپ، ماللارنى بىر باشتىن ئاختۇرۇپ، سەرەڭگىنى تەستە تاپتۇق. سەرەڭگىنى تاپقىنىمىز بىلەن تاماق ئەتكۈدەك قۇرغاق يەر تاپالمىدۇق. ھاۋا سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى، يامغۇر يېغىپ قالسىلا كەينىدىن مۆلدۈر، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ قار يېغىپ كېتەتتى. تۈن پەردىسى يېيىلدى، قالغۇدەك قۇرۇق ئوتۇنمۇ يوقنىڭ ھېسابىدا ئىدى، بۇنداق چاغدا ئادەم ھەقىقەتەن ئۈمىدسىز لەنمەي قالمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئۈچ ئايال سايىۋەننىڭ ئاستىدىكى ماللار بىلەن بىللە قىسىلىپ يېتىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئاپام يولغا چىقىپ يېقىن ئەتراپتىكى ياغاچ كېسىش مەيدانىغا ياغاچ ئالغىلى كېتىۋاتقان يۈك ماشىنىسىدىن بىرنى توسۇپ كەلدى. بىز شوپۇرنىڭ ياردىمىدە ئورمانلىقتىن بىر نەچچە تال قۇرۇپ قالغان بادرىنى تېپىپ كەلدۇق. ئۇ ياخشى نىيەتلىك كىشى بادرىلارنى سازلىقنىڭ تۈز يېرىگە تىكىپ بەردى. كېيىن بىز سايىۋەنلىك رەخت ۋە سۇلياۋلارنى يېپىپ يۇرۇپ چېدىردىن بىرنى پۈتكۈزۈۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، سايقىنبۇلاقتا بىزنىڭ تۇرالغۇمىز بار بولدى.

ئۇ يىلى سايقىنبۇلاقتا سودىگەرلەر ناھايىتى ئاز كەلدى، بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان چارۋىچىلارمۇ بىر نەچچە ئائىلىلىكلا ئىدى. چۈنكى، ئۇ يىلى يەتتە يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان چوڭ تىپتىكى ئاقىنلار ئېيتىشىشى

ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئاقىنلار ئېيتىششى ئۆتكۈزۈلى-
دىغان جىلغا تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېتىشكەنىدى.

ئۇ يىلى يامغۇر - يېشىن بەك كۆپ بولغان بولۇپ،كۈندە دېگۈدەك
يامغۇر ياغاتتى. يامغۇر ئەڭ قاتتىق ياغقان بىر قېتىمدا ئۇدا بىر ھەپتىدىن
ئارتۇق چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دەريا سۈيى
كۆتۈرۈلۈپ، يوللار ئۈزۈلۈپ قالغانىدى.

ئاۋغۇست ئېيى كىرگەندىلا ئاندىن ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى، سازلىق-
نىڭ سۈيىمۇ سەل تارتىلدى. ئەمما، شامال باشلىنىپ كەتتى. كۈندە
چۈشتىن كېيىنلىكى يەر - جاھاننى قويۇق چاڭ - توزان قاپلاپ، قات-
تىق شامال چىقىپ كېتەتتى. شامال قاپلاشقان چېدىرىمىز ھەر يان
پۇلاڭلايتتى. بىر كۈنى كېچىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقتىمىزدا يام-
غۇر تامچىسى يۈزلىرىمىزگە خۇددى مىختەك سانجىلىشقا باشلىدى، ئەس-
لىدە بىزنىڭ ئاجىز چېدىرىمىزنىڭ ئۈستى تەرىپىنى شامال ئۇچۇرۇپ
كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يېرىم كېچىدە سىرتقا چىقىپ چېدىرنىڭ
ئۇچۇپ كەتكەن ئۆگزىسىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانىدۇق.

ئۇنداق جايدا، ئەنە شۇنداق چېدىردا (بىر نەچچە تال كالتەك ۋە
ئارغامچا بىلەنلا ياسالغان چېدىرىمىز قىيسىيىپلا تۇراتتى. چېدىرىمىزنى
بىر كۆرگەن ئادەم بىزنىڭ ئۆيدە ئەر كىشى يوقلىقىنى، چېدىرنى تىك-
لىگۈچىنىڭ تەجرىبىسىزلىكىنى بىلىۋالاتتى.) ياشىغاندا، يامغۇردا قېلىش
دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، چوقۇم كەڭ قورساقلىق بىلەن يۈزلىنىش كېرەك.
بىز چېدىرىمىزنى بوران - چاپقۇن، يامغۇر- يېشىندا مەزمۇت تۇرسە-
كەن دەپ ئۈمىد قىلىپمۇ كەتمىگەنىدۇق. بىزگە كېلىدىغان ئەڭ زور
ئاۋارىچىلىق تامچىلىغان يامغۇر سۈيىنى ئالىدىغان قاچىنىڭ يېتىشمەسلى-
كى ئىدى، شۇڭا، ئۇ كۈنلەردە ئاپام چىنە-قاچىدىن كۆپرەك ئېلىپ
كەلمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپلا يۈردى.

ياخشى يېرى، بىز ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ياخشى ئامال تې-
پىپ چىققانىدۇق. يەنى، تورۇسقا ئارغامچا تارتىپ، ئارغامچىغا سۇلياۋ

خالتىلارنى چىگىپ قويدۇق. نەدىن سۇ تامچىلىسا سۇلىياۋ خالتىنى شۇ يەرگە توغرىلاپ قويدۇق. خالتا سۇغا توشۇپ ئۇنىڭدىنمۇ سۇ تېشىپ كەتسە، ئۇ خالتىنىڭ ئاستىغىمۇ خالتىدىن بىرنى توغرىلاپ قويدۇق. تامچىلىغان سۇ تاكى چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكۈچە شۇنداق قىلدۇق. نەتىجىدە، چېدىرنىڭ ئىچى ئېسىلغان سۇلىياۋ خالتىنىڭ كۆپلۈكى ۋە هاسىل بولغان سانسىزلىغان كىچىك شارقىراتما بىلەن تولىمۇ سۈرلۈك تۈسكە كىرىپ قالدى. چېدىرغا قەدەم باسقان ھەر قانداق بىر خېرىدار چۆچۈمەي قالمايتتى. ئەمما، ئۇ ئۇسۇل ئەسقاتىدىغان، ئەپچىل ئۇسۇل ئىدى.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى مۇخاسلار ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇلار دۇكىنىدىن يامغۇر ئۆتتۈپ كەتسە چوڭ – كىچىك چېلەك، چىنە – قاچا دېگەندەك نەرسىلەرنى دۇكاننىڭ ھەممە يېرىگە تىزىۋېتەتتى-دە، توشۇپ كەتسە ئېرىنمەي سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تۆكەتتى. بۇ ئاۋارىچىلىقنى دېمەي تۇرايلى، ئەڭ ئاۋارىچىلىق بولىدىغىنى دۇكانغا خېرىدار كىرسە چوقۇم تىزىۋېتىلگەن قاچىنىڭ بىرەرسىگە پۇتلاشماي قالمايتتى، دۇكاننىڭ ئېچىدىكى ئاللاكارامەتنى كۆرۈپ چۆچۈمەي قالمايتتى. يەنە كېلىپ، خېرىدار بىر قاچىدىن ئۆزنى قاچۇرىمەن دەپ يەنە بىر قاچىنى دەسسىۋالاتتى، شۇ تەرىقىدە دۇكاننىڭ ئىچىدىكى تىزىۋېتىلگەن قاچا-قۇچىلارنىڭ ھەممىسى دۇم كۆمتۈرۈلۈپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۇكاننىڭ ئىچىدە «ئاللا ! توۋا!» سادالىرى ياڭراپ كېتەتتى. دېمەك، يامغۇرلۇق كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەك ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

بىزنىڭ ئۇسۇلىمىزمۇ كەم – كۈتىسىز ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم، سۇغا تولغان سۇلىياۋ خالتا يېرىلىپ كەتتى، ئۇ چاغدا مەن دەل ئاشۇ خالتىنىڭ ئاستى تەرىپىدە كۈلۈمسىرىگىنىمچە خېرىدارغا يۈزلىنىپ تۇراتتىم...

يەنە بەزى كېچىلىرى شامال چېدىرنىڭ ئۈستىدىن تۆشۈك ئېچىپ قوياتتى-دە،( بىزنىڭ چېدىرنىڭ ئۈستى توقۇلما رەخت ۋە سۇلىياۋدىن

ئىشلەنگەن كاناپ رەخت بولۇپ، ناھايىتى نېپىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى داۋامىدا ئاسانلا چۈرۈكلىشىپ كېتەتتى. بادىرنىڭ تېخى قۇرۇپ بولمىغان يوپۇرماقلىرى كاناپ رەختتىن كىچىك - كىچىك تۆشۈكلەرنى ئېچىپ قوياتتى، ئۇدۇل سوققان شامال ئۇ تۆشۈكلەرنى ئاسانلا چوڭايتىۋېتەتتى) سۇ شارقىراپ چۈشۈشكە باشلايتتى. بىز نىڭ ئىسسىق يوتقاندىن چىقىپ چۈشۈۋاتقان سۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەسلا رايىمىز بارمايتتى. قولنى سۇنسا بارماقنىڭ ئۇچىنى كۆرگىلى بولمايدىغان كېچىدە سۇلياۋ خالتىلارنى بىر - بىرىگە چاتماق ئاۋارىچىلىق ئىش ئىدى. شۇڭا، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان سۇلياۋ خالتىلارنى ئېلىپ بىر - بىرىگە چېتىپ يوتقاننىڭ ئۈستىگە يېپىۋالاتتۇق. سۇ بەدىنىمىزگە يەتمىسىلا يوتقان قانچىلىك ھۆل بولسا بولمامدۇ! قالغان ئىشنى تاڭ يورۇغاندا بىر تەرەپ قىلساق بولىدۇغۇ!

ئۇنداق چاغلاردا مەن: ھېلىمۇ سۇلياۋ خالتا بولۇپ قاپتۇ، بولمىسا كېچىنى قانداق قىلىپ تاڭغا ئۇلار بولغىيتتۇق، دەپ ئويلاپ كېتىمەن... سۇلياۋدىن ئىبارەت سۇ ئۆتمەيدىغان، سوزۇلۇك نەرسىنىڭ كارامەت نەرسە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىپ يەتتىم. ئادەتتە، نېمىشقا بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان بولغىيتتىم؟ ئۇ بۇ تاغلىق دالىدىكى ھەر قانداق تەبىئىي نەرسە بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىپ تۇراتتى. ئۇ يامغۇرنى توسۇيالايتتى، ئۇ يامغۇر تېشىۋېتەلمەيدىغان نەرسە، ئۇ ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېقىنلىششىنى خالىمايدۇ، ئۇ تىركىشىدۇ، قارشىلىق قىلىدۇ. مەن يەنە ئويلاپ قالىمەنكى، بۇرۇنقى زاماندىكى كىشىلەر سۇلياۋ خالتا يوق شارائىتتا قانداق ياشىغان بولغىيتتى؟ ئۇلار ھاياتلىقنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ، دۇنيانى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغان بولغاچقا، دۇنيانى بىزدىنمۇ ياخشىراق بويسۇندۇرسا كېرەك؟ ئۇلار دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىزدىنمۇ كۆپرەك بىلىشى مۇمكىن.

يامغۇر يېغىپلا قالسا بىز ھېچ يەرگە بارالمايمىز. ياخشى يېرى، يامـ

غۇر ياغقان چاغدا بىرەر يەرگە بېرىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەڭ مۇ-ھىمى سۇ ئالغىلى بارمىسىمۇ بولىدۇ، ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان سۇ – ئەڭ ياخشى سۇ. يامغۇر قاتتىق ياغقان چاغلاردا يوغان بىر چېلەك بىر نەچچە مىنۇتتىلا لىققىدە توشۇپ بولىدۇ...

ئۇنداق چاغلاردا ئاسمان – زېمىن سۇ بىلەن تولغاندەك تۇيغۇ بې-رىدۇ، بىر نەچچە قەدەم نېرىدىكى ئادەمنى ئەسلا كۆرگىلى بولمايدۇ. مەن ھېچنەدە بۇنداق قاتتىق ياغقان يامغۇرنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بىزنىڭ ئۆينى مەركەز قىلغان، دىيامېتىرى ئۈچ-تۆت مېتىر كېلىدىغان دائىرە پۈتۈن دۇنيا بولۇپ تۇيۇلاتتى. چىراغ ياندۇرغىدەك دەرىجىدە بولمىسىمۇ، كۈندۈز خۇددى كېچىدەك قاراڭغۇ. ئۇنداق قاراڭغۇلۇق تو-لىمۇ تىمتاس ھەم سوغۇق بولۇپ، ئۇ خىل سوغۇق كېچىدىلا ھېس قىلى-غىلى بولىدىغان سوغۇق ئىدى...

سىم – سىم يامغۇر ياغقان چاغلاردا، بىز تېخىمۇ يىراقتىكى نەرسى-لەرنى ئىلغا قىلالايمىز. كۆزگە غۇۋا تاشلىنىپ تۇرغان يىراقتىكى ئېگىز تاغلارنى، ئېگىز لىكتە قارىيىپ تۇرغان ئورمانلىقنى، يەنە، توساتتىنلا سۈيى ئۇلغىيىپ، قىرغاقتىكى ئوتلاقنى ئاستا – ئاستا يامراپ، ئون نەچ-چە مېتىر كەڭلەپ كەتكەن دەريانى كۆرگىلى بولىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى ئوتلاقمۇ سۇ ئاستىدا قالغان بولۇپ، سازلىق بىلەن تۇتىشىپ بىر گەۋ-دىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

دەل شۇ چاغدا چېدىرنىڭ پەردىسى قايرىلىپ، بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتىمۇ قېلىن كىيىنىۋالغان بولۇپ، ئۈستىگە كونىراپ بىر نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن ھەربىيچە يامغۇرلۇق ئارتىۋالغانىدى. ئۇ كىرىپلا يانچۇقىدىن لۆڭگىسىنى چىقىرىپ يۈز ۋە بويۇنلىرىنى سۈرت-تى، ئاندىن، تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ سۈيىنى سىقتى. بىز ئۇنىڭ ئەپتى-دىن تولىمۇ توڭلاپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشتۇق-تە، ئۇنىڭغا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پىششىق تۇخۇمنى كۆرسەتتۇق. ئۇ خۇشال بولغى-نىچە يانچۇقىدىن بەش مو پۇلنى چىقىرىپ پۇكەيگە قويدى-دە، تۇ-

خۇمدىن بىرنى سويۇپ يېدى. ئۇ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بەش مو پۇلنى چىقىرىپ تۇخۇمدىن يەنە بىرنى يېدى.

ئۇ 20 كىلوگرام مال – چارۋىغا بېرىدىغان تاش تۇز، چاقماق قەنت، چاي، تۇز، پايپاق دېگەندەك ئۇششاق – چۈششەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە ئىككى جۈپ باللار ياغمۇرلۇق ئايغى سېتىۋالدى.

ئاخىرىدا ئۇ پۇلنى قايتا – قايتا سانىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر نەچچە تال تۇخۇم ئېلىپ، قوينىغا ئاۋايلاپ سېلىۋالدى. ئۇ تۇخۇملارنى ئۆيىدىكىلەرگە ئالغاندەك قىلاتتى.

ئۇ سېتىۋالغان نەرسىلەرنى خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىگە ئاۋايلاپ سالغاندىن كېيىن، ئالغاچ كەلگەن قېلىن كىرىچ تاغىرىغا تۇزنى قاچىلىدى، ئاندىن خۇرجۇننى مورىسىگە ئارتىپ، تاغارنى كۆتۈرگىنىچە مېڭىشقا تەمشەلدى. ياغمۇر توختاپ قالار دېگەن ئوي بىلەن ئۇنى يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇپ مېڭىشقا دەۋەت قىلدۇق. ئۇ ئەگەر ياغمۇر توختىمايلا كەچ كىرىپ كەتسە يولنى ئاڭقىرماق تەس بولىدىغانلىقىنى، ئېتىنىڭ كېچىدە يول يۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. بىز ئىشىك تۈۋىدە ئۇنىڭ تاغار ۋە خۇرجۇننى ئېگەرنىڭ كەينى تەرىپىگە مەھكەم جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۈستىنى بىر كونا جۇۋا بىلەن مەھكەم ئورىغانلىقىغا قاراپ تۇردۇق. ئۇ بىر ئىرغىپلا ئاتقا مىندى ــ دە، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىغا تارتىلغان سۇ پەردىسىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى تېزلا غايىپ بولدى.

بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا ياغمۇر توختىدى. قاراڭغۇلۇق باسقان جاھان قويۇق قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان ئاسماننىڭ ئاستىدا ئاستا – ئاستا روشەنلەشتى. گەرچە گۈگۈم چۈشۈپ قالغان چاغ بولسىمۇ، كۆندۈزدىكىدىن خېلىلا يورۇپ قالغانىدى، خۇددى بۇگۈن ئىككىنچى قېتىم تاڭ ئاتقاندەك. بىز ئويلىدۇقكى، شۇ تاپتا ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى چارۋىچى چوقۇم ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىپ، سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ، ئېغىر ياغمۇرلۇقنى يېشىۋېتىپ، كۆككە باققىنىچە ئەركىن نە-

پەسلەنمەكتە ئىدى.

7 ــ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىككى ئايغا سوزۇلغان يامغۇر پەسلى ئاخىرلاشتى. ئەمدىكىسى شامال پەسلى ئىدى. ئاسماننى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار تارقاپ، زېمىن ئىللىپ، كەڭ يايلاق ھەقىقىي جىلۋىسىنى نامايان قىلدى. دەريا سۈيىمۇ پەسلەپ، تېخىمۇ سۈزۈلۈپ كەتتى. ئوتلاقمۇ كۆپ سالقىنلاپ كەتتى. بىز مۇ يېشىل دېڭىز دەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئوتلاقنى بېسىپ ئۆتۈپ دەريادىن سۇ ئېلىپ كېلىشنى باشلىۋەتتۇق. يول بويى قوشنا – قولۇملار بىلەن قىزغىن سالام – سەھەت قىلىشاتتۇق، ھەممە-نىڭ كۆزلىرىدە يېڭىچە بىر خىل خۇشاللىق پارلاپ تۇراتتى.

ئەمما، شامال قۇتراشقا باشلىغانىدى.

شامال پەقەت چۈشتىن كېيىنلىكىلا چىقىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن بولسا، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيدۇ، خۇددى مەڭگۈ شامال چىقمايدىغاندەك جاھان تىمتاسلىققا چۆككەن بولىدۇ، .

ئەگەر شامال چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئادەمنى دۇنيا ئەزەلدىن مۇ-شۇنداقتەك، قاتتىق شامال چىقمىسا بولمايدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مەن تاغ قاپتىلىدا تۇرۇپ گاھ پەسكە، گاھ ئېگىزگە قارايتتىم. دۇنيا كۆزۈمگە بىر خىل سۈزۈكلۈككە قىيسىيىۋاتقاندەك، شامالنىڭ يۆنى-لىشىگە قىيسىيىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. چاچلىرىم شامالنىڭ يۆنىلىشى بو-يىچە ئۇچاتتى، يۈرىكىم بولسا ئىلگىرىكى ئارزۇ ــ ئارمانلىرىمغا ئىنتىل-مەك بولۇپ كۆكرەك قەپىسىمدە ھاياجان بىلەن تېپچەكلەيتتى.

ئورمان ئاشۇ تەرەپكە يۈزلەنگىنىچە تەۋرىنەتتى، دەريا سۈيىمۇ ئاشۇ تەرەپكە ئاقاتتى. تەسەۋۋۇرۇمدا ئورمانلىقتىكى ھەر بىر تۈپ ھەل – دە-رەخ، ھەر بىر تال شاخ ۋە ھەر بىر تال يىڭنە يوپۇرماق ئاشۇ تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرغان بولاتتى؛ ھەتتا، دەريادىكى ھەر بىر تال بېلىقمۇ ئا-شۇ تەرەپكە يۈزلەنگىنىچە قېتىپ قالغانىدى.

شامال سايقىنبۇلاقتىن ئۆتكەندە، پۈتكۈل سايقىنبۇلاق بىپايان زې-مىندا ئۇچقاندەك چېپىۋاتقاندەك مەنزىرە ھاسىل بولاتتى.

شامال چىقىۋاتقان چاغلاردا مەن دائىم شامال چىقمىغان چاغدىكى كۆك ئاسماندا ئاپپاق بۇلۇتلار لەرزان ئۈزۈشۈپ يۈرگەن مەنزىرىنى خىيال قىلىمەن. ئەمما، مۇشۇ تاپتا ئاسماندىكى بۇلۇتلار توپ – توپ بولۇشۇپ تېز – تېز ئۇچۇپ غايىپ بولاتتى.

يايلاق كۆچ – قۇۋۋەتكە تولماقتا ئىدى، يايلاقتىكى هەر بىر تۈپ ئوت – چۆپ شامالنىڭ يەلپۈشى بىلەن تېز – تېز ئۆسەتتى.

يەنە ئۆيۈمگە نەزەر تاشلىدىم، هەر بىر چېدىر ئاستا تەۋرىنەتتى، خۇددى زېمىندىن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشكە تەييار تۇرغاندەك يۇپيۇمىلاق تۈستە كۆپۈپ تۇراتتى. چېدىرلارنى زېمىنغا مەهكەم باغلاپ تۇرغان قوزۇقلارمۇ چوڭقۇر يەر تېگىدە تۇرۇپمۇ شامالنىڭ هېسابسىز كۈچىنى دەڭسەيتتى. پەقەت ئۇلا شامالنىڭ كۈچىنى دەڭسىيەلەيتتى. ئۇ قومۇرۇلۇپ كەتتى. مەن يىراقتىنلا چېدىرىمىزنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئېچىلىپ كېتىپ، يوغان بىر پارچە سۇلياۋنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئاپام بىلەن مومامنىڭ بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە سۇلياۋنى قوغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

توخو كاتىكىمىزنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان هەر خىل – هەر رەڭدىكى سۇلياۋ خالتا، رەخت پارچىسى، قەغەز قاتارلىقلار شاراقلىغان ئاۋاز چىقارغانچە هەر تەرەپ ئۇچاتتى، يىرتىلىپ چىققان پارچىلىرى ئېگىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

شامال يەنە يىراقلاردىن يامغۇر تامچىلىرىنىمۇ ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. يامغۇر بىر پەس تامچىلايتتى – دە، يەنە بىردەمدىن كېيىن پەقەت قۇرغاق شاماللا قالاتتى.

شامال هەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوخشاش ۋاقىتتا چىقىشقا باشلايدۇ، گۈگۈم پەردىسى يېپىلغاندا ئاستا – ئاستا پەسلەپ، كېچىدە توختايدۇ. تىنچلىق تاكى سەهەرگىچە داۋاملىشىدۇ.

ئەمما، بەزى چاغلاردا كېچىدىمۇ شامال چىقىپ قالىدۇ. كۈندۈزدىكى شامالغا سېلىشتۇرغاندا، كېچىدىكى شامالنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ پاراكەن-

دىچىلىككە تولغان، تېخىمۇ قاراڭغۇ ۋە تېخىمۇ شىددەتلىك دېيىشكە بو-
لىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا بىز ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا قالىمىز ، سىرتتا شا-
مال چىقىۋاتامدۇ ياكى زامان ئاخىرى بولۇۋاتامدۇ، ھېچنېمىنى بىلەلمەي
ئورۇنلىرىمىز دا تۈگۈلۈپ ياتقىنىمىز ياتقان.
شامال يامغۇر تامچىلىرىنى چېدىرنىڭ يوچۇقلىرىدىن شىددەت بىلەن
ئۇچۇرۇپ كىرگۈزگەندە بىز نىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغىنىمىز كىرلىك بە-
لەن يوچۇقلارنى توسۇشلا بولىدۇ. بىز يوتقانغا چىڭ ئورانغىنىمىز چە
ئاشۇ كىرلىك ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىمىز .
يامغۇرلۇق كېچىدە پەقەت يېنىڭىز دا ئۇخلاۋاتقان ئادەملا ئەڭ تىنىچ،
ھەر قانچە زەن سالسىڭىز مۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق تىۋىشنى ئىشىتەلمەي-
سىز .
شامال كىرلىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى يوچۇقتىن ئۇششاق سۇ
شارچىلىرىنى توختىماي پۈركۈپ كىرگۈزىدۇ. شۇڭا، نەملىك سوغۇق
ھىدى بىلەن ياستۇقىڭىز نىڭ يېنىدا ئەگىپلا يۈرىدۇ. ئويغانغان ۋاقتى-
ڭىز دا قولىڭىز بىلەن سىلىمىسىڭىز مۇ يۈزلىرىڭىز نىڭ ھۆل بولۇپ كەت-
كەنلىكىنى ھېس قىلىسىز .
يېرىم كېچىگىچە توختىماي چىققان شامال توساتتىن كۆچىيىپ كەت-
تى، خۇددى ئۇ شامال ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىنى بىلمىگەندەك؛
خۇددى ئۇ شامال ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن-
لىكىنى بىلگەندەك... يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، چېدىر قاتتىق سىلكىنىپ
كەتتى. دېمەك، شامالنىڭ يۆنىلىشى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ،
بىردەم ئۈستىدىن ئاستىغا ئۇرۇلسا، بىردەم ئاستىدىن ئۈستىگە ئۇرۇلات-
تى. چېدىرىمىز ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك توساتتىنلا كۆپۈپ كەتتى.
(ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن قېتىم يېرىلىپ بولغان.) ئارقىدىنلا گىگانت ئادەم-
نىڭ ئاغزى «ھاپ» قىلىپ سۈمۈرگەندەك كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن تەڭ
چېدىر ئۆرۈلۈپ چۈشتى ـ دە، بادرىغا چىڭ چاپلىشىپ قالدى.
چېدىرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بادرا، خادا، قوزۇق قاتارلىقلار ئەنسىز

غىچىرلايتتى، مال جاھازىسى ئۇياق - بۇياققا ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. شامال
ھەر بىر قېتىم قاتتىق ئۇرۇلغاندا چىققان «تاراق - تۇرۇق» قىلغان
ئاۋازلار قۇلاق پەردىسىگە زەرپ بىلەن ئۇرۇلاتتى-دە، ئاستا - ئاستا
يۈرەككە يېتەتتى. يەنە كېلىپ، ئۇنداق سىلكىنىش بارغانچە تېزلىشىپ،
ھۇشقۇتقان ئاۋازلار تېخىمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى... مەن يوتقانغا ئورانغى-
نىمچە ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم: « ئاپا! نېمە بولدى؟»
دەل شۇ چاغدا شامال چىپپىدە توختىدى. شامال گېپىمنى ئاڭلاپ-
تۇ-دە! نېمىشقىكىن، ھەممىمىز قورقۇپ جىمىپ قالدۇق. شامال توخ-
تاپ، جاھان تىنجىپ قالدى، ئەمما، چېدىرنىڭ سىلكىنىشى داۋاملاشماقتا
ئىدى، بەلكى، ئۇ سىلكىنىش قەيەرلەرنىدۇ ئايلىنىپ يېرىپ ئاستا - ئاس-
تا غايىپ بولاتتى. شامال ھەقىقەتەن توختىغانىدى. دەريا سۈيىنىڭ شار-
قىرىغان ئاۋازى ۋە ئورمانلىقنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى يىراق - يىراقلار-
دىن ئۇچۇپ كېلەتتى. شامال خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا توختاپ
قالغانىدى. چېدىرنىڭ رەختى خۇددى نەپەسلىنىۋاتقاندەك ئاستا تىترەيت-
تى. شامال توختىدى. مەن ئاپامنىڭ قاراڭغۇلۇقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە
ئويغىنىپ كېتىپ ئورنىدا ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئۈندىمەيت-
تى. خېلىدىن كېيىن، قاراڭغۇلۇقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن مومامنىڭ ئاۋا-
زى ئاڭلاندى:
-ئاڭلاڭلار!
بىز سىرتقا زەڭ سالدۇق، بىر ئاۋاز بارغانچە كۈچىيىپ يۇپۇرۇلۇپ
كەلمەكتە ئىدى. شامال ئەمەسمۇ! بىز خۇددى ئېسىنى يوقاتقان ئادەم-
دەك، دەماللىققا ھېچنېمىنى پەرق قىلالمىدۇق. باش ئۈستىمىزدە سەللا
بۇرۇن شامال ئېچىپ قويغان يوچۇق بار بولۇپ، ھازىر يوغان ئېچىلىپ
تۇراتتى. ئەتراپ زۇلمەت قاراڭغۇسىدا بولغاچقا، بىز ئۇ يوچۇقنى كۆ-
رەلمەيتتۇق، ئەمما، شامال دېسە شامال ئەمەس، شامال ئەمەسمىكىن
دېسە شامالغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل سوغۇق ئېقىمنىڭ شۇ يو-
چۇقتىن ئاستا - ئاستا كىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتۇق.

ئاخىرىدا يوغان بىر تامچە سۇ يۈزۈمگە چۈشتى... ئەسلىدە يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى.

تېخىمۇ نۇرغۇن كېچىلەردە يامغۇرمۇ ياغمايدۇ، شامالمۇ چىقمايدۇ، زۇلمەت قاراڭغۇلۇق جىمجىتقىنە ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇ خىل قاراڭغۇلۇق مەيلى كۆزىڭىزنى ئېچىڭ ياكى ئاچماڭ شۇ پېتى قاپساپ تۇرىدۇ. بىرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ قالغاندا، قاراڭغۇدا ئوڭ – سولنى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. بىرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتكەن چاغلاردا، ئويغىنىشتىن بۇرۇنقى چۈشكە چىرمالغان قالايمىقان مەنزىرىلەر توساتتىنلا ئېغىر قاراڭغۇلۇققا يولۇققاندا، ئاۋاز، رەڭ قاتارلىقلارغا ئوخشاش كونكرېت سىزىملەر ئۇرغۇپ چىقىدۇ- دە، يەنە ئاستا – ئاستا غايىپ بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىز ھېچنېمىڭىز بولمىغان ھالدا قاراڭغۇلۇققا يۈزلىنىسىز ، ھېچنېمىنى بىلەلمەيسىز . ئاندىن ئۆرۈلۈپ ياتىسىز -دە، ئۇيقۇغا غەرق بولىسىز . تاڭ ئاتقاندا ئۆزىڭىزنىڭ يوتقانغا چىڭ يۆگەلگەنچە كارىۋاتنىڭ ئاستىدا ياتقانلىقىڭىزنى، بېشىڭىزنىڭ ئوت – چۆپلەر ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى بىلىسىز . ئوت – چۆپلەر ئارىسىدا ئېچىلغان ئۇششاق گۈللەر ناھايىتىمۇ يېقىندىن، ھەيران بولغان ھالدا سىزگە تىكىلىپ تۇرىدۇ. بىرىم كېچىدە ھەقىقەتەن ئورۇندىن تۇرغىڭىز كەلمەيدۇ، تولىمۇ راھەت ئىسسىق يوتقاننىڭ ئىچىدىن چىققۇڭىز كەلمەيدۇ، ئەمما، ئورۇندىن چوقۇم تۇرىشىڭىز كېرەك

ئىسسىق يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىققان ھامان باشقىچە بىر خىل سوغۇقنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان گەپ. ياز كۈنلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، كېچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە نۆل گرادۇس ئەتراپىغا چۈشۈپ قالىدۇ. سوغۇق شەبنەم چۈشكەن ئوت – چۆپلەر سوغۇقتىن قېتىپ كېتىدىغان بولۇپ، دەسسەلسە «غىرىس-غىرىس» ئاۋازلار چىقىپ كېتىدۇ.

چېدىرنىڭ ئىچىگە قارىغاندا، سىرتتا ئەتراپنى ئازراق بولسىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ خىل «كۆرۈش» ھەقىقي

كۆرۈش ئەمەس، ئۇنى ھېس قىلىش دېگەن تۇزۇكـرەك. دېمەك، سىـز ئەتراپىڭىزدىكى مەنزىرىنى، نۇرنى ھېس قىلالايسىز. دەرۋەقە، سىز بېشىڭىز-نى كۆتـۈرۈپلا كۆكتـىكى سانـسىز يۇلـتۇزنى كۆرـسىز ـدە، ۋارقـىراپ تاشلايسىز ، يۈرىكىڭىز توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. خۇددى مۇزنىڭ قېتىدا قېتىپ قالغاندەك تۇرغان ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ نۇر تالالىرى تولىمۇ ئېنىق يالتىراشلارنى تۆكۈپ تـۇرغان بولـىدۇ. كۆكتـىكى سانسـىزلىغـان يۇلتۇزلار باشقىچە جىلۋە بىلەن چاراقلايدۇ. كېچـە سىياھـتەك قاراڭغـۇ، تولىمۇ تىمتاس بۇنداق يۇلتۇزلۇق ئاسمان باشقـا جايدىكـى يۇلتۇزلـۇق كۆك بىلەن ئوخشاش بولمىسا كېرەك! ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىمدە نامايان بولغىنىدەك، يۇلتۇزلۇق ئاسمان شاۋقۇن – سۈرەنگە باي بولاتتىغۇ، تې-خىمۇ نۇرانە بولاتتىغۇ، خۇددى سىمفونىيەدەك...

ئەنە شۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن، نـەزىرىمـنى يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ ئاستىغا ئاغدۇردۇم، قاراڭغۇلۇق تېخـىمۇ قاراڭغـۇ ۋە تىمتاس تۇيۇلۇپ كەتتى. ھېچبولمىغاندا چېدىرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى پەرق قىلالايتتىم، ئەمما، ھازىر ھەممە قالايمىقان بولۇپ كەتتى.

ئەڭ گۈزەل پەيت ـ سۈبھى! كۆك سۈزۈلۈۋاتقان پەيتلەردە بارغانچـە قويۇقلىشىۋاتقان نۇر تالالىرى ئارىسىدا ئاستـا كۆزۈمنى ئـاچىمەن ـ يـۇ، يەنە ئاستا– ئاستا ئۇيقۇغا كېتىمـەن. چۈنكى، كـۆزۈمنى ئاسـتا ئاچقـان چېغىمدا دۇنيانىڭ يەنىلا ئۆز پېتى ئىكەنلىكىنى، بىزنى بىر قانداق قىلە-ۋېتەلمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈۋالىمەن.

قۇياش ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، سوغۇق ھەم سـۈزۈك ھاۋادا ئالتـۇن رەڭ نۇر ۋە ھارارەت پەيدا بولغاندا كىگىز ئۆيلەر تەرەپتىن كىمدۇر بە-رىنىڭ ماڭغان ۋە گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭـلىدىم : « بـەك ياخشى بـول-دى، كېچىدە مەن تېخى دۇنيادا بىز دىن باشقا ئىنسـان قالمـىغان چېغـى دەپ ئويلىغان ئىدىم» شۇنىڭ بىلەن راھەت ئىچىدە يوتقاننى قايرـىۋەت-تىم، يەنە راھەت ئىچىدە بىردەم ئولتۇردۇم، خىيال سۈردۇم. ئاندىن نا-ھايىتى تېز سۈرئەتتە كىيىملىرىمنى كىيدىم. سەھەرنىڭ ھاۋاسى تولىمـۇ

سوغۇق ئىدى.

بەزىدە، ئەگەر قورساق مەڭگۈ ئاچمىسا، بىز يوتقانىنىڭ ئىچىدە بىر ئۆمۈر ياتساق، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. گەرچە بىز نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ چېدىرنى تىكسەكمۇ، ئەمما، ئاخىرىدا بىزگە ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا يوتقان ئىدى

مەن بەزىدە يەنە مۇنداقمۇ ئويلاپ قالىمەن: بىز يەنە نۇرغۇن ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆيلەردە تۇرىمىز. ئەمما، بىز نەدە، قانداق كېچىدە ئويغىنايلى، ئاشۇ بىز ۋە يوتقانىنى ئوراپ تۇرغان نەرسە مەڭگۈ بىر چېدىر ۋە ياكى بىر پارچە سۇلياۋ رەختتەك مۇستەھكەم بولالمايدۇ.

## بىر ئائىلە كىشىلىرى ماڭىدىغان يول

بەزىدە مەن دۇكاننى تاشلاپ قويۇپ تاغ ـ دالىغا سەيلىگە چىقىمەن. ئۇنداق چاغلاردا دۇكانغا كېلىپ قالغان خېرىدار مېنى سەۋرىچانلىق بىلەن ساقلاشقا ھەمدە مېنىڭ ئورنۇمدا دۇكانغا قاراپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنە باشقا خېرىدارلار كېلىپ قالسا ئۇ «دۇكانىنىڭ ئىگىسى يوق» دەپ قويىدۇ. ئۇنىڭ مېنى ساقلاۋېرىپ تاقىتى تاق بولغاندا بولسا ،تاغقا چىقىپ مېنى ئىز دەيتتى.

يەنە بەزى چاغلاردا بولسا، مەن كۈن بويى دۇكاندا دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىمچە ئولتۇرۇپ كېتىمەن، دۇكانغا بىرەرمۇ خېرىدار نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى كەلمەيتتى. ھەتتا، بىرەر ئادەم دۇكان تەرەپكە قاراپمۇ قويمايتتى. شۇنداق چاغلاردا مەن تاغقا سەيلىگە چىقىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمدىن بەك ئەپسۇسلىنىمەن.

مېنىڭ ھەر بىر كۈنۈم چېدىرنىڭ ئىچىدىكى ماللار بىلەن ھەپىلەشىپلا ئۆتىدۇ، ئەمما، پۇكەينىڭ نېرىسىدىكى پۈتكۈل دۇنيا ھەر مىنۇت، ھەر سېكونت كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن دالا تولىمۇ جەزىبىدار ۋە تولىمۇ روشەن... ئەمما، مېنىڭ كاللامدىكى ھەر خىل باش - ئاخىرى يوق خىياللار گاھ روشەنلىشىپ،

گاھ غۇۋالىشىپ تۇرىدۇ، يەنە بەزىدە بولسا، تۇيۇقسىزلا پەيدا بولىدۇ-دە، يەنە شۇنچە تېز قاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كېتەتتى. ئۇ خىل ئالامەتلەر مېنى خۇددى جىسمىم ئاجىزلاپ كېتىۋاتقاندەك، يېنىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، ھەتتا، توختىماي تەۋرىنىپ تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوياتتى. بىراق، كۆز ئېكرانىمغا چۈشۈپ تۇرغان دۇنيا تولىمۇ روشەن... ئۇ شۇنداق روشەنلىككى، يۈكسەكلىكتىن ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ ئۇرۇلغىندا، ماڭا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان يېڭىچە بىر خىل تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

ھەر قېتىم سەيلىگە چىققىنىمدا، توختىماي بىر ھازا يۈگۈرىمەن-دە، يەنە توختاپ كەينىمگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تويماي قاراپ كېتەتتىم. دۇنيا نېمە ئۈچۈن بۇنچە چەكسىزلىككە يەتكەن؟ تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ پەسكە قارىغىنىمدا، تاغ-دالا، يايلاق ۋە پۈتكۈل دەريا ۋادىسى بىر گەۋدىگە ئايلانغان سۈلكەتتە كۆزۈمگە تاشلىناتتى. يارىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بولسا قۇياش نۇرىدا تال - تال مەشۇتتەك چاقنايتتى. بىپايان يايلاقمۇ، سازلىقمۇ يېشىل رەڭگە پۈركەنگەن، ھەتتا، ئېگىزلىكتىكى ئورمانلىقمۇ يايپېشىل رەڭدە قېتىپ تۇراتتى. مەن يېشىل رەڭگە ئامراق. نېمىشقا مەنمۇ يېشىل رەڭدە بولۇپ قالمىغاندىمەن؟ مېنىڭ تېرەم سۇس سېرىق رەڭدە، چېچىم قاپقارا، ئۇچامدا بولسا رەڭدار كېيىملەر. مەن بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقۇمنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئىكەنمەن، نېمىشقا يېشىللىقتەك... ئاشۇ يېشىللىقتەك بولالمىدىم؟ مەن يۈگۈرەلەيمەن، سەكرىيەلەيمەن، ناخشا ئېيتالايمەن، يىغلىيالايمەن، بىراق، يەنىلا ئاشۇ يېشىللىقتەك ئەركىن بولالمايمەن، ئاشۇ يېشىللىق يېتىپ بارغان جايلارغا يېتەلمەيمەن. كۆككە باقتىم. بۇ دۇنيا نېمە ئۈچۈن بۇنچە چوڭ؟ جىسمىم گەرچە زېمىنغا دەسسەپ تۇرسىمۇ، ئەمما، ئۆزۈمنى ئاستا - ئاستا زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم.

مەن ئېگىز تاغ چوققىسىدا كېتىۋاتىمەن، ئېگىزلىكتىكى كۈچلۈك شامال ئاجىز ھەم يېنىك بەدىنىمنى توختىماي سىلكىيتتى. دۇنيا تولىمۇ

چەكسىز ... ئەمما، دۇنيادىنمۇ چەكسىز ئىشلارنى ئويلىغىنىمدا، ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن ياشلار قۇيۇلاتتى.

قوي پادىسى ئاللىقاچان سايقىنبۇلاقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاغ كەينىگە كىتىپ قالغانىدى. قىلىپقالغىنى بولسا ئىدىرلىقلارغا يوشۇرۇنۇشقانىدى. كىگىز ئۆيلەر ئۆزلىرىنىڭ تەنھالىقىنى بىر - بىرىگە بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىۋاتقاندەك سۈكۈتتە تۇرۇشاتتى. قىرلار، ئايالار ۋە باللار كىگىز ئۆيلەرنىڭ تىنچلىقىنى ئاندا - ساندا بۇزۇپ قوياتتى. دۈكىنىمىزنىڭ سودىسى كۈنسايىن سۇسلىشىپ قالغان بولۇپ، پەقەت سىنتەبىر ئېيى كىرىپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چارۋا ۋە چارۋىچىلار قايتىپ كەلگەندىلا جانلىنىپ كىتىدۇ.

يايلاقتىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇچى كۆك ۋە سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ ئوتلارنىڭ پىششقا باشلىغانلىقىدىن دىرەك بىرەتتى. كۈندىن - كۈنگە تىنچلىنىپ كىتىۋاتقان ئوتلاقنىڭ باغرىدا سان - ساناقسىز ئۇرۇقلار پىشىپ يىتىلىپ، ئىككىنچى يىلغا تەييارلىنىۋاتاتتى. بىزمۇ پات ئارىدا بۇ يەردىن كىتىمىز. مەن ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ، تېخىمۇ يىراق جايلارغا قايتا - قايتا نەزەر تاشلىدىم. يەنە، بىز قايتىدىغان يولغا قارىدىم. ئۇ بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلۈككە چوڭقۇر چۆككەن بولۇپ، جىمجىت، قۇپقۇرۇق تۇرقى خۇددى سۇيى قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىغا ئوخشايتتى. بۇ يولنى بويلاپ تېخىمۇ يىراققا نەزەر تاشلىغىنىمدا، يەنە بىر يالغۇز ئاياغ يول كۆرۈنەتتى. ئۇ يول بەزىدە ئۆزۈلۈپ، بەزىدە تۇتىشىپ، مەلۇم جايدىكى پەقەت بىرلا ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان نۇقتىغا تۇتىشاتتى. ئۇ كىگىز ئۆيلەر ۋە ئۆينى قورشاپ تۇرغان قاشالىرى خۇددى ھازىرلا يوقاپ كىتىدىغاندەك يولنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا تىپتىنچقىنا تاشلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئىلگىرى ئۇ يەرگە بارغان. ئۇ پاتقاق يولدا پەقەت ئات ئىزىلا بار ئىدى. دىمەك، مەن ئاشۇ ئات ۋە يىللاردىن بىرى بۇ يەرگە قەدەم باسقان بىردىنبىر شەخس ئىدىم. ئۇ يوللاردا بېسىلغان ھەر بىر قەدىمە-

ده بىر قېتىم توختاپ، ئىككى قاسناقتىكى بولۇق ئۆسكەن ئوت – چۆپ-
لەرگە چوڭقۇر چۆككىنىمچە يېتىۋالغۇم، قېنىپ ئۇخلىۋالغۇم كېلەتتى.
بۇ پەسىل دائىم مۇشۇنداق تىپتىنچ بولاتتى، شامال ئاۋازىنى پەقەت ئې-
گىز جايدىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى. كۈچلۈك شامالمۇ ئېگىز جايلاردىن
پەسكە ئاسان كەلمەيتتى. ئەكسىچە، يېقىن ئەتراپتىكى ئوت – چۆپلەر
شامال بىلەن قارىمۇ – قارشى تۈيغۇ ئاتا قىلاتتى. بىراق، قۇياش نۇرى
ھەممە يەرگە تەكشى چېچىلغان بولۇپ، ئۇ نۇرلار شامالدىن خۇددى
سىرلىق ئوردىدىن ئۆتكەندەك تەرزدە ئۆتەتتى-دە، ئۈستى تەرەپتە ئە-
سەبىيلەرچە گۈركىرەۋاتقان شامالنى بېسىپ كېتەتتى. ئۇ شامالنى تېشىپ
ئۆتۈپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە ماڭا يېتىپ كەلگىنىدە، تىنچلىقنى پۈتۈن-
لەي يوقاتقانىدى. ئۇ كۆزنى قاماشتۇرغىنىچە ھاياجان بىلەن چاقنايتتى،
سىزىلمىگۈدەك دەرىجىدە يېنىك تىترەيتتى. بۇ خىل نۇر ئاستىدا قول
بارماقلىرىم باشقىچىلا پارقىرايتتى، ئېتىكىمنىڭ ئاستىدىن غىل – پال
كۆرۈنۈپ قالىدىغان يوتىلىرىممۇ پارقىرايتتى. ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمە-
گەن. كۆككە باققىنىمدا گۈزەل دۇنيا باشقىچە جىلۋە بىلەن كۆز ئال-
دىمدا نامايان بولاتتى-يۇ، ئارقىدىنلا كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىدىن چۆ-
چۈپ كېتەتتىم. ئاسمان گۈمبىزىگە رەتلىك تىزىلغان پارچە – پارچە
بۇلۇتلار توپىدىن ھاسىل بولغان غايەت زور بۇلۇتلار توپى ئېسىلغانىدى.
ئۇلار نېمىشقىدۇر توختىماي پارچىلىنىۋاتاتتى، مەلۇم بىر كۈچ تەرىپىدىن
يىرتىپ تاشلىنىۋاتاتتى.

يول دەريا ياقىسىدا ئىدى. ئۇ مېنى بەزىدە دەرياغا باشلىسا، بەزىدە
دەريادىن يىراقلاشتۇراتتى. ئۇ مېنى باشلاپ ياپيېشىل تاغ باغرىدىن ئۆ-
تەتتى-دە، يەنە ئوت-چۆپكە پۈركەنگەن يەنە بىر يېشىل تاغ باغرىغا
بېرىپ قالاتتى. يەنە بەزىدە ئۇ مېنى بىپايان قۇملۇقتا ئۆسكەن يېگانە
گىياھنىڭ يېنىغا باشلاپ باراتتى. بىراق، مەن ئۇ يېگانە گىياھنى ئىنچە-
كە كۆزىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا، يول مېنى ئورمانلىققا باشلاپ باراتتى. ئور-
مانلىقتا كېتىپ بارغىنىمدا سول تەرىپىمدە رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈل –

گىياھلار جىلۋە قىلسا، ئوڭ تەرىپىمدە سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى شىلدىرلاپ ئاقاتتى. تۈيۈقسىزلا ئوت – چۆپلەر ئارىسىدىن قۇشلار ئۇچۇپ چىقاتتى-دە، يىراق – يىراقلارغا ئۇچۇپ، كۆزدىن غايىب بولاتتى.

بۇ يولنى بويلاپ ماڭغىنىمدا، خۇددى دۇنيانى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. ئەتراپىم يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن بولۇپ، يېشىللىق يالقۇن كەبى ئۆسۈپ يېتىلمەكتە ئىدى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدا دەريا سۈيى مەۋج ئۇرۇپ ئاقاتتى. ئاسمان ئىنتايىن تىنىق ۋە كۆپكۆك ئىدى. لېكىن، مەن ئىنتايىن تىنچ، خۇددى ئۆزۈممۇ سەزمىگۈدەك دەرىجىدىكى تىنچلىقىم بىلەن كېتىپ بارماقتا ئىدىم. مەن يىراقلارغا كېتىپ بارىمەن، كۆز ئالدىمدىن خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈۋاتقان مەنزىرىلەرگە پىسەنتمۇ قىلماي كېتىپ بارماقتىمەن. بۇ بىر تۈيۈق يول، ئادەمنى كائىناتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان يول.مەن توختىماي ماڭماقتىمەن... مەن بىر قانچە قېتىم خېلى ئۇزاپ كەتتىم، ئۆيلەر ئاللىقاچان كەينىمدە قالدى، دەپ ئويلىدىم... مەن توختىماي مېڭىۋاتماقتىمەن. ئەمما، ھەر قەدەمدە بىر توختاپ يول بويىدىكى بولۇق ئۆسكەن ئوت – چۆپلۈككە چوڭقۇر چۆكۈپ يېتىۋالغۇم، قېنىپ ئۇخلىۋالغۇم كېلەتتى.

كېتىۋېتىپ تۈيۈقسىز يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر ئۆيدە بۇ يەردىن ئايرىلالمايدىغان، پۈتۈن ئۆمرىنى ساقلاش بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلدىم.

يىراقتىكى چېدىردا مېنىمۇ بىر ئادەم ساقلاۋاتىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانچە، ئۇ ئۆزى يالغۇز تۈرلۈك تاۋارلارغا قاراپ غېرىبسىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ تىت-تىت بولىدۇ. مەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. چېدىرنىڭ ئىشىك پەردىسىنى قايرىدىم، دۇكاندا ئادەم يوق ئىدى. مال جاھازلىرى ئۈستىگە تىزىلغان ماللار بۇرۇنقىدەكلا غېرىبسىنىپ تۇراتتى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن پەيتلەردە ئۇ مېنى تاغلار ئارا ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ بىر يولدا سەل ھايال بولۇپ قالدى، ئەمما، توختىماي ماڭات-

تى. ئۇ يول ئۇنىڭ كەينىگە قايتىشقا ئىمكان بەرمەيتتى. بەلكىم، ئۇ
ھېلىقى يولنىڭ چېتىدىكى يىگانە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەككىنىچە: «ئادەم
بارمۇ؟» دەپ تووۋلاۋاتقاندۇ...

بىر كۈنى مومامۇ ئۆزى يالغۇز شۇ يولنى بويلاپ ماڭدى. ئۇ قو-
لىدا چېلەكنى كۆتۈرگىنىچە ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئەگمىسى-
دە غايىپ بولدى. ئۇ لىق بىر چېلەك قېتىقنى كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كەل-
دى. مەن قېتىقنى ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپ ئىچتىم، ئەمما، قېتىقتا مۇناسى-
ۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنى بىلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، قېتىقنىڭ ھەققىي
تەمىنى تېتىيالىدىم...

## نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ باشكۆۋرۈككە بېرىش

قىش ھەقىقەتەن سوغۇق. ئەگەر قىش كۈنى ناھىيە بازىرى بىلەن
باشكۆۋرۈك ئارىلىقىدا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قالسى-
ڭىز ، ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىنى تىقما - تىقما قىلىۋەتكىنى ئادەم بولماستىن،
بەلكى، ئادەملەر كىيىۋالغان كىيىم - كېچەكلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قى-
لىسىز . ھەممەيلەن ئۆزىنى قېلىن - قېلىن كىيىملەر بىلەن مەھكەم ئو-
رىۋالاتتى. ئەرلەر بېشىغا ناھايىتى يوغان ھەم كۆركەم تۇماق - قولاق-
چىلىرىنى كىيىۋېلىشسا، ئاياللار باشلىرىنى قات -قات قېلىن ياغلىقلار بى-
لەن ئوقمۇ ئۆتمىگۈدەك قىلىپ ئورىۋېلىشاتتى. كىشىلەر باللىرىنى قات
- قات قېلىن كىيىملەر بىلەن ئوراپ قوياتتىكى، يۇپيۇمىلاق پومزەكتەك
بولۇپ قالغان باللارنىڭ پۇت - قوللىرىنى كۆرگىلى بولماي قالاتتى.
ناۋادا بىرەر كىچىك بالىنى يەرگە تاشلىسىڭىز يەنە قاڭقىپ يېنىپ چىقى-
دۇغۇ دەيمەن.

بىراق، 12-ئاينىڭ ئاخىرىدا قېلىن ياغقان قار تۈپەيلى يوللار تو-
سۇلۇپ قېلىپ، بىردىنبىر قاتناش ۋاسىتىسى بولغان ئۇ نۆۋەتچى ئاپتو-
بۇسمۇ قاتناشتىن توختايتتى. پەقەت كېيىنكى يىلى ماي ئېيىدا قار -

مۇزلار ئېرىپ يوللار ئېچىلغاندىلا قاتناشنى باشلايتتى. شۇڭا، قىش پەس-
لىدە باشكۆۋرۈككە بارماقچى بولساق، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كۆكتوقايغا
بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن يەنە چانىغا ئولتۇرۇپ مېڭىشقا توغرا كې-
لەتتى.

يېشىل رەڭدە سىرلانغان بۇ ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى 50 ياشلاردىن
ئاشقان، كەچكىچە كۈلۈپلا يۈرىدىغان، خۇشچاقچاق ئادەم ئىدى. ناۋادا
بىرەرى ماشىنىسىنى توسۇپ قالسا، ئۇ ماشىنىنى تورمۇزلىغىنىچە، ئاغزى-
دىن ئاتنىڭ تېزگىنىنى تارتقاندا چىقىرىدىغان «دىر. - دىر» دېگەن
ئاۋازنى چىقىراتتى.

ئۇ يەنە يول بويىدىكى كەنتلەرنىڭ ھەممىسگە لەقەم قويۇپ چىققا-
نىدى. مەسىلەن، تاماكا كەنتىنى ئۇ «موخوركا كەنتى» دەۋالغانىدى.
چۈنكى، ئۇ كەنتتىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەرزان موخوركا
چېكەتتى. ئۇنىڭ «ئېرگەنزى كەنتى»، «زېيۋازا كەنتى» «گې لاۋخەن
كەنتى»... دېگەنگە ئوخشاش لەقەملەرنى نېمىگە ئاساسەن قويۇۋالغانلى-
قىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتىم.

ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئەبجەقلىقىدىن ھەممە يېرىگە پىلاستىر چاپلانغا-
نىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ماشىنىنىڭ ئىچىگە بوراندەك شامال كىرىپ
تۇراتتى. ماشىنىنىڭ ئىچىدە نەدىمۇ ئىسسىتىش قۇرۇلمىسى بولسۇن،
ھەممە بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇشاتتى. ھەممەي-
لەننىڭ ئاغزىدىن ئاپپاق ھور توختىماي پۇركۈلۈپ تۇراتتى. قېرىشقان-
دەك، بۇ ماشىنا ئېشەك ھارۋىسىدىنمۇ ئاستا ماڭاتتى. يەنە كېلىپ، ھەر
بىر سىلكىنىشە زاپچاسلىرى چۇۋۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئادەمنى تولىمۇ ئەن-
دىشىگە سالاتتى. شۇڭا كىشلەر يول بويى ئاھ ئۇرۇشقىنىچە ماڭاتتى.

ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ئاپتوبۇسقا قانچە بالدۇر چېقىۋېلىشىمدىن قەتئىي-
نەزەر، ئاخىرىدا ئولتۇرىدىغان جايىم يەنىلا موتورنىڭ قاپقىقىنىڭ ئۈستى
بولاتتى. چۈنكى، يول بويى ماشىنىغا ھەر بىر قېتىم ئادەم چىقسا ئو-
رۇنلار قايتا تەڭشىلەتتى. كىم مېنى ياش بولۇپ قالسۇن دەپتۇ؟ ياخشى

ئورۇنى،ئەلۋەتتە، ياشانغانلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان گەپ ـ تە!

قاپقاقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش تولىمۇ ئازابلىق ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ بەگگە شوپۇر يول بويى تاماكىنى توختىماي چېكىپ يولۇچىلارنى ئىسلاپ،باشلىرىنى قايدۇرۇپلاۋېتەتتى. ياخشى يېرى، كىيىملىرىم قېلىن بولغاچقا،قاتتىق قاپقاقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن قورقمايتتىم.

ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى قىشنىڭ سوغۇقى ئىدى. سەل قىمىرلاپلا قويسا سوغۇق ھاۋا كىيىمنىڭ يوچۇقلىرىدىن شىددەت بىلەن كىرىپ، تەستە ئىسسىتقان بەدەننىڭ ھارارىتىنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك، ھېچكىم مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. پۇت - قوللىرىم توڭلاپ ياغاچتەك قېتىپ كېتەتتى، بەدىنىمدىكى بىردىن بىر يۇمشاق ھەم ئىللىق جاي كۆكرەك قەپەسىم ئىدى. مەن جاقىلداپ تىترەپ تۇرغان قاپقاقنىڭ ئۈس- تىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىمنى يىغىپ بەدىنىمنى ئامال بار كى- چىكلىتىشكە تىرىشاتتىم. كۆڭلۈمدە بولسا تەتۈر ساناق ساناپ قالغان ۋاقىتنى ھېسابلايتتىم،ھەر سېكۇنت، ھەر مىنۇت چىداشلىق كۆرسىتەت- تىم. بىر چاغدا يېنىمدا ئولتۇرغان بوۋاينىڭ قوي تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋىسىنىڭ بىر پېشىنىڭ يەرگە ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدۇم ھەمدە تۇيدۇرماي پۇتۇمغا يېپىۋالدىم. جۇۋىنىڭ پېشى پۇ- تۇمغا ئىللىقلىق ئاتا قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بەدىنىمنىڭ ئۈستى قىسمى بىلەن ئاستى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭىيىشقا باشلىدى. مەن قوللىرىمنى يېڭىمنىڭ ئىچىگە تىققىنىمچە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ يەنە تەتۈر ساناق ساناشقا باشلىدىم.

بىراق، ئاپتوبۇس كۆكتوقايغا كەلگەندە، ئۇ راھەت جۇۋا بوۋاي بى- لەن بىللە ماشىنىدىن چۈشۈش ئالدىدا تۇراتتى. مەن بۇنى بىلمىگەچكە، جۇۋىنىڭ پېشىنى قويۇۋەتكۈم كەلمەي چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتىم. بوۋاي جۇۋىسىنى تارتقاچ ماڭا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. مەن شۇندىلا جۇۋىنى ئاستا قويۇپ بەردىم. مېنىڭ ئەمدىلا ئىللىغان پۇتلىرىم يەنە سوغۇقتا قالدى. سوغۇق پۇتلىرىمنىڭ ھارارىتىنى رەھىمسىزلەرچە

ئېلىپ ماڭغاندا پۇتلىرىمدىن «پالاق - پۇلۇق» قىلغان ئاۋازلار چىقىپ كەتتى. ئەمدى بولسا بەدىنىمنىڭ ئاستى بىلەن ئۈستىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئالماشقانىدى. يەنە كېلىپ بەدىنىمنىڭ ئۈستى قىسمى ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاستى قىسمى ئەمدىلا سوغۇققا يۈزلەنگەچكە، بەدىنىم تېخىمۇ سەزگۈرلىشىپ كېتىپ باراتتى. بۇ خىل تۇيغۇ تېخىمۇ ئازابلىق ئىدى. كۆكتوقاي شىنجاڭدىكى مۇزلۇق قۇتۇپ ھېسابلىناتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، دۆلىتىمىز بويىچىمۇ ئەڭ سوغۇق مۇزلۇق قۇتۇپ ھېسابلىنىدىكەن. 80-يىللاردا، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا نۆلدىن سېلسىيە تۆۋەن 51.5 گرادۇسلۇق رېكورتمۇ يارىتىلغانىدى. قىشنىڭ سوغۇق بولمىدى دېگەن كۈنلىرىدىمۇ تېمپېراتۇرا سېلسىيە نۆلدىن تۆۋەن 39-40 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ.

تەلىيىمگە مەن بايا دېگەن ئازاب پەقەت ئۇن نەچچە مىنۇتلا داۋاملاشتى. ئاپتوبۇس تېخى كۆكتوقاينىڭ ئاتاقلىق تار يولىدىن چىقىپ بولماي تۇرۇپلا، بىر نەچچە بالىنى ئەگەشتۈرگەن بىر ئايال ئاپتوبۇسنى توستى. ئىشىك ئېچىلىش بىلەنلا بالىلار يۈگۈرۈشكىنىچە ئاپتوبۇسقا چىقىپ كېلىشتى. مەن بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ سېمىز بىرىنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدىم-دە، قۇچىقىمغا ئېلىپ چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئېغىر بەدەندىكى ئىسسىق ھارارەت پۇتلىرىمغا تاراشقا باشلىدى. بالىنىڭ ئانىسى بولسا ماڭا توختىماي رەھمەت ئېيتاتتى.

قىش كۈنلىرى بەك سوغۇق، ياز كۈنلىرى بولسا بەك ئىسسىق. ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ كۆۋرۈكبېشىغا بېرىش ئۈنچىلىك راھەت ئىش ئەمەس.

ياز كۈنلىرىدىمۇ مېنىڭ ئولتۇرىدىغان جايىم يەنىلا قاپقاقنىڭ ئۈستى بولاتتى. قاپقاق بەك قىزىپ كېتەتتى، ئەمما، مەن ئىسسىقتىن قورقمايتتىم. قانچە ئىسسىق بولسا ماشىنىدا كۆڭۈل ئېلىشىشتىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولاتتى. ئاۋارىچىلىق يېرى شۇكى، پات - پات قاپقاقنى ئېچىپ موتورغا سۇ قۇيۇپ، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ تۇرۇش كېرەك ئىدى.

ئاپتوبۇس ئىنتايىن ئاستا سۈرئەتتە كېتىپ باراتتى، بۇ خىل سۈر-
ئەت ئادەتتىكىچە ئاستا سۈرئەت ئەمەس ئىدى. شوپۇر ئاپتوبۇسنى
خۇددى نېپىز مۇز ئۈستىدە ھەيدەپ كېتىۋاتقاندەك، سۈرئەتنى سەللا
تېزلەتسە ئاپتوبۇس پارتلاپ كېتىدىغاندەك، تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ھەي-
دەيتتى.

قىش كۈنلىرى ئاپتوبۇسنىڭ ئەينىكىنى قېلىن مۇز قىروۋلار قاپلاپ
كېتىدىغان بولغاچقا، سىرتتىكى مەنزىرىنى كۆرۈش ئەسلا مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى. ئاپتوبۇس ئاستا سۈرئەتتە ماڭسىمۇ بەربىر كۆزلىگەن نى-
شانغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى-دە. لېكىن، ياز كۈنلىرى ئوخشىمايتتى.
ياز كۈنلىرى ئاپتوبۇس سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقى دېرىزە سىرتىدىكى شەي-
ئىلەر ئارىسىدا روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر
يەرلىرىنى ئېلىشتۇرۇپ، مېنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. خۇددى بىرى دې-
رىزە ئەينىكىنى پىچاق بىلەن قىرىۋاتقاندەك، مىخ سۈركەۋاتقاندەك ئىچىم
تىتىلدايتتى. پەقەت يول بويىدىكى ئوت – چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى
ساناش، يولدىن ئۆتكەن – كەچكەنلەرنىڭ ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراشلى-
رىنى كۆزىتىش، بىر تال كەمپۈتنى ئاقلاپ يول بويىدىكى ئىتقا تاشلاپ
بېرىپ، ئۇنىڭ مەززە قىلىپ يېيىشلىرىگە قاراش... ئارقىلىقلا ئۆزۈمنى
بەزلەيتتىم. ئاھ، خۇدا! سۈرئەتنىڭ ئاستىلىقىدىن ھەتتا زېھنىممۇ ئاجىز-
لىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم. دېرىزە يېنىدا سىرتتىكى
مەنزىرىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاستا ھەم بىر خىل سۈرئەتتە كەينىگە سۈرۈ-
لۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئاپتوبۇستىن سەكرەپلا چۈشۈپ ئاپ-
توبۇس بىلەن بىللە پىيادە ماڭغۇڭىز كېلىپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە ياخشىراق بىرەر يول يوق ئىدى كۆكتوقايدىن كۆۋرۈك-
بېشىغا بارىدىغان يول كاتاڭلىق توپا يول ئىدى. كۆكتوقايغا بارىدىغان
يول بولسا ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ياسالغان، كاتاڭ بېسىپ كەتكەن تاش-
يول ئىدى. يولنىڭ بەزى جايلىرى بۇزۇلۇپ ماڭغىلى بولمايدىغان بولۇپ
كەتكەچكە، ئۇزۇن يول بېسىپ ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئاپتو-

بۇس ئۇك – سولغا توختىماي چايقىلاتتى، بۇ خىل چايقىلىشقا سۇرئەت-
نىڭ ئاستىلىقى قوشۇلۇپ، ئاپتوبۇس خۇددى رېزىنكە ئارغامچىدەك گاھ
سوزۇلۇپ گاھ قىسقىرايتتى. ئاپتوبۇسقا ئولتۇرسامال كۆڭلۈم ئېلىشاتتى،
شۇڭا، بۇ خىل ئاستا سۇرئەتتە ئاشۇ خىل چايقىلىشنى تېخىمۇ ئېنىق
ھېس قىلالايمەن. ئەلۋەتتە، بۇ ماڭا نىسبەتەن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تۇيغۇ
ئىدى.يەنە بىر تەرەپتىن ھاۋا تولىمۇ دىمىق ھەم ئىسسىق ئىدى. موتور-
نىڭ قايىنىقى بولسا «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش» رولىنى ئوينايت-
تى. ئەمما، ئەتراپىمنى قاپساپ تۇرغان دىمىقچىلىققا قەتئىي بەرداشلىق
بەرگىلى بولمايتتى، ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ھاۋا يېتىشمەيلا قالاتتى. بەدەن-
لەردىن بولسا توختىماي تەر ئاقاتتى، توغرا، تەر ئاقتى دېگەندىن كۆرە
بەدەندىن توختىماي سۇ ئاقتى، دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. دېمەك، پۈتۈن
بەدىنىمدىن توختىماي سۇ قۇيۇلاتتى. چاچلىرىم تۇتام-تۇتام بولۇپ
چاپلىشىپ، تېرىلىرىم قىزىپ، توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چاڭ –
توزانلار يۈزۈمدە نېپىز بىر قەۋەت پاتقاقنى ھاسىل قىلاتتى.

تېخىمۇ ئىسسىق بولغان كۈنلىرى ئاپتوبۇس ئېگىزلىكلەردىن ئۆت-
كەندە بىر خىل كۈچلۈك شامال ھۇشقىتىپ كېلىپ ئاپتوبۇسقا ئۇرۇلات-
تى، ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىدىن توختىماي «ۋىژ-ۋىژ» قىلغان ئاۋاز چىقات-
تى. قېرىشقاندەك دېرىزىنى ئەتكىلى بولمايتتى. قىزىق يېرى شۇكى، ياز-
لىقى بۇ دېرىزىلەرنى ئەتكىلى بولمىغان بىلەن، قىشلىقى ئۇرۇپمۇ ئاچقىلى
بولمايتتى.

ئىسسىق شامال دېرىزىگە يۈزلىنىپ تۇرغان يۈزۈمنى چوغدەك قىزد-
تىۋەتتى. مەن ئامالسىز بىر پارچە كىتاب بىلەن يۈزۈمنى توسۇپ ئولتۇ-
رۇۋالدىم. ئەمما، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپلا كىتاب ئېغىرلىشىپ، بىلەكلىرىم
سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان قىزچاق بولسا كىيىمىنى
بېشىغا چۈمكەپ ئولتۇرۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئاپتوبۇس ئې-
گىزلىكتىن ئۆتۈپ، تاغ باغرىدىكى ئايلانما يولغا كىردى، بۇ چاغدا شا-
مالمۇ پەسىيىپ قالدى. ئەمما، يەنە كۆڭلۈم ئېلىشىشقا باشلىدى.

ھەر قېتىم قاتمۇ – قات تاغلارغا چىرمىشىپ تۇرغان ۋوچا جىلغىسىغا كىرگەندە، شوپۇر ھاياجانلانغان ھالدا خۇددى ساياھەت يېتەكچىسىدەك: «ۋوچا جىلغىسىدا 99 ئەگىم بار، ئىشەنمىسەڭلار ساناپ بېقىڭلار...» دەپ سۆزلەپلا كېتەتتى. ھەر قېتىم مەن تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن سانايتتىم، ئەمما، كۆڭلۈمنىڭ ئېلىششى بىلەن بېشىمنىڭ قېيىشى مېنى داۋاملىق قىينايتتى. سانىغانچە، باشلىرىم تېخىمۇ قىزىپ، كۆڭلۈمنىڭ ئېلىششى ئەۋجىگە چىقاتتى.

ئاپتوبۇس بىر تۈپ دەرەختىن ئۆتكەندە شوپۇر خۇشال ھالدا بىزگە قاراپ: «بۇ دەرەخ بۇ يولدا بىزگە ئۇچرايدىغان ئەڭ ئاخىرقى دەرەخ، بۇ دەرەختىن ئۆتۈپ كەتسەك، يەنە .ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاندىن دەرەخ ئۇچرايدۇ...» دېدى. مەن ئۇ دەرەخنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىم. ھەر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۇ دەرەخكە ئۇزاقتىن – ئۇزاق قاراپ كېتىمەن. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىمىزدا شامال ئۇپرىتىپ نۇرغۇن كامار ۋە تۆشۈكلەرنى پەيدا قىلىۋەتكەن يوغان بىر تاش ئۇچرىدى. شوپۇر كۈلگىنىچە: «قاراڭ، بۇ تاش چارپاقىغا ئوخشامدىكەن؟ قاراڭ، ئاۋۇ كۆزى، ماۋۇسى ئاغزى... نېمەدېگەن ئوخشاش–ھە!» دەپ كەتتى. لېكىن، مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇ تاشنى چارپاقىغا ئوخشىتالمىدىم. تاشنىڭ ئۈستىگە رەڭگارەڭ ئوششاق ئوت – چۆپتىن نېپىز بىر قەۋەت لىباس يېپىلغانىدى.

بۇ يول يەنە تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. يولنىڭ بىر تەرىپى چوڭقۇر جىلغا بولۇپ، يەنە بىر تەرىپىدە ھەيۋەتلىك تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ، يول تولىمۇ تار ۋە ئەگرى – بۈگرى بولۇپ، بەزى جايلىرىنىڭ تۇپا قاتلىمىنى تاغ سۇلىرى ئېقىتىپ كېتىپ، يوغان ئۇچلۇق تاشلار يولنىڭ ئۈستىگە چىقىپلا قالاتتى. ئاپتوبۇس بۇنداق جايلاردىن ئۆتكەندە بىز تۇيۇقسىزلا ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە تۇيۇقسىزلا ئورۇندۇقلىرىمىزغا تاشلىناتتۇق.

يولنىڭ بەزى جايلىرىدىن سۇنى كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

سۇ ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ، ئويناقشىپ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى.

ئۇ دەرەختىن ئۆتۈپ ئالغا قاراپ ماڭغىنىمىزدا ھەقىقەتەن دەرەخ ئۇچرىمىدى. ئۇچرىغىنى پەقەت تاغ جىلغىسىدا ئېقىۋاتقان كىچىك ئېقىن ئەتراپىدا شالاڭ ئۆسكەن قومۇشلار بولۇپ، ئۇ قومۇشلار ئاپپاق قۇم ئۈستىدە تېخىمۇ ئېنىق كۆزگە تاشلىناتتى.

كۆز ئالدىم پۈتۈنلەي قاقاسلىق، يىراقلارغا نەزەر سالسام، كۆرۈندىغىنى تاقىر تاغ ۋە تاشلار ئىدى، يېشىل ئۆسۈملۈكلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. يىراق، ئاشۇ قاقاس تاغلار ئۈستىدىكى ئاسمان تولىمۇ تىنىق ۋە كۆپكۆك بولۇپ، كىشىگە سوغۇق تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ يەرنىڭ ئاسمىنى بايا بىز ئۆتكەن ئېگىزلىكنىڭ ئاسمىنىدىن تىنىق ۋە تېخىمۇ كۆپكۆك ئىدى، ھازىرلا بىر چوڭ تامچە كۆپكۆك شەربەت تامچىلاپ چۈشىدىغاندەكلا بىلىنەتتى.

ئاپتوبۇس ئالدىرىماي چايقالغىنىچە كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا سولغا بۇرۇلاتتى-دە، يەنە تۇيۇقسىزلا ئوڭغا شىددەت بىلەن بۇرۇلاتتى. يولۇچىلارمۇ تۇيۇقسىز ئورۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلەتتى-دە، يەنە «جالاققىدە» ئورۇنلىرىغا تاشلىناتتى. ئاندىن ئاپتوبۇس يەنە تۆۋەن خوتتا گۈركىرىگىنىچە تاغ باغرىغا يامىشاتتى.

ئۇنداق چاغلاردا يەر – ئاسمان پىرقىراۋاتقاندەك بىلىنىپ، بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتەتتى، ئاپتوبۇس ھەر بىر سىلكىنگەندە ئىسسىق ھەم ئاچچىق سۇيۇقلۇق كانىيىمغا يىغىلاتتى. پەقەت بولالمىغاندا، شوپۇرغا ئاپتوبۇسنى توختاتقۇزۇپ، ئادەم كۆرمەيدىغان جايغا بېرىپ قۇسۇپ يېنىكلىۋالاتتىم. بۇ مېنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ماشىنىغا ئولتۇرۇش جەريانىدا يېتىلدۈرگەن ماھارىتىم ئىدى.

ھەر قېتىم قۇسۇپ بولغاندىن كېيىن، روھىم كۆتۈرۈلۈپ، باش ئاغرىقىممۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالاتتى. لېكىن، پۈتۈن بەدىنىم ماغدۇرسىزلىنىپ، ئورۇندۇقتا مىدىرلىيالماي ئولتۇرۇپ قالاتتىم. ئاپتوبۇس رىتىمسىز چايقىلىشنى داۋاملاشتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن كۆزۈمنى

چىك يۇمغىنىمچە يەنە بىر قېتىملىق كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە باش ئاغرىقىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولاتتىم.

بەزىدە، كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، ئاپتوبۇس ئاللىقاچان مەلۇم ئېگىزلىككە يامىشىپ چىقىپ بولغان بولاتتى. يىراقتىكى بىر – بىرىگە تۇتىشىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرى تېخىمۇ ھەيۋەت كۆرۈنەتتى؛ بەزىدە بولسا، ئاپتوبۇس يەنىلا جىلغىنىڭ تۆگىمەس ئەگىملىرىدە ئايلىنىپ يۈرگەن بولاتتى...تۇيۇقسىز ئالدىمىزدىكى تاش ئۆستەڭگە ھاڭ بىلەن يوغان قىلىپ يېزىلغان «سىگنال بېرىڭ!» دېگەن خەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتەتتۇق. كۆزۈمنى يۇمۇشقا تەمشەلگەن شۇ دەقىقىدە يىراقتىكى قورشاۋ تېمى تاش بىلەنلا قوپۇرۇلغان قۇرۇقدىلىپ قالغان قوتاننى كۆردۈم.

ئاپتوبۇستا نەدىمۇ ئارامخۇدا ئۇخلىغىلى بولسۇن! يېرىم ئويغاق ھالەتتە چەكسىز كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە باش ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرىپ جايىمدا ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. ئاپتوبۇس يەنە تۇيۇقسىز ئەگىلدى، ئىچكى ئەزالىرىم بۇنىڭغا ئەگىشىپ بەدىنىمنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سىغدىلىپ قالدى. كۆڭلۈم قاتتىق ئاينىپ، ئىچىم ئۆرلەشكە باشلىدى. شۇ دەقىقىدە مەن« قۇسۇپ چىقىرىۋەتمىگەن ئۆت سۈيۈقلۇقۇملا قالدى، شوپۇرغا يەنە بىر قېتىم دەپ، ئاپتوبۇسنى توختاتقۇزايمۇ ـ يا؟» دەپ ئويلىدىم. ۋۇچا جىلغىسىنىڭ بۇ يولى ماڭا تۆگىمەس يولدەك بىلىنىپ كەتتى. مەن كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، ئاپتوبۇس ئاللىقاچان تاغ يولىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىدا كېتىۋاتاتتى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر يۇمىلاقراق كەلگەن تاغ بولۇپ، بىر توپ تۆگە تاغ ئېتىكىدىكى قىيالىقنىڭ ئۆستىگە ئاستا – ئاستا ياماشماقتا ئىدى. ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، تۈزلەڭلىكنىڭ ئالدى تەرىپىدە زۇمرەتتەك سۇ تولۇپ تۇرغان بىر كۆل كۆزگە تاشلىناتتى... ئۇ كۆل كۆكسۇ كۆلى ئىدى! بىز ئاخىرى ۋۇچا جىلغىسىدىن چىقىپ كەتتۇق.

تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ بىلەن قورشالغان بۇ تۈزلەڭلىك كىشىگە ئاجايىپ تۇيغۇلارنى بېرەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇن نەچچە يىل

ئىلگىرى بايتوقاي ناھىيەسىدىكى ئايرودۇرۇم مۇشۇ تۈزلەڭلىككە قۇرۇل-ماقچى ئىكەن. بىراق، ئىنچىكە ئويلاپ باقساق ئۇنىداق قىلىش تولىمۇ ئەخمىقانىلىق بولاتتى. چۈنكى، بۇ يەردىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈ-رۈمچىگە بېرىش ئۈچۈن بىر سائەت ۋاقىت كەتسىمۇ، ئەمما، ئاپتوموبىل-غا ئولتۇرۇپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىش ئۈچۈن بىر قانچە سائەت ۋاقىت كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى.

چەكسىز چۆل – جەزىرىدىن ئۆتۈپ خۇددى چۈشتىكىدەك تىپ-تىنچ جىلۋە قىلىپ تۇرغان قارا ئۆتكەل كۆلىگە كەلگەندە، ئىچ – ئىچى-دىن ئۇرغۇپ چىقىدىغىنى ھاياجانلىق زوقلىنىش بولماستىن، چەكسىز مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولار، بەلكىم!

مەن تۇنجى قېتىم كۆۋرۈككېيشىغا بارماقچى بولغاندا ( ئەسلىدە ئاپ-توبۇس ھەممە تاغ – دالا يولىدىن ماڭاتتى، يەنى، ئالتاي تاغلىرىنى چارۋا يوللىرى بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ، چۆل – جەزىرىنى توغرىسىغا كې-سىپ ئۆتەتتى)، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن 50 نەچچە سائەت كۆز يۇممىغان ئىدىم. ئەسلىدە، ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن تازا بىر قېنىپ ئۇخلىۋالارمەن، دەپ ئويلىغان. ئەمما، ئاپتوبۇس كۆتۈش ئۆيىدە ھېچ-نېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ياخشى يېرى، مەن ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر تازىلىقچى ھەدىگە ۋاقىت توشقاندا مېنى چاقىرىپ قويۇشنى تاپىلاپ قويغانىدىم. بىلەت تەكشۈرۈش باشلانغان چاغدا ئۇ راستتىنلا قېشىمغا كېلىپ ناھايىتى تەستە مېنى ئويغىتىپ، ئاپتوبۇسقا سېلىپ قوي-دى. مەن ئۇيقۇچىلىقتا كىشىلەر توپىغا سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم-دە، بىر ئورۇنغا ئۆزۈمنى تاشلاپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم. يېنىمدا بىرەيلەن يۇقىرى ئاۋازدا بۇ ئورۇننىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دەۋاتقان بولسىمۇ، مېنىڭ ئۇنىڭ گەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلگىدەك ماغدۇرۇم يوق ئى-دى. كېيىن ئۇ كىشى باشقا بىر ئورۇندا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ئېلىشمىغان بىردىنبىر سەپەر ئىدى. يول بويى توختىماي ئاتقان ئۇرۇلۇپ – سوقۇلۇشلار ئۇنداق قاتتىق ئۇيقۇغا ھېچ-

قانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. چۈشۈمدە باھار كېتىپ ياز ۋە كۈز كەلگەن، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولغان مەنزىرە ئايان بولدى. مەن گەرچە چۈش كۆرۈۋاتقان بولساممۇ، ئۆزۈمنىڭ ئاپتوبۇستا ئىكەنلىكىمنى سېزىپ تۇراتتىم. چۈنكى، ئاپتوبۇس ھەر بىر سىلكىنگەندە بېشىم ئاپتو-بۇسنىڭ ئەينىكىگە «جاق – جاق» سوقۇلۇپ تۇراتتى. بېشىم ھەر قېتىم دېرىزە ئەينىكىگە سوقۇلغاندا ھەيران بولغان يولۇچىلار چۇقان سېلىشىپ كېتەتتى. «جاق – جاق» قىلغان ئاۋاز ۋە يولۇچىلارنىڭ چۇقانلىرى قوشۇلۇپ قۇلىقىمغا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ، كۆزۈمنى زادىلا ئاچالمايتتىم. بىر چاغدا مەن بار كۈچۈمنى يىغىپ، تىرىشىپ – تىرمىشىپ كۆزۈمنى ئېچىپ، بېشىم بىلەن دېرىزە ئەينىكى ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇلغان بىر يۇمشاق ھەم قېلىن سېلىنچىنى بايقىدىم. بۇ ئاپتوبۇستىكى مەلۇم بىر ياخشى نىيەتلىك كىشىنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ مېنىڭ بېشىمنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن ئەمەس، بەلكى، بېشىمنىڭ ئەي-نەكنى چېقىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

ئاپتوبۇستا مەن يالغۇز، بېشىمغا ھېلىقى سېلىنچىنى يۆلىگىنىمچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتىم. ئاپتوبۇس توختىغاندا، مەن تېخى مەنزىلگە يې-تىپ كەلدۇقمىكىن دەپتىمەن. مەن دەلدەڭشىگىنىمچە ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم، ئالدىمدىكى يول ياقىسىدا ئاشخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆي-لەر قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. دېرىزىسىمۇ يوق ئۇ ئۆيلەرنىڭ كىچىك ئە-شىكلىرى ھىم ئېتىلگەن بولۇپ، ئىشىك بېشىغا ۋىۋىسكىمۇ ئېسىلمىغانى-دى. ئەمما، مايدا پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ مەززىلىك ھىدى ئەتراپنى قاپلى-غانىدى.

مەن ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچ-تىم. ئۆي ئىچىدە لىققىدە ئادەم بار بولۇپ، بەزىلىرى چاي ئىچكەچ ئول-تۇرۇشسا، بەزىلىرى موما يېيىشىۋاتاتتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بىرى ئالدىمغا كېلىپ ئۈستىبېشىمغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

ئاشخاندا ھەقىقەتەن بېلىق پىشۇرۇلۇۋاتاتتى. بېلىقنىڭ پۇرىقى
يىراقتىن مەززىلىك پۇرىغىنى بىلەن، ئاشخانىنىڭ ئىچىدە بۇرۇنغا پەقەت
مايىنىڭ قويۇق بۇسىلا ئۇرۇلاتتى.

چوڭ بېلىقنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسى 5 مو، كىچىكلىرىنىڭ 3 مو
ئىدى. ھېچكىم ئايال غوجايىننىڭ نېمىنى ئۆلچەم قىلىپ باھا قويىدىغانلىـ
قىنى بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ 5 مو دەپ باھا قويغان بېلىق ھەرگىز 3
موغا سېتىلمايتتى. ئاخىرى مەن 5 يۈەنگە بىر مۇنچە بېلىق سېتىۋالدىم.

مەن بېلىق پىشقاندىن كېيىنلا ئورۇندىن تۇردۇم. ئاشخانىنىڭ كەينى
تەرىپىدە بىر ئىشىك بارلىقىنى بايقىدىم. ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ تۇـ
رۇپ:« بۇ بېلىقلارنى نەدىن تۇتتىڭىز؟» دەپ سورىدىم. ئىشىكنى ئېچىپ
چۈشەندىمكى، ئەسلىدە ئاشخانىنىڭ كەينىدە گۈزەل قارا ئۆتكەل كۆلى
بار ئىدى. قارا ئۆتكەل كۆلى گەرچە كىچىك كۆل بولسىمۇ، ئەمما، بىـ
رەر تۈپ گىياھمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدىغان چۆل – جەزىرىدە مۇشۇنداق
بىر تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەقىقەتەن كىشىنى ھاياـ
جانلاندۇراتتى.

ئادەتتە، سۇ بار جايلارنىڭ ئەتراپىدا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن بولـ
دۇ، ئەمما، بۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدا بىرەر تۈپ دەرەخ، ھەتتا، بىرەر تال
گىياھمۇ يوق بولۇپ، ئەتراپ پۈتۈنلەي قۇملۇق ئىدى. ئۆسۈملۈك كۆلـ
نىڭ ئوتتۇرىسىغا مەركەزلەشكەن ئىدى... تال – تال قومۇشلار كۆلنىڭ
ئوتتۇرىسىغا رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، لەرزان شامالدا يېنىك تەۋرىنىپ
ئۇسسۇلغا چۈشەتتى–دە، سۇ يۈزىدە تولىمۇ كۆركەم شولىلارنى ھاسىل
قىلاتتى.

شامال چىقمىغان چاغلاردا قومۇشلارنىڭ شولىسى خۇددى ياش
قىزلار ئېيتقان خورغا ئوخشىسا، شامال چىققان چاغلاردا قومۇشلار ئاـ
ساسىي مېلودىيەگە، شولىسى بولسا ئاككوردقا ئايلىناتتى. ئاسمان بىلەن
كۆل يۈزىنىڭ رەڭگى ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ماسلاشقان ئىـ
دىكى، ئاسمان بىلەن كۆل مۇكەممەل بىر گەۋدىگە ئايلىنىپلا كەتكەنـ

دى. بۇ بىر مۇكەممەل رەڭ ۋە شولا دۇنياسى ئىدى. بۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ سىرتىدىكى، ھەتتا، بۇ دۇنيادىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدىكى دۇنيا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. يىراقتىكى قارلىق چوققىلار ئاددىي، كۆرۈمسىز ئىدى. سايلىق، ئېدىرلىق ۋە قاقاس تاغلاردىن بىر ئازمۇ رومانتىك تۈس تېپىلمايتتى. ئەمما، بۇ كۆل خۇددى سۈپسۈزۈك ئەينەك بىلەن توسۇۋېتىلگەندەك، ۋاقىت تەرىپىدىن پېچەتلىۋېتىلگەندەك تولىمۇ تىنچ ۋە تىنىق ئىدى، قويۇق شېئىرىي تۈسكە ئىگە ئىدى. كۆلنىڭ قىغىقىدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغاندا، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسى كۆرۈش سىزىقىدىن سەل ئېگىز كۆرۈنەتتى. يەنى، سۇ يۈزى ياي شەكلىدە بولۇپ، سۇ قۇشلىرى مەلۇم بىر خىل سېھرىي كۈچنىڭ تەسىرىدە جەلپ قىلىناتتى-دە، ئۇ قۇشلار قاناتلىرى بىلەن سۇ يۈزىنى سىپاپ ئۆتەتتى؛ ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ تىمتاسلىقتا چۆمگەن كۆلدە چىقارغان ئاۋازلىرىمۇ ئاشۇ ياي شەكىللىك سۇ يۈزىنى بويلاپ يىراقلارغا ئاستا – ئاستا تارقاپ كېتەتتى... بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈش دائىرىمىز دىن ھالقىغان بولۇپلا قالماي، يەنە رېئاللىقتىنمۇ ھالقىپ كەتكەندەك ئىدى... ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىۋاتقان مەنزىرىسى ئاددىي، ئەمما، تولىمۇ يۈكسەك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

ئاپتوبۇس ھەر قېتىم قارا ئۆتكەلگە كەلگەندە، يېرىم سائەت ئەتراپىدا توختايتتى. يولۇچىلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تاماقلانغاچ ئارام ئېلىشاتتى. قارا ئۆتكەلدىكى ئاشخانىلارنىڭ مايدا پىشۇرغان بېلىقلىرى ناھايىتى تەملىك، شۇڭا، سودىسىمۇ ئىنتايىن ياخشى. قارا ئۆتكەلدىن مايدا پىشۇرۇلغان بېلىق سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىش ھەر بىر يولۇچىنىڭ چوقۇم قىلىدىغان ئىشىغا ئايلانغانىدى. ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ كۆڭلۈم ئېلىشقان چاغدىكى ئەڭ زور ئۈمىدىم كۆكسۇغا بالدۇرراق يېتىۋېلىش بولسا، قارا ئۆتكەلدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئەڭ زور ئۈمىدىم ئۆيگە بالدۇرراق يېتىپ بېرىش بولاتتى.

ئاپتوبۇس قارا ئۆتكەلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۆلنى بويلاپ بىر قانچە كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، يەنە بىر تاغ باغرىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئاستا - ئاستا تاغقا يامىشىشقا باشلىدى. ئالدىمىزدىكى يولدا ئايلانما كۆپ ئەمەس ئىدى، بىز ئىككى داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، يېرىم سائەتتىلا تاغدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. تاغ باغرىدىن پەسكە نەزەر تاشلىغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك نامايان بولدى. تۈزلەڭلىكنىڭ سول تەرىپىدە چەكسىز كەتكەن ئاپتاپپەرەسلىك يېيىلىپ ياتسا، ئوڭ تەرىپىدە بىدە دېڭىزى دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. ئىككى قاسىنقىغا قويۇق دەرەخ تىكىلگەن ئوتتۇرىدىكى يول تۈز ھەم قاراڭغۇ ئىدى. يىراقتا بولسا، يىلىم كۆلىنىڭ بىر بۇرجىكى كۆكۈش رەڭدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يىلىم كۆلىنىڭ شەكلى تېلېفون تۇرۇپكىسىغا ئوخشاش بولۇپ، تاغنى يېرىم ھالقا شەكلىدە ئوراپ تۇرىدۇ. يىلىم كۆلى تەبىئىي كۆل ئەمەس. نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى كىشىلەر توسما سېلىپ دەريا سۈيىنى توسقاندا تېشىپ چىققان سۇ باراقسان ئورماننى بېسىپ، ئالدىمىزدىكى تىنچ ھەم گۈزەل كۆلنى ھاسىل قىلغانىدى. مانا بۈگۈن، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى كۆلنىڭ ياقىسىدا ئوت - چۆپتىن ئەسەرمۇ يوق بولۇپ، كۆل سۈيى تولىمۇ تىنچ ئىدى.

يول بويى بىزگە ئۇچرايدىغان دەل - دەرەخلەر بارا - بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. ۋېلسىپىتنىڭ پېدالىنى ئاستا تېپىپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارمۇ ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالاتتى. ۋېلسىپىتتىن ئىبارەت بۇ قاتناش قورالى دالا مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقا تازا باب كېلىدۇ.

يەنە بەزىدە ئات مىنگەن كىشىلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلار ئاپتوبۇسنىڭ ئاتلىرىنى ئۈركۈتۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ يولنىڭ چېتى بىلەن ئاستا مېڭىشاتتى. ئات مىنىۋالغۇچىلاردا ھامان جەسۇر قىياپەت ۋە يېنىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆز بار ئىدى.

بۇ تۈز ھەم سىلىق يولدا يېرىم سائەتتەك يۈرگەندىن كېيىن(ھەي،

نېمە دېگەن ياخشى يول! ئەمما، پەقەت بېرىم سائەتلىكلا يول ـ دە)!، يەنە تاغقا يامىششقا باشلىدۇق. بىر داۋاندىن ئارتىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپتوبۇس ئەڭ ئېگىز جايغا چىقىپ قالدى. كۆز ئالدىمدا ئاقلىققا تولغان مەنزىرە ئايان بولدى. ئالدىمىزدىكى تاغ ئاپپاق قار – مۇز بىلەن قاپلانغان بولۇپ، خۇددى قاشتېشىدەك سۈزۈك ھەم پارقىراق ئىدى.

ئۇ تاغ ئۇزاقتىن بېرى دۆۋىلەنگەن كان ئەخلەتلىرىدىن ھاسىل بولغانىدى. بىز ئاخىرى كۆكتوقايغا يېتىپ كەلدۇق. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تېرەكلەر ئاسمانغا بوي سوزغان بولۇپ، شاخلىرى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ تولىمۇ ھۇزۇرلۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۆك – باراقسان دەرەخ بىلەن قاپلانغان بۇ يول تەخمىنەن 7ـ8 كىلومېتىر كېلەتتى. يېشىللىققا تولغان سالا – سالا ئېتىزلار، ئېگىز كونا ئۆيلەر دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن غىل – پال كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. ئۇ ئۆيلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى رۇسىيە پاسونىدا بولۇپ، ئەگمە شەكىللىك پېشايۋان ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلىرى بار ئىدى. تام ئۈستىگە يېزىلغان خەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇ خەتلەرنىڭ 20 نەچچە يىل بۇرۇن يېزىلغانلىقىنى ئايان قىلىپ تۇراتتى. بۇ يولنىڭ ئۈچ ئاچا يول ئېغىزىدا ئاشپۇزۇل ۋە تۈرلۈك دۇكانلار بار ئىدى. موتسىكلىت سېتىش دۇكىنى ئەڭ ھەيۋەت ئىدى. دۇكاننىڭ بىر تېمىغا تامغا لىق كەلگەن رەڭلىك ئېلان تاختىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئېلاندا بىر كالا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن داڭلىق كىنو چولپىنى لىيۇ دېخۇانىڭ يۈزىنى يالاۋاتاتتى.

يول بويى كەنتلەرنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن تاختىلار پات – پات ئۇچراپ تۇراتتى. ھەر بىر كەنتنىڭ ئۆزىگە خاس يېقىملىق قازاقچە نامى بار ئىدى، مەسىلەن «قاراموىلا» دېگەندەك. بەزى كەنتلەرگە خەنزۇچە ئىسىم قويۇلغان بولۇپ، بىر قاراپلا ئۇ ئىسىملارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىن قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، مەسىلەن «قىزىل بايراق گۇڭشېسى» دېگەندەك. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئىسىملارنى ھازىر پەقەت كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىلى ياكى سەھرادىكى دۇكانلارنىڭ ۋىۋىسك-

سىدىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «قىزىلبايراق گوڭشې 5-ئەترەت-
تىكى XXX نىڭ ئۆيىدىكى دىزىل موتورى سېتىلىدۇ»، «گاۋچاۋ گوڭشې
ئاشخانىسى» دېگەندەك. يەرلىكتىكى كىشىلەر ئادەتتە يېزىنى «گوڭشې»،
ئاشپۇزۇلنى «ئاشخانا» دەپ ئاتايدۇ.
قارا ئۆتكەلنى مەركەز قىلىپ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن نۇر-
غۇن يېزا - كەنتلەر جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە مەركىزىدىن شىمالغا
قاراپ ماڭغانچە يېزا -كەنتلەرنىڭ ئارىلىقىمۇ يىراقلايتتى. يېزا - كەنت-
لەرنى كەڭ كەتكەن سالا -سالا ئېتىزلار، ھەتتا، بەزىدە قاقاس تاغلار،
بىپايان سايلىقلار ئايرىپ تۇرىدۇ. بىز ياغاچ تەكشۈرۈش پونكىتىدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى كەنتتىن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ، بىپا-
يان چۆل - جەزىرىگە كىرىپ كەتتۇق.
ۋۇچا جىلغىسىنىڭ يولىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ يول خېلى ياخشى بو-
لۇپ، ئۇنچە كۆپ داۋان ۋە ئايلانما يوق ئىدى. ئەمما، يول بويى توپا
توزۇپلا تۇرىدۇ.
گەرچە، يېقىن ئەتراپتا بىرەر تۈپ دەرەخ ئۇچرىمىسىمۇ، يىراق
جايدىكى بوستانلىق يىراقتىن كۆزىمىزگە گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى شۇكى، كۆنلەپ ماڭسىمۇ بىرەر كەنت
ياكى دۇكان، ھەتتا، بىرەر ئادەمنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدىغان
بۇ يولدا تۇيۇقسىزلا «پىلانلىق تۇغۇتتا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى
بار!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان چوڭ ئېلان تاختىسى ئۇچراپ قالاتتى.
بىز داۋاملىق شىمالغان قاراپ مېڭىپ، ئېگىز تاغلار ئارىسىغا كىر-
دۇق، ھاۋا تېزلا سوۋۇشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا تولىمۇ يىراقتىكى
تاغ باغرىدا قاپقارا چېكىتلەر پەيدا بولدى، ئۇ چېكىتلەر ئورمانلىق ئەترا-
پىدىكى دەل - دەرەخلەر ئىدى. ئوڭ تەرەپتىكى ئېگىز تاغنىڭ ئۈستى-
دىمۇ قارا سىزىقلار پەيدا بولدى، ئۇلار ئۇ تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدە
ئۆسكەن دەل - دەرەخلەر ئىدى.
تاغ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، رايون خاراكتېرلىك كىلىماتنىڭ

تەسرى كۈچىيىشكە باشلىدى. يازنىڭ قۇياش پارلاپ تۇرىدىغان ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرى بولۇشىغا قارىماي، ھاۋا تولىمۇ سوغۇق بولۇپ، بەدەنلىرىم توڭلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا قۇياشمۇ ئاستا - ئاستا تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرۇشقا باشلىدى، تاغلار بارغانسېرى يېقىنلىماقتا ئىدى.

سول تەرەپتىكى تاغنىڭ باغرىدا شالاڭ ئۆسكەن دەل - دەرەخلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يەنە بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن دەل - دەرەخلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇ دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەمشاد دەرىخى ئىدى. ئورمانلىقتىن ئېقىپ ئۆتكەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ بىرىنچى تارماق ئېقىنى قايىرت دەرياسى بىلەن بولغان ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا، پەقەت دەريا بويىدىكى يېشىلزارلىقنىلا كۆرگىلى بولاتتى، دەريا سۈيىنى ئەسلا كۆرگىلى بولمايتتى.

ئاپتوبۇس مەنزىلگە بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئاپتوبۇس توختاپ - توختاپ ماڭاتتى، ھەر بىر توختىغاندا يولۇچىلار چوڭ - كىچىك سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، بۇ يولغا تۇتاشقان چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، قاياقلارغىدۇ غايىپ بولۇشاتتى. ئەگەر ئاپتوبۇس بىرەر كەنت ئېغىزىدا توختاپ قالغۇدەك بولسا، ئاپتوبۇسنىڭ ئەتراپىغا بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەم توپلىشىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ شوپۇردىن: «پالانچى قايتىپ كەلدىمۇ؟» دەپ سورىسا، بەزىسى قىزىقچىلىق كۆرۈش مەقسىتىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇت - قوللىرىنى قاسماق باسقان كىچىك باللار بولۇپ، ئۇلار ئاپتوبۇسنىڭ توختىغىنىنى كۆرسىلا، يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئاپتوبۇسنى ئورىۋېلىشاتتى-دە، ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە قىزىقسىنىپ قارىشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشكەن بىرەر يولۇچىنىڭ ( چوڭ - كىچىك سومكىلارنى كۆتۈرۈشۈۋالغان ئۇ يولۇچىلار شەھەردىن كەلگەن كۆپ پۇل تاپقان كىشىلەر ئىدى-دە!) ئۆزلىرىگە بىرەر تال كەمپۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىشىنى تەمە قىلىشاتتى. كۈن پۈتۈنلەي ئولتۇرۇپ، گۇگۇم پەردىسى

يېپىلىشقا باشلىدى. كىچىك - كىچىك ئېقىنلار ياغاچ كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدىن سىلىق، تىنچ ئېقىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. سۇ ئاستىدىكى تاشلار تېخىمۇ سۈزۈك كۆرۈنەتتى. كەچكى شەپەق سىڭگەن بۇلۇتلار غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. مۇشۇ دەقىقىلەردە ئاسمان گۈمبىزى خۇددى غەربكە قىيسايغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شەرق تەرەپتىكى تاغلار كەچكى شەپەقتە جىلۋە قىلاتتى. ئاپتوبۇس يېرىم سائەت يۈرگەندىن كېيىن، «ئورمان رايونىغا كىردىڭىز ، ئوت ئاپەتتىن ئېھتىيات قىلىڭ!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر تاختايدىن ئۆتتى. ئاندىن بىر قىيادىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىر ئەگىمگەندىن كېيىن كۆز ئالدىمىزدىكى ئورمانلىقتا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان غايەت زور ئىككى جىسىم پەيدا بولدى. ئۇلار يول بويىدىكى قاقاس تاغلار ۋە چۆل - جەزىرىلەر بىلەن زور سېلىشتۇرما پەيدا قىلاتتى. ئۇلار خىش، سېمونت بىلەن قوپۇرۇلغان بەش قەۋەتلىك بىنا ئىدى.

بۇ بىنالار سىلىيۇدا كانىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كۆۋرۈكبېشىنىڭ سىمۋوللۇق بىنالىرى ئىدى. ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ قۇرۇق ئورنىلا قالغان بۇ ئىككى بىنا قۇپقۇرۇق بولۇپ، خۇددى ئون مىڭ يىللار بۇرۇن تاشلىۋېتىلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. پەقەت يېقىن ئەتراپتىكى قوي، كالىلارلا كەچلىكى بىناغا كىرىپ ئارام ئالاتتى. ئۇلار پەلەمپەي بىلەن مېڭىپ ئىككىنچى قەۋەتكە، ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقاتتى-دە، مەلۇم بىر ئۆينىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ يېتىپ ئۇخلىشاتتى.

ئاپتوبۇس ئۇ ئىككى بىنا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، بىر ۋاسكېتبول مەيدانىدىن ئۆتتى (مەيداننىڭ چۆرىسىگە پەلەمپەي شەكىللىك كۆرۈش سۇپىسى ياسالغانىدى.) مەيداننىڭ يېرىقلىرىدىن جەسۇرلۇق بىلەن ئۆسۈپ چىققان ياۋا ئوت - چۆپلەر خۇددى تاشپاقا قېپىنىڭ سىزىقلىرىغا ئوخشاش پۈتۈن مەيداننى ئىگىلىگەنىدى. ۋاسكېتبول مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىدە تەكشى ئۆسكەن ئاق قېيىن ئورمانلىقى بار ئىدى.

ئاپتوبۇس ئىككى بىنانىڭ ئوتتۇرۇسىدىن ئۆتۆپ، يەنە بىر قېتىم ئەگدى. كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىز تۇتاش كەتكەن بىنا خارابىلىرى، يىراقراق جايدا بىپايان بۇغدايلىق كۆرۈندى. كۆۋرۈكبېشىنىڭ لاي تام- لىرىنىڭ ھېچ بىرى بۇزۇلمىغان ئىككى قاتار ئۆيلىرىنىڭ ئارىسىغا بۇ كا- تاڭ باسقان توپا يولى قىسىلىپ تۇراتتى. ئاپتوبۇس ئاستا مېڭىپ بېرىپ توپا يولنىڭ ئاخىرىدا ھارغىنلىق بىلەن توختىدى. يول بويىدىكى خېلى- دىن بېرى بۇ ئاپتوبۇسنى ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر «دۇررىدە» كېلىشىپ ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلدى. بەزىلەر ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتى. ئاخىرى يېتىپ كەلدۇق. ئۇھ... خەت يېزىۋېرىپ قوللىرىمۇ ئاغرىپ كەتتى.

## ياۋا قىرىنقۇلاق تىرىش

ئانام ئورمانلىقتا ياۋا قىرىنقۇلاق تىرىۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر يىلانغا ئۇچراپ قالدى. ئانام يىلاننى كۆرۈپ چۆچۈگىنىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى-دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى، يىلانمۇ بۇرۇلۇپلا قاياققىدۇ يو- قالدى. بۇ ئىككىيلەن ئورمانلىق ئىچىدە ئەنە شۇنداق ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ قېچىپ بىر – بىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن غايىپ بولۇشتى.

بۇ قېتىملىق ياۋا قىرىنقۇلاق تىرىش سەپىرى ئانامنىڭ شۇ يىلى يازدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قالدى.

ئالتاينىڭ تۇتاش كەتكەن قاتمۇ- قات تاغلىرىنىڭ تەسكەي تەرىپى- دىكى ھەيۋەتلىك ئورمانلىقلارنىڭ ئىچكىرىسى قاراڭغۇ ھەم نەم بولىدۇ. ئورمانلىقتىكى جانلىقلار ھامان قاراڭغۇ، خالىي جايلارغا يوشۇرۇنۇشقا ئامراق كېلىدۇ، ئۇلار ئاشۇ جىمجىتلىقى بىلەن تولىمۇ گۈزەل. ئۇلار غې- رىبسىناتتى، ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ قو- يۇشنى خالىمىغاندەك ئامالنىڭ بارىچە مۆكۈنۈشكە ئىنتىلىشىدۇ. ئورمان- لىق شۇ قەدەر تىنچ ئىدىكى، ياۋا ئۈزۈملەرنىڭ ئۇچىغا ئېسىلىپ قالغان سۇ تامچىسىمۇ بىر نەچچە كۈنگىچە چۈشۈپ كەتمەيتتى، نەچچە قەدەم

يىراقلىقتا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قوڭغۇر ئېيىقنىڭ «تاراق – تاراق» قىلغان ئاۋازى يېقىنلاپ كېلەتتى-دە، يەنە بىر دەمنىڭ ئىچىدە باشقا بىر يۆنىلىشتە يىراقلاپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى.

ئادەم بۇنداق ئورمانلىق ئىچىدە يۈرگىنىدە ئېغىر جىمجىتلىققا كۆنۈپ قالغاندەك بولىدۇ-يۇ، يەنە ئىككىلەنگىنىچە قەدەملىرىنى توختىتىپ، ئەتراپىغا زەن سېلىپ قاراشقا مەجبۇر بولىدۇ. تۇيۇقسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئىككى قەدەملا نېرىدا تۈگۈلۈپ ياتقان يىلاننى كۆرگىنىدە قورققىنىدىن يۈرەكلىرى جىغىلداپ كېتىدۇ.

ياۋا قېرىنقۇلاق ئورمانلىقتىكى يېقىلىپ چۈشۈپ چىرىپ كەتكەن دەرەخلەرنىڭ غولىدا غۇژمەك-غۇژمەك بولۇپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ، بىر تالدىن يالغۇز ئۆسىدىغانلىرىمۇ ئۇچرايدىغان بولۇپ، سۇس چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا قىيسايغان ھالەتتە مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئورمانلىقنىڭ ئەڭ سىرلىق، ئەڭ سەزگۈر قۇلاقلىرى. ئۇلار ھەممىنى ھەمىشە سىزدىن بالدۇر ئاڭلايدۇ، ئورمانلىققا ئائىت مەخپىيەتلىكلەرنى سىزدىن كۆپ بىلىدۇ.

ئۇلار يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئورمانلىقنىڭ ئىچى تولىمۇ قاراڭغۇ، شىمال تەرەپتىكى ئاسمان گۈمبىزى بەك يورۇق. نۇرلار ئورمانلىق ئىچىگە چۈشكەندىن كېيىن، خۇددى سىرلىق قەلئەگە كىرىپ قالغاندەك، ئۇرۇلۇپ – سوقۇلۇپ پارچە – پارچە بولۇپ كېتەتتى-دە، خۇددى چوڭقۇر دېڭىز ئاستىدىكى بېلىقلاردەك يالتىرايتتى. ئۇنداق بولسا، زادى قانداق نەرسە ياۋا قېرىنقۇلاقلارنىڭ «يېرىم سۈزۈك» لۈكىنى كۆرەلىشىمىزگە سەۋەبچى بولغان؟ بىز ياۋا قېرىنقۇلاققا سىنچىلاپ قارىغىنىمىزدا، ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ تېرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنتايىن نېپىز بىر قەۋەت پوستىنىڭ ئاستىدا سۇغا ئوخشاش چايقىلىپ تۇرغان نەرسىنى كۆرىمىز. ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟ ياۋا قېرىنقۇلاقتىن بىز ھېس قىلغان نۇر – ياۋا قېرىنقۇلاق ئۆزى تارقاتقان نۇردۇر...

شۇڭا، ئورمانلىقتا بىز تېز بۇرۇلۇپ بىر قاتار ياۋا قېرىنقۇلاقنى

كۆرسەك خۇددى بىر ئۇزۇن يىلاننى كۆرگەندەك چۆچۈپ كېتىمىز ...
مانا بۇ ئورمانلىق.
بىز تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئورمانلىقنىڭ چېتىگە چېدىردىن بىرنى تىكىپلا دۈكان قىلىۋالدۇق. بۇ دۈكان 100 چاقىرىم دائىرىدىكى چارۋىچىلار ئۈچۈن ئاز - تولا قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، بىز ئۈچۈن نۇرغۇن قۇلايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.
بۇنىڭدىن بۇرۇن كەڭ تەبىئەت بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا ياشاپ باقمىغانىدۇق. بۇ يەردە مەيلى قانداقلا ئىش قىلايلى، بىلىپ - بىلمەي چەكسىز خىياللار قوينىغا شۇڭغۇپ كېتەتتۇق. يەنە كۆپ ھاللاردا مەلۇم بىر ئىشنى قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا ئۇ ئىشنىڭ تولىمۇ مەنىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتۇق. يەر سۇپۇرۇشنى مىسالغا ئالساق، يەر سۈپۈرۈۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئويلاپ قالىمىز كى:«نېمىشقا يەر سۇپۇرىمىز؟ بۇ قاقاس تاغدا يەرلەر چاڭ - چاڭ بولۇپ كەتكەن تۇرسا، سۇپۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە يەرنى ياۋا ئوت -چۆپلەر قاپلاپ تۇرغان تۇرسا...»
بۇ يەردە نورمال تۇرمۇش ئىدىيەسى بىلەن ئىش قىلىش مۇمكىن بولمايتتى. مەلۇم بىر نەرسىنى ماڭا تەئەللۇق دەپ كېسىپ ئېيتىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغاندەك بىلىنەتتى.
بەلكىم، بۇنداق ئەركىن - ئازادە مۇھىت ئېرىشكىنىمىز ھەرگىزمۇ «چەكسىز ئازادىلىك» بولماي قالىدىغان، بەلكى، ئەكسىچە پۈت - قولىمىزنى چۈشەپ، ھېچنېمە قىلىشنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان مۇھىتتۇ.
ياخشى يېرى، بۇ تاغدا «ياشاش» ئەڭ ئاددىي بىر ئىش ئىدى ( ھەممىدىن قىيىن ئىش بولسا بىزنىڭ يېگى قوپارغان تۇرخۇننى رېمونت قىلىش ئىدى. بۇ تۇرخۇندىن ئىس ياخشى كەتمەيتتى، بىر ۋاخ تاماق پىشىپ بولغىچە ئادەم ئىسلىنىپ ئۆلگىلى ئازلا قالاتتى.) بۇ يەردە «ياشاش» تىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلاتتى.

ئانام مول تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن هالدا ماڭا:« ئەگەر بىز ئـور-
مانلىقتا كىرىپ يـاۋا قىرىنـقۇلاق تەرمەكـچى بولسـاق، چوقۇم يـىقىلىـپ
چۈشكىلى ئىككى يىلدىن ئاشمىغان، تىخى چىرىمىغان، قوۋزىقى ياخشـى
ساقلانغان دەرەخلەردىن ئىز دىشىمىز كىرەك، يەنە كىلىپ چوقۇم قىزىـل
قارىغاي بولۇشى كىرەك، ئاق قارىغايدا قىرىنقۇلاق ئۆسمەيدۇ» دىدى.
مەن دەرهال ئانامدىن قىزىل قارىغاي بىلەن ئاق قارىغاينى قانـداق
پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدىم:
-قىزىل قارىغاي بىلەن ئاق قارىغاي قارىماققا ئوخشاش كۆرۈنـىدى-
غۇ؟
- ئۈستىدە ياۋا قىرىنقۇلاق ئۆسكىنى قىزىل قارىغاي، ئۆسـمـىگىنـى
ئاق قارىغاي... – دىدى ئانام بىر هازا ئويلانغاندىن كىيىن مۇجمەل قـى-
لىپ.
قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن يەنىلا ئانامـىنىڭ بۇ گـۇمانلىـق
تەجرىبىسگە ئىشىنىپ، ئانام بىلەن بىللە ئورمانلىققا قەدەم قويدۇم. ئانام
يول بويى بىز ئىلىپ ماڭغان خالتىلارنىڭ يىتىشمەي قىلىشـىدىن ئەنسى-
رەپلا كەتتى، كۆپرەك خالتا ئىلىۋالمىغانلىقىـغا بەكمـۇ پۇشايمـان قىلىـپ
كەتتى:
-خالتىدىن ئارانْ تۆتنى ئىلىپ مىڭىپتۇق، ئەگەر ياۋا قـىرىنقـۇلاق
كۆپرەك ئۇچراپ قىلىپ، خالتىلار يىتىشمىسە قانداقمۇ قىلارمىز؟
نەتىجىدە، ئۇ كۈنى ئىلىپ كەلگەن خالتىلارنىڭ بىـرىمۇ لازىم بـول-
مىدى. بىز قاراڭغۇ هەم زەي ئورماندا يىرىم كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىـر
نەچچە تالدىن ئوتتۇن تىرىپ قايتتۇق. بىز هەر هالدا قۇرۇق قول قايـت-
مىغانىدۇق.
نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كىيىن، ئورمانلىققا كىرىپ خالتىسىغا لىققى-
دە ياۋا قىرىنقۇلاق تىرىپ قايتقان بىر خەنزۇ بوۋاي بۇ تاغ جىلغىسىدىن
ئۆتكەچ بىزنىڭ چىدىرغا كـىرىپ ئارام ئـالغاچ بىـر نەچچە پـىيالە چـاي
ئىچتى.

ئانام بولسا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭدىن ياۋا قىرىنقۇلاققا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى.

-ۋاھ! قاراڭ، بۇ يوغان - يوغان ياۋا قىرىنقۇلاقلارغا، بەك ئاز ئۇچرايدۇ...ئاكا، سىز بەك قالتىسكەنسىز جۇمۇ! قاراڭ، كالاڭپايلىقىمىز-دىن تاغدا يېرىم كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر تالمۇ تاپالمىدۇق. سىز قانداق تاپتىڭىز؟ نەدە بار ئىكەن؟

كىم بىلسۇن، بۇ قىرى كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلغى-لى تۇردى.

-ھەممىلا يەردە بارغۇ؟

-نەدە؟

-ئاۋۇ يەردە.

-زادى قەيەر؟

-ئاۋۇ يەر.

-زادى قەيەر؟-ئانام تىت - تىت بولغىلى تۇردى،- ئەستا، ئاكا، بولدى ئۇنداق بېخىللىق قىلماڭە! سىزگە چاينى ئالدىراپلا دەملەپ بېرىپ-تىمەن دېسە...

بۇ ئۆلگۈر قىرى جەنۇب، شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپنىڭ ھەممىسىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ چىقتى.

بوۋاي كەتكەندىن كېيىن، ئانام بەكمۇ خاپا بولغان ھالدا غۇدۇراش-قا باشلىدى:

-خەپ توختاپ تۇرسۇن، كېلەر قېتىم مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولسا ئۇنىڭ پىيىگە چۈشمەيدىغان بولسام... مەن ... ئىشەنمەيمەن... ياۋا قىرىنقۇلاق دېگەننى ئۇ ئۆزى تېرىمسا يە!

ئەلۋەتتە، بۇلار پەقەت ئانامنىڭ ئاچچىقتىلا دەپ قويغان گېپى. «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دېگەندەك، بىر ئەمەس، ئون بوۋاينىڭ كەينىگە چۈشكەن بىلەنمۇ، تەلەي بولمىسا بىكار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاينىڭ كەينىگە چۈشكەندە ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يوللاردىن

مىڭىشقا توغرا كېلىدۇ، ياۋا قېرىنقۇلاق بار جايىنى تاپقان تەقدىردىمۇ، باشقىلار ئاللىبۇرۇن تېرىپ بولغان بولىدۇ.
شۇڭا، ئانام ئىستىراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىپ دۇكانغا نەرسە - كې-رەك سېتىۋالغىلى كەلگەن قازاقلاردىن سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. پادا بېقىش بىلەنلا تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئۇ چارۋىچىلارنىڭ بۇ تاغنىڭ قاي-سى بۇلۇڭ - پۇچقىقىغا ئايىغى تەگمىگەن دەيسىز. ئۇلار چوقۇم قەيەردە ياۋا قېرىنقۇلاق بارلىقىنى بىلىدۇ.
ئانام شۇنچە سۆزلەپمۇ ئۇلارغا «مۇئېر» دېگەن خەنزۇچە سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلدۇرالمىدى. ئۇلار «مۇئېر» سۆزىنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى تولۇق تەلەپپۇز قىلالمايتتى.
ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تىلى قۇلايلىق تۇيۇلىدۇ، شۇڭغا ئوخشاش خەنزۇ تىلىمۇ بىزگە تولىمۇ چۈشىنىشلىك بىلىنىدۇ. بىز قازاقچە سۆزلە-گىنىمىزدە ،تىلىمىز كالۋالىشىپ، قانداقتۇ بىر نەرسە بىلەن چىگىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىمىز . بەزى مۇرەككەپ سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا دىماغ تاۋۇشى بىلەن تىل قايرىغۇچى تاۋۇشلار ئارىلىشىپ كېتىپ، ئاخى-رىدا تىلىمىزنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمەيلا قالىمىز . بەزىدە شۇنچە ئۇزاق ھەپىلىشىپمۇ بىرەر تاۋۇشنى توغرا چىقىرالماي قالىمىز .بەلكىم، ئۇلارنىڭ تىلىدا تەلەپپۇزى «مۇئېر»غا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆز يوقتۇ، شۇڭا، بۇ سۆزگە قارىتا مەلۇم ئۇقۇممۇ يوق بولۇشى مۇمكىن. ئانام ئۇ سۆزنى ئۇلارغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. ئانام نېمە دېگەن ئەقىللىق - ھە! ئۇ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن «قارا مو-گۇ(گۈمبەمەدەك)» دېگەن بىر سۆزنى ئىجاد قىلدى. گۈمبەمەدەك بىلەن ياۋا قېرىنقۇلاق ھەر ئىككىسىلا زەمبىرۇغ تۈرىگە كىرىدۇ ئەمەسمۇ؟ مې-نىڭچە، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە تامامەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر-لىك كىشىلەر ياڭدۇپى گۈمبەمەدىكى، فېڭۋېي گۈمبەمەدىكى، ئاۋېي گۈم-بەمەدىكى دېگەندەكلەرنى كۆپلەپ يىغىۋالاتتى. (ئوت گۈمبەمەدىكى سازلىقتا داس چوڭلۇقىدا غوژمەك بولۇپ ئۆسىدىغان بولۇپ، قوي -

كاللارمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ يەيدۇ.) شۇڭا، يەرلىكلەر خەنزۇچە «موگۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى.

ــ ھە...ــئۇلار بىردىنلا چۈشەنگەندەك بولدى ــ يۇ، يەنە دەرھال ئا-نامغا يۈزلەندى،ــ «قارا گۈمبەمەدەك» دېگەن قانداق نەرسە؟

ئانام لاسسىدە بولۇپ قالدى.

قارىغاندا، ئېنىق چۈشەندۈرمىسەك ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ قەيەردە بار-لىقىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئەمما، ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم بىر ئەۋرىشكە لازىم بولاتتى، ئەۋرىشكىنى ئورمانلىققا كې-رىپ ئىز دەشكە توغرا كېلەتتى، باشقىلاردىن سوراش ئۈچۈن يەنىلا ئەۋرىشكە بولمىسا بولمايتتى... ئەگەر بىرەر يەردىن بىر نەچچە تال ياۋا قېرىنقۇلاقنى تېپىۋېلىپ ئەۋرىشكە ئورنىدا ئىشلەتسەك... ئۇ چاغدا ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ قانداق يەردە ئۆسىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغان بولمايمىزمۇ، سوراشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟

نېمە دېگەن ئاۋارىچىلىق، ئەجەپمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتىغۇ بۇ ئىش. مېنىڭچە، يېپ ئۈچى يوق ، يېشىلمەيدىغان تۈگۈن يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئانام چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن جىلغىنىڭ شىمال تەرىپە-دىكى تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى ئورمانلىققا قاراپ يول ئالدى. مەن چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تاكى ئۇنىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭ گەۋدىسى بارغانچە كىچىكلەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، تاكى بۈك – باراقسان ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنگە قەدەر ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ كۈنى ئانام بەك كەچ قايتىپ كەلدى. كەچكى شەپەقنىڭ قىزىل-لىقىدا بويالغان يايلاقتا ئۇنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى ــ دە، يەنە ئېگىز تاغ-نىڭ غەرب تەرەپتىن بۆسۈپ كەلگەن كۆلەڭگىسى ئىچىدە ئاستا – ئاستا غايىپ بولدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، يېقىن كېلىپ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ يىرىك ئالقىنىدا پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر سىقىمچە ياۋا بۆلجۈرگەن تۇراتتى. ئۇ يەنە بىر قولىدا بولسا بىر تال

دەرەخ شېخىنى تۇتۇۋالغانىدى.

مەن شاخنىڭ ئۇچىغا غۇژمەكلىشىۋالغان جىگەررەڭ ئۇششاق نەر-سىنى كۆردۈم. ئۇ نەرسىلەر گويا لۈمۈلدەپ تۇرغان كىچىك جانلىقلارغا ئوخشايتتى، يەنە تۇرۇپ پورەكلەش ئالدىدا تۇرغان ئۇششاق غۇنچىلارغا ئوخشايتتى. ئۇ دەل ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىز نىڭ ياۋا قېرىنقۇلاق ئىزدەش مۇساپىمىز ئاخىرقى ھېسابتا تۈگ-جى يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋا قېرىنقۇلاققا مۇنا-سىۋەتلىك يىگى – يىگى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە باشلىدۇق. بىز يىپ ئۇچلىرىنى بويلاپ بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدۇق. شۇ تە-رىقىدە قەدەملىرىمىز تاغنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىغىمۇ يەتتى. بىز تاغ يا-كى ئورمانلىقتىكى تۇرمۇشىمىزغا قايتا نەزەر سالغىنىمىزدا، پەقەت بىر نەچچە تال ياغاچنى قۇچاقلىغىنىمىز چە بۇ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە لەيلەپ يۈرگەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇق.

ئانام ھەر قېتىم ياۋا قېرىنقۇلاق تەرگىلى چىققاندا، مېنى بىللە ئې-لىۋېلىشنى خالىمايتتى. مېنىڭ بىچارىلەرچە ئۆتۈنۈشلىرىممۇ كار قىلمايت-تى. ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ قويۇشۇمدىن بەكلا ئەنسى-رەيتتى. چۈنكى، مەن يول بويى توختىماي سۆزلەپ ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىپ، ئۇنىڭ ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىگە تەسىر قىلات-تىم. يەنە كېلىپ، مەن ئانام ئىزدەپ بولغان جايلارنى قايتا – قايتا ئىزدەۋېرەتتىم. ئەلۋەتتە، ئاخىرىدا بىرەر تالمۇ ياۋا قېرىنقۇلاق تاپالمايت-تىم. ئىشقىلىپ، ئۇ ھەمىشە مېنى ياۋا قېرىنقۇلاق تەرگىلى ئەمەس، ئويۇ-نىغىلى كەلدى، دەپ ئويلايتتى... نېمە دېگەن ئۇۋالچىلىق...

مەن ئانام بىلەن بىللە ئورمانلىققا بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم... كۈن بويى كېيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمدا، تاغ ئىچىدىكى جىمجىتلىق، بۈك – باراقسان ئورمان كاللامغا كىرىۋالاتتى. ئورمان ياپيېشىل... ئورمانلىق ئىچىدە مەيلى ماڭغاندا بولسۇن، مەيلى تىنچ تۇرغاندا بولسۇن، ئۇ يېشىل كۆز

نۇرى بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى مەلۇم بىر نۇقتىغا مەركەزلىشەتتى، يەنى، بىزنىڭ نەپەسلىرىمىزنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ يېشىللىق يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە تولغاندەك، خۇددى ياپيېشىل سۇيۇقلۇقتەك كۆرۈنەتتى.

دۇنيادىكى ۋايىگە يەتكەن يېشىللىق- جىلۋىگەر سايىدىكى يېشىللىقتۇر. سايىلەر تولىمۇ مۇزدەك پېتى يەرگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، سايىلەرنىڭ قۇچاقلىرىدا قويۇق ياپيېشىل مۇخلار ئۆسۈپ تۇرىدۇ. مۇخلارنىڭ ئاستىدا بولسا نەچچە مىليون يىللار داۋامىدا يىغىلغان يوپۇرماقلار ياتىدۇ. ئورمانلىقتا يول يۈرگىنىمىزدە خۇددى ھاۋادا لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك، باسقان ھەر بىر قەدىمىمىزدە چوڭقۇرلۇقتىن كېلىۋاتقان تولىمۇ نازۇك ئېلاستىكىلىقنى ھېس قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىمىز. شۇڭا، ئورمانلىقتا ماڭغىنىمىزدا يەر توختىماي تەۋرىنىۋاتقاندەك، ئورمانلىقتا مېڭىش خۇددى بىر خىل جان تالىشىشتەك بىلىنەتتى... مەن يىقىلىپ چۈشتۈم. يېنىمدىكى دەرەخ شېخىغا تايىنىۋېلىش ئۈچۈن قولۇمنى ئۇزاتتىم، لېكىن، ھېلىقى دەرەخ شېخى كەينىگە داجىغاندەك قىلىۋېدى، قولۇم ھاۋادا ئېسىلىپ قېلىپ، يەنە يىقىلىپ چۈشتۈم. مەن يەردە يېتىپ ئاسمانغا قارىدىم، كۆك ئاسماندىكى پارچە - پارچە بۇلۇتلار تولىمۇ جەزبىدار كۆرۈنەتتى، ئاسمان ئىنتايىن سۈزۈك ۋە تىنچ ئىدى. ئەكسىچە، ئورمانلىقتىكى ھەر بىر تال يوپۇرماق ۋە قاراڭغۇلۇق تولىمۇ ئېغىر ئىدى. قاراڭغۇلۇق شۇنچە چوڭقۇر ئىدىكى، خۇددى ئادەم ئۆزىنىڭ نەدە ياتقانلىقىنى بىلىپ بولالمايدىغاندەك، ھەر بىر تال يوپۇرماق يەنە بىر ئورمانغا تۇتىشىپ كەتكەندەك... يەنە قارىغايىنىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىرى سانجىپ تۇراتتى. ھەر بىر يوپۇرماقنىڭ ئۈچى بەدىنىمنىڭ بىر يېرىدە ئۇزاققىچە ئاغرىق ھاسىل قىلاتتى. پۈتكۈل ئورمانلىقنىڭ مۇتلەق تىنچلىقى ئۇنىڭ چەكسىز سەزگۈرلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بىز ئورمانلىقتا كېتىپ بارغىنىمىزدا، ئانامدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. مەلۇم بىر خىل تۇيغۇ مېنى تولىمۇ تىت- تىت

قىلاتتى، تۇرۇپ يۈگۈرگىنىچە ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتسە، تۇرۇپ قايتىپ كېلىپ مېنى ئالدىرىتاتتى، «تېز ، تېز ماڭ!» دەپ توۋلايتتى. مەن بولسام ئىچىمدە «ئانا، ئانا !» دەپ پىچىرلىغىنىمچە ئانامدىن يىراقلاپ كېتەلمەيتتىم. پۈتۈن ئەركىنلىكىم پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىكى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. مەن ئايىغىمنى سېلىپ پۇت بارمىقىمغا قارىدىم، ئۇ تەگكەن ھەر بىر جىسىم خۇددى توساتتىنلا يىراقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەندەك بىلىنەتتى؛ ئايىغىمنى كىيىۋالسام، باياتىنقى جىسىملار يەنە يىراق – يىراقلارغا ئۇچۇپ غايىپ بولاتتى. مەن ئىچىمدە توختىماي «ئانا» دەپ توۋلايتتىم. بەزى چاغلاردا ئانامنىڭ قايتۇرغان ئاۋازى نەچچە تۈمەنلىگەن دەرەخ شاخلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىر نەچچە يەردە قايرىلىپ ئاندىن ماڭا يېتىپ كېلەتتى. بەزىدە بولسا ئۈزۈلمەس شامال ئاۋازىلا كېلەتتى، مەن قايتا – قايتا ئىزدىدىم، قايتا – قايتا زەن سېلىپ ئاڭلىدىم، قايتا – قايتا توۋلىدىم. مەن تۇيۇقسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نەچچە قەدەم نېرىدا ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ياۋا قېرىنقۇلاق يىلانغا ئوخشايدۇ. ئۇ ـ يوشۇرۇن ھەم قاراڭغۇ ھاياتلىق. ئۇ بەزىدە ئادەمگە زەخمەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن، ئەسلىدە بۇ بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئورمانلىق شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان شەيئىدىن تۈزۈلگەن. ئەسلىدە، ئورمانلىقمۇ شۇنداق بولسا كېرەك؟ ئورمانلىق بىزگە نەقەدەر ناتونۇش ـ ھە! ئۇنىڭ قوينىغا مىڭ، ھەتتا، تۈمەن ياشلارغا كىرگەن شەيئىلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلار توساتتىنلا كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ، بىزنىڭ نەچچە ئون يىللىق ھاياتىمىز ئالدىدا ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ... بىزنىڭ ئۆمرىمىز بەك قىسقا، تەسەۋۋۇر كۈچىمىزمۇ چەكلىك... بىزنىڭ بۇ «چەكلىك»لىكىمىز ئادەمنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئەمما،بۇ يەنىلا تولىمۇ لىللالىق. بىز بۇنىڭغا قايىل بولمىساقمۇ، بەلكىم، ئاشۇ قايىل بولماسلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىدە مۆجىزىلەر يارىتىلىشى ھەمدە مۇشۇ سەۋەبلىك مەلۇم ئىشلارنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتىشىمىز مۇمكىن. يەنە ئاخىرىدا ئوخشاشلا

چەكسىز تىنچلىق ۋە ئىناقلىق ئىلكىگە ئۆتۈشىمىز مۇمكىن.

ئەمما، بۇ يەردە ئۆسكەن ياۋا قىرىنقۇلاقلار پەقەت بىزنىڭ يېمەكلىكىمىز ياكى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن يارىتىلغان بايلىق سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بىز تاغ – دەريالاردىن ئېشىپ، ئۇنى تاپىمىز، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىمىز، قەلەمتىراش بىلەن ئۇنى ئويۇپ ئالىمىز... بىزنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىمىز تولىمۇ كىچىك ئىشلار، ئۇلار بىزنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە تۇرمۇش ھاجىتىمىزنى قاندۇرىدۇ، خالاس. بۇ نېمە دېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش-ھە! بىز قولىمىزدا كىچىك پىچاقنى تۇتقىنىمىزچە ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئورمانلىق ئىچىگە مۆكۈنگەن، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان تېخىمۇ كۆپ شەيئى خۇددى سۇغا ئوخشاش شىلدىرلىغىنىچە پىچىقىمىزغا سۈركىلىپ ئۆتۈپ، تۇيغۇلىرىمىزنىڭ ئەڭ سىرتقى پوستىنى سىيپايدۇ. كۆز ئالدىمىزدا قالغىنى پەقەت ياۋا قىرىنقۇلاق... بىز ئالدىمىزدىكى يېشىللىق ئىچىدە يىقىلىپ چۈشۈپ، چىرىپ كەتكەن يەنە بىر زور دەرەخنى كۆردۇق. قۇياشنىڭ ئاجىزلاشقان نۇرلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، يېنىك تەۋرىنەتتى. ئۇ يەردە ياۋا قىرىنقۇلاق بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، كەينىمدىن بىر نەرسە ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى، ئەمما، مەن كەينىمگە قارىمىدىم. كەينىمگە ئۆرۈلۈشنى خىيال قىلغان ۋاقتىمدا ئۇ خىل ھېسسىيات قاياقلارغىدۇ غايىپ بولغانىدى.

بىز ياۋا قىرىنقۇلاقنى سامساقنى كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇپ سۇدا ئۇزاق قايىنتىپ، ئاندىن يەيمىز. چۈنكى، ئۇ ياۋا قىرىنقۇلاق-تە! كىم ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق دەپ كېسىپ ئېيتالايدۇ؟

بۇ تاغدا ئەسلىي ياۋا قىرىنقۇلاق يوق بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىر نەچچە يىل بۇرۇنلا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان ئىكەن. دەل شۇ چاغدا بىر توپ ئادەم ۋاراڭ – چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە بۇ يەردە پەيدا بولۇشتى. ئۇلار تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تو-

لىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇرەككەپ قىسمەتلىرى بار ئىدى. ئۇلار بۇ پىنھان جايلاردىن ئۆتكىنىدە، بەك كۆپ يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ياۋا قىرىنقۇلاق بولسا ئۇ يېڭىلىقلارغا نىسبەتەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمىگۈدەك نەرسە ئىدى.

زەمبىرۇغ بىزگە نامەلۇم بولغان يىراق جايدىن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، ئاشۇ جاھان كېزىپ يۈرگەن تەنىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە جايلىشىۋالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرغىنىچە ئاشۇ كىشىگە ئەگىشىپ، خۇددى تۈن سەيلىسى قىلىۋاتقاندەك تاغ – دەريالاردىن ئېشىپ ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئۇنىڭ تەقدىرى ئۇنى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا، ئەڭ مۇۋاپىق نەم مۇھىت ۋە ئەڭ مۇۋاپىق قاراڭغۇلۇققا ئېرىشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە ئويغانغان. ئۇنىڭ تەقدىرى ئۇنى ئاشۇ جاھانكەزدى سەرگەرداننىڭ ئۈستىدىن تۇيدۇرماستىن ئېلىپ، بۇ يەرگە يېنىككىنە تاشلىغان. ئورماندىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئورمانلىقتا قانداق ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

ياۋا قىرىنقۇلاق بۇ يەردە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى. قارىماققا، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئەتراپىتىكى شەيئىلەر بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك بىلىنىدۇ.

بۇ تاغدا نەچچە مىليون يىللاردىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ يېڭى تۈر پەيدا بولغىنىدا، يەرلىك چارۋىچىلار ھەيران بولۇشقانمىدۇ ياكى ھۇدۇققانمىدۇ؟ قىرىنقۇلاق نېمە دېگەن غەلىتە نەرسە – ھە! چىرىشقا باشلىغان دەرەخنىڭ ئۈستىگە خۇددى يېلىمدەك چاپلىشىپ تۇرغان قىرىنقۇلاق بىر قارىسا سۇيۇقلۇقتەك، يەنە بىر قارىسا قاتتىق جىسىمدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ تېنى يۇمشاق بولۇپ، شاخ – يوپۇرماقلىرىمۇ يوق، يىلتىزىمۇ يوق، پەقەت دەرەخنىڭ تېنىدىكى ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ ياشايدۇ. ئۇلار ئەتراپقا ئاستا – ئاستا تارقايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ سۈكۈتى بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىدۇ، مەلۇم نەرسىلەردىن بىشارەت بېرىدۇ...

بۇ ياۋا قېرىنقۇلاقلارنىڭ بەزىلىرى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن قېرىنقۇلاقلارغا ئوخشاش بولۇپ، يوغان ھەم ئەتلىك قۇلاقلىرى بولىدۇ. يەنە بەزىلىرى خۇددى دەرەخ يىلىمىدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى «دىمو» دەپ ئاتىلىدىغان، ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان بىر خىل زەمبۇرۇغقا بەكمۇ ئوخشايتتى.

ياۋا قېرىنقۇلاق بۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن، تەبىئەتنىڭ سىناقلىرى ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىغا ئانچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمىدى. ئۇنداقتا، ئۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولارمۇ؟ ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىنىپ كۆرسەك، ئۇنىڭ بۇ تاسادىپىيلىققا تولغان تەقدىرگە يەنە نۇرغۇن مۇقەررەرلىك يوشۇرۇنغان. يەنى، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگۈچىلەر يەنە چوقۇم بۇ يەرگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇلار ئاشۇ غايەت زور كىشىلەر توپى ئىچىدە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، سەۋەبسىز ئەيىپلەشلەر ۋە چەتكە قېقىشلار ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ. ئاخىرىدا نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەنە ئۆز تەقدىرى بويىچە ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە كېلىدۇ. ياۋا قېرىنقۇلاقمۇ تۇرمۇش قانۇنىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئېقىنى بىلەن مۇقەررەر ھالدا بۇ يەرگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە مۇقەررەر ھالدا يېتىپ كەلگىنى بولسا مۇھىتنىڭ بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىشى ئىدى. مانا بۇ ئەھۋال ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ بۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس كېلىدىغان كېلىماتنى ھازىرلىغان ئىدى. خۇددى بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ياۋا قېرىنقۇلاق ئۈچۈن تەييارلانغاندەك ئىدى. شۇنداق، ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ناۋادا بۇ يەرگە كەلگىنى قېرىنقۇلاق بولماي، باشقا ياخشى بولمىغان شەيئى بولغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا «مۇقەررەرلىك» بولاتتىغۇ دەيمەن؟

ياۋا قېرىنقۇلاق يوق كۈنلەر تولىمۇ تىنچ ئىدى، بىز ھەر كۈنى ئىنتايىن تىنچ ھالدا ھەر خىل ئاددىي ئىشلارنى قىلاتتۇق، كۈتىدىغانلىرىمىزمۇ ئاددىيي ئىدى. بىز ئوتلاقتىكى چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىپ،

يالغۇزئاياغ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى سۇپسۇزۇك بۇلاق سۈيىنى ئىلىپ ئۆيگە قايتىپ گۇرۇچ تامقى ئېتەتتۇق. بىزنىڭ تائاملىرىمىزمۇ ئاددىي ئىدى. بىز تاماق قاچىلىرىمىزنى كۆتۈرگىنىمىزچە ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، بىر تەخسە تەمى ئانچە ياخشى بولمىغان ياۋا كۆكتات بىلەن تاماقلىناتتۇق. بەزىدە، بەك ئىچىمىز سىقىلىپ كەتكەن چاغلاردا بىر نەچچە ئىغىز گەپ قىلىشىپ قويغاننى ھىسابقا ئالمىغاندا، تاماق ۋاقتىدا ئارتۇق گەپ - سۆز بولمايتتى. ئۇ چاغلاردا ياۋا قىرىنقۇلاق يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. بىز تولىمۇ ئەستايىدىللىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرەتتۇق، ھەر بىر خېرىدارغا كۆڭۈل قويۇپ مۇئامىلە قىلاتتۇق. گاھىدا بىز ئورمانلىققا ئوتۇن تەرگىلى باراتتۇق. ئۇنداق چاغلاردا كۆزىمىزگە پەقەت ئوتۇنلا كۆرۈنەتتى، ئوتۇننى يەتكۈدەك تەرگەندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيگە قايتاتتۇق. ئورمانلىقتىن چىقىپ ئۆيگە قايتىش يولىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا دۇنيانىڭ بىزگە ئاتا قىلغىنى پەقەت مۇشۇنچىلىك، دەپ ئويلايتتۇق.

بىراق، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ياۋا قىرىنقۇلاق پەيدا بولدى. ئۇ كۈنى ئۇ كىشى پۇتىغا ئۇزۇن قونجۇلۇق ئۆتۈك كىيگەن، بېلىگە بىر كىچىك خالتىنى ئېسىۋالغانىدى. ئۇ ياغاچچىلىق مەيدانىنىڭ ياغاچ كەسكۈچى ئىشچىسى بولۇپ، تاغقا كۆندە كېلەتتى. بىز ئۇنىڭ بۇ تاغدا ئايىغى يەتمىگەن بۇلۇڭ - پۇچقاق قالمىدىغۇ، دەپ ئويلايتتۇق (كېيىن بىز ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپ، تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىشىمىزنى ئويلاپ باقمىغان ئىدۇق.) ئۇ بۇ تاغدا ياۋا قىرىنقۇلاق بار ئىكەن، دېدى-دە، ئاۋايلىغىنىچە بېلىدىكى خالتىدىن بىر تال ياۋا قىرىنقۇلاقنى چىقاردى.

بىزنىڭ كۆڭلىمىز بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. سانسىزلىغان تۇرمۇش مۇمكىنچىلىكلىرى خۇددى دەستە - دەستە گۈللەردەك كەينى - كەينىدىن ئېچىلىپ، بارلىق ئوي - خىياللىرىمىزنى گۈللەر بىلەن پۈركىدى. بىز شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتۇقكى، بىزنىڭ ئۇ كىشى بىلەن قى-

لىشقان سۆزلىرىمىز خۇددى جەلپكار سىمفونىيەدەك روھىمىزنى ئۇرغۇ-
تۇپ تۇراتتى. شۇ كۈندىكى كەچۈرمىش بىردىنلا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى
يورۇتۇۋەتكەندى ( يەنە بىر تەرەپتىن مەلۇم نەرسىلەر قاراڭغۇلاشماقتا
ئىدى.) قاراڭغۇ، ئاددىي تۇرمۇشنىڭ جىمجىتلىقىدا ئۇخلاپ ياتقان ئۇ-
رۇق ئەمدى ئاستا - ئاستا بىخلىنىشقا باشلىغانىدى.

ئۇزۇن قونچۇلۇق ئۆتۈك كىيىپ سازلىقتىن بىمالال ئۆتۈش ئۈ-
چۈن، كىچىك خالتىنى مۈرىگە ئارتماي ياكى قولدا تۇتۇۋالماي بەلگە
قىستۇرۇۋېلىش نەرسە تېرىشكە قۇلايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. مەن
مەيدەمگە ئېسىۋالغان چوڭ خالتا قاتمۇ - قات شاخ ۋە يوپۇرماقلارنى
قايرىپ، ماڭا يول ئېچىپ، يەنە قاتمۇ - قات شاخ ۋە يوپۇرماقلار ئارد-
سىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئەگەر ياۋا قېرىنقۇلاقنى بايقاپ قالسام، ئاۋايلاپ
تۇرۇپ قوش قوللاپ تېرىپ ئالىمەن. خالتا ئاستا - ئاستا ئېغىرلايتتى،
خالتىنىڭ يىپى بولسا بوينۇمغا پېتىپ ئاغرىتىشقا باشلايتتى. ئەمما، بۇلار
ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلاتتى. كۆپ ھاللاردا قورساقنىڭ ئېچىپ تارتىشىپ
كەتكىنىگىمۇ پەرۋا قىلماي، بىر قانچە ئورماننى كېزىپ چىقساقمۇ، خال-
تام يەنىلا قۇرۇق پېتى تۇراتتى. ئىلگىرىكى ياۋا قېرىنقۇلاقنى بولۇشىغا
تېرىپ قايتقان ئەسلىمىلەر خۇددى چۈشۈمدەكلا بىلىنىپ كېتەتتى. ھەت-
تا، بۇ دۇنيادا «قېرىنقۇلاق» دەيدىغان نەرسە زادى مەۋجۇتمۇ - يوق،
دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

ئانام بىرىنچى تال ياۋا قېرىنقۇلاقنى بايقىغاندىن تارتىپ بىز ئېرد-
شۋاتقان نەرسىلەر ئىلگىرى بىزنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان ئارغامچىنى ئۈ-
زۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، تۇرمۇشىمىزدىمۇ نۇرغۇن يېڭىلىقلار ۋە
ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتۇق، ئېرىشكەنلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا يەنە نۇرغۇن-
لىغان ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بار ئىدى.

كېيىن بىزنىڭ ياۋا قېرىنقۇلاق ئىزدەيدىغان مەنزىلىمىز يىراقلاپ
كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئانامۇ مېنى بىللە ئېلىۋالمايدىغان بولدى. ئانام

شۇ كۈنلەردە ئۆيدىن قانچە بالدۇر يولغا چىققان بولسا، شۇنچە كەچ قايتاتتى. ئانام مەيلى قېرىنقۇلاق تاپالسۇن ياكى تاپالمىسۇن، كۆپ يىغسۇن ياكى ئاز يىغسۇن، ئۇ ھارغىن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، مەن ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكىدىن، ياق، ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىتىكىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم، خۇددى ئانام بىزدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى...

ئانامنىڭ ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىش تەجرىبىسى كۈنسايىن موللىشىپ باراتتى. مەسىلەن، ئۇ ئادەتتە ياۋا قېرىنقۇلاقنى «V»شەكىللىك جىلغىلاردىنلا ئىزدەيتتى، «U» شەكىللىك جىلغىلاردىن ياۋا قېرىنقۇلاق تېپىلمايتتى، يەنە كېلىپ ئېقىن سۈيى بار تاغ جىلغىلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. چوڭ، قېرى دەرەخلىك ئورمانلاردىمۇ ياۋا قېرىنقۇلاق ئىزدەشكە بولمايتتى، ئانچە - مۇنچە ياش دەرەخلەر ئارىلىشىپ ئۆسكەن ئورمانلىقتىلا قېرىنقۇلاقنىڭ ئۆسۈش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى.

ئادەتتە، تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ بىۋاستە سېزىمىمۇ دەل چىقىپ قالىدۇ، تەجرىبە بىلەن بىۋاستە سېزىم ئانچە بەك پەرقلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. تەجرىبىلىك كىشى تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ تۆۋەندىكى تاغ، جىلغىلارغا بىر قاراپلا قېرىنقۇلاقنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ.

بىز يىغىپ كەلگەن قېرىنقۇلاقلارنى چېدىرنىڭ ئالدىغا يېيىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتاتتۇق. قېرىنقۇلاقلار ئاستا - ئاستا سۇسىزلىنىپ قۇرۇپ، ئەسلىدىكى قوڭۇر رەڭدىن قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

دۇكانغا كىرگەن كىشىلەر ھەيران بولۇشقىنىچە «بۇ نېمە؟» دەپ سورىشاتتى. بىز «بۇ دېگەن ياخشى نەرسە، ئىنتايىن يېيىشلىك!» دەيتتۇق. ئۇلار ئەقلىنى يەتكۈزەلمىگەندەك باشلىرىنى چايقىشاتتى. ئۇلار كۆڭلىدە « خەنزۇلارنىڭ تاماق تۈرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ جۇمۇ...» دەپ ئويلايدىغۇ دەيمەن.

چارۋىچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغاندەكلا

قىلاتتى. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى قوي، كالا گۆشى، ئۇن تائامل-
رى، سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك ۋە تۇز - چاي قاتار-
لىقلاردىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل يېمەكلىكلەر ساپ ھەم ئاددىي بو-
لۇپ، ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ ھەمدە مەڭگۈ ئىسراپ بولۇپ
كەتمەيدۇ. بۇ يېمەكلىكلەرنى يەپ چوڭ بولغان باللار ساغلام، شاد -
خورام، خىجىلچان، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بولۇپ چوڭ
بولىدۇ.
بىزنىڭ يېمەكلىكلىرىمىزمۇ ئاددىي بولۇپ، ئۇن، گۈرۈچ تائامل-
رى، ياغ ۋە قورۇتۇلغان كۆكتات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بەرىبىر
ئۇلاردىن باشقا يېمەكلىك بولمىغاچقا، بىز بۇ خىل ئەھۋالدىن ئاغرىنىپمۇ
كەتمەيتتۇق، باشقىچە خىياللاردىمۇ بولمايتتۇق.
ئەمما، كېيىنكە كېلىپ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا قېرىنقۇلاق پەيدا بول-
دى.
چارۋىچىلار تاغ يولىغا ھەر قاچان بىزدىن بەكرەك پىششىق ئىدى.
كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇلار دۇكىنىمىزغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى كەلگەن-
لىرىدە يانچۇقلىرىدىن قېرىنقۇلاقنى چىقىرىشىپ «مۇشۇ نەرسىمۇ؟ سىلەر
ئالامسىلەر؟» دەپ سوراشتى.
ئانام قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئانام ئۇلارنى بىر ھازا ماختىغاندىن
كېيىن، مەردلىك بىلەن پۇل چىقىرىپ ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ياۋا قېرىن-
قۇلاقلارنى سېتىۋالدى. بۇ ئۇلارنى ھەم ھەيران قالدۇردى ھەم بەكلا
خۇش قىلىۋەتتى.
مەن ئانامنىڭ نېمىنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بىراق، بۇ نەرسىگە
تايىنىپ پۇل تېپىش ھەققەتەن كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى. شۇنى بىلىپ
قويۇش كېرەككى، ياۋا قېرىنقۇلاق بۇ يەردە ئەمدىلا پەيدا بولغان، بىز-
گە ئوخشاش ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەردىن باشقا يەنە كىم بۇ تاغدا
ياۋا قېرىنقۇلاق بارلىقىغا ئىشىنىدۇ؟ كىم بۇ ياۋا قېرىنقۇلاقلارنى سېتىۋا-
لىدۇ؟ سىرتتىكى كىشىلەر ئەقىللىق تۇرسا، بىزمۇ كىشىلەرگە ھېچقانداق

ئىسپاتسىز لا «سىز نى ئالدىمىدىم، بۇ راستتىنلا تاغنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلا-
تى، بۇ ئىلگىرى بۇ تاغدا ئۆسمىگەچكە كىشىلەر بىلمەيدۇ...» دېسەك
بولمايدۇ-دە!

بۇنداق دەرەخ قوۋزىقى بىلەن مۇخلاردىن پەيدا بولغان ياۋا قېرىن-
قۇلاق بىلەن بىز ئادەتتە يەيدىغان سۇنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن قې-
رىنقۇلاق پەرقلىق بولىدۇ. سۇنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن قېرىنقۇلاقنى
دۈملەپ پىشۇرغاندىن كېيىن، ئېتى چۈرۈك، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ،
بىراق، ياۋا قېرىنقۇلاقنى دۈملەپ پىشۇرغاندا ئېتى يۇمشاق پىشىدۇ. ئەم-
ما، ياۋا قېرىنقۇلاقنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بىر كېچە دۈملەشكە توغرا كې-
لىدۇ. يەنە كېلىپ، سۇنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن قېرىنقۇلاققا سېلىش-
تۇرغاندا، بۇ خىل قېرىنقۇلاقتا پەقەت ياۋا زەمبۇرۇغنىڭلا تەمى بار. قو-
رۇما تەييارلىغاندىمۇ ئارتۇقچە تەم تەڭشىگۈچ ئىشلىتىشنىڭ، گۆش قو-
شۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بىر ئاز تۇز بىلەن ياغ بولسىلا ئۇنىڭدىن ئىنتا-
يىن مەززىلىك قورۇما تەييارلاشقا بولىدۇ.

ئۇ چاغلاردا چېگرا رايونغا بېرىش يول خېتى ياكى مۇۋاپىق سەۋەب
بولمىسا، چارۋىچىلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ چېگرىدىكى ئورمانلىققا
كىرىپ - چىقىشىغا ئىجازەت قىلىنمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ تاغدا ياۋا
قېرىنقۇلاق بارلىقىنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. ياۋا قېرىنقۇلاقنى
ئاز ساندىكى ياغاچ كەسكۈچى ئىشچىلار، كان ئىشچىلىرى، قانۇنسىز ئال-
تۇن قازغۇچىلار ۋە سىليۇدا يىغقۇچىلار ئۆيلىرىدىكىلەر بىلەن تېتىپ بې-
قىش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە يىغىپ قوياتتى.

بىز قۇرۇتقان ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ ئېغىرلىقى ئالتە كىلوگرامغا يەتكەن
بىر كۈنى( ئادەتتە، 11 كىلوگرام ھۆل قېرىنقۇلاقتىن ئاران بىر كى-
لوگرام قۇرۇق قېرىنقۇلاق ئالغىلى بولاتتى)، ئانام ياۋا قېرىنقۇلاقنى ئال-
تە خالتىغا بۆلۈپ قاچىلىدى، چۈنكى، ئانام قېرىنقۇلاقلارنىڭ بېسىلىپ
ئېزىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئاندىن ئۇ ئالتە خالتا قېرىنقۇلاقنى
ئىككى قەغەز يەشىككە بۆلۈپ قاچىلىغاندىن كېيىن ئارغامچا بىلەن

ئاۋايلاپ تاڭدى.

ئۇ بىر قولىدا بىردىن يەشىكنى كۆتۆرگىنىچە تاغ تۆۋىدىكى يولغا چىقىپ ماشىنا ساقلىدى. چۆش بولاي دېگەندە بىر دەرەخ كەسكۆچىنىڭ ياغاچ توشۇيدىغان يۆك ماشىنىسىغا چىقىۋالدى. مەن يول ياقىسىدىكى سازلىقتا تاكى ماشىنىنىڭ قارىسى يۆتكىچە قاراپ تۇردۇم.

بىر قېتىم تاغدىن چۆشۆپ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ – كەلگۆچە يۆز نەچچە يۆەن كېتەتتى. ئۇنداقتا، ئانام ئېلىپ ماڭغان قېرىنقۇلاقنى قانچىلىك پۇلغا ساتقىلى بولار؟ سېتىلارمۇ؟ سايقىنبۇلاققا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايدىن بۇ يەرگە نەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان كۆۋرۆكبېشى ئىدى. ئۇ ياقلاردا پەقەت بىر قانچە ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىلىرى ۋە ئىچكىرىدىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىدى. ئۇلار قېرىنقۇلاققا ئېھتىياجلىقمىدۇ؟

ئۇ كۆنى مومام بىلەن ئىككىمىز ئاددىيلا غىزالاندۇق. كۆن بويى باشقا ئىش قىلماي ئانامنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۆتۆپلا ئولتۇردۇق، دۇكانغىمۇ بىرىمۇ خېرىدار كەلمىدى. مەن پات – پات دۇكاننى تاشلاپ قويۇپ، يولغا چىقىپ ئۇزاقتىن – ئۇزاق ساقلاپ كېتەتتىم. يەنە تېخى بىر نەچچە قېتىم يولنى بويلاپ ئۇزاق مېڭىپمۇ باقتىم.

ئاخىرى بىز ئانامنى بۆگۆن قايتىپ كېلەلمەيدىغان بولدى، دەپ جەزملەشتۆردۇق. گەرچە ئانام يوق بىر ئاز قورققان بولساممۇ، يەنىلا ئادەتتىكىدەكلا ئىشىك پەردىسىنى چۆشۆرگەندىن كېيىن پەنەرنى ئۆچۆرۆپ تېزلا ئۇيقۇغا كەتتىم.

تاڭ سۆزۆلەي دېگەندە چېدىرنىڭ ئىچىدە «شاراق – شۇرۇق» قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىز بەك قورقۇپ كەتتۇق، بىز ئاۋۋال كالا كىرىۋالغانمىدۇ دەپ ئويلىدۇق. بىراق، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق خىياللار كاللىمىزغا كېلىۋېلىشكە باشلىدى. مەن قاراپ باقاي دەپ ئورنۇمدىن تۇرسام، مومام قەتئىي بارغىلى قويمىدى. بىر چاغدا چېدىر سىرتى-

دىن ئانامنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز ئۇنىڭ بۇنداق ۋاقىتتا قايتىپ كېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدۇق.

ئالتە كىلوگرام قېرىنقۇلاقنىڭ ھەممىسى سېتىلىپ بولغان ئىدى. ھەر كىلوگرام قېرىنقۇلاقنىڭ باھاسى 80 يۈەن بولۇپ(سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن قېرىنقۇلاقنىڭ باھاسى بىلەن ئوخشاش)، ئالتە خالتا قېرىنقۇلاق 480 يۈەنگە سېتىلغانىدى. دەسلەپتە، مەن ئويلىغاندەك، ھېچكىم ئۇ قېرىنقۇلاقنى ئالاھىدە دەپ ئويلىماپتۇ، ھەتتا ئالىدىغان ئادەممۇ چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنى ۋە قېرىنقۇلاق يىغىش داۋامىدا تارتقان جاپا – مۇشەققەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئانامنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئانام قايتىپ كېلىش ئۈچۈن يول بويىدا ئۈمىدسىزلەنگىنىچە ماشىنا ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چۈشتىن كېيىن ساقلىسىمۇ ماشىنا كەلمەپتۇ. كەچ بولاي دېگەندە بىر ئادەم ئانامنى ئىزدەپ كېلىپ تۆت كىلوگرام قېرىنقۇلاق سېتىۋاپتۇ. ئۇ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى ئىكەن. ئانام باشكۆۋرۈكتىن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۇ يەردىكىلەر بىر ئايالنىڭ ياۋا قېرىنقۇلاق سېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئىشچى دەرھال ئانامنى ئىزدىگەن ئىكەن. بەلكىم، ئۇ كىشى ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ پايدىسىنى بىلسە كېرەك.

ئانام قېرىنقۇلاقنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگىچە ئاپىرىشىپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشى ئانامغا يەنە بىر خېرىدار تونۇشتۇرغان ئىكەن، ئۇ خېرىدار ئېشىپ قالغان قېرىنقۇلاقنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋاپتۇ.

خۇشلۇقىدىن قىن – قىنىغا پاتماي قالغان ئانام نەچچە ئون كىلومېتىر تاغ يولىنى پىيادە بېسىپ قايتىماقچىمۇ بوپتۇ. ئۇنچە كەچتە يولدا ماشىنىنىڭ ئۇچرىشىمۇ ناتايىن ئىدى. لېكىن، ئانامنىڭ مومام ئىككىمىزنى تاغدا يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، ياغاچ كۆۋرۈك ئۈستىدە ماشىنا ساقلاپ ئولتۇرىۋېرىپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا ئوغرىلىقچە ياغاچ توشۇيدىغان بىر يۈك ماشىنىسى ئانامنى ئېلىۋاپتۇ.

ئۇ يىلى قانچىلىك قىرىنقۇلاق يىغقىنىمىز ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ، ئۇ يىلى ياز بەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېگۈدەك نەرسە تەييارلاپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قوياتتىم، ئاندىن، ئالدىنقى كۈنى يىغىپ كېلىنگەن قىرىنقۇلاقلارنى ئىشىك ئالدىغا يېيىپ قۇرۇتاتتىم. مەن بەزىدە يەنە چارۋىچىلار ئېلىپ كەلگەن قىرىنقۇلاقلارنى يىغىۋالاتتىم. كەچلىك تاماق ۋاقتى بولغاندا، نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، كەچلىك تاماقنى تەييار قىلىپ ئانامنى ساقلايتتىم.

كېيىنكى كۈنلەردە بىز قىرىنقۇلاق سودىسىغا خېلى پىشىپ قالدۇق. ئېلىپ كېلىنگەن قىرىنقۇلاقلارنى بىر تۇتۇپ بېقىپلا قىرىنقۇلاقنىڭ قانچە-لىك قۇرۇغانلىقىنى بىلەلەيدىغان ھەمدە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇۋاپىق باھا قويالايدىغان بولدۇق.

قىرىنقۇلاق سېتىشقا كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك بالىلار ئى-دى. ئۇلار قىرىنقۇلاقلارنى قولياغلىقلىرىغا تۈگۈپ ئاز - ئازدىن ئېلىپ كېلەتتى. ئەسلىدە، ئۇ بالىلار دۆكىنىمىزغا بېلىق ئېلىپ كېلىدىغان با-لىلار بولۇپ،«قارا قىرىنقۇلاق» بىلەن تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدى-غانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، جاپا تارتىپ بېلىق تۇتمايدىغان بولۇشقان ئىدى.

بىزگە قىرىنقۇلاق ساتقىلى كېلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە رەشىدە ئىسىم-لىك بىر قىز بار ئىدى. گەرچە ئۇ كىچىك بالىلاردەك كۆپ كەلمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ بىر قېتىمدا خېلى كۆپ ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىزگە ساتقان قىرىنقۇلاقلىرى باشقا چارۋىچىلارنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. پەرىزىمچە، ئۇ قوي باقىدىغان تاغدا قىرىنقۇلاق بەك كۆپ ئۆسسە كې-رەك. ئانام بۇنىڭغا قاراپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە كۆپ ئۇرۇندى. ئەمما، ئېرىشكەن جاۋاب ئانامنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈردى. «ئاتلىق ماڭسىڭىز تۆت سائەتلىك يول» دېگەندى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

گەرچە قىرىنقۇلاقتىن كۆپ پۇل تاپقىلى بولسىمۇ، ئەمما، بىز باش-

قىلالىرىمۇ بۇ سودىنى قىلىشقا قايىل قىلالمىدۇق.

بىر كۈنى قىرىنقۇلاقلارنى ئاپتاپقا سېلىۋاتاتتىم، غەرب تەرەپتىكى تاغ جىلغىسىدىن ئاتلىق چىقىپ كەلگەن ئالماس يېنىمىزدا توختىدى. ئۇ قىرىنقۇلاقلارغا بىر قاراپ قويۇپ سورىدى:

-بۇ نىمە؟

بىز ئۇنىڭغا ئۇزاق چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە سورىدى:

-بۇنى نىمىگە ئىشلىتىسلەر؟

بىز ئۇنىڭغا قىرىنقۇلاق توغرىسىدا يەنە ئۇزاق سۆزلىدۇق.

-ھىم...،- دېدى ئۇ،- بىزنىڭ ئۇ يەردە بۇنداق نەرسە دېگەن كۆپ.

بىز ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتۇق ھەمدە ئۇنىڭغا كېلەر قېتىم كەلگۈچە كۆپرەك ئالغاچ كېلىشنى ئېيتتۇق، تېخى كىشىنى قىزىقتۇرغىدەك باھامۇ قويدۇق. كىم بىلسۇن، ئۇ قېرى گەپلىرىمىزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دىمىقىنى قېقىپ قويدى-دە، «بۇنداق ئىشنى يەنىلا كىچىك باللار ئوينىغاچ قىلسۇن!» دەپلا كېتىپ قالدى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى قازاقلاردا مۇنداق بىر خىل ئۆرپ - ئادەت بار ئىكەن: قوي، كالا، ئات، تۆگىگە ئوخشاش مال - چارۋىلار پەقەت ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى ۋە مېھمانلار بىلەن تەڭ يەيدىغان يېمەكلىك قاتارىدىلا بېقىلىدىكەن، مال - چارۋىنى تاۋار قاتارىدا سېتىپ نەپ ئېلىشقا يول قويۇلمايدىكەن. ئەگەر ناتونۇش بىرەرى ئۆيىگە كېلىپ قالسا، ئۆي ئىگىسى دەرھال قوي سويۇپ، مېھماننى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالىدىكەن. ئەمما، مېھمان پۇل چىقىرىپ مال - چارۋىلارنى سېتىۋالماقچى بولسا، قانچە يۇقىرى باھا قويسىمۇ ساتمايدىكەن.

گەرچە، بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ تەسىرىدە سۇسلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۆز ھەۋىسىنى تىزگىنلەپ، ئۇنىڭغا چەك قويۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ خىل روھ بۇ مىللەتنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا يوشۇرۇنغان ئەمەسمۇ؟

نەچچە يىل بۇرۇن مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى: بىر سودىگەر چارۋىچىلىق مەيدانىغا كېلىپتۇ. ئۇ مال – چارۋىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، قويرۇقى يوغان تازا بېتىلگەن بىر قويغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئەمما، قوينىڭ ئىگىسى سودىگەر قويغان باھاغا رازى بولماپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە باھا تالىشىپ تاكى كەچ كىرگۈچە سودىدا پۈتۈشەلمەپتۇ. كەچ كىرىپ كەتكەچكە سودىگەر ئامالسىز ئۇ چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. نەتىجىدە، ئۆي ئىگىسى بىر كۈن باھا تالاشقان ھېلىقى قوينى سويۇپ سودىگەرنى مېھمان قىلىپتۇ.

ئانام يىغىۋېلىنغان قېرىنقۇلاق مەلۇم مىقدارغا يەتكەندە بىر قېتىم تاغدىن چۈشەتتى. ئۇ چاغلاردا باشكۆۋرۈكتىكى كىشىلەر سايقىنبۇلاقتىكى بىر ئايالنىڭ ھەققىي ياۋا قېرىنقۇلاق تاپالايدىغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، قېرىنقۇلاق سېتىۋالىدىغانلار ئانامنىڭ تاغدىن چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىسىلا، ھەممىسى تەڭلا كېلىپ تالىشىپ سېتىۋالاتتىكى، ئاخىرىدا ئانامنىڭ ئۆلەشتۈرۈۋالغۇدەكلا بولۇپ كېتەتتى. سېتىۋالالمىغانلار بولسا يولنى يىراق كۆرمەي ئۆينىگدىن – بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ دۇكىنىمىزنى تاپاتتى-دە، دۇكىنىمىزدىنلا سېتىۋالاتتى. كېيىن بىز قېرىنقۇلاقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسىنى 100 يۈەنگە ئۆستۈرۈۋالدۇق.

كېيىنكە كەلگەندە، بىزدىن باشقا بەزى خەنزۇ كىشىلەرمۇ مەخسۇس قېرىنقۇلاق يىغىپ ساتىدىغان بولدى. ئۇلار ئاساسلىقى دەرەخ كەسكۈچى ئىشچىلار، سىلىيۇدا كانىنىڭ ئىشلەمچىلىرى ۋە يەنە ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ بەزى ئىشچىلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىدى.

ئەسلىدە بىز ياۋا قېرىنقۇلاق ئۆسىدىغان تاغقا يېقىن بولغاچقىلا ئانچە – مۇنچە پارچە – پۇرات پۇل تېپىش مەقسىتىدە بۇ ئىشنى قىلغانىدۇق. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي بەزىلەر مەخسۇس قېرىنقۇلاق يىغىپ سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ كەتتى. كۈزدە چارۋا تاغدىن چۈشۈشتىن بۇرۇن ئاي بۇرۇن ھەر كۈنى قېرىنقۇلاق يىغقۇچىدىن بىر – ئىككىنى ئۇچرىتاتتۇق. ئۇلار مۇرىسىگە توقۇلما سۇلياۋ تاغار ئارتىپ،

پۇتلىرىغا ئۇزۇن قونجۇلۇق ئۆتۈك كىيىشكىنىچە ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە تېمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ئورمانلىقنىڭ ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى جايىنى كىرىچ تاغار پارچىلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. توقۇلما سۇلياۋ تاغارمۇ بۇ تاغقا كەلگەن يېڭىلىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ھەر خىل رەڭدىكى توقۇلما سۇلياۋ تاغار ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، سىغىمچانلىقى چوڭ ھەم يېنىك بولۇپ، قېرىنقۇلاق يىغىشقا تولىمۇ ماس كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ئەرزان بولۇپ، يىرتىلىپ كەتسە ئىككىلەنمەي تاشلىۋېتىپ، يېڭىنى سېتىۋېلىپ ئىشلەتسە بولىۋېرەتتى.

ئەمما، بۇنداق يېڭى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان، بىرلا قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدىغان نەرسىلەر قانداقمۇ بۇ يەردىكى قەدىمىي تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ھازىر، ئەكسىچە قوي يۇڭدا تۈجۈپلەپ ئېشىلگەن يىپلار بىلەن ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈپ توقۇلغان خۇرجۇن بولسا زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا ئۆينىڭ تېمىغا ئېسىلغانىدى. نۇرغۇن يىللارنى ئۆي ئىگىسى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن خۇرجۇن خۇددى ئىچىگە لىق ئەسلىمە قاچىلانغاندەك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرماقتا ئىدى... ئۇنىڭ غوجايىنىغا بولغان قىممىتى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدىغۇ دەيمەن.

ئورمان رايونىغا تۇنجى قار ياغقاندىن كېيىن، بىز ئامالسىز چېدىرنى يىغىپ تاغدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇ يىل بىز چارۋىچىلار بىلەن بىللە جەنۇب تەرەپكە كۆچمەي، نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆۋرۈكبېشىدا قىشنى ئۆتكۈزدۇق.

كېيىنكى يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرىدا تاغام بىلەن سىڭلىم ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلدى.

ھازىر، نۇرغۇن دېھقانلار يەر تېرىشنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى، بولۇپمۇ، ياشلار شۇنداق ئىدى. كىمنىڭمۇ سىرتلارغا چىقىپ جاھان كۆرگۈسى يوق دەيسىز؟ ئۇلار ئۆيلىرىدىن ئايرىلىشىپ تۇرمۇش

نىمەتلىرى تېخىمۇ مول، ئاۋات بىر دۇنياغا بېرىپ، تۇرمۇشنىڭ باشقىچە تەمىنى تېتىپ بېقىشنى ئويلىشىدۇ. دېھقانچىلىق بولسا تولىمۇ جاپالىق ھەم زېرىكىشلىك بولۇپ، ئەتىيازدا چاچقان ئۇرۇقنىڭ ھوسۇلىنى كۈزدە ئاران ئالغىلى بولىدۇ. ھوسۇلغا ئىنتىلىپ ئۆتكۈزگەن كۈنلەر ئۇلارغا تولىمۇ ئۇزاق تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ھەمە-مىسى سىرتلارغا ئىشلەپ پۇل تاپقىلى چىقىپ كەتسە، كەنتنىڭ ئىچى قۇرۇقدىلىپلا قالىدىغان گەپ. بامبۇكزارلىقنىڭ ئارىسىغا سېلىنغان تاملىرى قىيسىيىپ، غېرىبسىنىپ تۇرغان ئۆيلەردىكى بالىلىرى سىرتقا ئىشلىگىلى چىقىپ كەتكەن ياشانغانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ، مەھەللىنىڭ ئىمتاسلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. كەنتتە قال-غانلارنىڭ زېرىكىشلىك ئۇزاق كېچىلەرنى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن رەڭسىز تېلېۋىزورغا قاراپ ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ئامالى يوق. شۇڭا، ئۇلار ئاستا - ئاستا ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ تاشقى دۇنيانى كۆرۈپ بېقىش خىيالىغا كەلگەنىمىدۇ؟

بىراق، ئۇلار تولىمۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، ئاخىرىدا يەنىلا ئۆز يۇرتىغا ئوخشاش چەت، يىراق شىنجاڭغا كەلگەنىدى.

چېچىنى چۇشۇرىۋەتكەن تاغام پۇتىغا سايماكەش كىيىۋالغان بو-لۇپ، مۇرىسىگە ئەپكەش ئارتىۋالغانىدى. ئەپكەشنىڭ بىر تەرىپىگە قى-زىلگۈل ۋە يېشىل يوپۇرماق كەشتىلەنگەن، كونىراپ قېتىپ كەتكەن پاختىلىق يوتقان ئېسىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە بولسا بىر نەچچە كى-لوگرام خاسىڭ مېغىزى ۋە پېچىنە - پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەر ئې-سىلغانىدى. سىڭلىمنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقى ئوشۇقىدىن ئىككى سانتى-مېتىرچە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بولسا قولىدىن ئون سانتىمېتىرچە ئېشىپ، ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئىككىيلەن شىنجاڭغا كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇش ئىدى. كۆڭلىدە بولسا، ئاخىرى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولدۇق، دەپ ئويلىشات-تى. ئەمما، بۇ ئىككىيلەن يەر تېرىش ۋە باشقا جىسمانىي ئەمگەكتىن

باشقا ئىشلارنى قىلالارمۇ؟ شۇڭا، مەن ئۇلارغا قىرىنقۇلاق تۇغرىسىدا
سۆزلەپ بەردىم، ئىككىيلەن سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ كۆرەڭلەپلا كېتىشتى.

بۇ يىل بىز تاغقا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ،
قىرىنقۇلاق يىغىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىنە-
چىكە ئويلاشتۇق ھەمدە تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىپ قويدۇق. ھازىر ئا-
دەم سانىمىزمۇ كۆپەيگەن ئىدى، شۇڭا، بىز مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى ئا-
دەم مەخسۇس دۇكانغا قارايدىغان، قالغانلار قىرىنقۇلاق يىغىشقا چىقىد-
غانغا كېلىشتۇق. ئانام يەنە تېخى يېقىن ئەتراپتىكى چېگرا مۇداپىيە پون-
كىتىغا بېرىپ، ئۇ يەرگە ئېسىپ قويۇلغان يەر شەكلى خەرىتىسىنى بىر
نەچچە قېتىم تەتقىق قىلىپمۇ ئۈلگۈردى.

قىرىنقۇلاق يىغىپ ساتقان تۇنجى يىلىلا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ نا-
مى ئەتراپقا تارقىلىپ كەتكەنىدى. ھەتتا، بىز بۇ قېتىم تاغقا چىقىشتىن
بۇرۇن، نۇرغۇن كىشىلەر كەم بولغاندىمۇ بىر كىلوگرامدىن قىرىنقۇلاقنى
چوقۇم ئالغاچ كېلىشىمىزنى تاپىلاشتى.

يەنە بەزىلەر تېخى ئالايىتەن قارا ئۆتكەلدىن كېلىپ مال زاكاز قى-
لىشتى. كېيىن، كۆكتوقايدىنمۇ ئادەملەر كېلىپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلى-
دى.

بىز تاغقا چىقىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن، باشكۆۋرۈككە بىر ئې-
سىل دالا ئاپتوموبىلى كېلىپ توختىدى. كەلگۈچىلەر ئۈرۈمچىدىن كەل-
گەن بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياۋا قىرىنقۇلاق سېتىۋالىدىغانلىقىنى
ئېيتىشتى.

ياۋا قىرىنقۇلاققا ئائىت خەۋەرلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق تېز تارقىلى-
دۇ؟ بەلكىم، ئۇ ھەققەتەن ياخشى نەرسىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ قانداق ياخ-
شى تەرەپلىرى باردۇ؟ ئۇ كىشىلەر ياۋا قىرىنقۇلاقنى كۆپ سېتىۋالدى،
ئۇلار ئۆزلىرى ھەرگىز يەپ بولالمايدۇ. مېنىڭچە، ياۋا قىرىنقۇلاقنىڭ
چوقۇم باشقىچە ئىشلىتىش يوللىرى بار.

گەرچە بىز بىر نەچچە يىلدىن بېرى شۇنچە كۆپ ياۋا قىرىنقۇلاق

يىغىۋېلىپ ساتقان بولساقمۇ، ئەمما، بىز يەنىلا ياۋا قېرىنقۇلاقنى تازا چۈشەنمەيدىكەنمىز! بىز ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلمىز، ئۇنىڭ قانداق مەخپىي جايغا يوشۇرۇنغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇنى تاپالايمىز، ئەمما، بىز ئۇنىڭ تەقدىرىنى بىلمەيمىز. بىراق، بۇمۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس.

بىز يىغىپ كەلگەن ياۋا قېرىنقۇلاقلار ئۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ بولالمايتتى. شۇڭا، بىز بىر قىسىم خېرىدارلارنى سىلىق رەت قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇلار ياۋا قېرىنقۇلاقنى چوقۇم سېتىۋېلىش ئۈچۈن يۇقىرى باھا قويۇشتى، شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ باھانى ئۆستۈرۈپ، ھەر كىلوگرامنىڭ باھاسىنى 150 يۈەنگە يەتكۈزدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە بولسا، كىم ئەڭ يۇقىرى باھا قويسا شۇنىڭغا ساتىدىغان بولدۇق.

توختىماي چىقىۋاتقان شامالغا ئەگىشىپ، قېرىنقۇلاقنىڭ سېھىرلىك ئۇرۇقلىرى تېخىمۇ يىراقلارغا كېڭەيمەكتە ئىدى. تاغدىمۇ بىزنىڭ ئائىلىدىن باشقا ياۋا قېرىنقۇلاق يىغىش ئەترەتلىرى ئاستا – ئاستا كۆپەيمەكتە ئىدى. مانا ھازىر، سايقىنبۇلاقنىڭ يازلىقىدا، يەنى، بىزنىڭ چېدىرىنىڭ شىمالىدىكى دەريا بويىدا ئاشپۇزۇل ئاچىدىغان خۇيزۇلارمۇ ۋۇسكا ئېلىپ ياۋا قېرىنقۇلاق يىغىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ يىغىۋېلىش باھاسى بىزنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. ئادەمنى تېخىمۇ تېرىكتۈرىدىغىنى شۇكى، بىز ھەر قېتىم باھانى ئۇلارنىڭكى بىلەن تەڭلەشتۈرسەك، ئۇلار باھانى يەنە دەرھال ئۆستۈرەتتى. بۇنداق ئەھۋاللارغا قاراپ، خۇددى ئۇرۇش بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. قولىمىزغا يىغىلغانلىرى ياۋا قېرىنقۇلاق تۈگىگەنچە كېلىدىغان كىچىك باللارمۇ كەلمەس بولدى. بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، باشقىلاردىن يىغىۋالغان ئازغىنا ياۋا قېرىنقۇلاقتىن باشقىلىرىنى ئاساسەن ئۆزىمىز يىغىپ كېلەتتۇق. نېمىلا دېگەنبىلەن، بىز بۇ ئىشنى باشقىلاردىن بۇرۇن باشلىغان. تاغقا چىقىپ تەلىيىنى سىناپ باقىدىغان، ئورمانلىقنى

قارىسىغا ئاختۇرىدىغانلارغا قارىغاندا، بىز بۇ تاغلىق رايونغا تېخىمۇ پىششىق، تەجرىبىلىرىمىز تېخىمۇ ئىشەنچلىك، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ تاپىدىغان پۇلىمىزمۇ كۆپ بولىدۇ-دە! ئىشقىلىپ، ئاشخانا ئاچقاندىكىدىن كۆپ پۇل تاپالايمىز.

ئۇنىڭ ئۈستىگە رەشىدەگە ئوخشاش كونا دوستلىرىمىز خۇددى بىزگە قېرىنداشلارچە مېھرى چىڭ باغلىنىپ كەتكەندەك، يىغقان ياۋا قېرىنقۇلاقلىرىنى پەقەت بىزگىلا ئۆتكۈزەتتى. نېمىلا بولمىسۇن، بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئۇزاق بولغان ئىدى-دە! «كونا تىككۈچى» دېسە بۇ ئەتراپتا تونۇمايدىغىنى يوق.

ئانامنىڭ ئۈنۈملۈك بىر ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ، تارازىنى يۈدۈپلا ئورمانلىققا كىرىپ، ئۇچرىغانلىكى ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىۋاتقان چارۋىچىنى تۇتۇۋېلىپ، نەق مەيداندىلا ئۇلار تەرگەن ياۋا قېرىنقۇلاقلارنى جىڭلاپ يىغىۋېلىش ئىدى.

ياۋا قېرىنقۇلاق تەرگۈچىلەر ئارىسىدا ئاياللار قوشۇنى ھەممىدىن قالتىس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەمچىلەرنىڭ ئاياللىرى بولۇپ، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يۇرت – ماكانىدىن ئايرىلىپ، نۇرغۇنلىغان جاپا – مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، بالىلىرىنى يۈدىگىنىچە ئەرلىرىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار بەزىدە ئەرلىرىگە ياردەملىشىپ ئانچە – مۇنچە جىسمانىي ئەمگەك قىلغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا ئۆيلىرىدە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلار ئىدى.

ئۇلار جاپادىن ھەرگىز قورقمايتتى. ئۇلار بىر قانچە ھورنانىنى يانچۇقلىرىغا سالاتتى-دە، ئۆزىدىنمۇ يوغان توقۇلما سۇلياۋ تاغارلارنى مۈرىسىگە ئارتقىنىچە ئورمانلىققا كىرىپ كېتەتتى، شۇ بىر كىرىپ كەتكىنىچە، بىر قانچە كۈنگىچە ئورمانلىقتىن چىقمايتتى. ئېلىۋالغان سۇلياۋ، قەغەزلەرنى ئوت – چۆپلەر بىلەنلا ياسالغان، قىروۋ، مۇز قاپلاپ كەتكەن كەپە ئىچىگە سېلىپلا، چاپانلىرىنى يېپىنغىنىچە كېچىنى ئۆتكۈزۈشەتتى.

بىز بولساق ئەتىگىنى چىقىپ كېتىپ، كەچتە چوقۇم ئۆيگە قايتىپ كېلىمىز. بەك يىراق جايلارغا بېرىپ ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا، بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى تېرىپ بولغان جايلارغا قايتا بېرىپ، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە قايتا ئۆسۈپ چىققان ياۋا قېرىنقۇلاقلارنى تېرىمىز.

ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى بەك تېز، بولۇپمۇ، يامغۇردىن كېيىن ئالاھىدە تېز ئۆسىدۇ. ئەمما، ھازىر ياۋا قېرىنقۇلاق تەرگۈچىلەر بەك كۆپ بولغاچقا، ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى تېرىش سۈر-ئىتىگە زادىلا يېتىشەلمەيۋاتاتتى.

ئانام ئاخىرى ئۇلار بىلەن ياۋا قېرىنقۇلاق تالاشماسلىقنى قارار قىل-دى. ئۇ ياۋا قېرىنقۇلاقنى ھېچكىم بېرىپ باقمىغان جايلارغا بېرىپ تې-رىشنى ئويلاۋاتاتتى. بىر كۈنى رەشىدە دۇكانغا كەلگەندە ئانام ئۇنىڭ بىلەن نېمىلەرنىدۇ دەپ بىر ھازا كۇسۇرلاشتى. رەشىدە كېيىنكى قېتىم كېلىشىدە يەنە بىر ئاتنى ئارتۇق ئالغاچ كەلدى. ئانام بىلەن تاغام بىر ئاز رەخت، بىر قانچە بولاق چاقماق قەنت ۋە بىر نەچچە قۇتا كونسېرۋانى سوۋغات سۈپىتىدە رەشىدەگە بەردى-دە، ئاتقا مىنىشىپ رەشىدە بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇلار شۇ كەتكەنچە بىر ھەپتىگىچە قايتىپ كەلمىدى. رەشىدەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كىگىز ئۆيىنى تاغ كەينىدىكى چېگرىغا يېقىن جايغا تىككەنىدى. ئۇ يەرنى خۇددى تەكلىماكان قۇملۇ-قىغا ئوخشاش «ئادەم ئاياغ باسمىغان ماكان» دېسەك ئېشىپ كەتمەيتتى. ئۇ يەردە ئورمانلىقنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ قويۇق ئىدى. ئانام ئېلىپ بارغان توقۇلما سۇلياۋ خالتىلارنىڭ ھەممىسى ياۋا قېرىنقۇلاق بىلەن لىق توشقانىدى. ئانام ياۋا قېرىنقۇلاقنى خالتىغا بەك چىڭداپ قا-چىلىغاچقا، ئېزىلىپ كەتكەنلىرىمۇ خېلى بار ئىدى. ئىشقىلىپ، بۇ قېتىم-لىق ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىش ھاياتىمىزدىكى نۇرغۇن قېتىملىق ياۋا قېرىنـ-قۇلاق تېرىش سەپىرى ئىچىدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر قېتىملىقى ھې-سابلىناتتى.

ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئانام بايقىغان «يېڭى قۇرۇقلۇق» باشقىلار تەرىپىدىن «ھۇجۇم» قىلىنىپ ئىگىلىۋېلىندى. ئانام ئىككىنچى قېتىم ئۇ يەرگە بارغاندا، ئۇ يەرگە باشقىلارنىڭمۇ كەلگەنلىكىنى بايقىغانىدى. دالىنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك كىشىلەر چۈشكۈن قىلغان ئىزنالار بار ئىدى. ئۇلار بارالىغانلىكى جايدىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەرەخلەردە پىچاق ئىزى قالغانىدى. شۇڭا، ئانام بۇ قېتىم قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. ئانام ئاچچىقىدا موڭغۇلىيەگە چىقىپلا ياۋا قىرىنقۇلاق تېرىپ كەلگۈدەك بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئۇ يەرگە بارسام، قېنى كىم مەن بىلەن تالىشالايدىكىن، دەپ ئويلايتتى.

ئانامنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتكەن ئاشۇ كۈنلەردە، مەن ھەر كۈنى ئىشىك ئالدىدىكى چۆپلۈك ئۈستىدە تۇرۇپ، ئەتراپىمدىكى ھەيۋەت تاغلارغا، يىراقتا قارىيىپ تۇرغان ئورمانلارغا، ياپيېشىل دۆڭلۈكلەرگە، يەنە كۆز يەتكۈسىز غايەت زور تاغ جىلغىلىرىغا، تولىمۇ ئېگىز ھەم تىك قىيالارغا ئۇزاقتىن – ئۇزاق نەزەر سالىمەن. مەن تېخى بېرىپ باقمىغان ئاشۇ جايلارنىڭ قانداق قىلىپ ئۇلارغا ئاللىقاچان تونۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى، مۆجىزىلىك تۇيغۇ بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا غايەت زور كۈچ مەۋجۇت ئىدى. ئۇ قانداق كۈچتۇ؟ مەن ئەتراپقا ئۇزاقتىن – ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. بىر چاغدا، يىراقتا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. مەن ئۇلارغا يەنە بىر ھازا قاراپ تۇردۇم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەرمۇ تونۇش چىراي كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ مۈرىسىگە ئارتىۋالغان يۈك – تاقلىرى تولىمۇ يوغان ھەم ئېغىر ئىدى. ئۇلار دۇكىنىمىزغا كېلىپ سەرەڭگە سېتىۋالغانىدىن كېيىن، سەرەڭگىنى سۇلياۋ بىلەن مەھكەم ئوراپ ئىچ يانچۇقلىرىغا ئاۋايلاپ سېلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردۇم. ئۇلارنىڭ جىسمىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە سەرەڭگە يوشۇرۇنغان بولغاچقا، خۇددى ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرۇۋاتقاندەك

هېس قىلدىم.

ئۇلار بارىدىغان جاي ھەرگىز بۇ تاغ – داللارنىڭ مەلۇم بىر يىردىكى مەن بىلىدىغان جاي ئەمەس. بەلكى، بۇ تاغ – دالا بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ، پەقەت ياۋا قېرىنقۇلاق بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بىر جاي.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ يىلى گەنسۇ، نىڭشىيا ئۆلكىلىرىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەچكە، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار جان بېقىش ئۈچۈن تۆركۈم – تۆركۈملەپ شىنجاڭغا كەلگەن. باشكۆۋرۈككە كەلگەنلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى. تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلار باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى، ئۇلار باشقا كىشىلەر توپىدىن يىراق جايلاشقان بولۇپ، بىز بىلەن قەتئىي ئالاقە قىلمايتتى. ھەتتا، بىز نىڭ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى دۇكىنىمىز غا كېلىپ نەرسە – كېرەك سېتىۋالمايتتى، ئاشپۇزۇلىمىز دىمۇ تاماق يېمەيتتى. ئۇلار يوتقان – كۆرپە، قازان – قومۇچلىرىنى يۈدۈپ، ئۇن – مايلىرىنى مۈرىلىرىگە ئارتىشقىنىچە توپ – توپ بولۇشۇپ، سايقىنبۇلاقنى يىراقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى-يۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يىراق بىر جايدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلار يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن، يوتقان – كۆرپە، قازان – قومۇچلىرىنى يۈدۈپ، ئۇن – مايلىرىنى مۈرىلىرىگە ئارتىشقىنىچە كەينىگە قايتىشاتتى. بىز ئۇلارنىڭ قەيەرگە جايلىشىپ، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىنى زادىلا بىلەلمەيتتۇق.

ئۇ مەزگىللەردە تاغ – دالىغا كەلگەنلىكى ئادەم ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىپ سېتىشنى قوشۇمچە كەسىپ قىلىۋالغانىدى. كېيىن ئاستا – ئاستا زور تۆركۈمدىكى ئادەم ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىپ سېتىشنى ئاساسلىق كەسىپ قىلىۋالدى. ياۋا قېرىنقۇلاقمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلار ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىپ سېتىشتىن باشقا يەنە قانتېپەر،قۇرتئوت، ياقۇت قاتارلىق ساتقىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى ھېچنېمىگە قارىماي بۇلاڭ – تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ تەسىرىدە تاغ باغرىدىكى ئورمانلىق ئەتراپىدىكى ئوتلاق ۋە سازلىقلار ۋەيران بولۇپ

كەتتى. يەرلىك ئاھالىلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن نارازى بولۇشتى. ئەۋلادمۇ – ئەۋلاد بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن چارۋىچىلار يايلاق ۋە ئورمانلىقنى خالىغانچە ۋەيران قىلماي كەلگەن بولۇپ، مال – چارۋىلار يايلاقتىكى ئوت –چۆپلەرنى قانچىلىك يېسە مەيلى ئىدىكى، ئەمما، ئىنسان يايلاق ۋە ئورمانلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلسا قەتئىي بولمايتتى. لېكىن، يايلاققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ماجرالار كۈندىن – كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى.

بەزىلەر ياۋايى ھايۋانلارنى ئوغرىلىقچە ئوۋلىسا، يەنە بەزىلەر پارتلاتقۇچ دورىلارنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ، تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كۆللەرنى پارتلىتىپ بېلىق تۇتاتتى. بۇ يەردە ئوۋ ئوۋلاش قانۇنغا خىلاپ ئىدى. قىرغىنچىلىق كۈچى يۇقىرى بولغان قوراللارنى ئىشلىتىپ، قالايمىقان ئوۋ ئوۋلاش تولىمۇ ئادالەتسىزلىك ئىدى. گەرچە، قازاقلار ئارىسىدا بۇرۇن ئوۋچىلار بار بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش قانۇنىيىتىگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى، ھايۋانلارنى ھۆرمەت قىلاتتى. قازاقلارنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرى بويىچە بولغاندا ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلارنى يېيىشكە بولمايدۇ. پەقەت ئۆزلىرىنىڭ قوي، كالىلىرى، سۈت مەھسۇلاتلىرى ھەمدە بۇلارغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق كەلگەن نەرسىلەرنىلا يېيىشكە بولاتتى. ئۇلار نەدىمۇ ھازىرقى كىشىلەرگە ئوخشاش ئاچكۆزلۈك قىلسۇن؟ بەلكىم، چارۋىچىلار ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن مۇھىت بىلەن ئىناق، باراۋەر ئۆتۈپ كەلگەچكە، بۇ يەردە نەچچە مىڭ يىللاپ ياشاپ تۇرالىغاندۇ! بىز چۇ؟ بىز بۇ يەردە قانچىلىك ياشىيالايمىز؟

ئەسلىدە ئىنسان توپىدىن يىراق تاغ – داللار خۇددى تۇيۇقسىزلا ئېچىۋېتىلگەندەك ئېغىر سۈكۈتتە ئىدى.

ئەمما، ئادەمنىڭ نەپسى، ھەۋەسلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ قەتئىي ئىرادىسى بارغۇ دەيمەن؟... بېشىمىزنى كۆتۈرسەك يەنىلا شۇ كۆپكۆك ئاسمان، خۇددى بارمىقىمىزنى تەگكۈزۈپلا قويساق مەيىن دولقۇن تارىلىدىغان تىنچ كۆل سۈيىگە ئوخشاش.

تۆت ئەتراپ تولمۇ تىنچ، مەيىن شامال بىلەن ئېقىنلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازلىرى بەكمۇ ئېنىق.

سىرتتىن ئىش ئىزدەپ كەلگەنلەر، ناھىيە ئىچىدىكى ئىشتىن قالـ-غانلار ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بەس - بەستە ياۋا قېرىنقۇلاق توغرىسىدىكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرەتتى-دە، قىلچە ئىككىلەنمەي يۈك - تاقلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتقىنىچە تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يول ئېلىشاتتى.

ئۇ يىلى كۈزدە بىز تاغدىن يېنىپ چۈشكىنىمىزدە ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى ئاللىقاچان 200 يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، قىش كىرگەندە بولسا 250 يۈەنگە ئۆرلەپ كەتتى.

گەرچە ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ باھاسى ئۈچ ھەسسىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما، ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ يېتىلىشى ياۋا قېرىنقۇلاق تەرگۈچىلەرنىڭ سۈرئىتىدىن خېلى ئاستا بولغاچقا، تاپقان پۇلىمىز يىل بېشىدا پەرەز قىلغىنىمىزدىن بەكلا ئاز بولدى. بۇ نەتىجىدىن ئانام تازا رازى بولمىـ-دى، ئۇ ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى قىشتا تاغقا چىقىپ ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىشنى قارار قىلدى.

قىشتا يەر - جاھاننى ئاپپاق قار - مۇز قاپلىدى، ھەتتا، تاغ ئېتىـ-كىدىكى قارنىڭ قېلىنلىقى نەچچە ئون سانتىمېتىرغا يېتىپ، يوللارنىڭ ھەممىسى ئېتىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق تۆۋەن تېمپىراتۇرىدا ياۋا قېرىنقۇلاق ئۆسمەيتتى. بەلكىم، ياۋا قېرىنقۇلاق تەرگۈچىلەرنىڭ ئا-يىغى يېتىپ بارالمىغان پىنھان جايلاردا، كىشلەر قايتىپ كېتىپ، قىش كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆسۈپ قالغانلىرى يەنە بار بولۇشىمۇ مۇمـ-كىن. ئۇنداق ياۋا قېرىنقۇلاقلار قېلىن قار ئاستىدا قېلىپ ئۆزلىرىنى يو-شۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئانام ئىنتايىن ئەقىللىق ئىدى. ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ ياۋا قېرىنقۇلاق يىغىش قىزغىنلىقى پەسەيگەن، قىش كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئۈمىدسىز-لىنىپ تۇرغان پەيتتە، تاغامنى باشلاپ تاغقا يول ئالدى. يولغا چىقىشتىن

بۇرۇن ئۇ سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزگە «باشقىلار سوراپ قالسا ناھىيەگە كىرىپ كەتتى» دەڭلار دەپ قايتا – قايتا تاپىلىدى.

دېگەندەك، ئۇلار تاغدىن قايتىپ كەلگۈچە تونۇش – بىلىشلەردىن بىرەرىمۇ ئۇ ئىككىيلەننىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلەنمىدى. ئەدەپ يۈزىسىدىن سوراپ قالغۇچىلارنىڭ ئېرىشكەن جاۋابى بولسا « ئۇلار ناھىيە بازىرىغا ئىش بېجىرگىلى كەتكەن...» بولدى.

ئانام يولغا چىققان چاغدا تاغامنىلا ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان بولسا، قايتىپ كېلىشىدە بىر توپ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈۋالغانىدى.

ئانام ئىككىيلەن 10 نەچچە كۈندە قايتىپ كەلگەنىدى. مەن ئانامغا قارىدىم، ئۇنىڭ يۈزى سوغۇقتىن يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، پۇت – قول بارماقلىرىنى ئۈششۈك يارىسى قاپلاپ كەتكەنىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتى بولغانىدىلا، ئۇلار تېرىپ كەلگەن ياۋا قېرىنقۇلاقلارنى بىزگە كۆرسەتتى. ئۇلار تېرىپ كەلگەن ياۋا قېرىنقۇلاق ناھايىتىمۇ ئاز بولۇپ، قارىغانچە كىشىنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى.

ئۇلار تىزغىچە كېلىدىغان قاردا ئىنتايىن تەسلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىگەن؛ ئېگىز تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپ تۇيۇقسىز قار ئاستىدىكى تاشقا سوقۇلۇپ، موللاق ئاتقىنىچە قارغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىپ چىقالمىغان؛ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەرەخلەر ئۈستىدىكى قارلارنى ئاۋايلاپ تازىلاپ قارا قېرىنقۇلاق ئىزدىگەن؛ تۈن پەردىسى يېپىلغاندا بولسا شامالدىن دالدىلانغىلى بولغۇدەك قۇرغاق جاينى تاپالمىغان...

شۇ يىلى باھار بايرىمىدا ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ باھاسى ئۆسۈپ 300 يۈەنگە يەتتى. جىمى ياۋا قېرىنقۇلاق سودىگىرىنىڭ يىغىپ قويغان ياۋا قېرىنقۇلاقلىرى پاك – پاكىز سېتىلىپ بولدى. ھەتتا، تاسقىغاندا غەلۋىردىن ئۆتۈپ كەتكەنلىرىمۇ ھەر كىلوگرامى 100 يۈەندىن سېتىلدى. ئىشىكىمىز ئالدىغا كېلىپ ياۋا قېرىنقۇلاق سېتىۋالماقچى بولغانلار بىزنىڭ « راستىلا تۈگىدى، سىزنى راستىلا ئالدىمىدۇق» دېگەن گەپلىرىمىزگە ئىشىنىشمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار بىزنى ياۋا قېرىنقۇلاقنى باستۇرۇۋېلىپ،

باھاسىنى ئۆستۈرمەكچى بولۇشۋاتىدۇ، دەپ ئويلاشتى...

ـ350 يۈەن بېرەي، بـولامدۇ؟...380 يۈەنچـۇ؟... ھەي، سىـز دىـن ئۆتۈنەي... 400 يۈەندىن بېرىك، بولامدۇ؟

شۇ مەزگىللەردە، مەن ئۇ كىشلەرنى ياۋا قېرىنقۇلاقنى ييىش ئـۇ-چۇن ئەمەس، باشقىلارغا سوۋغات قىلىش ئۈچـۈن سېتىـۋالىدىغـۇ، دەپ پەرەز قىلاتتىم. شۇڭا، ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ باھاسى 400 يـۈەنگە ئۆسـۈپ كەتكـەن ىدى. چوڭ – چوڭ شـەھەرلەردە ياشـاۋاتقان كـىشلـەر ھـەر قانداق ئىشنى بىز دىن ئەتراپلىق، پۇختا ئويلايدۇ. ياۋا قېرىنقۇلاق ئۇلار-نىڭ قولى بىلەن مەخپىي ھالدا ئالماشتـۇرۇلۇپ، ئاخـىرى ئۆزى بىلـەن قىلچە ئالاقىسى يوق بىر جايغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار يىراق – يىراقلاردىن بىز نىڭ خىلۋەت دۇكىنىمىز غا كېلىپ تەشنالىق بىلەن سۆزلـىشىدۇ، ئـۇ-مىدسىز لىك ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمۈشىدۇ. بەزىلەر ئىشىك سىـرتىدا تـۇ-رۇپ ياۋا قېرىنقۇلاق توغرىسىدا پاراڭلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ كېچىدى-كى قىياپىتى ئۇلاردا تولىمۇ مەخپىي باشقىچە غەرەز باردەك تۇيغۇ بېـرد-دۇ. بىز ئىشكنى ئېچىپ چىقساقلا ئۇلار گەپتىن توختايدۇ، ئەمما، يەنىلا دۇكىنىمىز ئالدىدىن كەتمەيدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا پۈتكۈل باشكۆۋرۈكنى بىر خىل ئەنسىز لىك قاپلىغاندەك قىلاتتى.

ئۈچىنچى يىلىغا كەلگەندە، ياۋا قـېرىنقـۇلاق سودىسى تـەلۋىلەرچـە ئەۋج ئېلىپ كەتتى. شۇ ياۋا قېرىنقۇلاق قىز غىنلىقىغا ئەگىشىپ چارۋا – ماللاردا كەڭ كۆلەملىك ۋابا تارقالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل تارىختىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چارۋا – مال كېسەللىكى ئىكەن. مەن ئۇ ۋاباني خۇددى ياۋا قېرىنقۇلاققا ئوخشـاش يېڭىـدىن يېتـىپ كەلگـەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ بىرى دەپ جەزملەشتۈردۇم... نەتىجىدە، قوي، كالىلار تۈركۈم – تۈركۈملەپ تىرىك كۆمۈۋېتىلدى. تاغ قامال قىلىـنىپ، جىـد-دىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى، تاغ ئۈستىدىكىلەرنىڭ چۈشۈشىگە، تاغ ئېتـە-كىدىكىلەرنىڭ تاغقا چىقىشىغا يول قويۇلمىدى.

بىز بىر قانچە كۈن كېچىكىپ قالغاچقا باشكۆۋرۈكتە توسۇلۇپ قـال-

دۇق. ئەسلىدىكى تونۇش ئورمان قاراۋۇللىرى ۋە تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكىلەرمۇ چېگرىدا يۈرۈش كىنىشكىسىنى بېجىرىپ بېرىشكە قەتئىي ئۇنىماي تۇ-رىۋالدى.

دەل شۇ كۈنلەردە، ئۇدا ئىككى كۈن يامغۇر ياغدى. بۇ ۋاقىتتا ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ تېز ئۆسىدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچى تى-تىلداشقا باشلىدى. شۇڭا بەزىلەر تاقەت قىلالماي باشقۇرۇشنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، غەرب تەرەپتىكى تاشلىنىۋېتىلگىلى ئۇزاق بولغان، خۇددى تەبىئىي توسۇقتەك كونا يول بىلەن چىقىپ كېتىشتى. كېيىن، ئۇلار قايتىپ كەل-مىدى. پەرىز مىدە، ئۇلار ئالىقاچان بارماقچى بولغان مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ، چوڭ - كىچىك سومكىلارغا ياۋا قېرىنقۇلاق تېرىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئادەم شۇنداق قىلىشنى قارار قىلىشتى. ئەمما، كۆ-پىنچىسى كونا يول ئاغزىغا بېرىپلا، كونا يول بىلەن ھەرگىزمۇ ماڭغىلى بولمىغۇدەك دېيىشىپ قايتىپ كېلىشتى.

ئۇ يولدا ماڭغىلى بولغان تەقدىردىمۇ، بىز نىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇنداق قىلالمايتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن بىز دۇكان ئاچىمىز ، قولىمىزدا نۇرغۇن مال بار، چوقۇم ماشىنا ماڭالايدىغان يول بىلەن مېڭىشىمىز كېرەك. نۇر-غۇن ئادەم كېچىدە يولغا چىقىپ، خۇددى ئوغرىلاردەك تىمىسقىلاپ يۈ-رۈپ تاغقا چىقماقچى بولۇشتى. ناۋادا ئۇلار تۇتۇلۇپ قالسا نۇرغۇن جە-رىمانە قويۇلىدۇ. ئەمما، ئۇلار جەرىمانىگە پەرۋا قىلماي، ئامال تېپىپ تاغقا چىقىدۇ.

ئانام ئامالسىزلىقتىن تولىمۇ تىتىلداپ كېتىپ باراتتى، تەرەپ - تە-رەپكە قاتراپ ئامال ئىزدەپ ئاچچىق يۈتاتتى. ئاخىرى ئۇ چىشىنى چىش-لەپ، بەزىلەرگە تاغدىن چۈشكەندە چوقۇم بىر نەچچە كىلوگرام ياۋا قې-رىنقۇلاق ئالغاچ كېلىمەن، دەپ ۋەدە بېرىپ، يەنە بىر مۇنچە پۇل خەج-لەپ، بىر مۇنچە كىنىشكىلەرنى بېجىردى. شۇندىلا، ئالاھىدە ئەھۋال تە-رىقىسىدە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە يول قويۇلدى.

ئەمما، ئانام تاغقا چىقىپلا ئادەمنىڭ ئىشەنگىسى كەلمەيدىغان دەرىجىدىكى قالايمىقانچىلىقنى كۆردى. تاغدىن بەزىدە بۇلاڭچىلىق بولغانلىق توغرىسىدا خەۋەرلەر كېلەتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنى ئاشۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاپەتتىن قېچىپ كەلگەنلەر قىلغانمىش. ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇددى بىر تەرتىپسىز دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە ئەزەلدىن بىر ئېنىق نازارەت قىلىش تۈزۈمى بولۇپ باقمىغان،كىشىلەر ھەممە ئىشتا ئۆزلىرىنىڭ قەلبىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنى تىزگىنلەپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ يەردە ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تىزگىنلەش كۈچى چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما، شۇمۇ يېتەرلىك ئىدى.

ئەمما، ئۇ ئادەملەر پولاتتەك قاتتىق تۈزۈمى بار جەمىيەتتىمۇ زىديان- زەخمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، بۇنداق «ھېچكىم باشقۇرمايدىغان » جاينى دېمەيلا قويايلى! ئۇلار تاغدىن چۈشەلمىدى، ياۋا قېرىنقۇلاقلىرىنى ساتالمىدى، قولىدا پۇل بولمىغاچقا يىگۈدەك نەرسە ئېلىپ يېيەلمىدى، قىسقىسى، ياشاشقا ئامالسىز قالدى. شۇڭا ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلدى...

بۇ ئەتراپقا ئورۇنلاشقان كىگىز ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مال - چارۋىلىرىنى باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىدىغانلار ئىدى. مال - چارۋىلار ئالىلىقاچان تاغ كەينىدىكى چېگرا رايونغا كەتكەن بولۇپ، ئۆيدە پەقەت ياشانغانلار، ئاياللار ۋە باللارلا قالغانىدى. ئۇلار كالىلارغا قارىغاچ سۈت يېمەكلىكلىرىنى ياسايتتى. ئۇ مەزگىللەردە ھەممە ئادەم تولىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، تۇيۇقسىز ھېچقانداق تايانچىسى يوقتەك ھېس قىلىشتى. بۇ تاغدا مەيلى قانداقلا ئىش يۈز بەرسۇن، ئۇلار تاقابىل تۇرالمايتتى، قېچىپمۇ قۇتۇلالمايتتى. يەنىلا ۋەتەن قوينى ياخشى ئىكەن، نېمىلا ئىش يۈز بەرسە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا بېرىپ ياردەم سورىغىلى بولىدۇ... تاغ ئىچىدىكى تىنچ تۇرمۇش نېمە دېگەن ئاجىز - ھە!

يۇقۇملانغان چارۋىلار يەنىلا تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر تەرەپ قىلىن-

ماقتا ئىدى، سايىنبۇلاقنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى.

بىز ئورمانلىقتا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتۇق. ئەمما، ھەر قېتىم ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالسام، ئەتراپ يەنىلا خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ھەم مەڭگۈ ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدىغاندەك جىمجىتلىقتا چۆمگەن پېتى تۇراتتى. بىز شاۋقۇنلۇق ئورماننىڭ مەلۇم بىر يېرىدىكى ياۋا قېرىنقۇلاقنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈردۇق. ھېچكىمنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىمىغان ياۋا قېرىنقۇلاقلار خالىغانچە ئۆسمەكتە ئىدى... لېكىن، بىزنىڭ مۇشۇنداق ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئۇ يەرگە ئۇزاقتىن – ئۇزاق قارىماقتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق.

ئۇ يىلى بىز ھېچقانچە سودا قىلالمىدۇق. مال – چارۋىلىرىدىن ئايرىلغان چارۋىچىلار ھۆكۈمەتتىن ئالغان ئازغىنا ياردەم پۇلىنى تولىمۇ تېجەشلىك بىلەن خەجلەيتتى. دۇكىنىمىزنىڭ سودىسىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى بوش بولۇپ، ھېچنەرسە سېتىلمىدى. گەرچە بىز بىر ئاز ياۋا قېرىنقۇلاق يىغقان بولساقمۇ، ئەمما، ئۇلار تاغدىن چۈشكەندە باشقىلارغا بەرگەن «ۋەدە»نى قايتۇرۇشقىمۇ يەتمەيتتى.

تۆتىنچى يىلى. بىز قىشتىن بېرى مەسلىھەتلىشىپ، ياۋا قېرىنقۇلاق يىغىش ئىشىغا تازا بىر كىرىشىپ باقماقچى بولۇشتۇق، يەنى تۈرلۈك ماللار دۇكىنى بىلەن تىككۈچىلىك دۇكىنىنى كۆۋرۈكبېشىدا قالدۇرۇپ، ئۇ دۇكانلارغا مومام ئىككىمىز قارايدىغانغا؛ ئانام، تاغام ۋە سىڭلىم ئۈچەيلەن ياۋا قېرىنقۇلاق يىغىش سەپىرىگە ئاتلىنىدىغان، ھەر يېرىم ئايدا ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزاق ۋاقىتتا بىر ئۆيگە قايتىدىغانغا كېلىشتۇق.

ئانامنىڭ ئاماللىرى كۆپ ئىدى. ئۇ بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا قانداق قىلغاندا تاغدا ئۇزۇن تۇرغىلى بولىدىغانلىقى، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ جايلارغا بارغىلى بولىدىغانلىقى، يەنە قانداق قىلغاندا ئۆينى خاتىرجەم بېقىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىناتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ تاپقان ئامالى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كوزۇپى بار كىچىك

تېپتىكى يۇك ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ تاغقا چىقىش بولدى.

ئۇ تولىمۇ قالتىس ئويلىغانىدى. كىچىك تېپتىكى يۇك ماشىنىسىنى ھەيدەپ تاغقا چىققاندا بىر - ئىككى ئايلىق ئوزۇق - تۈلۈكنى ئېلىۋال-غىلى بولۇپلا قالماي، يىغىۋالغان ياۋا قىيرىنقۇلاقنى يۆدەپ يۈرمىسىمۇ بولاتتى. ماشىنىنى ھەيدەپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ماشىنا ماڭالمىغۇدەك يەرگىچە بارغاندىن كېيىن، بىر ئادەم ماشىنىغا قاراپ قالسا، قالغان ئىككى ئادەم تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ياۋا قىيرىنقۇلاق تېرىپ چىقسىلا بولاتتى. ماشىنا بولغاندا ئىشلار ھەم بىخەتەر ھەم تېز بولاتتى.

ئانام بۇنداق قىلغاندا ماشىنىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولمايدى-كەن دەپ ئويلىدى بولغاي، ماشىنىغا قارايدىغان ئادەمگە توخۇ بېقىشتىن ئىبارەت قوشۇمچە ئىش تېپىپ بەردى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بىرەر يۈز توخۇنى قەپەسكە سېلىپ ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا تاشلاپ قويۇپ، مەلۇم بىر جايغا ئورۇنلاشقاندا ، توخۇلارنى قويىۋەتسە ئۆزلىرى ئوزۇق تېپىپ يەيدۇ، كەچلىكى توخۇلارنى ماشىنىنىڭ ئاستىغا قاپساپ قويسىلا بولىدۇ؛ ھەممە ئادەم بىكار قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ۋاقىت گۆش ۋە تۇ-خۇم يېگىلى بولىدۇ.

بىراق، بىز نىمكەش ماشىنا بولغان تەقدىردىمۇ سېتىۋالالمايتتۇق. شۇڭا، ئانام ئۇ پىلانىدىن يالتىيىپ، ئېشەكتىن بىرنى سېتىۋېلىش قارارى-غا كەلدى. مەن بۇ پىلاننى دۇرۇس كۆردۈم، قاچانكى ياۋا قىيرىنقۇلاق يىغىش ئىشى توختىغاندا، مەن ئۇنى مىنىپ تاغ - داللارنى ئەركىن - ئازادە كېزەلەيتتىم.

-ئېشەككە يوتقان - كۆرپە، قازان - قومۇچلارنى ئارتساق، تاغ ئىچىدە بىمالال يول يۈرگىلى بولىدۇ، قەيەرگىچە بارالساق، شۇ ھېساب، ئۇ تېخى خېلى تىك تاغلارغىمۇ چىقالايدۇ،-دېدى ئانام ھەممىمىزگە بىر قۇر قاراپ.

-نىمشقا بىراقلا ئات سېتىۋالمايمىز؟ ئات تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى ئېلىپ ماڭالايدىغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز ماڭىدۇ،-دېدى سىڭلىم.

ـ ئات بەك كۆپ نەرسە يەيدۇ، يازدىغۇ باقماق ئاسان، قىشتا قانداق قىلىمىز؟ ھازىر يەم - خەشەك دېگەن قىممەت تۇرسا، ـ دېدى ئانام سىگلىمغا چۈشەندۈرۈپ. ئانام ھەممە ئىشنى ئەنە شۇنداق ئەتراپلىق ئويلايتتى.

ـ پۇلىمىز كۆپەيگەندە نېمە ئالغۇمىز كەلسە شۇنى ئالىمىز، نەگە بارغۇمىز كەلسە شۇ يەرگە بارىمىز … - دېدى ئانام يەنە سەل تۇرۇۋال-غاندىن كېيىن.

كېيىن، ئانام چىقارغان قارارىغا نىسبەتەن يۈرىكىنى توختىتىش ئۈچۈن، كۆكتوقاي ناھىيەسىگە بېرىپ، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يۇرتداشلاردىن بىر نەچچىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. ئۇ يەنە ئىچكىرى-دىكى يۇرتقا تېلېفون قىلىپ، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار بىر نەچچە يۇرتداشقا پىلانىنى ئېيتتى. ئۇلار ئانامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن، دەرھال يولغا چىقىپ، شىنجاڭغا كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

باھار كېلىپ باشكۆۋرۈك ئادەمگە تولۇپ كەتتى. دەريا بويىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئېغىر يۈك - تاقلىرىغا يۆلەنگىنىچە ئارام ئېلىۋاتقان كى-شىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. كۆۋرۈكبېشىغا يەنە بىر تۆمۈرچىمۇ كەلگەن بولۇپ، ئۇ مەخسۇس تاغ مەھسۇلاتلىرىنى كولايدىغان قورال - ساي-مانلارنى سوقۇپ ساتاتتى.

بىر نەچچە ئاخشامدىلا دەريا بويىدىكى قاتار كونا ئۆيلەر قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ، بىر نەچچە ئاشپۇزۇل ۋە مېھمانسارايلار پەيدا بولدى. كېيىن، چىرايلىق ئاچا - سىڭىللار كېلىپ كوچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا ساتىراشخانا ئاچتى. بىر ئاشخانىنىڭ غوجايىنى ئاشخانىسىنى تانسىخانىغا ئۆزگەرتىۋالدى. تانسىخانىدىكى ئاۋاز ياڭراتقۇ ۋە لاپ - لۇپ چىراغلار دېزىل موتورىدىن چىققان توكتا ئىشقا كىرىشەتتى. كەچ كىرىشى بىلەنلا بىر توپ ئەر بۇ يەرگە يىغىلاتتى ـ دە، تاڭ ئاتقۇچە ھاراق ئىچىشەتتى، ھەتتا، بەزىدە قىمارمۇ ئوينىشاتتى.

ياۋا قېرىنقۇلاق يىغىپ، قۇرتئوت كولايدىغانلار بۇلتۇر تاغدىن چۈ-

شۆشتىن بۇرۇنلا بىر نەچچە مەزھەپكە بۆلۈنۈشۈلغانىدى. زادى قانداق بۆلۈنگەنلىكى تازا ئېنىق ئەمەس، ئەمما، بىلىدىغىنىم ئۇلار ئارىسىدا چوڭقۇر ئۆچ - ئاداۋەت بار ئىدى. تاغىنىڭ ئېچكىرىسىدە پەيدا بولىدىغان ھېكايە، چۆچەكلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇنداق مىش - مىش پاراڭلارنىڭ پەقەت ئىككى - ئۈچىلا راست يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بولۇپ چىقاتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يارىلانغانلار ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قاپ- تۇ. بۇ يەردە ئەھۋال قالايمىقان، ئولتۇراقلاشقانلار كۆپ ۋە ھەر يەر- لەردىن كەلگەنلەر بولغاچقا بىرەر - ئىككى ئادەم ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتسە بىلگىلى بولمايتتى.

بۇ يىل چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى ئەسكەرلەرمۇ كۆنلىرىنى جىد- دىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇلار دائىم كېلىپ كىملىك تەكشۈرەتتى ياكى بولمىسا ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى بېجىرەتتى. ئەمما، ئۇلار تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھە دېسىلا ياۋا قېرىنقۇلاق سۈرۈش- تۈرەتتى، ھەممە كىشىگە دېگۈدەك چېگرا پونكىتىدىكىلەرگە بىر قانچە كىلوگرام ياۋا قېرىنقۇلاق تېپىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلاتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، غەرب تەرەپتىكى مەلۇم بىر ئورمان قاراۋۇل- خانىسى زور بىر تۈركۈم ئورمان ساقچىلىرىنى تەشكىللىگەنمىش.

مەن يولدا كېتىۋېتىپ بىر كونا ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمدە، تامنىڭ كەينىدە بولۇۋاتقان بىر قىسىم سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدىم: «... نېمىدىن قورقىمىز؟ ئۇلاردا تاپانچا بولسا بىزدىمۇ بار...»

دەريا بويىدىكى كىچىك ئورمانلىقنىڭ ئىچى سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن بويۇملارنىڭ ئەخلەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئۇزاق يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە شالاڭ ئولتۇراقلاشقان ئاشۇ ئاھالىلەر ئەخلەت كۆمۈر كۈلى ياكى ياغاچ ئوتۇن كۈلى ئىدى. تېخىمۇ ئۇزاق يىللار بۇرۇن مەن كۆمۈر كۈلى ۋە ياغاچ ئوتۇن كۈلىدىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاغلاردا جىمى مەۋجۇدات قىلمۇ سىغمىغۇدەك دەرىجە- دىكى نورمال ئايلىنىشنى داۋاملاشتۇراتتى، ئۇ چاغدىكى دۇنيا تولىمۇ

مۇكەممەل دۇنيا ئىدى.

ياۋا قېرىنقۇلاق بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن جىمى شەيئىنى بايقىغان ۋاقتىمىز دا، ئۇ شەيئىلەر ئاللىبۇرۇن زورىيىپ، ساقلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى.

سىلىيۇدا كېنىدا ئىشلەيدىغان ھېلىقى بالا مېنى ئىزدەپ كەلدى. بىز مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئىسسىنغان چېغىمىز دا ئۇ ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. يەنى، ئۇ ماڭا ياۋا قېرىنقۇلاق، قۇرتئوت، ئىت باش ئالتۇن(تەبىئىي ئالتۇن پارچىسى) ۋە قارا يولۋاس(قارا سىلىيۇدا) كانلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ تېخى بەك ياش ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئۆزىنىڭ مەن بىلەن توي قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى... ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى، مەشتىكى ئوت گۇرۇلدەپ كۆيىۋاتاتتى. ئۇ بۇ يىل ئەمدىلا 16 ياشتا ئىدى.

ئۇ ماڭا:« ياۋا قېرىنقۇلاق تەرگىلى ئىككىمىز بىللە چىقايلى، مەن بىر جايىنى بىلىمەن، ئۇ يەرگە ھېچكىم بېرىپ باقمىغان، ئۇ يەردە چوقۇم ياۋا قېرىنقۇلاق بەك كۆپ...»دېدى. ئۇ يەنە تۇرۇپ:« ھەي، پۇل تاپقاندىن كېيىن نېمە ئالغۇمىز كەلسە شۇنى ئالىمىز ، نەگە بارغۇمىز كەلسە شۇ يەرگە بارىمىز ...» دەيتتى.

قارلارنىڭ ئاستا – ئاستا ئېرىشى بىلەن دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ، يەنە بىر باھار كەلدى. كۆۋرۈكبېشىنىڭ يولى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇن_ماي، قازان – قومۇچ، يوتقان – كۆرپىلىرىنى يۈدۈۋالغان كىشىلەر داۋاملىق شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار خۇددى ئارىسىدا چوڭقۇر تاغ جىلغىسى باردەك ئارىلىق قالدۇرۇپ بىر – بىرىدىن يىراق ماڭاتتى، ھېچكىم ھېچكىمگە يېقىنلاشمايتتى، ئۇلارنىڭ بىرى – بىرى بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى. ئۇلار ھەتتا بىرى – بىرى بىلەن گەپمۇ قىلىشمايدىغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپلا تۇراتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا،ياۋا قىرىنقۇلاق زاكاس قىلغۇچىلار ياۋا قىرىنقۇلاقنىڭ ھەر كىلوگرامىنى 500 يۈەندىن سېتىۋالماقچى بولۇشقانمىش.

بىز نى ئاستا – ئاستا قورقۇنچ باسماقتا ئىدى.

-بۇ يىل يەنە ياۋا قىرىنقۇلاق يىغىمىز مۇ؟

-يىغمىساق قانداق قىلىمىز؟ مەن بارغانچە قىرىپ كېتىۋاتىمەن، كېيىن قانداق قىلىمىز ...-دېدى ئانام بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

ئۇنداقتا، بىز ئىلگىرى قانداق ياشاپ كەلگەن ئىدۇق؟ ئاشۇ بىز ياۋا قىرىنقۇلاق تېرىشنى باشلىمىغان ئۇمىدسىزلىككە تولغان كۈنلەر ھازىرقى تۈگمەس ئارزۇ – ئارمانلارغا تولغان كۈنلەردىن ئېشىپ چۈشەتتى...

ئاشۇ جان تىكىپ پۇل تېپىشنىڭ ھاجىتى يوق ئادەتتىن تاشقىرى ئاددى، ئەمما خۇشاللىققا تولغان كۈنلەر، تەلەي سىناش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە قانائەتچانلىققا تولغان كۈنلەر... يەنە تاغ – دالا، ئورمانلىقلارنىڭ گۈزەللىككە تويۇنغان مەنزىرىسى... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆز تۇيغۇلىرىمىزدىنمۇ گۈزەل، يارقىن ۋە كۈچلۈك. بىز ئاشۇ گۈزەللىكلەر ئارا بىر بىرىمىزدىن مىننەتدار ئىدۇق، بىر بىرىمىزگە ئىشەنگەن ئىدۇق... مانا ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنتۇلۇپ كەتتى! ئورمانلىقتا ئاشۇ ياۋا قىرىنقۇلاقتىن باشقا نۇرغۇنلىغان تولىمۇ ئەزىز ۋە گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلدى...

دەل شۇ يىلى يەنى ياۋا قىرىنقۇلاق پەيدا بولۇپ بەشىنچى ياكى ئالتىنچى يىلى ياۋا قىرىنقۇلاق قايتا تېپىلمىدى. خۇددى بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ يەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش يەنە تۇيۇقسىزلا غايىپ بولغانىدى. ياۋا قىرىنقۇلاق يوقاپ كەتتى، خۇددى بۇ يەردە ئەزەلدىن ياۋا قىرىنقۇلاق ئۆسۈپ باقمىغاندەك... ئورمانلىقتىكى ئىلگىرى ياۋا قىرىنقۇلاق ئۆسىدىغان جايلار خۇددى چۈشتەك قۇپقۇرۇق بولۇپ، ھەقىقەتەن ھېچنېمىنى تاپقىلى بولمايتتى...بوران تاغ جىلغىسىدىن ئۆتكەندە گۈركىرىگەن دەھشەتلىك ئاۋاز چىقاردى. ئاسمان كۆپكۆك ھەمدە

تولىمۇ تىنىق. يايلاقنىڭ يېشىل رەڭگى كىشىگە بىر خىل چۈشەنگىلى بولمايدىغان تۇيغۇ بېرەتتى. ئەمدى ياۋا قېرىنقۇلاق يوق، ئورمانلىقتىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەرەخلەر بەرداشلىق بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر قالمىدى. ئۇلار يىقىلىپ چۈشكەن جايىدا خۇددى لەيلەپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

مەن ئۇ يىلى باشقىلارنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. مەن ھەر كۈنى غېرىبانە دۈكىنىمىز دىلا بولاتتىم. ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتكەن چاغلاردا بولسا، سىرتقا چىقاتتىم ـ دە، ئالتۇندەك قۇياش نۇرلىرىغا چۈمۈلگىنىمچە، دەريا بويىدا سەيلە قىلاتتىم. دەريا بويىدىكى ئەخلەت دۆۋىسى كۈندىن - كۈنگە ئېگىزلەپ كېتىۋاتاتتى...

مەن ئۇ يىلدىكى كىشىلەرنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بەلكىم، ئۇلارنى قايتا ئۇچراتمىغانلىقتىن بولسا كېرەك. تولىمۇ تەستە بىزنى ئۆم قىلغان تۇرمۇش پارچىلىنىپ كەتتى، ئاشۇ تۇرمۇش قويىنىدا تېپىرلاپ يۈرگەنلەرمۇ تارقىلىپ كەتتى. ئەمما، تۇرمۇش يەنە باشقا بىر خىل تۈستە داۋاملاشماقتا ئىدى. گەرچە باشكۆرۈك خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىنېرتسىيەسى بويىچە چىداپ كېلىۋاتاتتى. باشكۆرۈك يەنىلا ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن تولىمۇ يىراق، بۇ يەردە بىرەر ئادەمنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. كۆرگىنىم پەقەت ھەممە يەرگە تارالغان، كۈنسېرى قويۇقلىشىۋاتقان تۇرمۇش ئىزلىرى ئىدى. مېنىڭ كاللامدا خۇددى ياۋا قېرىنقۇلاق قايتا ئۇۋۇسۇپ چىققاندەك، كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ھەر خىل سىرلىق خىياللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى... ئۇنداقتا مەن ھازىردىن باشلاپ بەختلىك ياشايمەنمۇ؟ ئۇنداق بولسا، مەن ھازىردىن باشلاپ ھەممىنى چۈشىنىشكە باشلىدىممۇ؟ يىراقلاردا يۈز بەرگەن كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ھەر بىر ئىش بىزنىڭ غېرىبانە دۇكانىغا يېتىپ كەلگەندە، خۇددى ئاشۇ ئىشلارنى بۇرۇن مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلىمەن. قارىماققا، مەن ئانچە ھەيران بولمىغاندەك كۆرۈنسەممۇ، ئەمما،

ئىچىمدە ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەسرەت چېكەتتىم.

بولدى، بۇ گەپلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويايلى! ياۋا قېرىنقۇلاق تو-غۇرلۇق سۆزلەپ بېرەي، ئەمدى ئۇ يوق بولسىمۇ... راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ ياۋا قېرىنقۇلاق توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز بەكلا ئاددىي ھەم ئاز ئىدى.

ھەئە، ياۋا قېرىنقۇلاق ئەمدى راستىنلا يوق، بىزنىڭ ياۋا قېرىن-قۇلاققا باغلانغان گۈزەل ئارزۇ – ئارمانلىرىمىزمۇ يوقالدى( ياكى ۋاقىت-لىق يوقالغانمىدۇ؟) بىزنىڭ دۇكىنىمىز يەنە تاغقا كۆچۈرۈلدى. دۇكانغا نەرسە – كېرەك سېتىۋالغىلى كەلگەن چارۋىچىلارغا بىز بۇرۇنقىدەكلا كۈلۈمسىرىگىنىمىز چە مۇئامىلە قىلاتتۇق. ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ يوق بولغان-لىقى (ياكى ۋاقىتلىق يوقالغانمىدۇ؟) يەنە يادىمىزغا كېلىدۇ. تۇرمۇش داۋاملاشماقتا، قارىغاندا مۇشۇنداق دېمەكتىن باشقا ئامال يوق ئوخشاي-دۇ. ئەمما، ھەممە نەرسە بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغاندى. تېخىمۇ كۆپ نەرسە مىنۇت – سېكۇنتلاپ يېقىنلاشماقتا، سۈرئىتى بار-غانسېرى تېزلەشمەكتە. مېنىڭچە، ئەڭ زور ئۆزگىرىشلەر شەكىلسىز ۋە شەپىسىز لا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئەمدى، ياۋا قې-رىنقۇلاق يوق، ئەمما، «قارا قېرىنقۇلاق» دېگەن يېڭى سۆز داۋاملىق ئې-غىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە ئىدى، خۇددى ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان، كىشىلەر تەرىپىدىن ئەلۋەتتە شۇنداق دەپ قارالغان سۆزلەرگە ئوخشاش. ياۋا قېرىنقۇلاق يوق بولدى، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ «غايىپ بولغىنى» كىشىلەرگە ھەيران قالغۇدەك ئىش بولۇپ تۇيۇلمايدۇ.

ئۇ كۈنى مەن ئۆزۈم يالغۇز ئورمانلىققا كىردىم. ئورمانلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە تولىمۇ نۇرلۇق بىر نەرسىنى كۆردۈم. مەن ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇ مېنىڭ ئانام ئىدى، ئۇ يەنىلا ياۋا قېرىنقۇلاق ئىزدەۋاتاتتى. مەن يىراقتا تۇرۇپ بىر قاراپلا ئۇنىڭ قو-لىدىن يىراق بولمىغان جايدا بىر تال ياۋا قېرىنقۇلاقنىڭ بارلىقىنى كۆر-

دۇم. ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ياۋا قىرىنقۇلاق، ئۇ تىنچ ئۆس-مەكتە ئىدى، يەنە ئەتراپتىكى تىۋشىلارغا قۇلاق سالاتتى. بىراق، ئانام ئۇنى بايقىمىدى. كېيىن مەن ئانامنىڭ پۈتىنىڭ ئاستىدىكى مۇختەك نەرسە ئۈستىدە تۇرغان يىلاننى كۆردۇم، ئۇ ياۋا قىرىنقۇلاققا ئوخشاش جىمجىت يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. مەن ئۈنۈمنى چىقىرىپ تووۋلاشتىن قورقۇپ، ئامالسىز جايىمدا قىمىرلىماي تۇردۇم. تولىمۇ ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن، ئانام ئاخىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇ جايدىن ئايرىلدى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## پىكىرلىشىش

بىشىمنى ھەممىدىن بەك قاتۇرىدىغىنى، مەيلى مەن نېمىلا دەي، دېگەن گېپىمنى ئەركىنبېككە زادىلا چۈشەندۈرەلمەيتتىم.

-ھەي، ئەركىنبېك، سىز بۇ يەردە تۇرىسىزغۇ؟

-ھە، ياخشىمۇسىز، ياخشىمۇسىز !

-سىز مۇ ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟!

-ياخشى تۇرۇۋاتىمەن

-نەگە ماڭدىڭىز ؟

-ماقۇل، بولىدۇ، بولىدۇ.

- مەن بازارغا ماڭدىم.

-شۇنداق، شۇنداق.

-نەچچە كۈن بولدى ئۆيۈمگە ئوينىغىلى كەلمىدىڭىزغۇ؟

-بولىدۇ، ماقۇل!

-نەچچە كۈن ئىلگىرى مومام ئاغرىپ قالدى.

-توغرا، توغرا، توغرا،راست!

مەن سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قول ئىشارىسى بىلەن چۈشەندۈر-دۇم.

-مومام، ھېلىقى قېرى ئايال كارىۋاتتا يېتىپ... قوللىرىنى مىدىرلى-
تالمايدۇ... ھەم پۇتىنىمۇ مىدىرلىتالمايدۇ... تاماق يېيەلمەيدۇ، بەك بى-
ئارام بولۇپ كېتىۋاتىدۇ...

-ھە... ئۇنداقتا بەك ياخشى بوپتۇ، ناھايىتى ياخشى ئىكەنغۇ.

قولۇمدىكى سومكىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتقۇم كەلدى. بىراق، ئويلاپ باقسام، بۇنى ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ مېنىڭ قول ئىشارەمگە قاراپ جاۋاب بەرگەن تۇرسا. ئۇ مېنى ھاۋا توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندەك ئىدى.

-ماقۇل، ئۇنداق بولسا كېيىن كۆرۈشەيلى، خوش!

-بولىدۇ، بولىدۇ، كېيىن كۆرۈشەيلى!

ئۇ بۇ قېتىم ئەجەب چۈشەندىغۇ؟ مەن ئۇنىڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم.

پەقەت ئانىملا ئۇنىڭ بىلەن بىمالال پاراڭلىشالايتتى. بۇ ھەرگىزمۇ ئانامنىڭ قازاقچىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. بەلكى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى مېنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئەركىنبېكمۇ پۈتۈنلەي خاتا جاۋاب بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىدىن «مەن چۈشىنەلەيمەن» دېگەن مەنە بىلىنىپ تۇراتتى.

بەزىدە تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ سۈكۈتكە چۆمگەن ئەتىگىنى تولىمۇ سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ. تاغقا چىقىپ قوي تې-رىسى يىغىدىغان ئۇيغۇر يۇرتداشلار بىزنىڭ سازلىقنىڭ يېنىغا قۇرۇلغان ئوچىقىمىزنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئىسسىنىشاتتى. ئۇلار ئىسسىنغاچ ھەر بىرى بىر ئېغىز دىن گەپ ئېچىپ، ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان موماملا يېقىن-چىلىق قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى موماىنى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپتۇ، دېسە، بەزىلىرى سالامەتلىكى ياخشىكەن، دەيتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا قولى ئىشقا پىشقانىكەن،دەپ ماختايتتى... موموم بولسا ئۇلارنى ئۆزى ئەتكەن شوۋىگۇرۇچتىن ئىچىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ

ئويلايتتى. تېخىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، مومام بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قالسا، ئۇلار چۇرقىرىشىپ موماملىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەيتتى. ھەتتا، بەزىدە مومام «شوۋىگۇرۇچ نېمانداق قايىنمايدىغاندۇ؟» دېسىمۇ، ئۇلار چاۋاك ئۇرۇشۇپ كېتەتتى.

ئانام ئىككىمىز چېدىر ئىچىدە ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، تولا كۈلۈپ ئۇچەيلىرىمىز ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالاتتى.

ئەلۋەتتە، بەزى نەرسىلەرنى سۆز بىلەن ئىپادىلىمىسەكمۇ، يەنىلا ئاسان چۈشەنگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دوستلۇقنى، مۇھەببەتنى. كىچىك نۇرلاننى كۆرۈپلا قالسىڭىز، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا بىر سىقىم كەمپۈتنى تۇتقۇزۇپ قويىسىز. ياشلار ئەگەر دۇكاندا تورۇۋېلىپ كەتمىسە، سىز چوقۇم قاپىقىڭىزنى ئۈچۈرغىنىڭىزچە قانغۇچە تىللىشىڭىز كېرەك. بولمىسا، بىلىپ – بىلمەي بىر نەچچە ئوغۇل دوستىڭىز بولۇپ قالىدۇ.

ھە راست، يەنە بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئەركىنبېك بىلەن بولغان پاراڭلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا مەغلۇبىيەتلىك بولغان ئەمەس. بىر – ئىككى قېتىمدەك تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى.

بىر كۈنى تاغ جىلغىسىدىكى ئوتلاقتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئالدى بىلەن گەپ ئاچتى.

-ئانىڭىز كەتتىمۇ؟

-شۇنداق. ئادەم ئۆزى تەنھا بولسا نېمە دېگەن زېرىكىشلىك-ھە!

-ئۇنداقتا، ئەتە ئىككىمىز بىللە بېلىق تۇتقىلى بارايلى!

-بولىدۇ،- جىنلا بارار ئۇ يەرگە دەۋەتتىم ئىچىمدە.

ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى.

-ئاۋۇ تاغقا چىقايلى!

-بولىدۇ،- نېمە ئويلاۋاتقىنىڭنى بىلمەمدىم، ئۇخلىماي چۈش كۆرمە،دېدىم ئىچىمدە.

-بۆلجۈرگەن تېرىپ كېلەيلى، بولامدۇ؟

-بولىدۇ،- ئىشىڭنى قىلە، دېدىم ئىچىمدە.

ـ ئۇ يەردىكى بۆلجۈرگەنلەر بەك تاتلىق.

ـ راستمۇ؟

ـ بەك كۆپ، قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى سىز بىلمەيسىز.

ـ ...

ـ ... ئۈستىدىن قارىغاندا كۆرۈنمەيدۇ، ئاستىدىن قارىغاندىلا يوپۇرماقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان غۇژمەك - غۇژمەك قىپقىزىل بۆلجۈرگەنلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ!

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتىم. ئەتراپىمدا بىپايان ئوتلاق يېيىلىپ ياتاتتى. شۇ دەقىقىدە مەن بىر ئاز ئىككىلەندىم. ئانامنىڭ بىر قېتىم تاغدىن چۈشكىچە ماڭا بىر مۇنچە بۆلجۈرگەن ئالغاچ كەلگىنى ئېسىمگە كەلدى. شۇ چاغدا ئانامۇ ئۈستىدىن قارىسا كۆرگىلى بولمايدۇ، ئاستىدىن قارايدىغان گەپ! يوپۇرماقنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان قىپقىزىل بۆلجۈرگەنلەر تولىمۇ تاتلىق، دېگەنىدى.

تا بۈگۈنگە قەدەر، بۆلجۈرگەننى ئويلىسىلا، ئاشۇ قېتىم ئوتلاقتا قىلىشقان شېرىن گەپلەر يادىمغا يېتىدۇ. بۆلجۈرگەن ئاشۇ دەقىقىلەرنى گۈزەللەشتۈرگەنمۇ ياكى قىلىشقان شېرىن گەپلەر بىر تال بۆلجۈرگەنگە رەڭ بەرگەنمۇ؟ زادىلا بىلەلمىدىم.

راست! مەن ھازىرغىچە ئاشۇ ۋاقىتتىكىدەك پاراڭلىشىشنى ئىستەپ باقمىغانىدىم.

## ئات باغلايدىغان قوزۇق

ئەمدى مەن ئات باغلايدىغان قوزۇق توغرىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي.

بىز تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سايلىقنىبۇلاقتا ئەمدىلا كۆچۈپ بارغان چېغىمىز دا، دۈكىنىمىز نىڭ سودىسى بەكلا سۇس ئىدى. ئۇ يىلى تۆت

يلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاقىنلار ئېيتىششى قۇۋۋىي جىلغىسىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانىدى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ تەرەپكە كۆچۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تەرەپتىكى يايلاقتا 200 گە يې- قىن كىگىز ئۆي ئازلاپ كەتتى. كىگىز ئۆيلەر خۇددى مەرۋايىتتەك چېچىلىپ ياتقان تاغ باغرى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان بولۇپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى.

سودىگەرلەرمۇ بىر - بىرلەپ كۆچۈپ كېتىشكەن بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئەتراپتا بىزنىڭ چېدىر قوشۇلۇپ ئىككى - ئۈچلا چېدىر قالغانىدى. ھەر كۈنى زېرىكىشلىك تۈيغۇلىرىمىز بىلەن تېخىمۇ زېرىكىش- لىك تاغ جىلغىسىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كېتەتتۇق.

ئۆي كۆچۈشكە ھەققەتەن قۇربىمىز يەتمەيتتى، چۈنكى، ماشىنا كىرا قىلىشقا پۇلىمىز يوق ئىدى. سودا سۇس بولغاچقا ئۆي كۆچۈشكە يەتكۈدەك پۇل تاپالمىغان ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز باشقىلارنىڭ كۆ- چۈشكە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۇ مەزگىللەردە ھېلىدىن ھې- لىغا يامغۇر ياغاتتى ياكى شامال چىقاتتى. شامال بىز ئەمدىلا يۇيۇپ ئو- تۇن دۆۋىسىگە يېيىپ قويغان كىيىملەرنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ سازلىققا تاشلايتتى. بىز كۆچۈپ كېتىشنىڭ كويىدىلا يۈرگەچكە ئۆيىمىز تولىمۇ ئاددىي ئىدى، تۇرمۇشىمىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ئىدى ھەممە نەرسىنى ئاۋايلاپ ئىشلىتەتتۇق.

بىز بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ئەڭ ئاخىرقى بىر يۇرت- دىشىمىز نەرسە - كېرەكلىرىنى ماشىنىغا باسقاندا، كىيىملىرىمىز يەنە بىر قېتىم سازلىققا ئۇچۇپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئانام دەرغەزەپ بول- دى-دە، قولىغا پالتىنى ئېلىپ ئوتۇن دۆۋىسى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان بىلەك تومۇلۇقىدىكى ئىككى تال ياغاچنى سۆرەپ چىقتى ۋە ئۇ ياغاچلارنى قوزۇق قىلىپ سازلىققا قاقتى. ئاندىن ئۇ ئىككى تال ياغاچقا سىم تارتىپ، ئۆلچەملىك كىيىم قۇرۇتۇش جاھازىسى ياسىدى.

ئۇ ئاشۇ ئىشلارنى قىلغاچ، ئۆي كۆچۈش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەنلەرگە توۋلىدى:«سىلەر كېتىڭلار،كېتىڭلار، مەن سايىقنىبولاقتا يىلتىز تارتىمەن! يېڭى ھاياتىمنى باشلايمەن! يىلتىز تارتىپ كۆكلەيمەن!» ئانام ھەر بىر ھەرىكىتىدە بىر قېتىم توۋلايتتى، توۋلىغانچە ھاياجانلىناتتى.

ئۇلار ماشىنىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئەمدىلا پۈتكەن كىيىم قۇرۇتۇش جاھازىمىزنى تەبرىكلەشتى، دۇكىنىمىزنىڭ سودىسىنىڭ روناق تېپىشىنى تىلەشتى ۋە مومامغا ئۇزاق ئۆمۈرلەر تىلەشتى.

سەمىمىي تىلەك شۇنچە تېز ئەمەلگە ئاشامدۇ، بىلمىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن، دۇكىنىمىزنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپلا كەتتى.

ئەستايىدىل كۆزىتىپ بىلدىمكى، سودىمىزنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىشى ئەسلىدە كىيىم قۇرۇتۇش جاھازىسىنىڭ تۆھپىسىدىن ئىكەن. بىراق، ھازىر ئۇنى كىيىم قۇرۇتۇش جاھازىسى دېسەك تازا قاملاشمايدۇ. چۈنكى، يۈز نەچچە چاقىرىم دائىرىدىكى يەرلىكلەر ۋە يۇرتداشلار ئۇنى ئات باغلايدىغان قوزۇق قىلىپ ئىشلىتىۋاتاتتى.

ئىلگىرى ئۇلار بۇ يەرگە كەلسىمۇ ئات باغلايدىغان قوزۇق تاپالماي، ئايلىنىپ بېرىپ، ئاخىرى ئاتلىرىنى دەريا بويىدىكى قوزۇققا باغلايتتى-دە، نەرسە - كېرەكلەرنى شۇ يەردىنلا سېتىۋالاتتى. بىزنىڭ دۇكىنىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، دۇكىنىمىزنىڭ ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئەمدى بولسا، ئۇلار ئاتلىرىنى بىزنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا باغلاپ قويۇپ، بىزنىڭ دۇكانغىلا كىرەتتى. تىزىملىك بويىچە سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالاتتى، ئاندىن سېتىۋالغان نەرسە - كېرەكلەرنى دۇكانغىلا تاشلاپ قويۇپ، باشقا يەرلەرنى ئارىلاشقا چىقىپ كېتەتتى. قايتار چېغىدا بولسا، سېتىۋالغان نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قايتا بىر تەكشۈرەتتى ۋە يەنە ھېلىلا يادىغا يەتكەن نەرسە - كېرەكنى سېتىۋالاتتى.

يېقىن ئەتراپتىكى سودا قىلىدىغانلار ئاساسەن كۆچۈپ كەتكەن

بولغاچقا، بىز بىلەن رىقابەتلىشىدىغانلارمۇ ئاز ئىدى. شۇڭا، ئانام بەكلا خۇش ئىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا يەنە بىر نەچچە تال قوزۇق قاقتى. گەرچە يەرلىكلەر «ئىشىك ئالدىدا ئاتتىن چۈشسە خەيرلىك بولمايدۇ» دەپ قاراشسىمۇ، ئەمما، بەختكە يارىشا، بىز خەنزۇلاردا ئۇنداق قاراش يوق ئىدى.

بىز ھەر قېتىم چېدىردىن چىققىنىمىزدا، ئىشىك ئالدىدىكى قوزۇقلارغا ۋە ئوتۇن دۆۋىسىگە بىر توپ ئات باغلاقلىق تۇرغان بولاتتى. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ كىرىپ – چىقىشىمىزغا كۆپ قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى.

بىز يايلاق كۆچكەن چارۋىچىلارغا ئەگىشىپ بالارسانىغا كەلدۇق. ئەمدى چېدىر تىكىش ھاجەتسىز ئىدى. بىز كەنتتە كېسەك تاملىق ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئېلىپ جايلاشتۇق، گەرچە ئۆي ۋەيرانە ھەم قاراڭغۇ، مەڭگۈ سۈپۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان توپىغا چۆكۈپ تۇرسىمۇ...

بۇ يەردە سودا ھەققىدە ياخشى ئىدى، شۇڭا، ئىشىك ئالدىغا ئات باغلايدىغان قوزۇق قېقىشنىمۇ ئويلاشمىدۇق، ئۇنداق قىلىشقىمۇ ۋاقتىمىز يەتمەيتتى. چۈنكى، بىز ھەر كۈنى پۈكەي ئالدىدا تۇرۇپ پۇل يىغىش بىلەن ئالدىراش بولاتتۇق.

ھەر ھالدا ئاتلارنىڭ چۈلۋۈرى ئۇزۇن ئىدى، دۇكانغا كىرگەنلەرنىڭمۇ ئېتىنى باغلاپ قويۇشى ھاجەتسىز ئىدى. ئۇلار چۈلۋۈرنى تۇتقان پېتى دۇكانغا كىرەتتى، ئات بولسا ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار دۇكانغا كىرگەندىن كېيىن ئارغامچىنى پۈكەينىڭ ئۈستىگە مۇنداقلا تاشلاپ قوياتتى، ئاتلار بەربىر ئارغامچىنىڭ باغلانغان ياكى باغلانمىغانلىقىنى كۆرەلمەيتتى-دە! چۈلۋۈرى پۈكەيگە يەتمەيدىغان ئات يېتىلىگەن خېرىدار كەلسە، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپلا ئىسقىرتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئانام مېنى ئىتتىرىپ:«تېز بول!» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ياۋاشلىق بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئۇنىڭ قولىدىن چۈلۋۈرنى ئېلىپ ئاتقا قاراپ تۇراتتىم.

ئۇ بولسا ئالدىرىماي – تېنىمەي دۇكانغا كىرىپ ئانام بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئەگەر مەن ئاتنى مىنىپ كەنتنى بىر ئايلىنىپ كەلسەمۇ، ئۇ يەنىلا ئالدىرىماي –تېنىمەي نەرسە- كېرەك تاللاۋاتامدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى.

بەزى چاغلاردا مەن ئېشىك ئالدىدا تۆگە بىلەنمۇ بىللە بولۇپ قالاتتىم. مەن ئارغامچىنى يېنىك بىر تارتسام، تۆگە بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئالدىمدا تىز لىناتتى، ئارغامچىنى يەنە بىر قېتىم يېنىك تارتسام ئۇ ئورنىدىن تۇراتتى. ئەگەر مەن ئارغامچىنى توختىماي تارتىۋەرسەم، ئۇ چىداشلىق بېرەلمەي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بېشىنى ئىككى يانغا ئىرغاڭشىتقىنىچە چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلايتتى، مەن قورققىنىمدىن ئارغامچىنى تاشلاپ قاچاتتىم.

بالارچىندا مەن خۇددى بىر ئات باغلايدىغان قوزۇق ئىدىم.

كۆرتودىكى ئات باغلايدىغان قوزۇقلار بازاردىكى بىردىنبىر كوچىنىڭ ئايغىدا، يەنى، دەريا بويىدىكى ياپپېشىل چۆپلۈكتە بولۇپ، جەمئىي ئالتە تال قوزۇق بار ئىدى. ئۇ قوزۇقلار توم ھەم ئېگىز بولۇپ، ھەقىقىي ئات باغلايدىغان قوزۇقلاردىن ئىدى. ئۇ قوزۇقلار پاكار تاغ ئۈستىدىكى مايماق- سايماق سېلىنغان ئۆيلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئىنتايىن قەدىمىي سەھرا تۈسىنى ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. قوزۇقلارنىڭ ئەتراپىدا دەل – دەرەخ يوق بولۇپ، ئەتراپنىڭ بىپايانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە شالاڭ ۋە ئېگىز – پەس تىكىلگەن قوزۇقلارلا بار بولۇپ، ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ مەزمۇت تۇراتتى ۋە نېمىلەرگىدۇ قايغۇراتتى.

ئۇ يەر ئادەتتە ئىنتايىن تىنچ بولۇپ، بەزىدە بىرەر ئات باغلىنىپ قالغۇدەك بولسا، يول تېخىمۇ قەدىمىي تۈسكە كىرىپ قالاتتى. ئەمما، چارۋىچىلار تاغقا چىقىدىغان ۋە تاغدىن چۈشىدىغان مەزگىللەردە ئۇ يەر باشقىچە ئاۋاتلىشىپ، بۇرۇنقىغا قەتئىي ئوخشىمايلا قالاتتى. ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئاتلار، ئاتلارغا توقۇلغان ئېگەرلەر، ئاتلارنىڭ ئۈستىگە

يېيىلغان ۋە قورساقلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغان رەڭگارەڭ بەلباغلار قوشۇ-لۇپ، تولىمۇ جەزىبىدار رەڭ ۋە نەقىشلەرگە تولغان دۇنيانى ھاسىل قىلاتتى. كۇرتونىڭ باشقا ھەر قانداق جايى بۇ يەردەك ئاۋاتلىققا چۆ-مۈلمەيتتى.

مەن سۇ ئالغىلى چىقىپ، ئۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۇ قوزۇقلارغا ئۇزاق قارىدىم. بىرىنچى تالدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە ساندىم، ھەر بىر ساناقنى سانىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلىدىم. خۇددى ئۇ قوزۇقلار بىر تال، بىر تالدىن يۈرىكىمگە قېقىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم. ئۇ سانلار خۇد-دى چېلەكتىكى سۇ بىلەن قوشۇلۇپ، قوزۇقلارنى توختىماي ئاستىغا بېسىۋاتقاندەك، ئۇ قوزۇقلارنى يەر ئاستىغا كىرگۈزۈۋېتىدىغاندەك بى-لىنەتتى.

قارلار پۈتۈنلەي ئېرىپ تۈگىدى، بىر ياش ئېگىز بىر قوزۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاكوردىيون چالماقتا ئىدى. ئۇ شۇنچە ئېگىز لىكتە ئىدىكى، ئۇنىڭ كەينىدە كۆپكۆك ئاسمان جىلۋە قىلاتتى. مەن ئۇنى بىر توي مەرىكىسىدە كۆرگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاكوردىيون چالمىغان بو-لۇپ، سورۇندا تىنچ ئولتۇراتتى. مەن ئاستا - ئاستا قوزۇق تەرەپكە يېقىنلاشتىم. ئۇ چالماقتا ئىدى، مۇزىكىنىڭ يېقىملىق مېلودىيەسى قو-زۇقلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ يۈرىكىمگە ئۇرۇلاتتى.

## ئوماق نۇرلان

كىچىك نۇرلاننىڭ ئاۋازى بوم بولمىغىنى بىلەن، تولىمۇ زىل ۋە جاراڭلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ سۈزۈك بولۇپ، خۇددى ئەينەك يۈزىگە مەرۋايىت چېچىلغاندەك چىقاتتى. سىز ئەينەك يۈزىگە چېچىلغان خىلمۇ - خىل رەڭگارەڭ سۈپسۈزۈك تاشلارنىڭ قايسىسىنى ئېلىشنى بىلمەي تۇرغىنىڭىزدا، يەنە ئۈستى - ئۈستىلەپ مەرۋايىتلار چېچىلات-تى-دە، سىز يەنە قايسىسىنى ئېلىشنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرۇپلا قالىسىز.

ماگا نسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنىڭ بۇنچە جەلپكار
بولۇشى، يەنىلا مېنىڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ بىرىنىمۇ چۈشىنەلمىگەنلىكىم-
دىن بولسا كېرەك.

ئەمما، ئۇنىڭ بۇلار بىلەن كارى يوق ئىدى، ئۇ پەقەت سۆزلەش-
نىلا بىلەتتى، ئەستايىدىللىق بىلەن تولىمۇ يېقىملىق سۆزلەيتتى. ئۇ پۈ-
تۈن دىققىتىمنى يىغىپ ئۇزى دەۋاتقان سۆزلەرگە چوقۇم ئەستايىدىل
مۇئامىلە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ قاپقارا كۆزلىرى بىلەن
ئۇماققىنە تىكىلىپ تۇرۇپ، بىر - ئىككى ئىشارە بىلەن سۆزىنىڭ ئاھاڭى
ۋە مەقسىتىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇناتتى. بەزىدە ئۇ سۆزدىن سەل توختاپ
مېنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشۈمنى كۈتەتتى. مېنىڭ گەپ قىلمىغىنىمنى كۆ-
رۈپ، يەنە داۋاملىق چۈشەندۈرەتتى ياكى تولۇقلاپ سۆزلەيتتى، سۆز-
لىگەنچە ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى جىددىيلىشەتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ سۆز-
لىرىنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىنمۇ مۇھىم ئىدى.

ئاخىرى مەن ئۆزۈمنى ئالاھىدە جەلپكار سۆز مۇھىتىدىن مەجبۇرىي
ئېلىپ چىقىپ، تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزۈم بىلىدىغان قازاقچە
سۆزلەرنى بىر- بىرىگە باغلىدىم. ئاخىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەندىم.

ئۇ تەكرار - تەكرار «ئالما بارمۇ؟ گازىر بارمۇ؟ كەمپۈت بارمۇ؟
گازلىق سۇ بارمۇ؟...» دەۋاتاتتى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ:«پۇلۇڭ بارمۇ؟» دېدىم. بۇ گەپنى دەپ بولۇپ،
ئۆزۈمنى كاچاتلىغۇدەك بولۇپ كەتتىم. ئۇ گەپلىرىم نېمە دېگەن سەۋ-
يەسىز ـ هە! بىر ئوبدان كەيپىياتنى بۇزۇپ... بۇ نېمە دېگەن قوپاللىق!

ئويلىغىنىمدەك، ئۇ گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى چەك-
چەيتىپ، ئەجەبلەنگەن هالدا «پۇل؟... پۇل؟...»دېگىنىچە مەيۈسلىنىپ
كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن هازىرلا بىرىدىن تويغىچە ئەدىپىنى يېگەندەك
ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

مەن دەرهال كۈلۈمسىرىگىنىمچە بىر سىقىم ئۆرۈك قېقى ۋە بىر
سىقىم گازىرنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. شاكىچىك كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ غۇ-

دۇڭشىغىنىچە قاق ۋە گازىرنى ئېلىپ، ئاۋايلاپ يانچۇقىغا سالدى. پۇكەيگە چېچىلىپ كەتكەنلىرىنىمۇ بىردىن – بىردىن تېرىۋالدى. ئاندىن خۇددى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندەك مەيۈس قىياپىتى بىلەن ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئانام بۇنى كۆرۈپ:« ئۇ مەندىنمۇ ئۇششۇق ئىكەن»دەۋەتتى. مەن ئۇنداق قارىمايتتىم، نېملا دېگەنبىلەن ئۇ تېخى ئەمدىلا تۆت–بەش ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بالا ئەمەسمۇ.

نۇرلان كېيىنكى قېتىم كەلگىنىدە تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ھېچنېمە دېمەيلا يېشىل رەڭلىك بىر ۋاراق قەغەز پۇلنى ماڭا سۇندى. مەن پۇلنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ ئانامغا «قارا، بۇنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدىم ۋە شاكىچىكىنىڭ يانچۇقىنى قاق ۋە گازىر بىلەن توشقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ خۇشال ھالدا كېتىپ قالدى. ئانام « ئىككى موچەنگە خۇش بولۇپ كەتكىنىگنى قارا» دېدى. مېنىڭ خۇش بولغىنىم بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس ئىدى، نۇرلان ھەقىقەتەنمۇ بەك ئوماق ئىدى.

ئەمما، ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالغان كونا كىيىملەرنى كىيىۋالاتتى. چاپىنىنىڭ مۈرىسى سۆكۈلگەن، ئۇزۇن يېڭىنىڭ ھەممە يېرىگە ياماق چۈشكەن بولۇپ، قولىنىڭ ئۈچىنى كۆرگىلى بولمايتتى، كىيىۋالغان ئايىغىنىڭ ئۈچىنى پۇتىنىڭ باش بارمىقى تېشىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇ قىلچە خىجىللىق ھېس قىلمايتتى. ئۇ خۇددى تىياتىرلاردىكى ئارتىسلاردەك قوللىرىنى سىلكىپ قولىنى يېڭىدىن چىقىراتتى–دە، پۇكەيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پۇكەيدىن بۇرنىنىڭ ئۈستىنى چىقىرىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ماڭا يۈزلىنەتتى. تاغدا كىيىم–كېچەكلىرى كونا ۋە رەتسىزلىكىدىن قورۇنىدىغان كىچىك بالا يوق. ھەتتا، مەنمۇ ئالدى ئوچۇق پوپايكامنى چاپىنىنىڭ ئۈستىگە ئارتىۋېلىپ، قات – قات ئىشتان كىيىۋالغانىدىم. يالاڭ پېتىلا ئانامنىڭ ئىككى نومۇر چوڭ سايمىسىنى كىيىۋېلىپ ئۇياقتىن – بۇياققا كىترلاپ مېڭىپ يۈرەتتىم.

شاكىچىك نۇرلانىنىڭ بۇدرۇق بېلەكلىرى، كىچىككىنە پۇتلىرىنىڭ تەكشى بارماقلىرى تولىمۇ ئوماق ئىدى، خۇددى چۈجىگە ئوخشاش،

قوزىغا ئوخشاش، كىچىك بۆجەنگە ئوخشاش... بۇنداق كىچىك بالا ئۆ-
زىگە ئوخشاش يەنە بىر كىچىك بالا بىلەن بىللە تۇرغان كۆرۈنۈش تو-
لىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ كىچىك بالا بەلكىم ئۇنىڭ ئىنىسى بولۇشى مۇم-
كىن، ئۇ ئىسمىنىمۇ تولۇق ئېيتالمايدۇ، ئەمما، ئىرغاڭلىغىنىچە ئاستا ما-
ڭالايدۇ. نۇرلان ئۇنى يېتىلىگىنىچە ناھايىتى ئۇزۇن ماڭسا ئاندىن
يايلاقنىڭ ئۇ قېتىدىن ئېقىنىنىڭ تېيىز يېرىگە يېتىپ كېلەلەيدۇ. ئاندىن
ئۇ ئىنىسىنىڭ بېلىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تەستە كۆتۈرۈپ سۇدىن كېچىپ
ئۆتىدۇ. ئاكىسىنىڭ قۇچىقىدا قىسىلىپ خۇددى دارغا ئېسىلغاندەك بى-
ئارام بولغان بالا تېپىرلاپلا قالىدۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرى تارتىشىپ، قور-
ساقلىرى ئېچىلىپلا قالىدۇ. بۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەندە ئادەمنىڭ يۈ-
گۈرۈپ بېرىپ دەرياغا سەكرەپلا چۈشۈپ، ئىككى شاكىچىكنى بىراقلا
كۆتۈرۈپ قىرغاققا ئېلىپ قويغۇسى كېلىدۇ.

نۇرلاننىڭ ئىنىسىنىڭ بىرەر قېتىممۇ گەپ قىلىپ باققىنىنى كۆرۈپ
باقمىدىم. نۇرلان ئۈنچە - مارجاندەك سۆزلىرىنى تۆكۈۋاتقاندا، ئىنىسى
قوشۇمىسىنى سەل تۈرگىنىچە قاراپ تۇرىدۇ. ئەگەر نۇرلان ئۇنىڭ سول
تەرىپىدە بولسا، ئۇنىڭ كۆزىمۇ سول تەرەپكە قىيسىيىدۇ، ئەگەر نۇرلان
ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ئوڭ تەرەپكە قىيسايغان
ھالەتتە بولىدۇ. ئەگەر نۇرلان سەل ئېگىزرەك جايدا بولسا، ئۇ، ئەلۋەت-
تە، يۇقىرىغا تىكىلگىنىچە، بېشىنىمۇ لىڭشىتماي قاراپ تۇرىدۇ. قارىماققا،
ئۇ ناھايىتى رۇس تۇرغان بولىدۇ.

مەن نۇرلاندىن ئۆيۈڭ نەدە؟ دەپ سورىسام، ئۇ قولىنىڭ ئۇچى
بىلەن تاغ جىلغىسىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى كۆرسەتتى، ئۇ تېخى ئۇ يەر-
نىڭ بەك يىراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تاپىنىنى كۆتۈرۈپ،
پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇ بىر مۇنچە گەپلەرنى دەپ
كېتەتتى. مەن ئامالىنىڭ بارىچە ئۇ سۆزلەرنىڭ ئارىسىدىن مېنى ئۆيىگە
بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلغان مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىزدەيتتىم.

بۇ يىل سايىقنبۇلاقتىكى ئۆيلەر ناھايىتى ئازلاپ كەتكەن بولۇپ،

تارقاق جايلاشقانىدى. كۆز يېتىم يەردە بىرەر كىگىز ئۆيىنى كۆرگىلى
بولمايتتى. مېنىڭ نۇرلانغا ئوخشاش كىچىك باللارنىڭ بۇنداق شارائىت-
تا قانداق قىلىپ باللىق كۆنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلگۈم
كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بولسا قۇرۇت ياساش، قوي قىر-
قىش،كىگىز بېسىش، ئوت - چۆپ ئورۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئال-
دىراش يۈرۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى تېخى گەپ قىلالمايدۇ، بىللە ئوينايدى-
غان تەڭتۇش دوستلىرىمۇ يوق، ئۇلار مۇشۇ يايلاقنىڭ يولىدىن باشقا
دۇنيانى بىلمەيدۇ. ئاتا- ئانىلىرى ئۇنىڭغا خەجلىگۈدەك پۇلمۇ بەرمەيدۇ،
پۇلى بولغان تەقدىردىمۇ، تۈزۈك بىر نەرسە سېتىۋالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئو-
يۇنچۇق ماشىنىسى يوق، قونچاقلىرى يوق، زېھنىنى ئاچىدىغان تۈرلۈك
ئويۇنچۇقلىرى يوق، رەسىملىك كىتابلىرى يوق، ئۇ ھەتتا خەنزۇ تىلىنى
بىر ئازمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ مەيلى قانچىلىك ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلە-
سۇن، پەقەت، ماڭا «ئەستايىدىللىقى ۋە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەنلى-
كى»نىلا بىلدۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېلىپ ئېيتساق، مەن
ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ تولىمۇ بىغۇبارلىقىنى ھېس قىلغاندىن باشقا،
ئۇ توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. مەن ھەر كۈنى كىچىك نۇرلانىنىڭ
يىراق جايدىن كېلىپ، تاغ جىرالىرىدىن ئۆتۈپ بىز تەرەپكە قاراپ كې-
لىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. ئۇ يول بويى توختىماي سۆزلەپ ماڭاتتى، تو-
رۇپ كۆك ئاسمانغا يۈزلەنگىنىچە غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ، نېمىلەرنىدۇ
ئىشارە قىلاتتى. بەزىدە ئۇ تۇرغان جايدا چوڭ يۇملاق دائىرىنى چۆر-
گىلەپ، ئۆزى دېمەكچى بولغان نەرسىنىڭ ئاشۇنچىلىك چوڭ ئىكەنلىكى-
نى بىلدۈرمەكچى بولاتتى.

مەن ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. تۇيۇقسىز لا ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ
نېمىلەرنى دېيەلەيدىغانلىقىنى بىلگۈم كەلدى.

# كالا قوغلاش

مەن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى سۇلياۋ پالاسىنىڭ «شاراق – شۇرۇق»
قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، چېدىر تەۋرىنىشكە باشلىدى. چاتاق! مەن
دەرھال قولۇمغا توقماقتىن بىرنى ئالدىم-دە، سىرتقا كالىلارنى قوغلىغىلى
چىقتىم. يارايسىلەر! چېدىرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قارىغىنىمدا كالىلار تول-
مۇ رەتلىك بىر سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سا-
يىداۋاتقان بولسا، يەنە بەزىلىرى بەدىنىنى ئۇ يەر، بۇ يەرگە سۈركەپ
قىچىشقان يەرلىرىنى تاتىلاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار خۇددى ئۆز ئېغىلىدىك-
دەك ئەركىن – ئازادە يۈرۈشەتتى. يەنە ئىككىسى پۇتى بىلەن يەرنى
كولاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار كولاۋېرىپ تىكىپ قويغان تۆۋرۈكنىڭ ئاستىنى
كۆرسىتىپلا قويغاندى. مەن ئاچچىقىمدا يېرىلىپ كەتكۈدەكلا بولۇپ
كەتتىم. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇدۇل كەلگىنىنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ كەت-
تىم. كالىلار مۆرەشكىنىچە پېتىراپ تەرەپ – تەرەپكە قېچىشتى. باياتىن
بېرى سىمنى چىشلەۋاتقان كالا ئۈركۈپ كەتكىنىدىن سىم بىلەن چېدىر
پالىسى ئارىسىغا كىرىپ قالدى-دە، يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ مۇھاسىرىنى بۆ-
سۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى. ئەمما، ئۇ ئۇ يەرگە قىسىلىپ قېلىپ يا
ئالدىغا يا كەينىگە ماڭالماي قالدى. ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ئۇك –سولغا تار-
تىپ تىركىشىشكە باشلىدى. بىر چاغدا «جارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك
كالىنىڭ مۈڭگۈزى پالاسنىڭ بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى يېرىنى يىرتىۋەت-
تى. مەن تەمتىرىگىنىمچە ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ تارتتىم. ئەكسىچە،
ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ئالغا قاراپ يۇلقۇندى. قېچىش مۇمكىن ئە-
مەس-تە! چېدىرنى سۆرەپ ماڭسا، بەلكىم، قېچىپ كېتەلەر. مەن ئامال-
سىز چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئۇردۇم، ئۇ دەرھال كەي-
نىگە داجىدى-دە، قېچىپ قۇتۇلدى. ئەمما، يۇقىرىقى تارتىشىشلار نەتى-
جىسىدە سىم ئۈزۈلۈپ، چېدىرنىڭ پالىسى پۈتۈنلەي يىرتىلىپ چۈشۈپ،

چېدىرنىڭ ئىچىدىكى ماللار كۆرۈنۈپلا قالدى. مەن ھەم ھەيران بولدۇم ھەم غەزەپلەندىم، شۇنىڭ بىلەن قولۇمغا گۈرجەكنى ئېلىپ ئۇنى قوغلىدىم. ئۇ كالا قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، مۆرىگىنىچە تەلۋىلەرچە قېچىشقا باشلىدى. مەن ئۇنى ئۆيىنىڭ يېنىغىچە ئىشىك ئالدىغىچە قوغلىدىم، ئاندىن يەنە ئىشىك ئالدىدىن ئۆيىنىڭ كەينىگە قوغلاپ باردىم. شۇ تەرىقىدە بىز ئۆيىنى ئىككى قېتىم ئايلاندۇق. ئۈچىنچى ئايلانمىغا كەلگەندە، ئۇ ھاڭۋاقتى ئاندىن ئەقلىنى تاپتىمۇ قانداق، بۇنداق ئۆيىنى ئايلىنىپ قېچىۋەرگەننىڭ پايدىسى يوقلىقىنى ھېس قىلدى-دە، يان تەرەپ بىلەن دوستلىرى بار تەرەپكە قاراپ چاپتى. مېنىڭمۇ ھېرىپ جۇلۇقۇم چىقىپ كەتكەن بولۇپ، گۈرجەكنى چۆرۈۋېتىپ، جايىمدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئانام قايتىپ كەلسە ئەھۋالنى دوكلات قىلىشىم كېرەك ئىدى.

ئانام تاغدىن تېزلا قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ پوكاندەك قىزارغىنىمچە قىلغان ئەرز – شىكايەتلىرىمنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئاڭلىدى، ئەمما، ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ مېنىڭ گەپلىرىم تۈگىگەندىن كېيىن، ئەپتىمگە قاراپ تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە«مەن تاغ ئېتىكىدە ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم... ھى... ھى... سەن نىمانچە ھاماقەت؟ ئۆيىنى ئىككىنى چۆرگىلەپ ئاران قوغلىيالىدىڭ...» دېدى.

ئانام تا ھازىرغىچە تۇرۇپ – تۇرۇپ شۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىدۇ، خۇددى ئۇ ئىش راستتىنلا شۇنچە كۈلكىلىكتەك.

سايىقىنبۇلاقتا ئۇنداق ئىشلار كۈندە دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.بىز نىڭ چېدىرنىڭ كەينىدە زادى قانداق جەلپ قىلارلىق نەرسە باركىن، بىلمىدىم، كالىلار دائىم شۇ يەردىلا يىغىلىش ئۆتكۈزىدۇ. كېيىن ئانام ئوتتۇن دۆۋىسىدىن چوماقلىرى كۆپ شاخلارنىڭ ھەممىسىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، چېدىرنىڭ كەينىگە چىتلاق ياساپ قويدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلساق كالىلار بۇ يەردىن ئۆتەلمەيدۇ، چېدىرنىمۇ قوغداپ قالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. نەتىجە ئەكسىچە بولدى، بۇنداق قىلىش

تېخىمۇ كۆپ كالىنى جەلپ قىلىۋالدى. چىتلاق كالىلارنىڭ قىچىشقان يەرلىرىنى تاتىلايدىغان ياخشى قورالىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كاللار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىپ، تۆگمەس سۈركىلىش، ئىتتىرىش ۋە تارتىشلار نەتىجىسىدە ئۆي تېزلا كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتتى. چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدىكى تالاي قېتىم ياماق چۈشۈپ كەتكەن پالاسنى شاخ – شۇمبىلار ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى.

-يەنە سىلەرغۇ!- ئانام ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. قولىغا توقماقنى ئېلىۋالغان ئانامنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى،- يەنە سىلەر نەچچىڭلار كەنسىلەرغۇ؟

قاراڭ، ئانام ئۇلارنىڭ تەقى – تۇرقىنى ئېسىدە تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى موزاي ئىدى. ئۇلار ئانامنى كۆرۈپلا «غىپپىدە»تىكىۋېتىشتى. ئۇ يەتتە-سەككىز موزاي بىر – بىرىگە تولىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى تەڭلا يۈگۈرگەندە تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. تېخى ئۇلار يۈگۈرگەندە قۇيرۇقلىرىنى تىكلىۋالىدىغان بولۇپ، خۇددى كىچىك بايراق خادىسى قادىۋالغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئانام ئۇلارنى بىر ھازا قوغلىغاندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ماڭا قاراپ:«قارا ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىغا!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتكەن بولۇپ، بىر قولىدا توقماقنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا تولا كۈلۈپ ئاغرىپ كەتكەن قورسىقىنى تۇتقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

مومامنىڭ كۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان، قۇلىقى ئېغىرلاپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆينىڭ كەينىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلىپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا، مومام پەقەت ئۆينىڭ ئالدىغىلا مەسئۇل ئىدى. كاللار ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ تېزەكلىگۈدەكلا بولسا، مومام ھاسىسىنى كۆتۈرگەن پېتى كاللارنى قوغلاپ كېتەتتى. ئانام بولسا«بۇنداق قىلمىساقمۇ بولىدۇ، كىچىك چاغلىرىمدا قۇرۇغان كالا تېزەكلىرىنى تېرىپ كېلىپ قالايتتۇق» دەيتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئانام كاللارنىڭ قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. كاللار باشقا ھەر قانداق جايغا تېزەكلى-

مەي، ھەممنى يىغىپ ئەكىلىپ بىز نىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بىر تە-
رەپ قىلاتتى. بۇ ئېنىقلا بىزنى بوزەك قىلغانلىققۇ؟ قوغلاش كېرەك!
شۇڭا، بۇ ۋەزىپىنى كۈن بويى بىكار ئولتۇرىدىغان موماملا تاپشۇردۇق.
ئۇنىڭ ئۈستىگە موماملا ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئانچە - مۇنچە ھەرد-
كەت قىلىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشىدۇ ئەمەسمۇ! ئەمما، موماملانىڭ ئىنكاسى
بەك ئاستا كېلىپ قالدى. موماملا ھاسىسىنى سۆرەپ دەلدەڭشىگىنىچە ئال-
دىرىماي بېرىپ كاللارنى قوغلىۋېتىپ قايتىپ كەلگۈچە، كاللار ئاللىبۇ-
رۇن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، موماملانى ساقلاپ تۇراتتى، موماملا كېلىشى
بىلەنلا بىر دۆۋە تېزەكنى چىقىرىپ قويۇپ قېچىپ كېتىشەتتى.

كەچلىكى كاللار بىزنى تېخىمۇ ئاۋارە قىلاتتى. چېدىرنىڭ سىر-
تىدا كاللارنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك بولاتتى - دە، كەينىدىنلا
«شالاپ - شۇلۇپ » قىلغان ئاۋازلار كېلەتتى. ئۇلار كىيىم ئاسىدىغان
سىمنىڭ يېنىدىكى سۇلياۋ پالاسنى يالايتتى(ئۇ بۇلۇڭغا ئىلگىرى نەچچە
يۈز كىلوگرام تاشتۇز قويۇلغانىدى، بەلكىم، ئۇلار شۇ يەردىكى تۇز
پارچىلىرىنى يالايدىغان بولۇشى مۇمكىن.) سۇلياۋ پالاس، كاناپ
پالاسلار ياغاچ تاختايغا ئوخشمايتتى، بىر مىدىرلىسىلا «شاراق - شۇ-
رۇق» قىلىپ كۈچلۈك ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ ئاۋازغا كالا بۇرادىرىمىز نىڭ
نەپەسلەنگەندە چىقارغان «بۇف - بۇف» قىلغان ئاۋازى قوشۇلۇپ، كې-
چىچە بىزنى قىيناپ چىقاتتى. تازىمۇ بىر، كىمنىڭ كاللىرىدۇ بۇ؟ ئىگى-
سىنىڭ كارى يوقمىكىنە (چارۋىچىلارنىڭ پەقەت موزايلارنىلا قوتانغا
سولاپ قويىدىغانلىقىنى كېيىن بىلدۇق؟) كاللارنىڭ كۈندە بىز نىڭ
چېدىرنىڭ ئالدىدىكى قۇرغاق جايدا تۈنىگىنى تۈنگەن... مېنىڭ كارد-
ۋىتىم دەل چېدىرنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولۇپ، مۆلچەرىمچە، مېنىڭ يۈ-
زۈم بىلەن كالىنىڭ يۈزىنىڭ ئارىلىقى بىر چىمۇ كەلمەيتتى، ئارىمىزنى
پەقەت نېپىز سۇلياۋ پالاسلا ئايرىپ تۇراتتى. ئانام ماڭا ئەقىل كۆرسد-
تىپ:« توقماقتىن بىرنى تەييارلىۋال، ئۇلار ئاۋاز چىقارغان ھامان ئۇر!»
دېدى. شۇڭا مەن كېچىچە ئۇلارنى نوقۇپ چىقاتتىم، نەتىجىدە، ئەتىسى

كۆزلىرىم قىزارغان هالدا ئورنۇمدىن تۇراتتىم ـ دە، كۆن بويى ئەسنەپلا يۈرەتتىم. ئۇلار بالدۇرلا قىچىپ كېتىشەتتى، پەقەت بىر نەچچە دۆۋە تېزەكنى خاتىرە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قوياتتى. يەنە بىر خاتىرە بويۇمى بولسا، كىيىم يېپىشقا ئىشلىتىلىدىغان قوزۇق ئىدى.

مانا مۇشۇنداق، بىر ئائىلىلىك ھەممىمىز ئەتىگەندىن كەچكىچە كالا قوغلايتتۇق، قوغلىغانسېرى كالىلار بىزگە چاپلىشىۋالاتتى. سايىقىنىۋالاتتىكى كۆنلەر ئاساسەن كالا قوغلاش بىلەنلا ئۆتەتتى. شۇنداق بولغاندا كۆنلەرمۇ ئانچە زېرىكىشلىك بىلىنمەيدۇ. ئانام تا هازىرغىچە ھېلىقى ئىشنى تىلغا ئالىدۇ:«جۆەن ئېر، سەن نېمە دېگەن هاماقەت... ئۆينى تولۇق ئىككى قېتىم ئايلىنىپ... ئۇ كۆنى...»

## دەريا بويىدا

بىر كىشى ئانامغا:« بالىڭىز دەرياغا چۆشۈپ كېتىپتۇ.» دېسە ئانام دەسلەپتە ئىشەنمەپتۇ. كېيىن دەريا بويىغا كېلىپ قارىسا، دېگەندەك مەن دەريادا سۇ بىلەن تىركىشىۋاتقانىدىم.

بۇ قېتىم ھەقىقەتەن ھېچنېمىنى چۈشەندۈرگۈم كەلمىدى. ئۈستىمىزدە بېشىم چىلىق – چىلىق ھۆل پېتى ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇچرىغانلار قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىچە مەسخىرە قىلىشاتتى. ھەتتا، بىر نەچچە كىچىك بالا كەينىمدىن قوغلىشىپ يۈگۈرگىنىچە مەسخىرە قىلىشىپ كەتتى.

توختىماي كۈلۈۋېرىپ ئانامنىڭ ئېڭىكى چۈشۈپ قالايلا دېگەنىدى. ئۇ ئالدىرىغىنىچە كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇشۇمغا ياردەملەشكەچ:« ھەي، ئوغلۇم، دەريادا بېلىق ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنداق قارىمىلىق قىلماسلىق كېرەك ـ تە!» دېدى خۇددى مەسخىرە قىلغاندەك.

ئانام ئۆزىنىڭ بۇرۇن بىر قېتىم دەرياغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ئانام ياغۇز ئاياغ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، بىزگە قاراپ: « قاراڭلار، مېنىڭ ھۆرمەت قەدەم بىلەن مېڭىشىم-

غا» دېگىنىچە مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىمۇ تۇيمايلا دەرياغا چۈشۈپ كەت-كەنىدى، ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالغانىدى... ئىشقىلىپ، ئۇ چاغدىكى ئىشلار تولىمۇ قىسقا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇپ، «بىر، ئىككى، ئۈچ » دېگەن ئاۋازدىن كېيىنلا دەريادىن «پولتۇك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغانىدى...

ئۇ دەريادىن يېنىپ چىققانغا قەدەر هوشىنى يىغالمايلا قالدى. قىر-غاقتا چىققاندىن كېيىن ئۇ خىجىل بولغان هالدا:

-ئازراقمۇ تەييارلىق پۇرستى بولمىدىغۇ... بەكلا تاسادىپيلىق بو-لۇپ قالدى! هېچنېمىنى بىلەلمەيلا چۈشۈپ كەتتىم دېسە،-دېدى.

بۇ ئەتراپتا پەقەت ئانام بىلەن ئىككىمىزلا مۇشۇنداق قىزىقارلىق ئىشلارغا يولۇقۇپ قالىمىز. پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. دەريا بويىدا يا-شىغىنىمىز ئۈچۈنلا بىزنىڭ سۇ بىلەن بولغان باغلىنىشىمىز شۇنچە چوڭقۇرمىدۇ؟

چارۋىچىلار سۈيى ئەلۋەك بېپايان يايلاقتا ماكانلاشقان، شۇڭا، بىزگە ئوخشاش چارۋىچىلارنى تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان كىچىك سودىگەرلەرمۇ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول بويلىرىدا تۇرمۇش كەچۈرىمىز. كۈۋېي دەرياغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، هەر كۈنى ئىشكتىن چىقسىلا دەريا سۈيىنىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. كېچىلىرى بولسا سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنىڭ پەپىلەشلىرى بىلەن ئۇيقۇغا كېتىمىز. ئەتىسى ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئىشكنى غىچىرلە-تىپ ئاچقىنىمىزدا ،ئورمانلىق ۋە سازلىق تەرەپتىن كەلگەن سالقىن هاۋا يۈزلىرىمىزگە ئۇرۇلىدۇ.

بىز سايقىنبۇلاقتا كىچىكىپ كەلگىنىمىز ئۈچۈنمۇ قۇرغاقراق يەر-لەردە ئورۇن قالماي، چېدىرىمىزنى ئامالسىز سازلىقتا تىككەنىدۇق. هەر كۈنى سۇ ئېلىپ كېلىپ بولغىچە، ئوت – چۆپ ئارىلاش پاتقاقتا مىلە-نىپلا كېتەتتۇق. ئەگەر ئازراقلا دىققەت قىلمىساق چوڭ ئاۋارىچىلىققا ئۇچرايتتۇق-دە، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولاتتۇق.

بالارچىندا دەريا خېلى يىراقتا ئىدى. ئېگىز - پەس يوللار بىلەن مېڭىپ، چوڭ -كىچىك ئېرىقلاردىن ئۆتۈشكە، قىياغا يامىشىپ، ئوت - چۆپلۈكلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورمانلىق يولى بىلەن بىرەر سائەت مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما، ئۇ دەريا مەن كۆرگەن ئەڭ گۈزەل دەريا ئىدى. دەريانىڭ ئىككى يېقى بوك - باراقسان ئورمانلىق بولۇپ، سۈپسۈزۈك دەريا سۈيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان - يوغان ئاپپاق تاشلار چوقچىيىپ چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئەتراپتا ئۆي ئىگىسى بىلەن بىز ئىككىلا ئائىلىلىك بولغاچقا، دەريا تەرەپكە ئادەملەر ئاسان ئاياغ باسمايتتى. بىز كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى يۇغاندىن سىرت يەنە سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز سۈزۈك دەريا سۈيىگە چۆمۈلۈپ، ھۇزۇرلىنىپ يۇيۇناتتۇق. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى دەريانىڭ ئاستىدىكى قۇم خۇددى بوۋاقنىڭ تېرىسىدەك ئاپپاق، تولىمۇ يۇمران كۆرۈنەتتى.

دەريا ياقىسىدىكى سۇغا چىلىنىپ قالغان شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئەتراپىغا يوسۇنلار ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار قىيان سۈيىدە ئېقىپ كەلگەن دەرەخنىڭ غوللىرى بولۇپ، بەزىدە تەبىئىيلا كۆۋرۈك پەيدا قىلىپ قوياتتى. مەن بۇ تەبىئىي كۆۋرۈك يېنىغا دەرەخ غوللىرى ۋە ئوت - چۆپ، نەم تۇپىلار بىلەن كۆرۈنەرلىك قىلىپ بەلگە ياساپ:«ئالدىمىزدا سازلىق بار، ئۆتۈش خەتەرلىك، كۆۋرۈك بىلەن مېڭىڭ!» دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قوياتتىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەر چەت جاي بولغىنى بىلەن، يەنىلا ئادەمزاتنىڭ ئاياغ ئىزىنى بايقىغىلى بولاتتى.

بىز بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەندە تولىمۇ ئەنسىرىگەن ئىدۇق، جىمجىت ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىشكە پېتىنالمايتتۇق. ئېيىق، بۆرە ۋە ياۋا چوشقىلارنىڭ كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمىزغا كېلىۋېلىپ، بەدەنلىرىمىزنى تىترەك بېسىپ كېتەتتى. يەنە بەزىدە بولسا يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ چېدىرىمىزنى بۇزۇپ، ماللىرىمىزنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەپ كېتەتتۇق. ئەمما، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەنسىرەشلىرىمىزنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق.

ئەڭ خەتەرلىك تىك قىيالاردىمۇ كىشلەرنىڭ ئاياغ ئىزىنى، مال – چارۋىلارنىڭ تېزەكلىرىنى ۋە گۈلخان كۈللىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. چاتقاللىقلار ئارىسىدا تېخى قولياغلىقلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئىشىكتىن چىققاندا ھېچكىم كۆرۈنمىسىمۇ، ئورمانلىققا كىرىپ يول تاپالمايۋاتقان چاغلاردا قوي – ئۆچكىلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئومۇمەن، ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگىلەر كۆپ ئۇچرايتتى.

دەريا بويىدا كىر – قاتلارنى ناھايىتى ئۇزاقتا يۇيۇپ بولاتتىم. چۈنكى، كىر يۇيغاچ ئەتراپنى سەيلە قىلىشنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيتتىم. تىپتىنچ، ئازادە، گۈزەل مۇھىت كىشىگە تەسۋىرلىگۈسىز زوق بەخش ئېتەتتى. ئەمما، بەزىدە غېرىبسىنىپمۇ قالاتتىم، يىراقلارغا نەزەر سالاتتىم، گاھىدا كۆزۈمگە چېلىققان ئاتلىق كىشىنى يېنىمغا كەلسىكەن دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. دېگەندەك، ئۇ كىشى، ياق، ئۇ قىز يېنىمغا كېلىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى، خۇددى ماڭا بىرنېمىلەرنى سۆزلىمەكچى بولغاندەك...

نەقەدەر كۆڭۈللۈك چاغلار-ھە! ئالتاي تاغ تىزمىسىدىكى بۇ جىلغىدا، يەتتە- سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بۇ ناتونۇش قازاق قىزى بىلەن دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ شوخ ناخشىلارنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ خۇددى ماڭا نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولۇۋاتقاندەك كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ ئولتۇراتتى.

مەن قازاقچە يىرىك تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ناھايىتى تېزلا بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىپ جاۋاب بەردى. مەن ئېنىق ئاڭلىيالماي«نېمە؟» دەپ سورىدىم، لېكىن، مەن ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشتىم. كېيىن يەنە بىر قېتىم سوراشقا تىلىم بارمىدى. شۇ قېتىملىق سۆزلىشىش تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

يىراقتىن كەلگەن بۇ قىز خۇددى ماڭا ھەمراھ بولغىلىلا كەلگەندەك، ئارىمىزدىكى تونۇشلۇق بۇرۇندىنلا باردەك ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا، دەريا بويىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ كىر – قات يۇيۇۋاتقان چاغلى-

رىمدا، نىمىشقا ھىلىقى قازاق قىزغا ئۇخشاش ھەمراھ كەلمەيدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن.
مەن ھەر قېتىم كىر - قات يۇغىنىمدا خۇددى ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالغاندەك، دەريانىڭ ئاشۇ بىرلا جايىدا ئايىقىمنى ئاستىمغا قويۇپ، پۇتۇمنى سۇغا چىلىغانچە ئۇدۇلۇمغا قاراپ ئولتۇرۇپ يۇياتتىم. سول يېنىمدا سۆسۈن رەڭلىك گۈل - چېچەكلەر جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. دەريا سۈيى بۇ بىپايان يايلاقنا كەلگەندە، تەبىئىي ھالدا كېڭىيىپ تارام - تارام ئاراللارنى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ ئاراللارغا قارا پەيلىك جۇغى يوغان قۇشلار قونۇپ تۇراتتى. بەزىدە دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن كەلگەن كالا ياكى تۆگىلەر خۇددى باشقا يول يوقتەك مېنىڭ يېنىمدىن سۇنى چاچراتقىنىچە ئۆتۈپ كېتىشەتتى. بىر قېتىم يەنە تېخى ئۇن نەچچە تۆگە تەڭلا كېلىپ مېنى كىر - قات يۇيىدىغان ئورنۇمنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى.
دەريا سۈيى تېز ئاقىدىغان بولغاچقا كىر - قات يۇغاندا سەللا دىققەت قىلمىسا يۇيۇۋاتقان كىيىملەرنى دەريا سۈيىنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامال بولمايتتى ياكى دەريا سۈيىنى كېچىپ قوغلاشقا توغرا كېلىپ قالاتتى. دەريا سۈيى تېيىز بولغىنى بىلەن تېز ئاقىدىغان بولغاچقا ئېقىپ كېتىۋاتقان كىيىملەرگە قول يەتمەي خېلى يەرلەرگىچە قوغلاشقا توغرا كېلىپ قالاتتى. «ئامەت قوش كەلمەس، ئاپەت تاق كەلمەس» دېگەندەك، ئاياغلىرىمنمۇ دەرياغا چۈشۈپ كەتتى، يەنە كېلىپ ئىككى پاي ئاياغ بىرى ئۇ تەرەپتە ، يەنە بىرى بۇ تەرەپتە بولۇپ ئاقاتتى. بۇنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. سۇ ئاستىدىكى تاشلارنىڭ پۇتۇمغا پېتىپ ئاغرىتىشلىرى ئاياغنىڭ ئارقىدىن قوغلاشقا ئامالسىز قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەن دەريا قىرغىقىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ قوغلاپ ئاخىرى ئاياغلىرىمنى تۇتۇۋالدىم. دەريادىن چىققاندىن كېيىن ئاياغنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئالدى تەرەپتە ئېقىپ كېتىۋاتقان كىيىمگە قاراپ يۈگۈردۈم. قىرغاقتىكى شېغىل ۋە ئەينەك

پارچىلىرى( يەنە كىشىنى بىزار قىلىدىغان هاراقكەشلەر)! ۋە ئوت – چۆپلەر ئارىسىدىكى تىكەنلەرنى دېمىگەندىمۇ، ئېگىز – پەس دەريا قىرغىقى مېنى هاردۇرۇپلىۋەتتى. يۇگۈرۈپ تۆۋەنكى ئېقىنغا كەلگەندە ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۇدەكلا بولۇپ كەتتىم. كىيىم خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، دەريا قىرغىقىدىكى بىر ياغاچقا ئىلىنىپ قاپتۇ. بايا ئالدىرىماي دىققەت قىلىپ ماڭغان بولسام بۇ ئىشلارمۇ يوق ئىدى! ئەينەك پارچىلىرى تىلىپ يارا قىلىۋەتكەن پۇتۇمغا خۇددى تىكەنلەر ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇستىبېشىم بولسا چىلىق – چىلىق هۆل بولۇپ كەتكەنىدى...

ئانام كىر – قات يۇيۇش، سۇ ئېلىپ كېلىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، دەريا بويىغا بېرىپ سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بېلىق تۇتۇشقا هېرىسمەن بولسىمۇ، ئەمما، بىرەرمۇ بېلىق تۇتۇپ باققان ئەمەس ئىدى. بېلىق تۇتالمىغاننى ئاز دېگەندەك، قارماقنى ئوشتۇپ تاشلىۋېتىپ ئاچچىقىنى چىقىراتتى-دە، «ئەمدى بېلىق تۇتقىلى كېلىدىغان بولسام...» دەپ كېتەتتى.

ئانام ئىككىمىزنىڭ ئورتاق خۇشلۇقى شۇكى، بىز دەريا بويىدا ئۇزاقتىن – ئۇزاق سەيلە قىلاتتۇق. بولۇپمۇ، كەچكى شەپەق پەردىسى يېيىلغان مەهەلدە، بىپايان يايلاقتا تۇتاشقان دەريا بويىدىكى سازلىققا شەپەق نۇرى سىڭىپ، ئەتراپ خۇددى سۈرەتتەك تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپ قالاتتى. دەريا بويىدىكى يانتۇلۇققا سېلىنغان بىر ياغاچ ئۆي بار ئىدى. ئۆينىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئېگىز ئۆسكەن ياۋا كاشتان دەرىخى بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ مۇهەببەتلىك جاي ئىدى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئىككى تەرەپكە كەڭ يېيىلغان ئورمانلىق تولىمۇ هەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بىز بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۇ ياغاچ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. دولقۇن ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى مەنزىرە خۇددى چۈشتىكىدەك ئادەمنى پۈتمەس هاياجانغا سالاتتى. قانچىلىغان گۈزەل دەقىقىلەر مۇشۇ مەنزىرىدىن

باشلانغان... بىز تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، كەينىمىزگە قارىغىنىـ
مىزدا، دەريا بويىدىكى ئۆيىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ تەگسىز تىنچلىقى بىلەن
بىزنى ساقلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

دەريا سۈيىنىڭ ئۇلغايغان مەزگىللىرىدە گۈزەل مەنزىرىلەردىن ئەـ
سەرمۇ قالمايتتى. ئاسمان گۈمبىزىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، توختىماي
ياغقان يامغۇر سەۋەبىدىن دەريا سۈيى لىپىپ كېتىپ، يوللار توسۇلۇپ
كېتەتتى. بىر يىلى مۇشۇنداق مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغان يەتتە يىلدا
بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئاقىنلار ئېيتىشىشى»غا بېرىشقا يول تاپالماي قالغاـ
ندۇق. بۇنى ئويلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم. دەسلىپىدە
ئات بەيگىسى، چېلىشىش مۇسابىقىلىرى بولىدۇ، ئاندىن قىزقۇۋار باشلىـ
نىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن بولسا ئېيتىشىش باشلىناتتى... مېنىڭ بەكمۇ
كۆڭلۈم يېرىم بولغىنىنى كۆرگەن ئانام شۇ كۈنى ئاقىنلار ئېيتىشىشىغا
بارىدىغان بىر يىگىتكە 20 يۈەن تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېنى ئاـ
قىنلار ئېيتىشىشىغا ئۇزىتىپ قويغانىدى. ئەمما، ئىككى سائەت ئۆتە –
ئۆتمەيلا ئۈستىبېشىم چىلىق- چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ھالىتىم بىلەن
ئانامنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدۇم:

-ئۇ بىر ئەبلەخ ئىكەن...

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان ئىدى: مەن ئۇنىڭ تەلپىگە قوـ
شۇلمىغان ئىدىم، شۇڭا قايتىپ كەلگەنىدىم. ئوتتۇرىدا تىل توسالغۇسى
بولغاچقا، مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن. جىلغا ۋە
دەريادىن ئۆتۈپ، ئورمانلىققا كىرگەندە ئاندىن ئۇنىڭ قالايمىقان قول
ھەرىكەتلىرى بىلەن ئېپادىلىگىنىنىڭ «ئاقىنلار ئېيتىشىشى» ئەمەسلىكىنى
بىلدىم... نەدىنمۇ كەلگەن جۈرئەتكىن، بىلمەيمەن، ئات ئۈستىدىن
سەكرەپ چۈشۈپ، ئارقامغا قاراپ ماڭدىم، ئۇمۇ ئېتىنى مىنگىنىچە ئۇزاپ
كەتتى.

ئۇ كەتتى، ئەمما، مەن تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە تاشلىنىپ قېلىپ تولـ
مۇ ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم. ئۆي بولسا يىراقتا، يولدا

يەنە باشقا ئەبلەخلەرگە ئوچراپ قىلىشىنىمۇ بىر نەرسە دەپ بولغىلى
بولمايدۇ... ئۇنىڭ ئۇستىگە يېنىمدا «ئاقىنلار ئىپتىشىشى» دىن يانغاندا
دۇكانغا مال ئالغىلى ئېلىۋالغان نەچچە مىڭ يۈەن پۇل بار ئىدى...

ھازىر بولسا ئاشۇ ئىشلارنى ئويلاشقا پېتىنالمايمەن. قايتىش يولىدا
ئۇزۇن يىللىق قەبرىستانلىق بار ئىدى. يول بويىدىكى دەريانىڭ لېيىپ
كەتكەن سۈيى تېز سۈرئەتتە ئاقاتتى، قايسى جايىنىڭ تېيىز، قايسى جاي-
نىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاتنىڭ
ئىزىنى بويلاپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولدۇم. دەريانىڭ سۈيى بېلىمگىچە
كېلىدىغان جايغا كەلگەندە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيلا قالغاندىم، تېز سۈر-
ئەتتە ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى مېنى ئېقىتىپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى. كې-
يىنكى قەدىمىنىڭ مېنى قاياقلارغا ئېلىپ كېتىدىغىنىنى پەرەز قىلالمايت-
تىم. مەن بوغچامنى چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەس
تۇرۇپ قالدىم. بايىقى ئەبلەخمۇ مېنى بۇنچە قورقۇتالمىغانىدى. ئاخىرىدا
دەريادىن ئۆتتۈم، قانداقلارچە ئۆتكىنىم ئېسىمدە يوق. كېيىن يەنە بۇ-
نىڭدىنمۇ خەتەرلىك دەريالاردىن ئۆتتۈم. مەن تېيىز دەپ قارىغان دەر-
يادىن ئۆتكەندە، سۇغا يىقىلىپ كېتىپ، دەريا سۈيىنى خېلى كۆپ ئى-
چىۋالغاندىم. دەريا بويىدا دەلدەڭشىگىنىمچە دەريا سۈيىنى قۇسۇۋەت-
كەندىن كېيىن، كۆزئەينىكىمنى سىيلاپ باقتىم، ئۇ ئۆز پېتىچە تۇراتتى.
بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ئىدى!

بۇ ۋەقەنىڭ ئالدىدىكى نەچچە كۈندە بولسا ئۇدا يامغۇر يېغىپ
كەتكەنىدى. مەن ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بىلەن يا يۈگۈرەلمەي، يا پاناھ-
لىنىدىغان جاي تاپالماي تۇرغىنىمدا، بۇ غايەت زور نېلۇپەردەك ئاسمان
شارقىرىتىپ تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر ئۇستىبېشىمنى چىلىق - چىلىق ھۆل
قىلىۋەتكەنىدى. كۆزئەينىكىم بولسا شارقىراتما مەنزىرىسىنى كۆرسىتىۋات-
قان كامېراغا ئوخشاش، ئەتراپنى ئېنىق كۆرسەتمەيتتى. بىردەم - بىر-
دەم سۈرتۈپ تۇرسامۇ، تېزلا ئەسلىگە كېلىۋالاتتى. ئاچچىقىمدا كۆز-
ئەينەك ئۇستىگە لەمپە بېكىتىۋالغۇم كېلىپ كەتكەنىدى.

كېيىنكى قىۋياشنىڭ ئالتۇندەك نۇرلىرى ئاستىدا تەبىئەت ئۆز ھۆسنىنى نامايان قىلغان كۈنلەردە دەريا بويىدا كىر – قاتلارنى يۇيۇپ ئولتۇرۇپ، ئاشۇنداق يامغۇرنىڭ يەنە قاچانلاردا ياغىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالىمەن... مۇنچاق چوڭلۇقىدا تاراسلاپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ئالتاي تاغ-لىرى باغرىدىكى دەريانى بويلاپ يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ يالغۇز كېتىۋاتقى-نىمنى ئويلاپ قالىمەن. ئەتراپتا بىرەر قوي، كالا، ھەتتا، تېخىمۇ يىراقراق جايدا بىرەر كىگىز ئۆي كۆرۈنمەيتتى. يول پايانسىز ، نىشانسىز سوزۇلغان ئەتراپتا بولسا يامغۇر سۈيىدىن باشقا نەرسىدىن ئەسەر يوق ئىدى.

ھە راست، ئاشۇ يامغۇرلۇق كۈنىدىكى ئۆزۈمچە پەخىرلىنىدىغان ئىشىم شۇكى، ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئارقامغا يېنىشتىن بۇرۇن، ئانام ئۇنىڭغا بەرگەن 20 يۈەن پۇلنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىغانىدىم. ئۇمۇ ياۋاشلىق بىلەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەنىدى. نې-مىلا دېگەنبىلەن 16 ياشلار چامىسىدىكى كىچىك بالا ـ دە... بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ يامان ئادەم ئەمەسلىكى بىلىندى. مەنمۇ گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ-دىكى كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشە-نەتتىم. ئاشۇ 20 يۈەن پۇلنى خۇددى قەيسەرلىكنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدىغان كۈچنى سىقىمدىغاندەك، مۈشكۈلات بىلەن تولغان ئىككى سائەتلىك يول-نى بېسىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىدىم.

بىز دەريانى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتۇق. نان، قارماق ۋە شاھمات تاختىسىنى ئالغىنىمىزچە دەريا بويىنى بويلاپ يىراقلاپ كېتەتتۇق. تاغ داۋانلىرىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنلىرىغا جور بولۇپ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرايتتۇق، قوغلىشىپ ئوي-نايتتۇق، قول تۇتۇشقىنىمىزچە دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا يىقىلىپ كەتسەك قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتۇق؛ دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قاتمۇ – قات تاغلارغا قاراپ، نۇرغۇنلىغان كىچىك ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغان بۇ دەرياغا

قاراپ ھەۋەسلىنىپ كېتەتتۇق. بىز غايەت زور ئېقىنلار سىستېمىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ــ ئەڭ نۇرانە بىر نۇقتىدا ئىدۇق.
ھەر قېتىم بۇ دەريادىن ئۆتكەندە، بۇ دەريا ئېقىتىپ كەتكەن ئايى-
غىمنى ئەسلەيمەن. دەريا قىنى كەڭ بولمىغىنى بىلەن، سۇنىڭ ئېقىش
سۈرئىتى تېز بولغاچقا، بىر نەچچە كىشىمۇ ئاشۇ ئېقىپ كېتىۋاتقان بىر
پاي ئايىغىمغا يېتىشەلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاچچىقىمدا ئاياغنىڭ يە-
نە بىر پېيىنىمۇ دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئۆيگە يالاڭ ئاياغ قايتقانىدىم، يولدا
ھېچكىم ئۇچرىمىغانىدى. كۈرتۈ بازىرىغا كىرگەندە، سەل قورۇنغاندەك
بولغان بولساممۇ، ئەمما، يەنىلا چاندۇرماي، مەيدەمنى كېرىپ ئۆيۈم تە-
رەپكە قاراپ ماڭدىم. چۈنكى، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوز-
غاپ، ئۇلارنىڭ پاكىزە ئاق كۆڭلىكىم ئاستىدىكى لايغا مىلەنگەن پۇتۇمنى
كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولاتتىم. بۇمۇ بىر خىل ئەپلىك ئامال ــ دە!
بۇندىن كېيىن مەن ياشايدىغان جايدا يەنىلا بىر دەريانىڭ بولۇشىنى
تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

## كېپىنەك يولى

توپ – توپ كېپىنەكلەر يولدا ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ماشىنىدا كې-
تىۋېتىپ، ماشىنىغا سوقۇلۇپ مىجىلىپ كەتكەن كېپىنەكلەرگە قاراشقا
جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئالدىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ، مىڭلىغان – مىليونلىغان
ئاق قاناتلىق كېپىنەكلەر قاپلاپ تۇرغان ئاپپاق يولغا قاراپ زوقلىناتتىم.
ئەمما، كېپىنەكلەر ماشىنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقان بولسىمۇ،
خۇددى بەختىنى كۈتۈۋاتقاندەك، يولغا قونغىنىچە تۇرىۋېرەتتى. ئاز بىر
قىسمى ئۇچۇپ يان تەرەپكە ئۆتۈۋالغىنى بىلەن كۆپ قىسىم كېپىنەكلەر
بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلالمايتتى. ماشىنا ئاخىرى ئۆتۈپ كەتتى.
ئالدىمىز دا يەنە بىر توپ كېپىنەكلەر بىز نى ساقلاپ تۇراتتى.
بىز بۇ كېپىنەكلەر يولىنى بويلاپ، تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ

كەتتۇق. ئالدىمىزدا ھەيۋەتلىك تاغ جىلغىسى كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، تاغلىق دالا خۇددى بىزنى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتكە ئېتتىرىپ كېتىۋاتقاندەك، بېشىمىزنى كۆتۈرگىنىمىزدە، دوملاپ چۈشۈپلا بىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغاندەك مەنزىرە بىزنى كەينىمىزگە يېنىشقا قىستايتتى؛ ئارقىمىزدا بولسا ئاستىغا كۆز يەتكۈسىز تىك ھاڭ بىزنى يەنە ئالدىمىزدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىگە بىر قەدەم – بىر قەدەمدىن يېقىنلىششقا قىستايتتى. خۇددى دېڭىزنىڭ بىپايانلىقى ئادەملەرنىڭ ئەركىن – ئازادە ئۈزۈشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، چەكسىز قورقۇنچ ئەچىدە جان تالىشىش ئۈچۈن بولغىنىدەك.

ئاپپاق كېپىنەكلەرنىڭ پەرۋازى بۇ تاغ جىلغىسىنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىگە يەنە باشقىچە گۈزەللىكلەرنى ئاتا قىلاتتى. توپ – توپ كېپىنەكلەر گاھىدا خۇددى شارقىراتمىغا ئوخشاش تېز سۈرئەتتە پەسكە شۇڭغۇسا، گاھىدا بۆلۈنۈپ ئۈستىگە ئۆرلەيتتى-دە، يەنە قوشۇلۇپ پەرۋازىنى داۋاملاشتۇراتتى. بۇ كېپىنەكلەرنىڭ جۈغى كىچىك، رەڭگى ئاپپاق بولۇپ، باشقا رەڭدار كېپىنەكلەردەك ئۇنچە بەك چىرايلىقمۇ ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ توپ – توپ بولۇپ ئۇچۇشلىرى بۇ تاغ ئارىسىدىكى مەنزىرىگە شېرىن چۈشتىكى گۈزەل تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىپ تۇراتتى. يەنە ئۇلارنىڭ پەرۋازى مەلۇم نەرسىنىڭ ئاشۇ مەنزىرىنى سىيىپاپ ئۆتكىنىگە ئوخشايتتى.

بىز كېپىنەكلەر توپىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتۇق. جاھان بىردىنلا قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. ئەتراپتىكى تاشلار ۋە ئۇچار – قۇشلارغا يوپۇرماق ئۆسۈپ قالغاندەك ئىدى. قاراڭغۇلۇقنىڭ چوڭقۇرىدا يول تېخىمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئالدىمىزدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغىنى سىياھ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن كۆرۈنمەس يوللار ئىدى. بىز يولدىن ئادىشىپ قالدۇق...

شۇ پەيتتە بىر ئاپپاق كېپىنەك ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىز تەرەپكە ئۇچۇپ كەلدى...

دېمەك، بۇ كېپىنەكلەر ئاپىرىدە قىلغان يول بۇ تاغ – دالىنىڭ ئەڭ چەت جايلىرىغىچە تۇتاشقانىدى. ئەمما، ئۇلار بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپ تۇراتتى، ھەر بىر تال كېپىنەك ئۆزىنىڭ سوكۇناتى بىلەن، ئۆلۈم ئالدىدىكى نەپەسلىرى بىلەن، قاناتلىرىنىڭ تىترەشلىرى بىلەن، ھاياتلىقىمىز مەڭگۈ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان نىشان بىلەن بىزنى توسۇپ تۇراتتى. ماشىنا يەنە نېمىلەرنىدۇ دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى.

– كېپىنەكلەرنىڭ يولغا قونۇۋالغىنى، – دېدى بىر بوۋاي، – بوران – چاپقۇن، يامغۇر – يېشىن ۋە سوغۇق ئېقىمنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ!

ئەمما، بىز مەنزىلگە يېقىنلاشقان ئىدۇق.

بىز تاغ – داۋانلاردىن ئېشىپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىمىزدا، ئەتراپتىكى كېپىنەكلەر خۇددى ئۇۋۇندىلاردەك شامالدا لەرزان ئۇچاتتى، خۇددى بىز بايا دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەن كېپىنەكلەرنىڭ روھى قايتىپ كەلگەندەك. ئەمما، ئۇلارنى «روھ»دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار تولىمۇ قالايمىقان ۋە مەۋھۇم بولۇپ، ئورمانلىقنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە يۈز بېرىدىغان مۆجىزىگە سىڭىپ كېتەلمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرۋازلىرى بىلەن بۇ تاغ – دالىغا باشقىچە سېھرىي كۈچ قوشقانىدى! تاغلار ئەنە شۇنداق سېھرىي كۈچ بەدىلىگە قەد كۆتۈرگەنمۇ؟ ئاشۇ پەرۋاز سەزگۈلەرنىڭ ئىچىدىكى ئارتۇقچە ئىبارىلەردەك ئاجىز روھنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغانمۇ؟

بىز بولساق ھېچنېمىگە تەسىر قىلالمايمىز. پەقەت ماشىنا بىلەن ئۇلارنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىمىز ،خالاس... كېپىنەك يولى تولىمۇ ئاپپاق، ھەشەمەتلىك ۋە زىلزىلىلىك يول ئىدى. ئەمەلىيەتتە بىز باشقا نەرسە بىلەن يولىمىزنى باسساق بولىۋېرەتتى. بىز بۇ جىلغىدا نېمە دېگەن كىچىك ۋە ئەرزىمەس-ھە!

# ھاراقكەشلەر ھەققىدە

تا بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىگىچە، دوستۇم لى نا ئاشۇ ئىشنى ماڭا دەپ كەلگەنىدى.

بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا ئانام ناھىيە بازىرىدا دۇكان ئاچاتتى. لى نانىڭ ئاتىسى بولسا كۈندە دېگۈدەك بىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ ھاراق ئىچەتتى. ئائىلىنىڭ مالىيە ھوقۇقى لى نانىڭ ئانىسىنىڭ قولىدا بولغاچقا، لى نانىڭ ئاتىسى نېسىگە ھاراق ئىچىشتىن ساقلىنالمايتتى. ئانام ناھايىتى ئۇنتۇغاق بولۇپ، ئۇنداق ئىشلارنى ئېسىدە تۇتۇپ بولالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز بايتوقاي ناھىيەسىگە كېلىپ جايلاشقىلى ئۇزاق بولمىغان چاغلار بولغاچقا، بارلىق قازاقلارنىڭ چىرايى ئوپئوخشاش بىلىنىپ، ئاسان پەرقلەندۈرۈپ بولالمايتتى. ئىسمىنى ئېسىدە تۇتۇۋالدى دېگەن تەقدىردىمۇ، قايسى ئىسىم كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەيتتى. گەرچە لى نانىڭ ئاتىسى بىلەن بولغان ئالاقە قويۇق بولسىمۇ، ئانام ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئىچكەن ھاراقنىڭ پۇلىنى نېسى قىلىشنىڭ كېپىنى چىقارسا، ئانام ئىككىلىنىپلا قالاتتى. ئانامنى ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلىدۇ، دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۇ ئىسىمنىڭ ئۆزى بىلىدىغان ئىسىملارنىڭ قايسىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە، ئانام تونۇمايدىغاندەك قىياپەتنى بىلىندۈرۈپ قويۇشتىن خىجىل بولاتتى. شۇڭا ئانام نېسىنى قايتۇرمىساڭ، مەن بەرىبىر سېنى تونۇۋالىمەنغۇ،دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا ھۆججەت يازغۇزۇۋالاتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئانام ئۇنىڭ قىزىنى، يەنى، كۈندە دېگۈدەك كېلىپ مەن بىلەن ئوينايدىغان لى نانىلا تونۇيتتى. شۇڭا، قەرز ھۆججىتىگە قەرز ئىگىسى بىلمەيدىغان تۆت بۇرجەك خەتلەر بىلەن:« لى نانىڭ ئاتىسى بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدى» دەپ يېزىلاتتى ۋە مال جاھازىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چاپلاپ قويۇلاتتى.

لى نا:

ـ ئانام بۇنى بىلگەندىن كېيىن بەك ئاچچىقلاپ كەتتى. ئۇ ئاتامنى «سىرتتا ئۆزۈڭنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ بولغىنىڭ يەتمىگەندەك، ئەمدى قىزىمىزنىڭمۇ يۈزىنى تۆكۈپ بولدۇڭ، ئەمدى ياخشى بولدىمۇ، ئۇ دۇكانغا كىرگەنلىكى ئادەم لى نانىڭ بىر ھاراقكەشنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى...» دەپ تىللاپ كەتتى، ـ دېدى.

ئەمەلىيەتتە، ئانامدا يەنە بىر تېخىمۇ ئۆزگىچە قەرز ھۆججىتى بار ئىدى. شاكىچىك ئا لىۋنىڭ ئاتىسى نېسىگە ھاراق ئالغاندا، ئانام «ئا لىۋنىڭ ئاتىسى بىر بوتۇلكا ھاراق» دەپ يازماقچى بولدى-يۇ، «ئا لىۋ» دېگەن ئىسىم ئاسان ئۇنتۇلۇپ قالىدىكەن، دېدى بولغاي، قەرز ھۆججىتىنى ئۇنداق يېزىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئانام كىشىلەردىن «ئا لىۋ»نىڭ مەنىسىنى سۈرۈشتۈردى، نەتىجىدە، سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا تەلەپپۇزدا خاتالىق كۆرۈلۈپ، «ئا لىۋ»نىڭ مەنىسى «ئېيىق» بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، «ئېيىقنىڭ ئاتىسى بىر بوتۇلكا ھاراق» دەپ يېزىلغان قەرز ھۆججىتى مال جاھازىسىنىڭ ئىگىز يېرىگە چاپلاپ قويۇلغانىدى. پۇلنى قايتۇرىدىغان چاغدا بۇنى كۆرۈپ قالغان ئا لىۋنىڭ ئاتىسى بەكلا ئاچچىقلاپ كەتكەنىدى.

ئەلۋەتتە، ھەممىلا ھاراقكەشنىڭ لەۋزىدە تۇرۇپ نېسى قىلغان پۇلنى قايتۇرۇشى ناتايىن ئىدى. ئانامنىڭ تارتقان زىيىنىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەڭ زور زىيان تارتقان بىر قېتىملىقىدا ئۇ كىم ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرمەيلا ھاراق ئالغۇچىغا قەرز ھۆججىتىنى بېرىپ ئىمزا قويدۇرۇۋالغىنى بولدى. يېرىم يىل ئۆتكەندە، تاقىتى تاق بولغان ئانام ھۆججەتنى كۆتۈرگىنىچە كىشىلەردىن سۈرۈشتۈردى، نەتىجىدە، قويۇلغان ئىمزانىڭ مەنىسى « ئاچا، كەچۈرۈڭ! بىز ھاراقكەش» بولۇپ چىقتى.

ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولغان ئانام ماڭا:«جۇەن ئېر، ھاراقكەشنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمە!» دېگەنىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئانام يەنە بىرىگە ئالدىنىپ كېتىپ، پەقەت ئۇن يۈەنگە قەرز ھۆججىتى يازغۇزۇۋالدى. ئۇ ئادەم دەسلەپتە دۇنيادىكى

ياخشى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ، پالانچى ئىنىڭ پوكۇنچى كۈنى
چوقۇم قايتۇرىمەن، ئەگەر قايتۇرمىسام پالان - پالان بولۇپ كېتەي،
دەپ قەسەم ئىچكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇزاققىچە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمە-
دى. ئۇچراپ قالغىدەك بولسا پەقەت ئون يەن ئۇچۇن تۇمىقى بىلەن
يۈزىنى توسقىنىچە قاياققىدۇ تىكىۋېتەتتى .

كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ ھاراقكەشلەر تولىمۇ ئۆكتەم بولۇپ، نېسى
قىلىشقا بولمايدۇ دېگەنچە، توختىماي سۆزلەپ، قەسەملەرنى بېرىپ،
ھەتتا، ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈپ، نېسى قىلماي قويمايدىكەن، ئەم-
ما، نېسىنى قايتۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىكەن. نېسىنى سۈيلىگەن-
دىكى جاپا - مۇشەققەت بولسا نېسى قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىشەنمەسلىك،
ئۆچ - ئاداۋەت، توسقۇنلۇقتا ئوخشاش تۈرلۈك پوزىتسىيەلەر بىلەن
ئوك تاناسىپ بولۇپ قالاتتى. كېيىن ھەقىقەتەن شۇنداق بولغانىدى. ئا-
نام ھېلىقى ئادەمنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قېلىپ، نېسىنى قايتۇرۇشنى
ئېيتقاندا، ئۇ ئادەم نېسى قىلغانلىقىنى زىنھار تەن ئالماپتۇ ۋە ئاستا قې-
چىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىغا پايلىمىغان ئانام ئۇنىڭ پې-
شىگە ئېسىلىۋېلىپ چوڭ كوچىدا ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئەتراپقا
توپلاشقان كىشىلەرنىڭ بارغانچە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۇ ئادەم
ئانامنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپلا قېچىپتۇ، ئاناممۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ
كەينىدىن كوچىمۇ - كوچا توختىماي قوغلاپتۇ. مەن ئۇ مەنزىرىنى ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولساممۇ، كېيىن ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ
چاغدىكى قوغلىشىش كارامەت بولغان ئىكەن. ئۇ ئادەم قېچىپ كېتىۋې-
تىپ، كەينىگە قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپتۇ، ئانام زەن سېلىپ
ئاڭلاپ بىلىپتۇكى، ئۇ ئادەم ئانامغا:«...پۇل دېسەڭ مەندە يوق، ئالساڭ
ئىسسىق جېنىم بار...! ھا...ھا...ھا... يۈزى قېلىندىن ئالۋاستىمۇ قورقى-
دۇ...»دەۋاتقانىكەن. ئۇ چاغدا ئانامنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەنىكەن.
ھېرىپ ھالى قالمىغان ئانام داۋاملىق قوغلاپ بولالماي، جايىدا تۇرۇپلا
ئۇنى بىر ھازا تىللاپ كەتكەن ئىكەن. تىللاۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ

كۆلگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆلگەن پېتى ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. شۇڭا ئانام دائىم ئاشۇ ئىش كۆرمىگەن ھاراقكەشلەرگە:«ھەي، مەن قانداق ھاراقكەشنى ئۇچراتمىغان مەن؟» دەپ قوياتتى.

كۆكتوقاينىڭ تولىمۇ ئۇزاق قىش پەسلىدە بىزنىڭ دۇكاندا ئەڭ تېز سېتىلىدىغان نەرسە ھاراق ئىدى، باشقا نەرسىلەر تەستە سېتىلاتتى. شۇڭا بىز ھاراقكەشلەرنى دۇكاندا ئۇزاقراق تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن، دۇكاننىڭ ئىچىگە ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى تىزىۋەتكەنىدۇق. تېخى بە-
زى ھاراقكەشلەر ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى تونۇشلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا بىز دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا پەردە تارتىپ، ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى ئايرىم تىزىپ، ئۇنداقلار ئۈچۈن «ئايرىمخانا» تەييارلاپمۇ بەرگەنىدۇق. بىز ھاراقكەشلەرنىڭ تۈگمەس ۋاراڭ - چۇ-
رۇڭلىرى ۋە جېدەللىرىدىن بىزار بولۇپ تۇرساقمۇ، ئەمما، پۇل تېپىش ئۈچۈن چىدايتتۇق. سودا قىلىپ پۇل تېپىش تەس ئىدى-دە!

مەن ئۆزۈمنى ھاراقكەشلەرنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولدۇم، دېسەممۇ بولىدۇ. مەن بۇ تەرەپتە «يايلاقلار ئارا» دېگەن شېئىرنى يادلىسام، ھاراقكەشلەر ياندا ئۇسسۇلغا چۈشكەچ «مارىيە» دېگەن ناخشىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىشىپ كېتەتتى. ھازىرغا قەدەر ھەر قېتىم «يايلاقلار ئارا» دې-
گەن شېئىرنى ئېسىمگە ئالغىنىمدا، ئىختىيارسىزلا ئاغزىمدىن «مارىيە» دېگەن سۆز چىقىپ كېتىدۇ.

ھاراقكەشلەر ھاراق ئىچىشىۋاتقاندىكى مەنزىرىنى ھەقىقەتەن تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن.

ئۇلار ھاراقنى بوتۇلكىلاپ ئەمەس، يەشىكلەپ ئالاتتى. ئەتىگەندە ئىچىشنى باشلىۋالسا، كەچ كىرگەندىمۇ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەل-
مەيتتۇق. ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتسەكمۇ، ئۇلار دۇكاننىڭ ئالدىغا چىقىپ داق يەردىلا بەداشقانىنى قۇرۇشقىنىچە ئولتۇرۇپ ئىچىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ھاراقنى كۆپ ئىچىۋالغانلىرى بولسا، كىچىك تەرىتى قىستاپ كەتكەندە كەينىگە ئۆرۈلۈپلا تامنىڭ يېنىغا كېلىپ «قويۇپ بې-

رەتتى». قش كۈنلرى دۇكاننىڭ ئالددىكى قار دۆۋىلرىدە ئۈزۈن –
ئۈزۈن سېرىق ئىزلار قالاتتى. بۇلارنى كۆرۈپ ئادەمنىڭ تۈرۈپ ئاچچىـ
قى كەلسە، تۈرۈپ كۈلگۈسى كېلەتتى.

سەككىز ـ توققۇز ياش چاغلىرىم ئىدى، ياشلاردىكى مەن پۈكەينىڭ
ئارقىسىدا تۈرۈپ ئۆلارنىڭ ئىش – ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتەتتىم. ئۆلار
بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى تىرناقلىرى بىلەنلا ئاچاتتى، ھەرگىز بوتۇلكا
ئاچقۇچنى ئىشلەتمەيتتى. ئۆلار ئىچىشكەنچە قىزىپ، پو – لاپلىرى ئەۋ-
جىگە چىقاتتى؛ ئۆلارنىڭ بىر ـ بىرىنى هاراققا زورلىشىنىڭمۇ هاجىتى
يوق ئىدى. ناۋادا تونۇش بىرەرى ئۇچراپ قالسا ئۆلار دەرهال ئۇنى
ئورنىۋېلىشاتتى ـ دە، ئۇ بىرەر بوتۇلكا هاراق ئېلىپ بەرمىگۈچە قويۇۋەت-
مەيتتى؛ ئۆلار مەندىن بىرەر تال يىپنى سورىۋالاتتى ـ دە، ئۇ يىپ بىلەن
ئاقلانغان تۇخۇمنى پارچىلايتتى (بىزنىڭ دۇكاندا زاكوسكىمۇ كەم ئە-
مەس ئىدى)، مەيلى قانچىلىك مەست بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر
ئوپئوخشاش پارچىلايتتى. ئۆلار ئىچىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ناخشا
ئېيتىشنى باشلايتتى، ناخشا تازا قىزىغاندا بولسا ئۇرۇشۇپ كېتەتتى؛ ئۇ-
رۇشۇپ قانغاندىن كېيىن يەنە قۇچاقلاشقىنىچە يىغلىشىپ كېتەتتى، بىر
– بىرىدىن ئەپۇ سورىشاتتى. ئاندىن يەنە داۋاملىق ئىچىشەتتى، بىر
چاغدا يەنە ناخشىسىنى باشلايتتى، ناخشا قىزىغاندا يەنە ئۇرۇشاتتى...

ھېچقانداق مەقسەتسىزلا ئۇ هاراقكەشلەرنى ئىش – ئىزلىرىنى
توختىماي سۆزلەۋېرىش تولىمۇ مەنىسىز. ئۆلارنىڭ قايسى ئىشىنىڭ مېنى
شۇنچە جەلپ قىلىۋالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن هاراق ئىچەلـ
مەيتتىم، ئىچسەممۇ باشقا ھەر قانداق سۇيۇقلۇقنى يۇتقاندەك، قىينىلىپ
تۈرۈپ يۇتاتتىم. هاراق ماڭا ھېچقانداق خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ،
مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ ئېسىل هاراق بىلەن ئەڭ ناچار هاراقنىڭ ھېچـ
قانداق پەرقى يوق، ھەممىسى ئوخشاش دىماقنى يارغۇدەك ئاچچىق.
ناۋادا بىرەر رومكا ئىچىپ قالسام گېلىمنى كۆيدۈرگەن پىتى قورسىقىمغا
چۈشەتتى، پەقەت ئاغزىم بىلەنلا نەپەسلىنىشكە مەجبۇر بولاتتىم، تىلىم

خۇددى باشقىلارنىڭ تىلىغا ئوخشاش سېزىمنى يوقىتىپلا قوياتتى.

ئانام هاراق ئىچەلەيتتى ھەم ھۇزۇرىنىمۇ سۈرەلەيتتى. ياخشى تائام - قورۇملار تەييارلانغان كۈنى ئۇ بىر نەچچە قەدەھ ئىچەتتى-دە، هاراقلارنىڭ پەرقىنى، ياخشى - يامانلىقىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى قىزىپ سۆزلەپ كېتەتتى. بىز بولساق ھېچقانداق سۆز قىستۇرماي جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ بېرەتتۇق. كېيىن، يىگىتىم چىنىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ: «ئانىڭىز ھەقىقەتەن هاراقكەشكەن جۇمۇ...» دەپ پىچىرلىغانىدى.

مەن دائىم «مەستلىك»نى تەسەۋۋۇر قىلىمەن. نۇرغۇن ئادەم تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىز ، «مەستلىك»تىن ئىبارەت ئاتالغۇنى بەكمۇ كۆپ ۋە ئاسان ئىشلىتىدۇ. ناخشىدىمۇ «مەستلىك»، شېرىن - شېكەر سۆزلەردىمۇ «مەستلىك»، گۈزەل مەنزىرىدىمۇ «مەستلىك»، بىرەر گۈزەل قىزنىڭ بىر قاراپ قويۇشلىرىدىمۇ «مەستلىك»... ئىشقىلىپ، ھەممىسىدە «مەستلىك» بار. مېنىڭچە بولغاندا، ھەقىقىي «مەستلىك»نى چۈشىنىدىغان ئادەم چوقۇم هاراق ئىچەلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، تۈرلۈك - تۈمەن خىل گۈزەل شەيئىلەرنى كۆرگەندىمۇ، خۇددى ماڭا ئوخشاش «تەسىرلەندىم» دېسىلا كۇپايە.

راست، مەن ئىلگىرى ئالىتاغىل تۇۋلاپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن مەستنى كۆرگەن. شۇ دەقىقىلەردە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كىشىنىڭ ھەقىقەتەن بىلىپ باققۇسى كېلىدۇ: دۇنيا زىلزىلىگە تولغان، ھەممە ئەسەبىيلەرچە تەنتەنىگە چۈشكەن... ئەمما، ئۇلارنىڭ سېزىمىدىكى «ھوشيارلىق» ۋە «سەزگۈرلۈك» چوقۇم ئۇلاردىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشقان، ھەتتا، ھالقىپ ئۆتۈپ خۇددى جەننەتكە ئوخشاش غايىۋى ماكانغا كىرىپ بولغان بولىدۇ. ئۇلار ئۇ ماكاندىكى ھەممىنى ھېس قىلالايدۇ، ئۇلار تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشىدۇ-دە، يەنە ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ تېنىنى يەردىن كۆتۈرىدۇ، ئاغزىدىن بولسا ئاللىبۇرۇن يىراقلىشىپ كەتكەن ئىشلارنىڭ

جەريانى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، بېشىنى كۆتۈرگىنىدە بولسا، قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقى گۈزەل ھېس – تۇيغۇلارغا تولغان بولىدۇ.

«مەستلىك» نەقەدەر ئاجايىپ تۇيغۇ – ھە! خۇددى سۇغا تامغان ماي سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرۇپ قالغاندەك، «مەستلىك»تە ئۇزاقتىن بېرى قەلبىنىڭ چوڭقۇرىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان سىرلارنىڭ ھەممىسى ئېتىلىپ چىقىدۇ. قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ئىچىشكەن ۋاقىتتىكى سەممىي، چىن سۆزلەر، ھەرىكەتلەر ۋە ئۆزلىرىنىڭ قايناپ تۇرغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن چەر خىل ۋاسىتىلەر تولىمۇ قىزغىن كەيپىياتتا ئۆزئارا يەتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان سەممىي، مۇلايىم ياكى خىجىلچان كىشىلەر ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، يۈرىكى يوغىنىغان، ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ يۈرۈش – تۇرۇشلىرى يوق باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. گويا ئاشۇلار ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىدى. ئەڭ دەسلەپىدە، ئادەملەر ئەنە شۇ قىياپەتلىرى بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتكەنىدى، ئەمما، كېيىن بۇ مۇرەككەپ دۇنيادا نۇرغۇن ئىسسىق – سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى تۈرلۈك نىقابلار بىلەن ئورىۋېلىشقان. ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇ نىقابلارنى بىر – بىرلەپ ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن ئىچىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان سىرلارنى قايتا ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا بىراقلا تۆكۈۋېتىشىدۇ... ھى... ھى... ھى... مەن ھاراق ئىچەلمەيمەن، شۇڭا، مەن ئاشۇ مەستلەرنىڭ ئىش – ھەرىكەتلىرى ۋە قىياپەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بۇ يەكۈننى چىقارغان...

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مەست بولۇپ باقمىغان، پۈتۈن ئەس – يادىم ئىنتىلىپمۇ باقمىغان. ئەپسۇسلىنىدىغىنىم شۇكى، دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىيالمىغان، ئىمتىھانلاردا دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرەلمىگەن، كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە ئىختىيارسىز تەۋرىنىپ قالغانىدىم؛ ئۇيقۇلىرىمۇ قېنىپ باقمىغان، چۈشلىرىمۇ كۆپ بۇزۇلغان، خىيالغا پاتقىنىمچە كېتىۋېتىپ ئىستولبىغا ئۇسۇۋالغان ۋە ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەت-

كەن، مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىمدا بولسا كۆڭۈل توختىتالماي يىرىم يولدا ئايرىلىپ كەتكەن... گە ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندى. شۇڭا، لى جۇەن ھەر ۋاقىت غەمكىن يۈرىدۇ، دېگەندىن كۆرە، ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا سەگەك يۈرىدۇ، تۈرلۈك شەكىلدىكى قىزغىنلىق ۋە يوقلۇققا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلمەيدۇ، دېگەن تۈزۈكرەك.

مەن ئاشۇ كىشىلەرگە تولىمۇ ھەۋەس قىلىمەن. ئۇلار ئۆز خۇشاللىقلىرىنى قانداق تاپىدىغاندۇ؟

يەنە ھاراقكەشلەرنىڭ گېپىگە قايتىپ كېلەيلى. ئىشقىلىپ، ئۇلار ھاراق بىلەن ئۆلپەتلىشىشنى باشلاپلا قالسا، باشقا ھەر قانداق نەرسە بىلەن كارى بولمايتتى، ئائىلە، نام - ئاتاق، سالامەتلىك، مال - دۇنيا، كىشىلىك قەدىر - قىممەت، مۇھەببەت... دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇشاتتى. مانا بۇلار ھاراق بىلەن روھىيىتىنى ئازاد قىلغان، ھاراق بوتۇلكىسىغا مەھكەم باغلانغان ھەقىقىي ھاراقكەشلەردۇر. ئۇلار مەستلىكتە ئۇرۇشاتتى، غەرەز ئۇقمايتتى، گەپ چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھاراقنى نېمىسگە ئالغاندا يالۋۇرۇپ دېمىگەن گېپى قالمىغىنى بىلەن، ھاراقنى ئېلىۋالغاندىن كېيىنلا ئىچىدە پۈلنى چوقۇم قايتۇرماسلىق توغرىسىدا قەسەم ئىچىشىدۇ. ئۇلار ئاياللىنىڭ، ئاتا - ئانىسىنىڭ، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ پۇللىرىنى ئالداپ ئالاتتى-دە، كوچا - كويلاردا، كۆۋرۈك ئاستىدىكى ئىستىھكاملىرىدا، سۇيى توختىغان ئېرىقلاردا،قارلىق يەرلەردە... توڭلاپ تىترەشكىنىچە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشەتتى. ئۇلار ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قاقسەنەم بولۇپ، تەنها قالغانلار ئىدى. ئۇلار ھاراق ئۈچۈن يېنىدىكى ھەممە نېمىسىنى رەنىگە قويۇشتىن، ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايتتى.

ياخشى يېرى، بۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسە ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. بولمىسا، مەنمۇ بۇنچە جاپا تارتىپ يەتتە-سەككىز بەت نەرسىنى يېزىپ ئەزمەمنى ئېزىپمۇ كەتمەيتتىم. ئەگەردە دۇنيانى چۈشىنىپ بولسام، قانداق زېرىكىشلىك ئەھۋال بولغان بولات-

تى-ھە؟

يەنە داۋاملىق ھاراقكەشلەر توغرىسىدا سۆزلەيلى. ھەي، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىدۇ. كۇرتۇدەك تولىمۇ يىراق، چەت كەنتتىكى ئانچە – مۇنچە تەدبىرى بارلار، ئۇتتۇقلۇق ئىشلارنى قىلىپ باققۇسى بارلارنىڭ ھەممىسى سىرتلارغا چىقىپ كېتىشكەنىدى. قېپقالغانلار ھەسرەت – نادامەت ئىلكىدە مەلۇم نەرسىلەرنى ھېس قىلغان، شۇڭا، ئۇلار ھاراقنى... ئەمما، ئۇلارنى شۇ ئىشلار سەۋەبلىك ھاراق بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دائىم تولىمۇ جەڭگىۋار ۋە كۆرەڭ يۈرۈشىدۇ. ئەكسىچە، مەن ئەتىدىن كەچكىچە قوشۇمام تۈرۈك ھالدا ئۇلار سۇنغان پۇلنى «شارت»تىدە ئېلىپ، ھاراقنى ئۈستەل ئۈستىگە «جاققىدە»قويىمەن-دە، يەنە چىشىمنى چىشلىگىنىمچە ئاشقان پۇلنى قايتۇرىمەن. شۇ دەقىقىدە كېچىنىڭ يەنە تىنچسىز ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولىمەن.

ئۇلار مەندىن رومكىنى سورىۋالغاندىن كېيىن ئۈستەلگە رەتلىك تىزىپ ئوخشاش قىلىپ ھاراق تولدۇرۇشىدۇ-دە، شۇ كېچىلىك بەزمىنى تەنتەنە بىلەن باشلاپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇلار تۆۋەن ئاۋازدا پاراڭلاشقان بولسىمۇ، ھاراق تەسىر قىلغانچە ۋاراڭ – چۇرۇڭ ئاۋازلىرىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ھەتتا، ئۇلارنىڭ قىيقاس كۆتۈرۈپ كۈلۈشلىرى سىركە سېتىۋالغىلى كەلگەن قىزنىمۇ چۆچۈتىۋەتتى. ئۇلار بەس – بەس بىلەن ئۇ قىزدىن كەچۈرۈم سوراشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر پەس جىمىپ قېلىشتى-يۇ، قىزنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۈلكىسى كۈچىيىشكە باشلىدى(مەن ئۇلارغا دۇكاندا ھاراق ئىچىشكە بولىدىغانلىقىنى، ئەمما، سودىغا دەخلى يەتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم.) شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رومكىدىكى ھاراقنى گۈپپۈلدىتىپ ئىچىشكىنىچە ۋاراڭ – چۇرۇڭنى باشلىۋەتتى (ئۇلارغا قاراپ ئەمدى تۈگەشتىم، دەپ ئويلاپ قالدىم). بوتۇلكىدىكى ھاراق تېز سۈرئەتتە ئازىيىشقا باشلىدى.

ئىككىنچى بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندا، ئۇلار بىر - بىرىگە باقمىغان ھالدا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۈچىنچى بوتۇلكىغا كەلگەندە، ئۇلار دۇكانغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى كەلگەنلەرنى قوغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇلارغا ئۇنداق يولسىزلىق قىلماسلىقنى ئەسكەرتكەن بولسامۇ، ئۇلار تېخىمۇ ئۆكتەملىك قىلغىلى تۇردى. مەن تۆتىنچى بوتۇلكا ھاراقنى ساتمايدىغانلىقىمنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇستەلگە مۇشتلاپ تۇرۇپ، ئاشۇ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولۇپلا قايتىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا قەسەم ئىچىشىپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇلار مېنى «سىڭلىم» دەپ چاقىرغان بولسا، ئەمدىلىكتە «يەڭگە» دەپ ئاتىماقتا ئىدى. مەن ئۇلارغا نائىلاج ھالدا تۆتىنچى بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ بەردىم، ئۇلار بولسا خۇشلۇقىدىن چۇقان سېلىشىپ كەتتى. ئۇلار يەنە ئۇستەل ئەتراپىغا يىغىلىشتى. تېخى بىرى ئۆيىگە دومبىرا ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ قورقۇپ قالدىم.

«ئاھ، ئانام! ئاھ، مېنىڭ ئانام!... »

دېمەك، بۈگۈن ئاخشامقى بەزمىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يۇقىرى پەللىسى ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلىدىن باشلاندى. ئۇستەل ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئادەمنىڭ ئەپتىگە قاراپ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. پەستىكىلەر بولسا چاۋاكنى تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىشاتتى. بەكرەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىرى بولسا قۇچاقلىشىپ يىغلىشاتتى، قىلىپ قويغان قانداقتۇ ئىشلىرى ئۈچۈن بىر - بىرىدىن ئەپۇ سورىشاتتى. ئارىدا ئىككىسى ئۇرۇشماقچى بولغاندا، باشقىلار ئۇلارغا سىرتقا چىقىپ ئۇرۇشۇشنى، تېز بېرىپ تېز قايتىپ كېلىشنى، قار يېغىۋاتقاچقا سىرتنىڭ بەك سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. بىرى بولسا پۇكەيگە يېقىنلىشىپ، ماڭا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قانداق تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى: «دا، دا، داۋۇ... رى...ك، داۋ ئەمەس... رى...ك...»

مەن بەشىنچى بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ بېرىشكە قەتئىي ئۇنىمىدىم. ئۇلار ئەگەر يەنە ھاراق ئېلىپ بەرمىسەم ھاراق پۇلىنى بەرمەيمىز، دەپ

تەھدىت سالدى. ئەمما، مەن ئەنسىرىمەيتتىم. ئۇلار مېنىڭ ئۇلارنىڭ تەھدىتىگە پەرۋا قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ، پەسكويغا چۈشتى-دە، يەنە «ئاچا، ئاچا» دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مەن «ئانا» دېسەڭلەرمۇ كارىم يوق دېسەم، ئۇلار «ئانا» دەپ چاقىرغىلى تۇردى. مەن ئىلاجسىز بەشىنچى بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ بەردىم.

بۇ چاغدا، يەنە بىر دۇكاندا بولۇشىچە ئىچىشكەن يەنە بىر توپ هاراقكەش دۇكانغا كىرىپ كېلىشتى. ھېلىقى ئۇرۇشقىلى چىقىپ كەتكەن ئىككىسىمۇ يېتىپ كېلىشكەندى. ئەمدى دۇكان ئىچى هاراقكەشلەر بىلەن لىق تولدى. ئۇلار خۇددى كۆرۈشمىگىلى ناھايىتى ئۇزاق بولغان دوستلاردەك بىر هازاغىچە كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىشىپ كەتتى. ئۇچ-تۆت مىنۇت بولا — بولمايلا مەن ئالتىنچى بوتۇلكا هاراقنى پۇكەينىڭ ئۈستىگە قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئالتىنچى بوتۇلكا هاراقنىڭ ئاغزى ئېچىلماي تۇرۇپلا، بىرى يەنە يەتتىنچى بوتۇلكا هاراقنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىمغا كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا مەن ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلاتتىم، چىشىمنى چىشلىگىنىمچە تونۇش بىرەرىنىڭ ئۆتۈپ قېلىشىنى تىلەپ دېرىزىدىن سىرتقا قارايتتىم، بىرەرىنىڭ مېنى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. ئاستا — ئاستا تۈن پەردىسى يېپىلماقتا ئىدى.

سەككىزىنچى، توققۇزىنچى بوتۇلكىلار قۇرۇقدىلىپ بولغاندا، مەستلەرنىڭ يېرىمى قۇسۇشقا باشلىدى. مېنىڭ ۋارقىراشلىرىم ئۇلارغا تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن دۇكاننى تاقاپ ئارام ئالىدىغىنىمنى دېگەندە بىرى ماڭا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە:

—ئۇنداق بولسا سىز ئۇخلاۋېرىڭ، ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، —دېدى.

—مەن ئىشىكنى تاقىشىم كېرەك، سىلەر ئەمدى ئۆيۈڭلارغا بېرىپ ئىچىڭلار!

—ئىشىكنى تاقايمەن؟—ئۇ ئەلپازىنى بۇزدى،— ئىشىكنى نېمە دەپ

تاقايسىز؟ سىز سودا قىلىشنى ئۇقامسىز زادى؟ سىزنىڭ سودا قىلغۇڭىز يوقمۇ؟

—مەن سودا دېگەننى كۆندۈزى قىلىمەن، قاراڭ، ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟

—ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق!— ئۇ قولىدىكى ھاراقنى گۈپلا قىلىپ ئىچىۋەتتى-دە، ماڭا يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىشنى ئېيتتى.

دەل شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ «خور»ى يەنە باشلاندى. ئۇلارنىڭ قالايمىقان ۋارقىراپ – جارقىراشلىرى ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكىلى ئازلا قالاتتى. ھەتتا، دۇكاننىڭ تاملىرى تىترەپ، سۇۋاقلىرى سويۇلۇپ چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ ئاچچىقىمدا بوتۇلكىنى ئېلىپ بىر يولىلا ئىچىۋېتىپ ئۇلارغىمۇ ھاراقنىڭ كەيپىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ قويغۇم، مەستنىڭ جېدىلىنى كۆرسىتىپ قويغۇم كېلىپ كەتتى.

بىر چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك يوغان ئېچىلىپ كەتتى، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن سىرتتىكى سوغۇق ھاۋا قويۇق ئاپپاق ھورنى پۇركىگىنىچە كىردى. مەن ئىچىمدە «ئاپلا!» دېگىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى دۇكانغا ئۈچىنچى «مەستلەر قوشۇنى» كىرىپ كەلگەنىدى. بۇنى كۆرۈپ دۇكاننى تاشلاپ قېچىپ كەتكۈدەكلا بولۇپ كەتتىم.

بىر ھېسابتا يېڭى قوشۇننىڭ كىرگىنىمۇ ياخشى بولغان ئىدى. ئۇلار دۇكانغا پېتىشماي، سورۇننى ئامالسىز باشقا جايغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ۋارقىراشقىنىچە ئۈدۈل تۇرسۇنخان ئاچىنىڭ ئاشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئارىدا بىرى ماڭا قاراپ توختىماي ۋارقىرايتتى، چۈنكى ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ مەندىن ئون ئۈچىنچى بوتۇلكا ھاراقنى ئالالمىغانىدى. ئۇ يېنىدىكىلەرنىڭ سۆرىشى بىلەن ئىشىك تۈۋىگە باردى-دە، ماڭا قاراپ ھۆرپەيگىنىچە:

—خەپ توختاپ تۇر... بۇ يەرنىڭ نوچىسى مەن... سودا – سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى بىرى مېنىڭ ئاكام بولىدۇ... – دېدى.

ـ ئاتاڭ بولسىمۇ قورقمايمەن! ـ ئاچچىقىمدا ۋارقىراپ تاشلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئالدىراپ دۇكاننى يىغىشتۇردۇم ـ دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئىشىكنى تاقىدىم. دېگەندەك، كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنغاندا، ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئۇرۇپ ئۆرۈۋېتەيلا دېدى. «تۇرسۇنخان ئۇلارنى قانداق قىلىپ قوغلىيالىغاندۇ؟ ئەتە چوقۇم سوراپ باقمىسام!»

ئۇلار ئىشىكنى يېرىم سائەت ئەتراپىدا ئۇرغاندىن كېيىن، سوغۇققا چىدىيالمىدى بولغاي، ۋارقىراپ تىللاشقىنىچە كېتىپ قالدى. سەھەر سائەت تۆت بولاي دېگەندە ئۇلار يەنە كېلىپ ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئۇرۇپ، تېپىپ بەكلا ئەسكىلىك قىلىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن بىر كېچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاخشامقى ئىشلارنى ئويلاپ بەكلا كۈلگۈم كېلىپ كەتتى.

كۇرتۇدا ئەنە شۇنداق ھاراقكەشلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئىشلار كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، بەزى يۇرتداشلار ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى. ئۇلار پەقەت ئىككى ـ ئۈچىلا بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئازراقتىن ئىچىشىپ، چىرايلىقچە مۇڭدىشاتتى ـ دە، ھاراق تەسىر قىلىشقا باشلىغاندا ئاستىلا كېتىپ قېلىشاتتى. ئۇلار ھەرگىز جېدەل چىقارمايتتى، ئالتاغىل ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان، نېسىگە ھاراق ئېلىپ تېنىۋالىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى. ئەنە شۇنداق ياخشى خېرىدارلارمۇ بولغاچقا، ھاراق ساتقان چاغلىرىمدا ھاراق ئالغۇچىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيلا قالاتتىم. كېيىنچە، بىزنىڭ سودىمىز زورىيىپ خېلى ھاللىنىپ قالغاندىن كېيىن، ھاراقتىن پۇل تېپىشقا قىزىقمايدىغان، دۇكاننىڭ ئىچىدە سورۇن ھازىرلاپ بەرمەيدىغان بولدۇق. ھاراقنى دۇكاننىڭ ئىچىدە ئىچىشنى ئېيتسا، چىرايلىقچە باشقا دۇكانلارنى كۆرسىتىپ قوياتتۇق.

كېيىن چارۋىچىلار بىلەن تاغقا چىققاندىمۇ مۇشۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىپ كەلدۇق. تاغدا بىزنىڭ ئۆلچەملىك دۇكىنىمىز يوق بولۇپ، چې-

دىردا تۇراتتۇق. ئەلۋەتتە، تاغدىكى هاراقكەشلەرگە نىسبەتەن چېدىرنىڭ
ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ پەرقى يوق ئىدى. ئۇلار هاراق ۋە زاكۇسكىلارنى
ئالاتتى ـ دە، چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقىپلا ئوتلاقتا بەداشقانىنى قۇرۇشقىنىـ
چە ئولتۇرۇپ سورۇن تۈزەتتى. ئۇلارنىڭ هەر بىرىـنىڭ قولـىدا بىردىـن
بوتۇلكا بولۇپ، كۆپكۆك ئاسمان، بىپايان يېشىل يايلاق، يىراقتا قارىيىپ
تۇرغان ئورمانلىق، شىلدىرلاپ سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تـۇرىدىغان ئـۆسـ
تەڭلەر ئۇلارنىڭ سورۇنى ئۈچۈن تولىمۇ ئـارامبەخش مـۇهىتنـى ۋەدە
قىلىپ تۇراتتى. قاتمۇ – قات تاغلارنىڭ باغرىدىكى ئوتـلاقتا ئوتـلىشـىپ
يۈرگـەن قوي، كالا ۋە تۆگـە پادىلىـرى ئادەمنـى تـەگسىـز خـىيالـلارغـا
باشلايتتى... ئاھ! نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرە – هە! دېمەك، بۇنىڭدىنمۇ
هـەشەمەتلـىك هاراق سورۇنـى بولماس! ئـۇلار تولـىمـۇ يۇقىرى ئـاۋازدا
پاراڭلىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى يىراق – يىراقلاردىن ئەكس
سادا قايتۇراتتى.
مېنىڭچە، مۇشۇنداق مەنزىرىدە يېتىلگەن هاراقكەشلەرنىڭ دەرىجىـ
سى تېخىمۇ يۇقـىرى بولۇپ، كـۆڭلى – كۆكـسى كەڭ بولاتـتى. ئەمـا،
سورۇن ئاخىرلاشقاندا ئۇلار قۇرۇقدالغان هاراق بوتۇلكـىلىرنـى يىغىـپ
ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلار بوتۇلكىلارنى دەريانىڭ ئۇ قېـتىدىكـى نۇرلانىنـىڭ
ئاشخانىسىغا ئېلىپ بارسا بىرىنى سەككىز پۇڭدىن سېتىۋالاتتى.
بەلكىم، ئۇلار هاراقتىن هەقىقي هوزۇرلىنىشنى بىلىدىغان كىشلـەر
بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئوتلام هاراقنى گۈپپىـ
دە ئىچىۋېتىشەتتى ـ دە، ئاتلىرىغا مىنىشىپ، چۇقان كۆتۈرگىنىچە كېتىـپ
قېلىشاتتى. هاراق هىدى قاپلاپ كەتكەن سورۇنـدا ئۇلارنىڭ نـاخشىسـى
هېلىهەم ياڭراۋاتقاندەك قىلاتتى.
مەن يەنىلا هاراق توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئېسىمگە ئېلىۋاتـاتتىم. بـۇ
سېھىرلىك سۇيۇقلۇق ئادەم تېنىگە ئەڭ زۆرۈر بولغان مـاددا سۇ بىلـەن
ئاشلىقنىڭ مۆجىزىلىك بىرىكىشى بىلەن مۇرەككەپ جەريانلاردىن كېيىن
هاسىل بولىدۇ. ئۇ ئۆتكۈر پۇراقلىق هەم ئاچچىـق بولۇپ، ئـىچكەن ئـاـ

دەمنىڭ گېلىدىن باشلاپ كۆيدۈرگىنىچە ئاشقازىنىغا يېتىپ باردۇ. ئۇ
دەسلەپىدە كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، يۈرىكىنى يوغىنىتىدۇ، ئىچىدىكى
بارلىق غەم - ئەندىشە ۋە ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى قاياقلارغىدۇ سۈپۈرۈپ
تاشلايدۇ. ئادەمگە چەكسىز كۆڭۈل ئازادىلىكى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ھەقىـ
قەتەن سېھىرلىك نەرسە ئىدى! بىر رومكىنى ئىچكەن ئادەم ئىختىيارسىز
ھالدا ئىككىنچى رومكىنى قولىغا ئالىدۇ...

ھاراق نېمە دېگەن سېھىرلىك نەرسەـھە! سۇ شۇنداق بولالامدۇ؟
ئاشلىقچۇ؟ بىز كۈندە ئۈچ ۋاق سۇ بىلەن ئاشلىقتىن ئايرىلالمايمىز .
بۇلار بىزگە ياشاش ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئادەم بەدىـ
نىنىڭ ھارارىتىنى تەڭشەيدۇ، كۈچەيتىدۇ. ئەمما، ھاراق ئۇنداق ئەـ
مەس. ئۇ كىشى تېنىگە تېز سۈرئەتتە تەسىر كۆرسىتىپ، نېرۋىلىرىغا
«ھۇجۇم» قىلىدۇ، كۆمۈلۈپ قالغان ھېسسىياتىنى ئويغىتىپ، ئاخىرىدا
ئەقىل - ھوشىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرىۋېتىدۇ، كىشى ۋۇجۇدىنىڭ
چوڭقۇرلۇقىدا ساقلىنىۋاتقان سىرلارنىڭ پارتلاپ چىقىشىغا سەۋەب بولىـ
دۇ. كىشىنىڭ ئىچىدىكى بارلىق سىر، تۈگۈن، ئوي - خىياللار ئاخىرىغا
بېرىپ چىرايىغا چىقىدۇ. ئۆكتەملىك بىلەن جېدەل قىلىش، قالايمىقان
ۋارقىراپ - جارقىراشلار ۋە دېيىلگەن بارلىق راست - يالغان گەپلەرنىڭ
ھەممىسى ھاراقنىڭ كارامىتىدىن بولغان بولىدۇ. ھاراق ئادەمنىڭ ئىدراـ
كىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ھاياجانلىق كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، كۆڭۈل
خانىسىدىكى بارلىق تىنىدۇرمىلارنى بىراقلا سىرتقا ئاشكارىلاشقا ئېلىپ باـ
رىدۇ؛ قايناق ھېسسىيات قىسقا بىر مەزگىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، تولىـ
مۇ ئېغىر روھىي يۈكنى كىشىنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويىدۇ؛ نەتىجىدە،
ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇش ئىستىكى ئادەمنى كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا
يوشۇرۇنۇپ ياتقان بارلىق سىرلىرىنى ئاشكارىلاشقا ئۈندەيدۇ، شۇنىڭ
بىلەن ئادەمنىڭ سۆزى كۆپىيىپ كېتىدۇ. كىشى ئاشۇ سىرلارنى بىراقلا
دەۋېتىشكە ئىنتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھېچنېمىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ، باش
- ئاخىرى يوق چۈشىنىكسىز گەپلەر ئۇلىنىپ چېقىۋېرىدۇ، سۆزلىگۈچىـ

مۇ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى بىلەن كارى يوق ھالدا سۆزلەۋېرىدۇ. دېيىلگەن بارلىق سۆزلەردىن ھېچقانداق مەنىنى چۈشەنگىلى بولماي قالىدۇ. ئەمما، باشقا ھاراقكەشلەرنى توغرا چۈشىنىۋېرىدۇ. ئۇلار ئوخشاش بىر دۇنيادا بولۇپ، پەقەت ئۆزلىرىلا بارالىغان دۇنيادىكى تەنھالىقتا يۈزلەنگىنچە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىشىدۇ، ئەمما، ھاراق بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمگىنىچە ئۇلارغا تىكىلگەن بولىدۇ...

مەن تەگسىز خىياللارغا بەنت ئىدىم. چىدىيالماي بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم-دە، بىر يۇتۇم ئۇتلىدىم، ئاچچىق ھاراق ئاغزىمغا كىرگەندىن كېيىن، قېقىلىپ يۆتۈلۈپ كەتتىم-دە، ئاغزىمنى يوغان ئېچىپ، چوڭ - چوڭ نەپەس ئالدىم. ھاراق گېلىمنى كۆيدۈرگىنىچە ئاشقازىنىمغا چۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن، كىندىكىمنىڭ ئاستى قىسمى خۇددى كۆيگەندەك قىزىشقا باشلىدى. تىلىم ئۇيۇشۇپ قالغاندەك بولۇپ، دىمىقىم ئاچچىقتىن چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى. ئەجەب بىر لايىق سۆز تاپالمىدىم...ھاراقنىڭ زادى نېمىسى شۇنچە جەلپكار بىلىنىدىغاندۇ؟ يەنە بىر قېتىمدا ھاراقنى مەجبۇرىي ھالدا ئىچكەنىدىم. ئۇ چاغدا مەن ئورمانىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دالىدا ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ئويغانغاندا ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەنىدىم. ئانامنىڭ «ئۇسسىغاندا پىۋا ئىچسە بەك ھۇزۇرلۇق بولىدۇ» دېگىنى ئېسىمگە كېلىپ، كارىۋات قىلىۋالغان پىۋا يەشىكىنىڭ بىرىدىن بىر بوتۇلكا پىۋىنى ئالدىم-دە، ئاغزىنى چىشىم بىلەنلا ئېچىپ، بۇرنۇمنى ئەتكىنىمچە پىۋىنى غورتۇلدىتىپ ئىچتىم. مەن پىۋىنى مىنېرال سۇ ئورنىدا خېلى كۆپ ئىچكەنىدىم. بىر ئاز ئۆتۈپ، توختىماي كېكىرىپ، ئاشقازىنىم كۆپۈشكە باشلىدى. ئۇسسۇزلۇقۇم قانغىنى بىلەن بىر كېچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. ئۇ چاغدا ئىچكىنىم پىۋا بولغاچقا بەكمۇ قىينىلىپ كەتمىگەنىدىم، ئەمما، ھۇزۇرلانغاندەك ھېسسىياتتىمۇ بولمىدىم. ھاراق يەنىلا مېنى ئويلىغىنىمدىنمۇ ئۆتە «مەست» قىلالاتتى.

تولىمۇ ئىچىم پۇشىدۇ، باشقىلار قىلغاننى مەن نېمىشقا قىلالمايمەن؟

ھاراقنىڭ خۇمارى زادى قانداق خۇماردۇ؟ ھاراق نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئاشۇنداق قىلىپ قويىدۇ؟

بېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ما خېمەننى ئالساق، ئۇ دائىم مەست بولۇپ قالسىلا، بىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ كاستۇم - بۇرۇلكا بۇيرۇتاتتى. يەنە ھېلىقى «توك يولۇسى» مەست بولۇپ قالسىلا، ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ توك پۇلى يىغاتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردە كىمكى ئۇنىڭ بىلەن ئازارلىشىپ قالغان بولسا، بۇ چاغدا شۇنىڭ ئۆيىنىڭ توكى ئۈزۈۋېتىلەتتى. يەنە ھېلىقى مەكتەپتىكى مۇئەللىملەر... بىزنىڭ بۇ يەردە ھاراقكەشلەر ئەڭ ھەددىدىن ئاشىدىغان چاغ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىلىق قويۇپ بەرگەن ئاشۇ نەچچە كۈن بولاتتى. ( بىزنىڭ كەنت مەكتىپى قىشلىق تەتىل قىلمايتتى، يازلىق تەتىل بولسا يېرىم يىل داۋاملىشاتتى. ئۇ چاغدا بارلىق مۇئەللىملەر تاغقا چارۋا باققىلى چىقىپ كېتەتتى.)

ھە راست، يەنە بىر پادىچى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەستچىلىكتە سىرت سوغۇق، تۆگە توڭلاپ كېتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ تۆگىسىنىمۇ دۇكانغا ئېلىپ كىرىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئانام ئىككىمىز چۆچۈپ كەتكەن بولساقمۇ، يەنىلا تەمكىن ھالەتتە، ئەگەر سىغدۇرالىسىلا ئېلىپ كىرسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق. دېگەندەك، ئۇ تۆگىنى يېتىلەپ ئىشىككە ماڭدى، ئەمما، تۆگىنىڭ قورسىقى ئىشىككە تاقىشىپ قېلىپ دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرەلمىدى. پادىچى بولسا ئارغامچىنى كۈچەپ تارتاتتى، تۆگە كەينىگە تىرەجىگىنىچە بوزلايتتى، بۇ ئاۋازلاردىن چېدىرنىڭ ئىچى زىلزىلىگە كىرىپ مەشنىڭ تۇرخۇنىدىن كۈللەر تۇزۇپ كېتەتتى.

## كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ دەرەخلىرى

دەرەخ كەسكەن كۆرۈنۈش دەرەخ تىككەندىنمۇ ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان شوئارلار، سۇرەن - چۇقانلار، تەنتەنىلىك كۈلكە - چاقچاقلار ۋە ھاياجانلىق تۇۋلاشلار ئەتراپىنى بىر ئالات-

تى، ھەتتا، ئۈچ كوچا يىراقلىقتىكى ماگىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. دەرەخنىڭ ئۆرۈلگەن چېغىدىكى ئاۋازى بولسا تېخىمۇ يىراقلارغا يېتىپ باراتتى.
يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىغىنىمدا، يولنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئىككىنچى كوچا دوقمۇشىدىكى ئۈچ قەۋەت بىنا ئېگىزلىكىدىكى دەرەخنىڭ يۇقىرى غول قىسمىغا پولات ئارغامچا چىگىلگەن بولۇپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى 20 نەچچە ئادەم خۇددى ئارغامچا تارتىشىۋاتقان قىياپەتتە تارتىپ تۇراتتى، ئەتراپتا تېخىمۇ نۇرغۇن ئادەم تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشاتتى. ئاز بىر قىسىم ئادەم غۇلاچلىرىنى كەرگىنىچە توۋلىشىپ، ئارغامچا تارتىۋاتقانلارغا مەدەت بېرەتتى. بۇ ھالەت خۇددى بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىمىزدىكى 800 مېترغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشكەن ۋاقتىمىزدىكى ھالەتكە تولىمۇ ئوخشايتتى.
مەن تېخى نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولالماي تۇرۇپلا، بىر ياندا توك ھەرىسىنىڭ ئاۋازى كۆچىيىشىگە باشلىدى، كىشىلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئۇ دەرەخنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەشكە باشلىدى-دە، ئاستا - ئاستا يول تەرەپكە قىيسىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. مەن ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردۇم. بۇ ئۆرۈلۈش ھېچقانداق ئۆرۈلۈشكە ئوخشىمايتتى، قىيالماسلىق تەرزىدىكى ئۆرۈلۈش ئىدى. گويا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردىكى ھالىتىگە تولىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى... بۇ دەرەخنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى تولىمۇ جاپالىق بولۇپ، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا قىيالمايۋاتقاندەك ئىدى، دەرەخمۇ خۇددى تۈرلۈك مۈشكۈلاتلاردىن بىراقلا قۇتۇلغاندەك زېمىننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. ئۇنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى.
مەن جايىمدا خۇددى قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدىم. مەن تېخى ئېسىمنى يىغماي تۇرۇپلا، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ مەيدانغا چۈشتى، ئۇلار ھەتتا مىنىمۇ سوقۇپ يىقىتە-

ۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇلار ئېتىلىپ بىرىپ قوللىرىدىكى پالتىغا ئوخشاش قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، دەرەخنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى، غولىنى خالىغانچە كېسىپ پارچىلاپ تالان - تاراج قىلىشتى. قۇرۇق قول قالغان ئادەم يوق بولۇپ، ئىتتىرىپ كېلىشكەن ھارۋىلىرىغا لىققىدە «ئولجا» قاچىلانغان ئىدى. مېنىڭ ئازابتا كۆزلىرىم چەكچىيىپلا قالغان ئىدى. نەچچە ئون يىل ياشاپ كەلگەن، ئاسمانغا بوي سوزغان دەرەخ بىر نەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا تەلتۆكۈس پارچىلىنىپ تۈگىگەنىدى. كىشىلەر يەردە چېچىلىپ ياتقان چېپىندىلار بىلەن يىلتىزدىن يېڭىدىن ئۈسۈپ چىقىۋاتقان نوتىلارنىمۇ قاملاپ سۈپۈرۈپ مېڭىشقانىدى. مەن يەردىن خۇددى قاناتقا ئوخشايدىغان ئىككى ياپراقچىسى بار ئۇرۇقنى تېرىۋالدىم، مەن كىچىك ۋاقتىمدا دائىم ئاشۇنداق ئۇرۇقنى تېرىۋېلىپ قوشنىمىزنىڭ بالىسى بىلەن «سوتلىشىش ئويۇنى» ئوينايتتىم.

مەن ئەتىگەندە شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا ،كوچىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر تۈپ دەرەخ كېسىلگەن بولسا، چۈشتىن كېيىن بىرىپ قارىغىنىمدا كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى كېسىلىپ تۈگىگەن ئىدى. دەرەخ كېسىش خۇددى بىزنىڭ كوچا تەرەپكە قىستاپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. شەھەرلەردىكى چوڭ يوللارمۇ مۇشۇنداق ياسالغانمىدۇ؟

ئېسىمدە قېلىشىچە، تۇنجى قېتىم كۆكتوقاي ناھىيەسىگە بېرىش سەپىردە ماشىنا بىلەن توپىلىق دالا يولىدا توپىغا كۆمۈلگىنىمچە ئىككى كۈن ماڭغان ئىدۇق. تاغقا يېقىنلىشىپ بىر داۋاندىن ئۆتكىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا كۆكۈچ سۈيى دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرتىش دەرياسى نامايان بولغانىدى. ماشىنىدىكى ھەممەيلەن چۇرقىرىشىپ كەتكەنىدى. بىر ئاپپاق ساقال بوۋاي تولىمۇ ۋەزمىن ئاھاڭدا:«يېشىللىققا پۈركەنگەن كۆكتوقاي ناھىيەسىگە يېتىپ كەلدۇق!» دېگەنىدى.

مەن تېخى بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەلگەن ئوخشايمىز ، دەپ ئويلاپتىمەن.

ئۇ چاغلاردا كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ كوچا – رەستىلىرى ۋە ئۆي-لىرى بۆكلىكىدە دەرەخلەر بىلەن يۆركىنىپ تۇراتتى. ئۆستەڭلىرىدىن قارىغاندا پەقەت تۇرخۇنلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلار بىلەنلا كۆرگىلى بولاتتى. ئۆيىمىز-نىڭ ئۇدۇلىدىكى ھۆكۈمەت قورۇسى بولسا دەرەخزارلىقلا ئوخشايتتى، تېخى بىر ئۆستەڭ تولۇپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقىدا غۇچچىدە دەرەخلەر ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىش خېلى تەس ئىدى. بۆك – باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەر ئۆس-تەڭنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. قوشنىمىزنىڭ بالىسى بىلەن ئۇ يەردە ئوينا-ۋېتىپ، ئۆزىمىز سەزمەيلا ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەنىدۇق. ئۆستەڭنىڭ سۈيى تولىمۇ سۈزۈك ئىدى... دەرەخزار ئارىسىدىكى ھۆكۈمەت بىناسى خۇددى چۆچەكلەردىكى ئۆيلەردەك تولىمۇ سىرلىق، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەمىچە، ھۆكۈمەت بىناسىدا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچى-لەرنىڭ سانى بۇ قورۇدىكى تۆمۈرتومشۇقلارنىڭ سانىغا يەتمەيتتى.

ئۇ چاغلاردا ھەر قانداق بىر كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بۆك – باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەر ئىگىلەپ تۇراتتى. ئىككى رەت دەرەخلىك-نىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئېرىق ئېقىپ ئۆتەتتى. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى يەرگە يېتىپ كېلەلمەيتتى. شامال چىققان چاغلاردا بولسا، كۆك ئاسمان شاخلار ئارىسىدىن غىل – پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. پۈتكۈل كوچا – رەس-تىلەر دەل – دەرەخ ۋە گۈل – گىياھلارنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن تولۇپ تۇراتتى.

مەن 1991-يىلى بۇ يەردىن ئايرىلىدىغان چاغدا، كوچا – رەستى-لەرنى ئوراپ تۇرغان دەل – دەرەخلەر ئۆز پېتىچە ئىدى. 1995-يىلى قايتىپ كەلگىنىمدە بولسا، ھەر بىر كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئىككى قاتار دەرەخ بىر قاتار بولۇپ قاپتۇ، سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىقلار يۇندى سۇ ئېقىتىدىغان سېسىق سۇ ئېرىقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ناھى-يە بازىرىغا كىرىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاسمان – پەلەك دە-

رەخلەرنىڭ ئورنىدا خۇددى تەشتەكتە ئۆستۈرگەن دەرەختەك تولىمۇ شالاڭ قارىغاي كۆچەتلىرى شۇمشىيىپ تۇراتتى، . يەنە بىر مەزگىل ئايرىلغاندىن كېيىن، 1998- يىلى قايتا كەلگىنىمدە، ئېگىزلىكتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئېرتىش دەرياسىنىڭ سۈيى ئىلگىرىكى رەڭگىنى يوقاتقان بولۇپ، سۇ ئورنى خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئورمان يوقالغان بولۇپ، ئاق رەڭدە سىرلانغان ئۆيلەر خۇددى قاتار قىلىپ تىزىپ قويغاندەك چوقچىيىپ چىقىپلا قالغان ئىدى. ئەسلىدىكى قىزىل خىشتا سېلىنغان ئۆيلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر داۋاملاشماقتا ئىدى. كۇرتۇ يېزىسىدىكى چاغلىرىمىزدا، ھەر قېتىم ناھىيە بازىرىغا كىرگىنىمىزدە، يېشىللىق كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. سۇكۇتتىكە چۆمگەن ئازادە يوللاردا ماڭغىنىمىزدا پەقەتلا ئازادىلىك ھېس قىلالمايتتۇق، خۇددى ئۇياتلىق يەر ئېچىلىپ قېلىپ، مۇكىدىغان يەر تاپالمايۋاتقاندەك ئىدى.

ناھىيەلىك ھۆكۈمەت يېڭىدىن خەلق مەيدانى ياسىتىپ، بىر نەچچە ئېگىز بىنا سالغان بولۇپ، ئىلگىرىكى بۈك - باراقسان دەرەخزاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئىلگىرىكى ئاسمانغا تاقاشقان دەرەخلەردىن پەقەت ئىككى تۈپلا قالغان بولۇپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدا تەنھا ھالدا تۇراتتى. ئەمما، بۇ ئالدىنقى ئايدىكى مەنزىرە، ئۇ دەرەخلەر ھازىر بارمۇ، يوق، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ھېلىقى سۈپسۈزۈك سۇ تولۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ ئاللىقاچان كېرەكسىز سۇ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئېرىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بىز دەرۋازىدىن ئىچىگە قارىغىنىمىزدا، خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يېيىتىلغان چىم تولىمۇ سۈنئىي ۋە زېرىكىشلىك تۇيغۇ بېرەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ چىملار ئىمپورت قىلىنغان بولۇپ، ناھايىتىمۇ قىممەتمىش.

# كەشتنگە تولغان ماكان

يازلىقتا مەن هەر بىر كىگىز ئۆيگە كىرىپ چىقاتتىم. ئاشۇ ئاپپاق رەڭدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان كىگىز ئۆيلەر خۇددى مىنى ئۇيقۇغا چىللاۋاتقاندەك، سەزگۈلىرىمنى توختىماي پەپلەيتتى. بىشمىنى ئەگكىنىمچە رەڭلىك سىرلار بىلەن سىرلانغان كىچىك ئىشىكتىن ئۆيگە كىرىپ، چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرغان گىلەمنىڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتقىنىمدا، ئۆينىڭ هەممە يىرىنى قاپلاپ تۇرغان قوي مۈڭگۈزى نەقىشلىرى مىنى تاتلىق چۈشلەر قوينىغا ئىلىپ كىرەتتى... ئايال غوجايىن ئۈستۈمگە چاپاننى يىپىپ قويدى.

بەلكىم، مەن ئۇخلىمىغاندىمەن... مەن بىر دەم يىتىپلا تۇرۇپ كەتتىم ـ دە، ئىشىكنىڭ يىنىدىكى چىلەكنى ئىلىپ سۈت ساغدىم. سۈتنى پىشۇرۇپ، سۇس سىرىق رەڭلىق قايماقنىڭ ئۇيۇغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇردۇم...بەلكى، يەنە كۆپچىلىك بىلەن بىللە شىرداقنى سالدىم... كىيىن، مىهمان كەلدى. مەن ئوچاق بىشىدا ئولتۇرۇپ چاينىڭ چاي دەملەۋاتقانلىقىغا قارىدىم، ئۇنىڭ يەنە داستىخانغا چاي چىنىلىرىنى تىزغىنىنى كۆردۈم... باللار بىلەن بىللە گىلەمنىڭ بىر بۇرجىكىگە بىرىپ ئولتۇرۇپ، ،چوڭلارنىڭ پاراڭلاشقانلىقىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇردۇم ۋە ئارىسىدىكى قاملاشقان بىر يىگىتكە ئوغرىلىقچە ئۇزاقتىن – ئۇزاق قارىدىم. كىيىن ئۇ ماڭا بوغۇرساق سۇندى... هەممە كىشى تاراشقاندىن كىيىن، ئايال غوجايىن بىلەن بىللە داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، يىتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم. ئايال غوجايىن ئۈستۈمگە جۇۋىسىنى يىپىپ قويدى... تاكى مەن ئويغانغىچە...

ئۆي ئىچىنى هەر خىل رەڭلەردە كەشتىلەنگەن قوي مۈڭگۈزى نەقىشى قاپلىغانىدى، بۇلار ماڭا تولىمۇ يىقىن يەردە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار هەر تەرەپتىن ماڭا كۆز تىكىشەتتى، ئۆزئارا ئىتتىرىشىپ،

جىددىي نەپەس ئېلىشاتتى، ھەتتا، ماڭا قوللىرىنى سوزۇشاتتى... يەنە تۇيۇقسىز قوللىرىنى يىغىپ، تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى بايقىغاندەك، ئاستا – ئاستا كەينىگە چېكىنىشەتتى! ئۇلار ياستۇققا، گىلەمگە، ئۆي ئىچىدىكى رەڭدار رەختلەرگە، قاچا – قۇچىلارغا، تامغا ئېسىقلىق ئېگەر ئۈستىگە، ياشانغان ئانىنىڭ ئاپپاق ياغلىقىغا، ئوغۇل بالا خەتنە تويىدا كىيگەن جىلىتكىگە، بۆشۈككە، كارىۋات ياپقۇچقا، ياغاچ ساندۇققا، قېتىق قاچىلانغان ماتا خالتىغا... لەرزان قونۇشاتتى-دە، قايرىلىپ ماڭا قارىشاتتى. مەن ئويغاندىم. ئۆرۈلۈپ يەنە ئۇخلاشقا تەمشەلگىنىمدە، ئايال غوجايىن ئۈستۈمدىكى جۇۋىنى ئېلىۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلدى، كۆپچىلىك كۈلۈپ كېتىشتى. قىزلار ئالدىمغا داستىخان سېلىپ، شامنى ياقتى-دە، چىنىگە ئەتكەن چاي قۇيۇپ ئالدىمغا قويدى، ناننى پارچىلاپ سۇندى، ئەر غوجايىن بولسا چىنەمگە سارماي سېلىپ بەردى... كەچلىك تاماق باشلانغانىدى.

مەن ھېچنېمە قىلماي جايىمدا جىمجىت ئولتۇردۇم. چۈشۈمدە مېھمان سۈپىتىدە بۇ ئائىلىگە ئۇچۇپ كىرىپ، مۇساپىرلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان ھاياتىمغا خاتىرجەملىك ۋە تەسەللى ئىزدەيتتىم. مەن يېنىمدىكى كىمدۇ بىرىنىڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلىغىنىمچە، كىيىم ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەن چۈشەنمەيدىغان تىلدىكى پاراڭلىرىغا قۇلاق سالاتتىم. شامنىڭ سۇس نۇرلىرى ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ سايىسىنى توختىماي تىترىتەتتى، تۇرۇپلا قارىياتتى. مەن ئۇلارنىڭ قايسى سۆزلىرىنىڭ يايلاق ۋە چارۋا – ماللار توغرىسىدا، قايسى سۆزلىرىنىڭ كەچ ئاسمىنى ۋە دەريا توغرىسىدا، قايسى سۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدا، يەنە قايسى سۆزلىرىنىڭ خوشلىشىش ياكى مەن توغرىسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئولتۇراتتىم. چاپان ماڭا ئىللىقلىق ئاتا قىلىپ تۇراتتى. مېنى ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. مەن چاپانغا تېخىمۇ چىڭ ئورانىپ، كىيىم ساندۇقىغا يۆلەنگىنىمچە ئولتۇراتتىم. چاپاننى ئازراق قايرىپ ئەتراپقا قارىغىنىمدا، ھەممە نەرسە تولىمۇ سولغۇن تۇيغۇ بېرىپ، ئاستا

– ئاستا يوقاپ كەتتى، پەقەت كۆز ئېكرانىمغا چۈشۈپ تۇرغان ئۈچ تال شامىنىڭ يالقۇنىلا ئۆي ئىچىگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ تۇراتتى... شامىنىڭ يورۇقى يېتىپ بارالمىغان جايلاردا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. تۇيۇقسىز كىيىم ساندۇقىنىڭ يۈزۈم يۈزلىنىپ تۇرغان تەرىپى يورۇپ كەتتى، پەقەت بىرلا قېتىم «لاپ» قىلىپ يورۇغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قوي مۈڭگۈزى نەقىشىنى كۆرۈپ قالدىم. مۈڭگۈز ئاستا – ئاستا ئۈزىراپ يىراق قاراڭغۇلۇققا سوزۇلاتتى. كىيىم ساندۇقىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەقىشنىڭ بارلىقى مۇقەررەر ئىدى. ئۇدۇل تەرەپتىكى نەقىشنى كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىلگەن بولسامۇ، يۇپۇرۇلۇپ كەلگەن ئۇيقۇ ئۇنىڭغا يول قويمىدى، ئۇ تەرەپكە سوزۇلغان قوللىرىم مېنى چۈش قوينىغا باشلاپ كىردى...

تاغلارنى ئۇزاق ئايلانغاندىن كېيىن، يىراقتىكى كىگىز ئۆيلەر تەرەپكە يول ئالدىم. «ئادەم بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە بىر كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدىم-دە، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئۆيگە كىردىم. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاقتا پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان چۆگۈن رىتىملىق ئاۋاز چىقىراتتى، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئۆيدىن سىرتقا چىقتىم، ئەتراپتىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى تاغ ئېتىكىدىكى شىرداق توقۇيدىغان دەستىگاھتا رەڭلىك تانىلار تارتىلىپ تۇراتتى، شىرداق تۇقۇلۇپ پۈتمىلاشقان ئىدى. ھەر خىل رەڭدىكى تانىلار خۇددى ئاسمان گۈمبىزىگە ئېسىلغان ھەسەن – ھۈسەندەك، تولىمۇ جىلۋىگەر ئىدى. پۈتمىلاشقان نەقىشلەر خۇددى ھازىرلا جان كىرىپ، مۈكنى ئاللىقاياقلارغا چۆرۈپ تاشلاپ يايلاقنى كېزىپ چىقىدىغاندەكلا ئىدى... ئۇ يەردىكى پىگىلا پۈتۈپ چىققان شىرداق ۋە يېيىلىپ ياتقان رەڭلىك تانىلار ئارىسىغا قويۇپ قويۇلغان كىتابنىڭ ئېچىلغان بېتىدىكى قىستۇرما رەسىم توقۇلۇۋاتقان نەقىشنىڭ ئۈلگە نۇسخىسى ئىدى. كەشتىلەردە بۇ يۇرتنىڭ گۈزەل تاغ – دەريالىرى، چارۋا – ماللىرى ۋە يىراقتىكى باشقا ناتونۇش مەنزىرىلەر، مۆشۈكئېيىق، سەددىچىن سېپىلى، دېڭىز ، ئارال،

كوكۇس دەرىخى... قاتارلىقلار گويا غايىۋى گۈزەل مەنزىرىلەرنى ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. ياندىكى يېيىپ قويۇلغان شىرداقنىڭ چۆرىسى تېخى كەشتە بىلەن پەرلەنمىگەنىدى، يەنە بىر ياندا ئېشىپ تەييار قىلىۋېلىنغان تانىلار ھەر خىل بوياقلارغا چىلانغىنىچە قايناۋاتاتتى... ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇ يەردىن ئايرىلىپ يەنە بىر كىگىز ئۆيگە كىردىم. سەنئەت ئەنە شۇنداق يارىتىلغانىدى، غېرىبلىق ئەنە شۇنداق ئىپادىلەپ بېرىلگەنىدى... يەنە نېمىلەر باردۇ؟

ئەگەر... ئەگەر مەن مۇشۇ بىر جۈپ قولۇم بىلەن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا بۆسۈپ كىرگەن ھەر خىل جەزىبىدار رەڭلەرنى يىغىپ ئالالىغان بولسام، ئىش قىلغان چاغلاردىكى، يىغلاپ توختىمىغان چاغلاردىكى بارلىق مەنزىرىنى قۇراشتۇرۇپ، مەن ياشاۋاتقان زېمىنغا يېيىۋەتكىنىمدە، ئۇ مەنزىرىلەر جەزىبىدارلىقنىڭ چېكىگە يېتىپ، كۆزۈمنى ياشلىمايدىغان، يۈرىكىمنى سىقمايدىغان بولسا، مېنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاشكارا بولۇپ بولغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن رازىمەنلىك، قانائەت بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزگەن بولاتتىم، ئەمما، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن!

يۈرەك سۆزلىرىم قەلبىمدە يالقۇنجايتتى، ھېسسىيات تىلىم توختاۋسىز تېپچەكلەيتتى، چەكسىز ئىنتىزارلىق بوغۇزۇمدىن ئېتىلىپ چىقىشقا كۈچەيتتى! مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ۋارقىرىماقچى بولدۇم، ئەمما، بوغۇزۇمدىن چىققىنى يىغا ئاۋازى ئىدى. مەن سۈكۈتكە چۆمگەن غايەت زور شىرداق ياكى گىلەم بولۇپ قېلىشنى نەقەدەر ئارزۇلايتتىم-ھە! ئۇ چاغدا مەن ھەر خىل كۆركەم رەڭلەرنى يىغىپ، خۇددى قانغا ئوخشاش قىزىل رەڭلىك يىپ ۋە ئورمانلىققا ئوخشاش يېشىل رەڭلىك يىپلارنى ئەڭ ئۆتكۈر يىڭنىگە ئۆتكۈزۈپ، قەلبىمگە سىغمايۋاتقان ئىچكى سىرلىرىمنى ئاشۇ شىرداققا ياكى گىلەمگە كەشتىلەپ چىقاتتىم! مەن ئاشۇ مۇھەببەتلىك جايغا بىر بىردىن نۇرانە كۆزلەرنى كەشتىلەپ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئاشۇ زېمىننىڭ بىر بۇرجىكىگە ئانامنىڭ سىيماسىنى،

ئاسمانغا يۈزلىنىپ تۇرغان تەرىپىگە باقىيدىكى روھلارنىڭ نۇرانە چېھرىنى، يەنە بىر تەرىپىگە بولسا قەبرىلەرنى؛ قۇشلار ئۇچۇپ ئۆتكەن تەرىپىگە ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى، قوي، كاللارنىڭ بەدىنىگە بولسا، زۇمرەت سۇلۇق دەريالارنى، يۇلتۇزلۇق ئاسماننى كەشتىلەپ چىققۇم بار! ئاشۇ ئارزۇلار تولىمۇ شېرىن ئىدى...

مەن ھەر بىر كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن چاغدا، ئاشۇ بەختلىك ئاياللارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئۇزاق سىيلايتتىم، ئۆي ئىگىسىنىڭ قىممەتلىك سوۋغىسىنى، يەنى، ياتلىق بولماقچى بولغان قىزلارنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن ئىشلەپ چىققان كەشتىلىرىنى قوبۇل قىلاتتىم. ئاندىن ئاشۇ كىگىز ئۆيلەرگە بىر – بىرلەپ كىرىپ، ئاشۇ جەلپكار كەشتىلەرنىڭ جەننىتىدە ئۇخلايتتىم. ئويغانغاندىن كېيىن، كەشتىلەرنى چەكسىز ھاياجان بىلەن ئۇزاق – ئۇزاق سىيلاپ كېتەتتىم. ئاشۇ مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان كەشتىلەنمىگەن گىلەم، تېخى رەڭ بېرىلمىگەن شىرداق، ئۆي، تۇرمۇش، مۇھەببەت، ئائىلە، ھەتتا، ئاپپاق قەغەز مېنىڭ رەڭ بېرىشىمنى، جىمى ئىچكى سىرلىرىمنى تۆكۈپ مەنە ئاتا قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەمما، مېنىڭ شۇنچە كۆپ قەلەم، بوياق، لەۋسۇرۇق، خېنە، يېڭى كىيىم، ياشلىق ۋە يەنە شۇنچە كۆپ گەپلىرىم، شۇنچە كۆپ ئويلىرىمنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك ئۆچۈپ قالغان چوغ ئىدى.

مەن كۈن بويى تاغ ئېتەكلىرىدە ئايلىنىپ يۈرەتتىم، گۈگۈم پەردىسى يېپىلغاندىلا مال-چارۋا پادىلىرى بىلەن بىللە قايتاتتىم. ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان پادىچى ماڭا پات – پات قايرىلىپ قاراپ قوياتتى. ناۋادا مەن مېڭىشتىن توختىسام، ئۇمۇ ئېتىنى توختىتىپ، شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئات ئەنسىز چاپچىيتتى. ئۇ پادىچى تاكى مەن ئۇزاپ كەتكۈچە قاراپ تۇرىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىكەنلىكىمنى دېيىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭدىن «سىز مېنىڭ ئاتامۇ؟ يولدىشىممۇ؟ ياكى بولمىسا قېرىندىشىممۇ؟» دەپ سورىغۇم كېلەتتى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىنىپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق بەدىنى ئارقىلىق

ئۆزۈمنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنى تاۋلاپ، ئۈنلۈك ئاۋازلار بىلەن ئىپادە قىلماقچى بولاتتىم... مەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم.

يىراقتا كىمدۇ بىرى دومبىرا چېلىشقا باشلىدى، ئەتراپتىكىلەر بولسا سازغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىشاتتى. مەن شۇ تەرەپكە يېقىنلاشتىم-دە، ئۇخلاپ قالدىم. چۈشۈمدە سەپەر جەريانىدىكى ئاشۇ ئۇيقۇسىز كېچىلەر ئايان بولدى. قوي مۈڭگۈزى شەكىللىرى يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشەتتى. شۇنچە كۆپ قوي ئاستا-ئاستا بىرلىشىپ، ئاخىرىدا قوينىڭ مۈڭگۈزىلا قالدى. ئۇ مۈڭگۈزلەر ئۆزئارا تۇتىشىپ كۆككە يەتكەندى...

ئەگەر مەنمۇ ئاشۇنداق نۇرغۇنلىغان قوي مۈڭگۈزى كەشتىلىرى بىلەن ئۆيۈمنى بېزىسەم، ئۇ چاغدا ئۆيۈم تولىمۇ قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتەتتى. قوي مۈڭگۈزلىرى ئارىسىدىكى بوشلۇقتا تولىمۇ مۇلايىم روھلار قورۇنغىنىچە گەپ – سۆزسىزلا ماڭا تىكىلىپ تۇرغان بولاتتى؛ ئۇلارنىڭ تىنىقى ئۆي ئىچىنى خۇددى دېڭىزغا ئوخشاش تىپتىنچ قىلىپ قوياتتى. سۇلار كىگىز ئۆينىڭ تۆشۈكچىلىرىدىن سىرغىپ چىقىپ، گۈزەل ھەم بىپايان يازلىققا سىڭىپ كەتكەن بولاتتى. ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن مەن تولىمۇ ھۇزۇرلۇق ئۇخلايتتىم.

بىرى شامنى ياندۇرۇپ كېلىپ مەندىن «ئۇخلىدىڭىز مۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئاخىرى يان تەرىپىمدىكى ھېلىقى قوي مۈڭگۈزى نەقىشىنى ئوچۇق كۆردۈم. ئۇ يۆگىمەچ كەلگەن تولىمۇ چىرايلىق مۈڭگۈز ئىدى. مەن ئۈندىمىدىم. ئۇ كىشى گويا ئانامنىڭ قولى بىلەن ئۈستۈمدىكى جۇۋىنى ئۈستىگىرەك تارتىپ تۈزەپ قويدى.

مەن يەنىلا ئۈندىمىدىم. قەلبىمدىن ئۇرغۇۋاتقان ھاياجان ئاستا – ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. كۆزۈمگە يەنە ئاستا – ئاستا يۈكسەكلىككە ئىنتىلىۋاتقان قوي مۈڭگۈزى كۆرۈندى. مەن بېشىمنى سۈرتۈۋەتتىم-دە، يەنە ئۇخلاپ قالدىم.

# ئاياغ ياماشتىن كەلگەن بەخت

ئانام شەھەرگە كىرىپ ئاياغ يامايدىغان ئىشنىڭ تازا ئاقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ ئىشنى قىلىپ باققۇسى كەلدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىرەر ئۇستىنىڭ كەينىگە بىرەر يىلدەك كىرىپ ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى دېگەندە،ئۇ «شۇنىمۇ ئۆگىنىش كېتەمدۇ؟ مۇنداقلا بىر كۆرۈۋالسىلا بولىدۇغۇ!» دەپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىر يۈرۈش ئۈسكۈنە سېتىۋېلىپ كەلدى. ئۇ ئۈسكۈنىلەرنى ئۆيگە تىزىپ قويدى-يۇ، بىر يىلغىچە ئىشلىتىپ باققىنىنى كۆرگىلى بولمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئانام باشقىلارنىڭ سېسىق ئاياغلىرىنى سىيلاپ ئولتۇرۇشنى خالىمىغان ئىدى.

يەنىلا تاغام قالتىس ئىدى، باشقىلارنىڭ سېسىق ئاياغلىرىدىن قورقۇپ قالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ ھۈنەردە ھەقىقەتەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ۋايىغا يەتكەن كىشى ئىدى. ئۆيىمىزدىكى ھەممەيلەننىڭ ئاياغلىرىنى بىر قېتىمدىن ياساپ چىققاندىن كېيىن، ئەمدى بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولدۇم دەپ، تىجارەت كىنىشكىسى بېجىردى-دە، سودىسىنى باشلىۋەتتى. كاۋۇتۇدىكى بىچارە يۇرتداشلار ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايتتى، تاغامنىڭ ئاپپاق چاچلىرىغا قاراپلا ئۇنى ۋايىغا يەتكەن ئۇستا دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەس - بەستە بۇزۇلغان ئاياغلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تاغامنىڭ «مەشىق» قىلىشىغا سۇنۇپ بەردى. ئۇلار تاغامنىڭ ئالدىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى بىمالال ھالدا «تاق-تۇق» ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئىشقا سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىشىنىپ قېلىشقانىدى. شۇنداق قىلىپ، تاغام بىر ئاي ئىچىدە خېلى كۆپ پۇل تېپىۋالغانىنىڭ ئۇستىگە، ئاز بولمىغان تەجرىبىلەرنىمۇ توپلىۋالدى. بۇنى كۆرگەن ئانام تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۈرۈمچىدىن خۇرۇم، چەم، پاشنا،يېلىم، تانا يىپ ۋە سىيرىتما قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىشنى قارار قىلدى ھەمدە بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى مېنىڭ ئورۇنلىشىمغا تاپشۇردى. ئەمما، مەن قەتئىي ئۇنىمىدىم.

قىز بالا تۇرۇپ ئاشۇ نەرسىلەرنى ئۆشنەمگە ئارتىپ ئۇرۇمچىنىڭ كوچى-
لىرىدا يۈرسەم قانداق بولغىنى... ئىشقىلىپ ، بۇ گەپنى ئاڭلاپلا موز-
دۇزچىلىققا قارشى تۇردۇم، سەت ئەمەسمۇ!

ئەمما، ئەڭ سەت بولىدىغىنى تاغامنىڭ ياماپ بولغان ئاياغنى سۆ-
كۈپ قايتا يامىشى ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ كىچىك كەنتتىكىلەر تولىمۇ
ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، ئېلىپ كەلگەن ئاياغلىرى كۆڭلىدىكىدەك پۈتۈپ
چىقمىسىمۇ، ھەرگىز ۋايساشمايتتى، ئەكسىچە، پۇلنى تاغامنىڭ دېگىنىدەك
بېرىپ، نەچچە تەزىم قىلىپ قايتىشاتتى-دە، تازا ئەپلەشمەي قالغان يەر-
لىرىنى ئۆيلىرىگە بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرى ئوڭشىۋالاتتى.

تاغامنىڭ يەنە بىر ئەپلەشمەيدىغان ئىشى- ئۇنىڭ ئىش ئۈنۈمى بەك
تۆۋەن ئىدى. بۇ توغرىسىدا ئانام كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن بولسىمۇ، تا-
غامنىڭ ئىش سۈرئىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئانام ئىككىمىز ئال-
دىراقسان ئىدۇق. تاغام سول قولىدا ئاياغنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇپ،
توختىماي تىترەپ تۇرغان ئوڭ قولى بىلەن بىگىزنى بىر پەس مۆلچەر-
لىگەندىن كېيىن ئاۋايلاپ سانجىيتتى-دە، ئاندىن بىگىزنىڭ ئۇچىغا يىپ-
نى ئاۋايلاپ تۇرۇپ ئىلاتتى، ئاندىن يەنە ئاۋايلاپ تۇرۇپ بىگىزنى تار-
تاتتى، بىگىزنى تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن يىپنىڭ ئۇچىغا ئاۋايلاپ تۇ-
رۇپ تۈگۈنچەك سالاتتى، ئاندىن يەنە بىر پەس مۆلچەرلىگەندىن كې-
يىن، بىگىزنى ئاۋايلاپ تۇرۇپ سانجىيتتى... ئەگەر تۈگۈنچەك ياخشى
سېلىنماي قالسا، ئۇ قولىنى تىترىتىپ تۇرۇپ يۇقىرىقى مەشغۇلاتلارنى
تولىمۇ ئاۋايلاپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم تەكرارلايتتى... ئۇنىڭ ئاياغ يا-
ماش ئىشى شۇ تەرىقىدە بەكمۇ ئېھتىيات بىلەن داۋاملىشاتتى... ياندا
قاراپ تۇرغان ئانام ئىككىمىز تولىمۇ تىت-تىت بولۇپ كېتەتتۇق. پەقەت
چىداپ بولالمىغان ئانام ئاياغ ۋە جابدۇقلارنى قولىغا ئالاتتى-دە، بىر-
دەمدىلا ياماقنى پۈتكۈزۈپ تاغامنىڭ ئالدىغا تاشلايتتى. ئۆلگىنى كۆرسى-
تىپ بولغاندىن كېيىن ئانام دەرھال بېرىپ قولىنى يۇيۇۋېتىشنى ھەرگىز
ئۇنتۇپ قالمايتتى. راستىنى دېگەندە، ئانامنىڭ بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بو-

لۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىدى.
دۇكانغا كىرگىنىمدە، دۇكان ئاياغ يامىتىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قورۇق پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كېتىشكەن، بەزىلىرى قارتا ئويۇنىغا دوم چۈشكەن، بەزىلىرى بالا ئېمىتىۋاتقان، ھەتتا بەزىلىرى رومكا سوقۇشتۇرۇشقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئىشقىلىپ ، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. ئاياغ يامىغۇچى ئالدىرىمىغان بەردە، ئۇلار، ئەلۋەتتە، ئالدىرىمايدۇ-دە!
ئالدىرىمىغاندا باشقىچە ئىش يوق، ئەمما، بىرەرسى ئالدىراپلا قويسا باشقىلارمۇ تەڭلا ئالدىرىشىپ كېتەتتى.بىرى ئىشقا ئالدىرايمەن دەپ بىر پۇتىدا ئاياغ يوق پېتى سائىتىگە قارىسا، يەنە بىرى ماشىنىغا ئالدىرايمەن دېگىنىچە دېرىزىدىن سىرتقا بويۇنداپ قارىغىنىچە شوپۇرغا «يەنە ئون مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپ ۋارقىرايتتى. يەنە بەزى چارۋىچىلار بولسا، سائەت ئالتىغىچە ئۆيگە يېتىپ بارمىسام بولمايدۇ، ئۈچ سائەت ئاتلىق مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە... دېگىنىچە ئۆزلىرىنىڭ گۆپۈلدەپ يۇراپ تۇرغان ئاياغلىرىنى تاغامنىڭ ئالدىغا تاشلايتتى.
تاغام ئالدىدىكى ئاياغقا قارىدى، ئۇ ئاياغنىڭ چەمى بىلەن خورۇمنى پەقەت بىر سانتىمېتىر جايىلا تۇتۇپ تۇرغانىدى (ئاياغنىڭ ئىگىسىگىمۇ تەس، ئاياغنى شۇنچىلىك كىيمەكمۇ ئاسان ئەمەس.) تاغام بولسا ئۇ ئاياغنى قانداق تىكىش توغرىسىدا چوڭقۇرلاپ ئەتىقىق قىلماقتا ئىدى. يانىدىكى بىرى:
-ئۇستام، ئاۋۋال مېنىڭكىنى پۈتكۈزىۋېتىڭ، مانا قاراڭ، پەقەت ئىككىلا بىگىز دە پۈتىدۇ، مانا ماۋۇ يەر،-دېدى.
تاغام بۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.
-ئاۋۋال كەلگەنلەرنىڭكىنى ئاۋۋال قىلمامدۇ؟- دېدى ئايىغىنى يامىتىۋاتقان كىشى.
-مېنىڭ پەقەت ئىككىلا بىگىز دە پۈتىدۇ! سېنىڭكىگە يەنە بىرەر يۈز بىگىز كېتىدۇ!

-بىر بىگىزلىك يەر بولسىمۇ ئىش ئۆچىرەت بويىچە كېلىدۇ!

-ياق، مەن ئۇلگۇرەلمەيمەن!- ئۇ شۇنداق دېدى-دە، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن ھېلىقى يۆز بىگىزلىك ئاياغنى ئىشىكتىن سىرتقا چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئايىغىنى تاغامغا سۇندى.

-پەقەت ئىككى بىگىز ، بىر دەمچىلىكلا...

سىرتقا چىقىپ قارىسام ھېلىقى ئاياغ ئىككى پارچە بولۇپ ياتاتتى.

-ئۆچىرەتتە تۇر، باشتا كەلگەن باشتا ياسىتىدۇ!- يۆز بىگىزلىك ئاياغنىڭ ئىگىسى ئاياغنى تاغامنىڭ بېشىغا ئاتقىدەكلا بولۇپ كەتتى.

يەنە بىرى تېخىمۇ تېتىقسىزلىق قىلىپ ئالدىدا تۇرغان بىرىنىڭ ئا-يىغىنى يوشۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ بىچارە دۇكاننىڭ بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرى-غا قارىغىنىچە ئايىغىنى ئىزدەيتتى.

بىر ئايال باشنى ئاغرىتىپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەپلا كەتتى:

-ئۇستام، مېنىڭ ئايىغىمغا بىر نەچچە بولقا ئۇرۇۋەتسىڭىزلا بولى-دۇ، مەن بەكلا ساقلاپ كەتتىم، پەقەت بىر نەچچە بولقىلا...

مېنىڭ ئىچىم ئاغرىپ تامۇرقاننىڭ ئالدىدىكى ئاياغقا قول سۇنسام، تامۇرقان تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە:

-بىر نەچچە مىختىلا پۈتىدىكەنغۇ، ئۇستام، سىز تۇختاڭ، مەنلا ئۇرۇپ بېرەي،-دېدى-دە، قولىغا مىخ، بولقىلارنى ئېلىپ مىخ ئۇرۇشقا باشلىدى.

بۇنى كۆرگەن يەنە بىر يىگىتمۇ تاغامنىڭ يېنىدا چېچىلىپ ياتقان ئۇسكۇنىلەرنى قولىغا ئالدى-دە، ئايىغىنى ئۆزى ياماشقا باشلىدى. ئۇ تىككەن تىكىشلەر تولىمۇ رەتلىك ئىدى. قارىغاندا، باشقىلار بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى ئازراقلا تېپىۋالسا، بۇ ھۈنەرنىڭ كىرىمىمۇ ئازلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

دۇكاننىڭ ئىچى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بەزىلەر كۈلۈش-سە، بەزىلەر ۋارقىرىشاتتى، يەنە بىرلىرىنىڭ بالىلىرى يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغلىشاتتى. ھېلىقى ئىشقا ئالدىرىغان كىشى ئايىغىنى تاشلاپ قويۇپلا،

ئاياغ ياماتقۇچىلارنىڭ كىيىشى ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغان ساپما كەشنى كىيىپلا كېتىپ قالغانىدى. يەنە بىرى ئەگىشىپ سىرتقا چىقماقچى بول-غاندا پۇتىدىكى ساپما كەشى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ساپما كەشنى ئوڭشاشنى ئىلتىجا قىلماقتا ئىدى. نۆۋەتتە كەلگەن خېرىدار بولسا، ھېلە-قى يېرىم مىنۇتتا پۇتىۇشى پىلانلىنىپ يېرىم سائەتتە پۈتكەن ئاياغنىڭ يە-نە بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تاغامنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ تۇراتتى.

كوپىنچە كىشىلەر ساقلاپ تاقىتى تاق بولغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئا-ياغلىرىنى ئۆزلىرى ياماشقا باشلىغانىدى. تاغام بىگىزنى قولىغا ئالسا، ئۇلار قايچىنى ئېلىۋالاتتى، تاغام قايچىنى قولىغا ئالسا ئۇلار بىگىزنى ئې-لىۋالاتتى، تاغام بولقىغا قول سۇنغاندا بولسا ئۇلار يەنە قايچىنى قولىغا ئېلىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ ، تاغام ئۆز ئىشىنىڭ قايسى باسقۇچقا كەل-گەنلىكىنى، ھەتتا، ياماۋاتقان ئاياغنى نەگە قويغانلىقىنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ قالدى. (قارىغاندا، ئۇ ئاياغنىمۇ بىرى يوشۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى.)ئا-ياغ ئىگىسى ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئايىغىنى ئىزدىگەچ، سىرتتا ساقلاپ تۇرغان شوپۇرغا:«ئون مىنۇت، ئەڭ ئاخىرقى ئون مىنۇت» دەپ ۋارقىرايتتى.

يەنە بىرى تاغامغا ۋارقىراشقا باشلىدى:

-بايا مەن سول تەرىپىدە تۆشۈكى بار، ئوڭ تەرىپىنىڭ چەمى ئاجراپ كەتكەن ئاياغنىڭ پۇلىنى بېرىپ بولغان. مىخ قاققان ئاياغ ئۇرلانىڭ، ئۇ ئايىغىنى ئېلىپ كەتتى، پۇل بەرمىدى. سىز پۇلۇمنى ئې-لىپ تۇرۇپ ئاياغنى ئۆز پېتىچە قايتۇرۇپ بەردىڭىز !

-سۆزلەۋەرمە قۇلاق – مېڭەمنى يەپ! ھازىر مېنىڭكىنى ياماۋاتىدۇ، مەن ھازىرلا ماڭمىسام بولمايدۇ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئازلا قالدى...

ئەتراپتىكىلەر خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بىرلىكتە:

-تېز راق، تېز راق، تېز راق!- دەپ توۋلاشقىلى تۇردى.

يەنە بىر ھېيلىگەر ئانا شوخلۇق قىلغان بالىسىنى باشقۇرالمىغان

قىياپەتتە، بالىسنى ئاستا پۇكەينىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ، ئورىلىقچە پىرە-
نىك ئالغۇزۇۋاتاتتى. مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئۇنى كۆرۈپ قال-
غانىدىم. شۇنىڭ بىلەن قولۇمنى قويۇۋېتىپ (مەن ئايىغىنى تاغامغا تەڭ-
لەۋاتقان ئادەمنى تۇتۇپ تۇراتتىم)، پۇكەينىڭ يېنىغا باردىم-دە، بالىنى
قۇچاقلاپلا تۇتۇۋالدىم. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى ئىز دەپ ساراڭ بولايلا
دېگەن ئاياغىنىڭ پۇكەينىڭ پىرەنىك تىزىلغان يېرىدە تۇرغانلىقىنى كۆ-
رۈپ قالدىم.

ئانام كۆپ قېتىم « بۇ ئىشنى ئەمدى قىلمايلى، پۇلنى كۆپ تاپقىلى
بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، غەلۋىسى كۆپ مەينەت ئىشكەن بۇ!» دېگەنىدى.
تاغام: « بۇ ئۈسكۈنىلەرنى قانداق قىلىمىز؟ بىر مۇنچە پۇلنى خەجلەپ
ئېلىپ كەلدۇق، بىكار تۇرامدۇ بۇلار؟» دېگەندە، ئانام:«جۆن جۆنگە
قالدۇرۇپ قويىمايمىز مۇ! كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ...» دېدى.

ئەمەلىيەتتە، مەن مۇشۇنداق بىر سوۋغىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە
ساقلاپ قويۇشقا تولىمۇ رازى ئىدىم. كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئۆيى بولغان
چاغدا، ئۇلارنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىپ قويۇپ، ئىلگىرىكى ئەسلە-
مىلەرنى يادىمغا ئالاتتىم. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ – ئارمانلى-
رىمىز بار ئىدى، بىز كۈندە دېگۈدەك كەلگۈسىدىكى بەختىيار تۇرمۇشنى
تەسەۋۋۇر قىلاتتۇق. موماممنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئۇدۇلدىكى كوچىدىن
كولباسا ئېلىپ يېگۈسى كېلەتتى. تاغامنىڭمۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، تىنىچ،
خاتىرجەم تۇرمۇشنى كەچۈرگۈسى كېلەتتى. مەن نۇرغۇن چىرايلىق
كىيىملىرىم بولۇشىنى، تېخىمۇ كۆپ يەرلەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى
ئارزۇ قىلاتتىم. ئانامنىڭ ئارزۇلىرى تېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئىدى. ئۇنىڭ ۋې-
لىسىپىت بىلەن پۈتۈن دۆلەتنى ئايلىنىپ چىققۇسى، شەھەردىن ئۆي
سېتىۋالغۇسى، ئۇ ئۆيلەرنى بولسا خۇددى رەسىملىك ژۇرنالدەك بېزى-
گۈسى كېلەتتى؛ قىرغاندا گۈل ئۆستۈرۈپ، ئەرمەك ئىت بېقىشنى، سە-
ھەر – كەچلەردە كوچا ئايلىنىشنى، يەنە تېخى بىنخەيدىكى ياشانغانلار
ساناتورىيەسىگە بېرىپ تۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى... ئۇ ئاشۇ تۆگە-

مەس خىياللىرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاياغ ياماش ئالدىراشچىلىقى بىلەن ھېرىپ – چارچاپ، بۇرۇن، قۇلىقىنى پەرق قىلالمىغۇدەك بولۇپ كەتكەن تاغامغا:

-تىرىشىپ ئىشلىگىن! ئاشۇ نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن...-دەيتتى.

موزدۇزلۇقنىڭ كىرىمى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ تاغامنىڭكىدەك ئاشۇ خىل سۈرئەتتە ئىش قىلسا. ئەمما، ئۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. مەن مۇشۇنداق تۇرمۇشقا ئامراق، يەنە كېلىپ، مەن ئاشۇ خىل تۇرمۇشقا تايىنىپ كەلگەنىدىم. مەن ئۈمىد ۋە خۇشاللىق تاپقىلى بولىدىغان تۇرمۇشنى ياقتۇراتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە ئاشۇنداق تۇرمۇشنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئانام:« ئۇ ئاياغ يامايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ھېچكىمگە بەرمەي، جۆەن جۆەنگە ئېلىپ قويىمىز » دېدى ئەمەسمۇ!

## قىشتىكى كالىلار

مەن بىر قەغەز يەشكىتە لىققىدە ئەخلەتنى كۆتۈرۈپ، يولنىڭ ئۇچى تەرىپىدىكى ئەخلەتخانىغا كېتىۋاتاتتىم. يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كالا ماڭا قاراپ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە توختاپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. كالا يول بويىدىكى رىشاتكىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ماڭا ئەگىشىپلىۋالدى. ئۇنىڭ سۈرئىتى بارغانچە تېزلىشىۋاتقان بولۇپ، مەندىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئەجەب غەلىتە ئىش-تە بۇ! يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تۇرغان ئىككى كالىمۇ مېنى كۆرۈپ، يۈگۈرگىنىچە مەن تەرەپكە قاراپ كېلىشتى. شەرق تەرەپكە قارىغىنىمدا ئۇ تەرەپتىمۇ بەش-ئالتە كالا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. مەن بۇ ئەھۋالدىن بىر ئاز تەمتىرەپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن قەدەملىرىم ئىختىيارسىز تېزلەشتى، بىردەمدىن كېيىن يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كالىلار بار-

غانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ زادى قەيەرلەردىن كەلگەنلىكى
ماڭا نامەلۇم ئىدى. كورتۇدىكى كاللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيەر-
بۇيەرلەردىن يىغىلىپ، ھەيۋەتلىك سەپ تۈزۈپ كەينىمدىن ئەسەبىيلەر-
چە قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. قورققىنىمدىن روھىم چىقىپ كەتكىلى تاسلا
قالدى، كەينىمدىن سان – ساناقسىز قاتتىق ھەم ئۇچلۇق كالا مۈڭگۈز-
لىرى، يەرۇ جاھاننى تىترىتىۋاتقان تۇياقلار يۇپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. مەن
ھودۇققىنىمدىن:« بۇ نېمە بولغىنى؟ بۇ نېمە ئىش؟» دەپ ۋارقىراپ تاش-
لىدىم. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بولسا چىتلاقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە
تۇرۇپ ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. قورقۇپ يۈرىكىم قېپىدىن چى-
قىپ كېتەيلا دەپ قالغان بولۇپ، كۈلۈشىۋاتقانلارغا ئاچچىق نەزەردە
قاراشقا ئۈلگۈرەلمەيتتىم. ئەخلەتخانىغا يېقىنلاشتىم-دە، قولۇمدىكى يە-
شىكنى ئەخلەت دۆۋىسىگە ئاتتىم، ئۆزۈمنى توختىتالماي، يۈگۈرگىنىمچە
ئەخلەت دۆۋىسىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ، كەينىمگىمۇ قارىماي قارلىق دالىغا
قاراپ چاپتىم. يىراقتىن كىشىلەرنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ئاۋازلىرى توخ-
تىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن بىر چاغدا توختاپ، ھاسىراپ – ھۆمۈ-
دىگىنىمچە كەينىمگە قارىدىم. قىزىق ئىش، كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان
«قوشۇن» بايا قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تۇ-
يۇقسىزلا غايىپ بولغان ئىدى. ئۇلار ئەخلەت دۆۋىسىنى قورشىغىنىچە
«ئىچكى ئۇرۇش» قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىرەر نەسىنى تالىشىۋاتقاندەك
قىلاتتى. ئۇلار بىر – بىرىنى قوغلىشىپ، ئۈسۈشۈپ ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ
ئەتراپىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بىر ۋاقىتتا بىر كالا قانلىق يول ئې-
چىپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى، ئۇ ئولجىسىنى مەھكەم چىشلىۋالغانى-
دى. مەن سىنچىلاپ قاراپ بىلدىمكى، ئۇنىڭ ئولجىسى مەن ئەخلەت
قاچىلىغان قەغەز يەشىك ئىدى.

مەن قارلىق دالىدا جىمغىنا تۇرۇپ، يىراقتا قالايمىقان چېپىشىپ
يۈرگەن بىرەر يۈزچە كالىنىڭ تاماشاسىنى كۆردۈم. ئۇلار خۇددى مېنى
قوغلىغاندەك، ھېلىقى «قەھرىمان»نىمۇ جان – جەھلى بىلەن قوغلىماقتا

ئىدى.

بۇنداق مەنزىرىدىن موماموۇ ھاياجانغا چۆمۈلەتتى. ئۇ جەنۇبتىن كەلگىنى تېخى ئۇزاق بولمىغانىدى. ئۇ نەدىمۇ بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ باققان دەيسىز. ئۇ ھەر قېتىم بۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ قالسا، ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە تۈرۈپلا قالاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، موماm بىكار بولۇپ قالسىلا دۇكاندىكى ئەخلەتلەرنى بىر نەچچە قەغەز يەشىككە قاچىلاپ كالىلارغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. ئامال يوق، موماm بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، بارلىق مەۋجۇداتقا مېھىر – شەپقەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مان ئەمدى خوييمۇ ئوبدان بولدى. پۈتكۈل كوچىدىكى دۇكانلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالىدىغان كالىلار ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۇلار دۇكىنىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن تاكى ئۇچ كوچا ئېغىزىغىچە ئۇزۇن سەپ بولۇپ تۇرۇشاتتى. ھەممىسىنىڭ بېشى بىزنىڭ دۇكانغا توغرىلاقلىق بولۇپ، دۇكىنىمىزنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەنلا ئۇلار قۇتراپ كېتىشەتتى. بىز دە ئۇلارغا بەرگۈدەك نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ قەغەز يەشىك بولسۇن؟

كالىلار قىش كۈنلىرى بەك بىچارە بولۇپ قالاتتى، يازىچە توختىماي يەپ تېنىگە قوندۇرغان گۆشلىرى قىش كىرىپ ئىككى ئاي ئۆتە – ئۆتمەيلا يوقاپ، بىر دۆۋە ئۇستىخانغىلا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇلار ئامالسىز چىشىنى چىشلەپ، يەنە بىر يازنىڭ تېزراق كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولاتتى، ياز كەلگەندە بولسا، ئەسەبىيلەرچە توختىماي يەيتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق بىر سەمرىپ، بىر ئورۇقلاپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى، سەمرىگەن چاغدىكى ئېغىرلىقى بىلەن ئورۇقلىغان چاغدىكى ئېغىرلىقى بەك زور پەرق قىلغاچقا، ئۇلار ئىچىدە:« بۇ دۇنياغا زادى نېمە بولغاندۇ؟ بىشلىقتا پۈركەنگەن، ئىللىق ياز پەسلى بولغانىكەن، يەنە نېمىشقا يەر – زېمىننى قار – مۇز قاپلاپ كېتىدىغان، بىر تال گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان قىش پەسلى بولىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىشاتتى. شۇڭا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى كالىلار ئەنە شۇنداق تەلۋە، شۇنچە قورقۇنچلۇق ئىدى.

بىر قېتىم مەن ئىشكنى ئېچىپلا بىر كالا بىلەن ئۇدۇلمۇ – ئۇدۇل بولۇپ قالدىم، ئۇ ئىشكنى توسىۋالغاچقا، مەن سىرتقا چىقالمىدىم. ئۇ ئىشكتىن بېشىنى تىقىپ، ئۇزۇن مۈڭگۈزى بىلەن ئىشكنى تىرىۋالغىنىچە كۆزىنى ئۈزمەستىن ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئىلگىرى مەن باشقىلارنىڭ قېشىغا قەرز سۆيلەپ بارغان چېغىمدا، قەرزدارغا دەل ئەنە شۇنداق تىكىلىپ قارىغانىدىم. شۇڭا، مەنمۇ مىدىرلىماي ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردۇم. ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن مەن يېڭىلدىم. مەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتىم، كۆز نۇرۇمنىڭ كۈچ – قۇۋۋىتى پەقەت ئىككى-ئۈچ مىنۇتلا بەرداشلىق بېرەلەيتتى، ۋاقىت ئۇزارغانچە، كۆز نۇرلىرىم ئاجىزلاپ، قىياپىتىم ئۆتۈنۈش قىياپىتىگە ئالمىشاتتى. ئىچىمدە:«نېمىشقا كەتمەيسەن؟ سەندىن ئۆتۈنەي، كەتكىن!» دەپ ئويلايتتىم. بىراق، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى يەنىلا شۇنداق نۇرلۇق بولۇپ، قانداقتۇ چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغاندەك ئىدى. ئەگەر ئالدىمدا تۇرغىنى بىر ئادەم بولىدىغان بولسا، ئىتتىرىۋېتىپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتىم، ئەمما، ئۇ دېگەن ئېغىرلىقى نەچچە يۈز كىلوگىرام كېلىدىغان كالا تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق بىر جۈپ مۈڭگۈزى بار...

ئانام بەزى چاغلاردا ھەقىقەتەن كۈلكىلىك، بەلكىم، بىزنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئۇ خۇددى كىنولاردىكىدەك، كالىغا قاراپ ئەستايىدىللىق بىلەن:« ھەي، كەينىڭگە قارا، كەينىڭدىكى نېمە ئۇ؟» دەيتتى. قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ ئانامنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشسە، ئۇ چوقۇم بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق كالا بولغان بولىدۇ.

ئۇ قەتئىي كەتمىدى، شۇڭا بىز ئىشكنى ئېچىشقا ئامالسىز قالدۇق. ئۆي ئىچىدىن ئاپپاق ھور كۆتۈرۈلۈپ، بارغانچە مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى.

كېيىن قانداق قۇتۇلدۇڭلار، دەمسىز؟ يەنىلا قەغەز يەشكىنىڭ تۆھپىسىدىن-دە!

ئانام مومامنى ئەتراپتىكى كالىلارنى بەك يامان ئۆگىتىپ قويدى، بىزنىڭ ئۆي بەئەينى مېھىر – شەپقەت يەتكۈزۈش ئورنىغا ئوخشاپ قالـ

دى، دەپ بەك ئاغرىندى.
كيىن ئانام «كالىلىرىغا ياخشى قارىمايدۇ، ئۇلار بەك ھـوُروُن» دەپ
بۇ يەردىكى قازاق يۇرتداشلاردىنمۇ ئاغرىنىپ يۈردى. بۇ سۆزلەر كۆپچە-
لىكنىڭ غەزىپىنـى قوزغىدى، ئـەمما، ئانـام سۈكۈت قـىلىپ تۇرۇۋالـدى.
ئەمما، ئۇنىڭ يەنىلا ئاشۇ كۈندە كوچىدا لاغايلاپ يۈرگەن كالىلارغا يەم
بېرىلگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيـتتى. بىـز ئۇ كالىـلارنىڭ قار - مـۇز
بىلەن قاپلانغان دالىدا بىر - بىرىنى ئۈسۈپ يۈرگەنلىكـىنى، ئۇ يـەر -
بۇ يەرلارنى پۇراپ، ياغاچ قوزۇقلارنى غاجىلىغىنىنى، ھەتتا، ئۆزلىرىنىڭ
تېزىكىنى غاجاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. مومام شۇ چاغدا ئىغىر بىر تـە-
نىۋەتكەندىن كيىن، ئالەمنى مالەم قىلىپ قەغەز يەشىك ئىز دەشكە بـاش-
لىدى.
بەزى چاغلاردا قۇرۇق قەغەز يەششىكلەرنى تەييار قىلغاندا، كالىنىڭ
سايىسىمۇ كۆرۈنمەيـتـتى. شۇنـىڭ بىلەن بـىچارە مومـام نۆلدىن تـۆۋەن
سېلسىيە 20ـ30 گىرادۇسلۇق سوغۇقتا قارىـماي كالا ئىـز دەپ كەنتنـى
بىر ئايلىنىپ چىقاتتى. كالىلارنى تېپىپ قالسا، قـەغەز يەشـكنى تاشـلاپ
بېرىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ قاچاتتى. ئۆزىنىڭ توڭلاپ كەتكىنىنى
دېمەيلا قوياي، كالىلارنى «ئىچكى ئۇرۇش»قا سېلىپ قويۇپ، توپلىشـىپ
جېدەل چىقىرىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالاتتى. بۇنى كۆرگەن ئانام:«قەغەز
يەشكلەرنى ئىشىك ئالدىغا تاشلاپ قويساق، كالىلار ئۆزلىرى كېلىپ يې-
سە بولىدۇغۇ؟» دەيتتى، مومامۇ بۇنىڭغا قوشۇلاتتى. ئەمما، كېلەر قېتىم
مومام يەنە ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، قەغەز يەششكلەرنى كالىلار ئالدىغا
ئاپىرىپ بېرەتتى ھەمدە نەق مايداندا تۇرۇپ كالىلارنىڭ ئـۆزىنىڭ كـۆ-
ڭۈل سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيـىن ئۇلارنـىڭ خۇش بولغـان -
بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلەتتى. قىش كۈنـلىرى بەك سـوغۇق بولاتتـى،
موماملىڭ بۇنىڭدىن باشقا سىرتقا چىققۇدەك باھانىسى يوق ئىدى. مومام
تولىمۇ زېرىكەتتى.
بىز نىڭ يۇرتتىكى سىبىرىق بۇقا، سۇ كالىسى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى

يەر ئاغدۇرۇشقا ئىشلىتىمىز. مومام بۇ يەردىكى كالىلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئىش قىلىپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ھەتتا بىرەر كالا ھارۋىسىنىمۇ ئۇچراتمىغانىدى. بەلكىم، ئۇ شىنجاڭدىكى كالىلار ھۇرۇن، پەقەت يېيىشنىلا بىلگەچكە، مۇشۇنداق يانىۋاردىكى سوغۇقلاردىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ئۆزى ھەممە يەرگە قاتراپ يۈرۈپ ئوزۇق تېپىپ يەيدىغان كۆنگە قالغان گەپ، دەپ ئويلايدىغاندۇ. ھەممە يەرنى تاكى ئۇپۇق سىزىقىغىچە قار – مۇز قاپلاپ كەتكەن تۇرسا، كالىلار نەدىنمۇ يەيدىغان نەرسە تاپالىسۇن؟ كالىلار دائىم خۇددى ئادەملەردەك ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يۈرسە، مومام ئۇلارنى زۇكامداپ قالغان چېغى، دەپ ئويلايتتى. مومام كالا تېرىسىنىڭ قانچىلىك قېلىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كېلىپ قالغان ياشانغانلار ئەنە شۇنداق كىچىك بالىلارغا ئوخشاش سەبىي كېلىدۇ.

مەن دائىم بىر ياندا تۇرۇپ مومامنى ئوغرىلىقچە كۆزىتەتتىم. مەن ھېس قىلىپ يېتەلەيمەنكى، مومام بىلەن ئانام بارلىق مەۋجۇداتقا ئەسلىدىنلا ئامراق ئىدى، ئەمما، ئۇلار بۇ خىل ئامراقلىقنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. نېمىشقا مەندە كالىلارغا نىسبەتەن ئۇنداق ھېسسىيات يوق؟ ياكى ئادەم مەلۇم يېشقا كەلگەندە، ئاندىن كەلگەن چاغدىكى ئىزلىرىنى بويلاپ ئەسلىدىكى ماھىيىتىگە قايتامدىغاندۇ؟ قېرىش زادى قانداق ھادىسە؟ ئۇ زادى قانداق قىش پەسلى؟ مەن ھەر كۈنى ئانامنىڭ ئىشكتىن كىرىپ – چىققاندا يېنىدىكى كالىغا گەپ قىلغىنىنى كۆرىمەن. بەلكىم، باشقىلار ئانامنى قىزىقارلىق ئادەمكەن، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمما، مەن بولسام مەلۇم تەقدىرگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەيئىلەر يوشۇرۇن رول ئويناۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئويلىغىنىمدا مېنى ئىختىيارسىز قورقۇنچ باسىدۇ. ئانام مەندىن نېمە دېگەن يىراقتا، خۇددى بىرىمىز يازدا، بىرىمىز قىش پەسلىدە تۇرۇۋاتقاندەك. كۆپ ۋاقىتلاردا مەن بۇنى ھېس قىلالمايمەن، خۇددى بىر كالىنىڭ قىش پەسلىدىكى ھېسسىياتلىرىنى ھېس قىلالمىغانغا ئوخشاش.

مەن كاللارنى قىش پەسلىدە ياز پەسلىدىكىگە قارىغاندا كۆپ
ئىشلارنى ئويلايدۇ دەپ قارايمەن. بولمىسا، ئۇلار نېمىشقا ئۇنچە ئەنسىز
يۈرىدۇ؟ قىش كۈنلىرىدە كاللار قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن تېخىمۇ بەك
توڭلايدۇ، كۈندۈزلىرىمۇ زېرىكىشلىك ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ.
شۇڭا، ئۇلار قىش كۈنلىرى يازدىكى سەبىيلىكى ۋە ياۋاشلىقىنى يوقاتقان
بولىدۇ. راستىنى ئېيتسام، بىزمۇ قىش پەسلىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەي-
مىز. مۇشۇ كۈنلەردە پۈتۈن كائىناتنى قېلىن قار - مۇز قاپلاپ كەت-
كەچكە، دېمىمىز سىقىلىپ، كۈن بويى مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ،
باھارنى ئەسلەيمىز. كاللار بولسا قېلىن قار -مۇزلار ئارىسىدا ئېرىن-
چەكلىك بىلەن ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى، خۇددى بىز غېرىبا-
نە دۇكىنىمىزغا بېكىنگىنىمىزچە خىيالغا چۆكىنىمىزگە ئوخشاش. بۇ
كۈنلەردە دۇكاننىڭ سودىسىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. قىش كۈنلىرى تو-
لىمۇ ئۇزاق بولۇپ، بەرداشلىق بېرىش تەس ئىدى. كاللار دۇكاننىڭ
ئالدىدىن ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ئىز-
دەۋاتقىنى پەقەت ئوزۇقلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار ئىللىقلىقتا تۇتاش-
قان چىقىش ئېغىزى ئىزدەۋاتاتتى. ئاندىن، بىز ئۇلار بىلەن بىللە شۇ
چىقىش ئېغىزىدىن چىقىپ كېتەتتۇق.

كېيىن، ئەگەر كاللار بىزنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويغان كە-
رەپشە بىلەن غولپىيازنى ئوغرىلىقچە يەۋالمىغان بولسا ياخشى بولاتتى.
(شۇنچە ئېگىز يەرگە ئېسىپ قويساقمۇ، يەۋالغىنىنى كۆرۈڭ...) ئەسلىدە
بىزمۇ كاللارغا ئامراق ئىدۇق. ئانام ئاچچىقىدىن ئۆلگۈدەك بولۇپ
كەتكەن بولۇپ، شۇ كۈنى ئۇ كالىنى قوغلاپ كۈرتۈنى بىر ئايلىنىپ
چىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئامالسىز تۇزلانغان كۆكتات بىلەن ياڭيۇ
يېيىشكە مەجبۇر بولغان ئىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كالا دائىم ئىشى-
كىمىزگە قاراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭغا ئەمدى
ئۇنداق ياخشى تائام يوق. ئەمما، ئۇ ھەر كۈنى كېلىۋەردى، تاكى باھار
كەلگۈچە تەييار تاماقنى كۈتتى. بىز ئاشۇ يېمەكلىكنىڭ ئۇنىڭ كاللىس-

غا شۇنچىلىك تەسىر كۆرسەتكىنىنى قەتئىي ئۇيلىمىغانىدۇق. كېيىنكى
يىلى قىشتا ئۇ يەنە كەلدى، يەنىلا بويىنىنى قورقۇنچلۇق سوزۇپ، بىز-
نىڭ ئىشىككە قاراپ تۇراتتى.

## نۆلدىن تۆۋەن سېلسىيە 42 گرادۇس

نۆلدىن تۆۋەن سېلسىيە 42 گرادۇستا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنداق تې-
مپېراتۇرىدا سىز قېلىن خۇرۇم ئاياغ كىيىۋالسىڭىزمۇ خۇددى يالاڭ ئاياغ
مۇز ئۈستىدە تۇرغاندەك تۇيغۇدا بولىسىز. بۇ دەرىجىدىكى سوغۇقنى پە-
قەت «سوغۇق» سۆزى بىلەنلا تەسۋىرلەش تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ، بەل-
كى، «سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق» دېگەن سۆز تېخىمۇ مۇۋاپىق كې-
لىدۇ. ئۇنداق سوغۇقتا پېشانەم بىلەن مېڭەمنىڭ ئاراقا تەرىپى خۇددى
بىر نەرسىگە قاتتىق سوقۇلغاندەك ئاغرىپ كېتەتتى، بۇرنۇمنىڭ ئاغرىقى
تېخىمۇ كۈچلۈك، چىدىغۇسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز ئاغ-
زىم بىلەن نەپەسلىنەتتىم، قۇلاقلىرىم خۇددى قېتىپ كەتكەندەك سېزى-
مىنى يوقىتىپ قويغاندەك يوقىتاتتى.

خۇددى نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇقتا كۆزلىرىمدىن توختى-
ماي ياش ئاققۇزاتتى، ياشلىرىم خۇددى يۈزۈمگە مىتال پارچىلىرى چاپ-
لىشىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. كۆز ئەينىكىم ئىنتايىن تۇتۇق كۆرسى-
تەتتى ۋە ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئەينەكلىرىدە ئاسانلا سۈرتۈپ
چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇز تۇتۇپ كەتتى. كۆزئەينەكنىڭ مېتال
جاھازىسى بولسا مۇزلاپ ھاۋادىنمۇ مۇزدەك بولۇپ كەتكەنىدى، تۇرۇپ
- تۇرۇپ چېكەمگە تېگىپ قالسا خۇددى بىگىز سانجىغاندەك ئاغرىپ
كېتەتتى. شۇڭا مەن كۆزئەينىكىمنى ئېلىۋەتتىم، ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا
ھېچقانداق نەرسە بىلەن توسالمىغان كۆزۈم چىدىغۇسىز ئاغرىشقا باشلى-
دى. مەن ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كۆزۈمنى چىمچىقلىتاتتىم، كۆرۈش
پەردەمگە چۈشكەن ئاشۇ ئىنتايىن قىسقا دەقىقىلەر ئارقىلىق يولنى تونۇپ

ئالغا ئىلگىرىلىدىم. ئىككى كوچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۆزۈمنى پۈ-
تۈنلەي يۇمۇپلىۋالدىم، ئىچىمدە بىردىن ئونغىچە ساناپ، كۆزۈمنى بىر
ئاچاتتىم-دە، يەنە كۆزۈمنى يۇمۇپ ئوندىن بىرگىچە سانايتتىم.

ھازىر بارماقلىرىمنى تۈز قىلغىلى بولمايتتى!

دەل مۇشۇنداق چاغلاردا ئانامنى قايتا - قايتا ئويلاپ كېتەتتىم...
بولۇپمۇ، ئۆزۈم بارماقچى بولغان جاينىڭ تولىمۇ يىراقلىقى خىيالىمغا
يەتكەن چاغلاردا... ئۇ يەرنىڭ تېخىمۇ سوغۇق ئىكەنلىكى ئويلىسام...
يەنە مۇشۇنداق سوغۇق كېچىدە ئۇ يەرگە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ -
كېلىدىغىنىمنى، مۇشۇنداق تۇرمۇشنىڭ ئاستا - ئاستا داۋاملىشىدىغانلى-
قىنى ئويلىسام...

شام پىلىلدىغىنىچە تىنچ كۆيۈۋاتقان مەھەللە قار - مۇز بىلەن
قاپلانغان يولدا ياغاچ ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئۆي كۆچۈۋاتىمەن. ھارۋىغا
لىققىدە قىلىپ يوتقان - كۆرپە، قازان - قومۇچ ۋە باشقا پۈتۈن مال -
بىساتلىرىمىز بېسىلغانىدى. ھارۋىنى ئۆزۈم يالغۇز ئىتتىرىپ سۆگەتتىن
ئۆتكۈدەك ھاۋا ئېقىملىرى ئارا كېتىۋاتىمەن. بۇ ۋاقىتتا چىقىرىۋاتقان
كۈچۈممۇ گويا توڭلاپ قېتىپ كەتكەندەك، مۇز تۈتۈپ كەتكەندەك ئى-
دى. بىر خىل كۈچ بىر ھارۋا ئۆي سەرەمجانلىرىغا مەركەزلىشىپ،
خۇددى ماشىنا ئادەمدەك ئالدىمغا كېتىۋاتىمەن. ھارۋىغا بېسىلغان نەرسە
- كېرەكلەر يول بويى سۈكۈتتە ئىدى، ئۇلار مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ جى-
غىلداشلىرىنى، يالغۇزلۇقۇمنى، قورقۇشلىرىم ۋە ۋاز كېچىش تۈيغۇلىرىم-
نى ھېس قىلالايتتى...

كېتىۋېتىپ بىر دېرىزىنىڭ ئالدىدا قەدىمىمنى توختاتتىم، دەل شۇ
پەيتتە نۇرغۇن ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى... ئاشۇ
خۇددى بۈگۈنكىگە ئوخشاش قەھرىتان سوغۇق كۈندە، بىز يوغان جۇ-
ۋىغا ئورانغىنىمىزچە ئات قوشۇلغان چانىغا ئولتۇرۇپ قارلىق دالىدا
ئۇچقاندەك چاپقانىدۇق. ئات تۈيىقىدىن چاچراپ چىققان قار ئۇچقۇنلى-
رى ئەتراپقا تارىلىپ تۇراتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە يۆلەنگىنىمىزچە ئول-

تۇراتتۇق، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە يىغىلغان قار ئادەم بويىدىن ئېگىز ئىدى... بىز خۇشال هالدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدۇق، چانىكەش بولسا تەرگە چۆمۈلگەنىدى، ئۇ بوينىدىكى شارپىسىنى ئېلىپ ماڭا تۇتقۇزدى.

بىر تېلېفون بوتكىسىغا كەلگەندە، چىدىيالماي هارۋىنى تاشلاپ ئۇ يەرگە باردىم. تېلېفون ئۈلانغان بولسىمۇ، هېچكىم ئالمىدى، تېلېفون تۇ- رۇپكىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان «دۇت... دۇت... دۇت» قىلغان ئاۋاز خۇددى بىر قاتار كۆپ چېكىتكە ئوخشاش، كېچىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ جايلىرىغا، قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئەڭ سوغۇق جايلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى... مەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم.

ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى!

مەن يەنىلا بۇ يەردە.

شۇم خەۋەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلاۋاتىمەن.

يەنە تېخىمۇ سوغۇقتا زەررىچىلىك ئۈمىد بار، يەنە تېخىمۇ ئۇزاق هايات مۇساپەم بار.

يەنە كېچىنىڭ سىياھتەك قاراڭغۇلۇقىدا مېنى ساقلاۋاتقان نامرات، ۋەيرانە يېگى ئۆيۈم بار.

يەنە تۆت كوچا ئارىلىق قالدى.

ئۈچ كوچا...

يەنە بىر كوچا قالدى...

ئەڭ ئاخىرقى نەچچە ئون مېتىر قالدى...

ئاخىرى يېتىپ كەلدىم. مەن هارۋىنى توختاتقاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىكنى ئاچتىم، ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ ئۆك- سۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدىم. «ئانا...»

مەن بىر شامنى تېپىپ ياندۇردۇم، ئاندىن نەرسە – كېرەكلەرنى ئىشىك ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ كەلدىم-دە، بىردىن – بىردىن ئۆينىڭ ئىچىگە توشۇدۇم. ئىشىكنىڭ ئىلغۇچى يوق بولۇپ، ئىچىدىن سولىغىلى بولمايتتى. شۇڭا مەن بىر تال ئارغامچا تېپىپ ئىشىكنىڭ كېشىكىگە چى-

گىپ قويدۇم. ئاندىن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئىچىگە چالما ۋە ئوتۇن پارچىلىرى توشۇپ كەتكەن مەشكە تۇتۇرۇق سېلىپ ئوت ياقتىم. گۈ-رۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىمدا بەدىنىمگە تېزلا ئىللىقلىق يۈگۈردى. مەن ئەسلىدە بەدىنىمنىڭ بەك توڭلاپ كەتكەن يەرلىرى ئىسسىغاندىن كېيىن، ئۇيۇشۇپ، قىچىشىپ بەك ئاغرىيدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما، ئۇنداق ئەھۋال بولمىدى. ئۆي ئىچى باھاردەك ئىللىدى، شۇنىڭ بىلەن مېنى بىر ئاز ئۇيقۇ باستى. مەن چېلەكتىن بىرنى تېپىپ سىرتقا چىقىپ سۇ ئېلىپ كىرمەكچى بولدۇم، ئەمما، ئۆي ئىچىدىكى يەرگە تۇتقان قېلىن مۇزدا تېيىلىپ كېتىپ قاتتىق يىقىلدىم، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۆز كۆزۈم بىلەن ياشلىرىمنىڭ بىر تامچە – بىر تامچىدىن مۇز ئۈستىگە ئېقىپ چۈشكىنىنى ۋە بىردەم-دىلا مۇز بولۇپ قاتقىنىنى كۆردۈم. مەن ئاخىرى ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كەتتىم. بۇ دۇنيا يەنىلا تولىمۇ سوغۇق. مەن ھازىر ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان جايلار، مەن ھېس قىلىشقا ئامالسىز يەرلەردە قەھرىتان سوغۇق يەنىلا ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى...

## چىپار يۈز قۇشقاچ

مەن بۇ خىل قۇشقاچنىڭ يۈزىنىڭ قەيېرىنىڭ چىپار ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىدىم، ھەتتا، ئۇلارنىڭ يۈزىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرەلمەي-مەن. ئۇلار سازلىقتا ئۇياقتىن بۇياققا سەكرەپ، تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈپ، تۇرۇپ پەسلەپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. شۇنچە تېز ئۇچۇپ كېلىشەتتى-دە، يەنە ئىتتىك ئۇچۇشۇپ كېتەتتى.

مومام ھەر قېتىم بۇ خىل قۇشقاچلارنى كۆرگەندە ھەم ھەيران قالاتتى ھەم خۇشال بولاتتى. ئۇ:« چىپار يۈز قۇشقاچ، چىپار يۈز قۇش-قاچ! بىزنىڭ فاڭشىڭپودىكى چىپار يۈز قۇشقاچ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندۇ؟» دەپ كېتەتتى.

فاڭشىڭپو مومامنىڭ يۇرتى بولۇپ، ئۇ 90 يىللىق ئۆمرىنىڭ 30 يىلىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەنىدى.

مەن فاڭشىڭپوغا بىر نەچچە قېتىم بارغان. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ يەر يىل بويى يېشىللىققا پۈركىنىپ تۇرىدىغان جاي بولۇپ، تۈرلۈك - تۈمەن خىل قۇشقاچلار بار ئىدى. ئەمما، مەن ئاشۇ قۇشقاچلارنىڭ ئارىسىدا «چىپار يۈز قۇشقاچ» دەيدىغان قۇشقاچنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئۇ يەردە، ھەر سەھەردە قۇشقاچلار خۇددى مەلۇم بىر نەرسىنى تالىشىۋاتقاندەك، بەس - بەستە سايرىشىپ كېتەتتى. سايقىبۇلاقتىمۇ قۇشقاچلار كۆپ، ئەمما، ئۇلارنىڭ چاڭ كەلتۈرۈپ سايرىغىنىنى ئاڭلىماق تولىمۇ تەس. بەلكىم، بىپايان دالىدا ئۇلارنىڭ سايرىشى ئاستا - ئاستا دالىنىڭ جىمجىتلىقىغا سىڭىپ كېتىدىغاندۇ.

ئۇ قۇشلار سۈكۈتكە چۆكۈشنى بىلەتتى.

ئۇ قۇشلارنىڭ بەزىلىرى قۇشقاچقا ئوخشاش ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيتتى. باشتا مەن ئۇلارنى قۇشقاچمىكىن دەپتىمەن، كېيىن، ئۇلارنىڭ ماڭغاندا سەكرەپ ئەمەس، بەلكى، ئاستا قەدەم ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى بايقىدىم. مەن يەنە باشقا قۇشلارنىمۇ ئىنچىكە كۆزەتتىم، ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. مەن ئۆزۈم كۆرگەن قۇشلارنى «چوڭ قۇش»، «كىچىك قۇش»ۋە «توخۇ» دەپلا ئاتايتتىم، ئۇلارنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تۈرگە ئايرىپ باقمىغانىدىم.

مومام كۈندە دېگۈدەك «چىپار يۈز قۇشقاچ، چىپار يۈز قۇشقاچ» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مەن مومامنىڭ زادى قايسى خىل قۇشنى دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيتتىم. جۇغى چوڭراق كەلگەن، قانىتىدا ئاق چېكىتلەر بار ئاۋۇ قارا قۇشنى دەمدىغاندۇ؟ ياكى پەيلىرى سۇر، قورسىقىدىكى تۈك ئاق سىزىق ئۈستىگە قىزىل رەڭ ئارىلاشقان قۇشنى دەمدىغاندۇ؟ ئەمما، ئۇلار ئىككىسىنىڭلا يۈزى چىپار ئەمەس ئىدى.

مومام ھەر كۈنى قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، سۈيىنى مۇقىم بىر جايغا تۆكەتتى. سۇ يەرگە سىڭىپ كەتكەندىن كېيىن،

گۈرۈچ دانچىلىرىلا قېپقالاتتى. ئۇ قۇشلار كۈندە شۇ يەرگە كېلىپ گۈ-رۈچ دانچىلىرىنى چوقۇلاپ يەيتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش ئىككى تە-رەپنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى. ئادەتتە، ئوخشاش تۈردىكى قۇشلار دائىم بىللە يۈرۈشىدۇ. بۇ يەردىكى قۇشلار ناھايىتى ئېنىق ھالدا بىر نەچچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. ئەگەر شۇنداق بولمىغان بولسا، مېنىڭ ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىشىم تولىمۇ تەسكە توختايتتى. ئۇلارنىڭ پەرقى ئىنتايىن كىچىك ئىدى، پەقەت مو-مامغا ئوخشاش ياشانغانلارنىڭلا ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئايرىيالىغۇدەك ۋاقتى بار. مومام:« چىپار يۈز قۇشقاچ كەلدى»، «بۈگۈن نېمىشقا سۈر قۇشقاچلا كەلگەندۇ؟» دەپ كېتەتتى.

«سۈر قۇشقاچ» يەنە قانداق قۇشقاچتۇ؟

ئانام ئىش قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇلارغا قاراشقا ئامراق ئىدى. ئۇ بۇ قۇشقاچلارنى تېخىمۇ تەپسىلىي كۆزىتەتتى. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيلا قالىدۇ، ئانام ئەتىگەندە كەلگەن قۇشقاچلار توپى بىلەن چۈش-تىن كېيىن كەلگەن قۇشقاچلار توپىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، كەچقۇ-رۇنلىقى كەلگەنلىرىنىڭ يەنە باشقىچە ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز قالايمىقانلى-شىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. قۇشلار بەئەينى ئۆز ئى-چىدە ئايرىم تۈزۈم تۈزۈۋالغاندەك، مەلۇم ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە كې-لىۋاتقاندەكلا ئىدى.

ئانام يەنە بىر چىشى، بىر ئەركەك قۇشقاچنىڭ (ئۇنىڭ ئۇلارنى زادى قانداق پەرقلەندۈرگەنلىكىنى پەقەتلا ئويلاپ يېتەلمىدىم) ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە كېلىدىغانلىقىنى، ھەر قېتىم پەقەت شۇ ئىككىسىنىڭلا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەركەك قۇشقاچ تاپقان ئوزۇقلىرى-نى چىشى قۇشقاچقا ئاپىرىپ بېرەتتى، چىشى قۇشقاچ تويغاندىلا، ئاندىن تاپقان ئوزۇقلىرىنى ئۆزى يەيتتى. قورساقلىرى تويغاندىن كېيىن ئۇلار بىللە ئۇچۇپ كېتەتتى. ئانام ھەر كۈنى ئاشۇ ئىككى قۇشقاچنى ساقلايتتى.

مەن پۈتۈن بىر كۈن ھېچقانداق ئىش قىلماي كۆزەتكەن بولسامۇ، ھېچنەرسە بايقىيالمىدىم. قۇشقاچلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇرقى ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

يەنە بىر ئىش يادىمغا كەلدى. ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانام بىلەن مەكتەپ قورۇسىدا سەيلە قىلدۇق. باغدىكى ئۈزۈم تاللىرى بىلەن پۈركەنگەن كارىدورغا كىرگىنىمىزدە، ئانام قەدىمىنى توختىتىپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە سۆزلەپلا كەتتى.

-قارا، نېمە دېگەن كۆپ قۇشلار بۇ!

-قەيەردە، قەيەردە؟- مەن ئۇيان- بۇيان قاراشقا باشلىدىم.

-ئاۋۇ يەردە، ئاۋۇ، ھە، دەل شۇ يەردە!

مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم، ئۇ تەرەپتە قۇشنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى سۆرەپلا ئېلىپ كەتمەكچىمۇ بولۇپ كەتتىم.

-قۇشنىڭ كۆرگۈدەك نېمىسى بار؟

-ئۇنداق ئەمەس، ئۇ قۇشلار ئالاھىدە ئىكەن،- ئۇ تىنچلانغىنىچە ئۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ، ماڭغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئۆزى كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ قېتىپلا قالغان ئىدى. مەن ئامالسىز ئۇ قاراۋاتقان تەرەپنى كۆزەتتىم.

-قانداق ئالاھىدە ئىكەن؟

-ناھايىتى كىچىك ئىكەن، خۇددى بارماقچىلىكلا... ئۇلار كۆپ ئىكەن... بەش... ئالتە... ئون بىر... ئون ئىككى... تووۋا! نېمە دېگەن كۆپ! دىققەت قىلمىساق كۆرەلمەسكەنمىز.

-قەيەردە، قەيەردە؟

-... قارا، ئەتراپىنىڭ ھەممىسىدە شۇلار، نەچچە يۈزدىن ئاشىدۇ، ئۇلار ھېچقانداق ئاۋاز چىقارمايدىكەن. قارا، بىرسى ئۇچۇپ كەتتى...

مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەنلىكتىن، تىت -تىت بولاتتىم. ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپتە بىر تۈپ دۇپ دەرىخى بار بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرى قىرقىلىپ ياسالمىغانىدى. بىر فونتان ئۇنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تو-

سۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ نېرىراقىدا بىر تۈپ سۆگەت دەرىخى بار ئىدى.

قاراۋېرىشتىن يالتىيىپ، جىمجىت ھالدا ئانامنىڭ تەسۋىرلەشلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. مەن خۇددى راستتىنلا كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. شۇنچە كۆپ قۇشقاچ دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلار مىدىر - سىدىر قىلىشمايتتى. مەن ئۇلارنىڭ توساتتىنلا ئۇچۇپ چىقىپ باغ ئىچىنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، ئۇ يەردە پەقەت بىر تۈپ شاخلىرى قالايمىقان ئۆسۈپ كەتكەن دۇپ دەرىخلا تۇراتتى.

ئاخىرىدا مەن كۆرگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئانام بىلەن بىللە كېتىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ قۇشلارنى كۆرگىلى ئۇ يەرگە يالغۇز كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى، بەزىدە بىرەرنى بىرگە ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلارمۇ ئۇ ئالاھىدە قۇشنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشتى.(كىم بىلىدۇ، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش كۆرگەن قىياپەتكە كىرىۋالدىمۇ)، مەن ئۇ يەردە ئۈچ يىل ياشىغان بولسامۇ، بىرەر تال قۇش پېيىنىمۇ ئۇچراتمىغاندىم. مەن ئامالسىز ئۇ دۇنيانىڭ ئىشىكىنىڭ پەقەت ئانامنىڭ كۆزى ئۈچۈن ئېچىلغانلىقىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئۇنداقتا، «چىپار يۈز قۇشقاچ»چۇ؟ دەسلەپتە، ئانامۇ نېمىنىڭ «چىپار يۈز قۇشقاچ» ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. كېيىن مومام ئۇنىڭغا بىر كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىنلا پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدى. ئەمما، مومام ماڭا بىرەر يۈز قېتىم كۆرسەتكەن بولسىمۇ، پەقەتلا بىلەلمىدىم. مەن مومام ياشىنىپ قالغان بولغاچقا ياخشى كۆرەلمەيدۇ، دەپ گۇمانلاندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇشلار بەك كۆپ بولغاچقا، ئادەمنىڭ كۆزى بىردەمدىلا تورلىشىپ قالاتتى. ئەمدى بىرىنى كۆردۈم دەپ بولغىچە ئۇچۇپ كېتەتتى-دە، قۇشقاچلار بىر - بىرىگە تېخىمۇ ئوخشاش كۆرۈنۈپ كېتەتتى، يەنە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە ھەقىقەتەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. يەنە بىر پەستىن كېيىن ئۇلارغا قاراشنى قويۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا چۈشۈپ كېتەتتىم. تازىمۇ بىر، بىرەر تال قۇشقاچنى تو-

نۇۋالسام ماڭا نېمە پايدىسى بولاتتى؟ تونۇۋالسام مېنىڭ بولۇپ قالامتى؟

مومامنىڭ ئۆمرىنىڭ 30 يىلى قۇشلارنىڭ چاڭگىلداپ سايراشقان ئاۋازلىرى ئىچىدە ئۆتكەنىدى. قۇشلار ئاللىقاچان ئۆزلىرىنىڭ پەرۋازلىرى بىلەن مومامنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ كەتكەنىمىدۇ؟ ئۇ كۆڭ بويى سازلىقتىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خۇددى چۈجىلەرگە قارىغاندەك، قۇشقاچلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

مومامنىڭ كۆڭلىرى نېمە دېگەن زېرىكىشلىك ـ ھە! مومام ئىككىمىز ئارىسىدىكى تولىمۇ ئۇزاق ھەم ناتونۇش 70 يىللىق مۇساپە بۇ خىل زېرىكىشنى يالغۇزلۇققا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان پەللىگە يەتكۈزگەنىدى. مومامنىڭ ھاياتىدىكى قۇشلارنىڭ بىرەرى مېنىڭ ھاياتىمدا پەيدا بولمايدۇ، چۈنكى، بۇ 70 يىل ۋاقىتتا بىز بىللە ئەمەس ئىدۇق.

ئانام مومام ئېيتقان «چىپار يۈز قۇشقاچ»نى راستتىنلا بىلەمدىغاندۇ؟ ئەگەر ئۇ خاتالىشىپ قالغان بولسا، بۇ خىل خاتالىق ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا يەنە داۋاملىشۋېرىدۇ، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ پۇرسىتىمۇ، ھاجىتىمۇ بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇلار بۇنىڭغا مەڭگۈ دىققەت قىلمايدۇ.قېرىنداشلىق مېھرى يۈزەكى پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا قويۇۋېلىشامدۇ؟ بىر ئائىلە كىشلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئارىسىدا كۆز يەتكۈسىز ئارىلىق بولىدۇ.

ئانام ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىچۇ؟ ئىككىمىز ئارىسىدىكى ھېلىقى قۇشلار زادى مەۋجۇتمۇ؟

بىز ئۈچەيلەن سايقىنبۇلاقتىكى سازلىقنىڭ يېنىدىكى چېدىردا بىرگە ياشىساقمۇ، بىر قۇشقاچ تۈپەيلىدىن ئارىلىقىمىز تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەنىدى.

ئەمما، مەن ھازىر بىلىۋالدىم، مومام ئېيتقان «چىپار يۈز قۇشقاچ»، ئەمەلىيەتتە مومامنىڭ يۈرىتىدىكى ئالا قاشلىق قۇش ئىدى. ئەمما، بۇنى بىلىۋالغانلىقنىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن يەنىلا ھېلىقى «ئالا قاش»نىڭ قانداق بولىدىغىنىنى ئېنىق بىلەلمىدىم.

# ئورمانلىق

بىز ئورمانلىق ئىچىدە كېلىۋاتقان ئاۋازغا ئەگىشىپ مېڭىپ بىر تۆمۈرتومشۇقنى تاپتۇق.

ئورمانلىقتا ئۆزلۈكسىز داۋالغۇپ تۇرغان تىنىقلار، دېڭىزنىڭ تىنىقلىرى، نۇرغۇنلىغان كىچىك ئېقىنلارنىڭ تىنىقلىرى قوشۇلۇپ ئورمانلىقنىڭ تىنچلىقى ۋە چەكسىز تىمتاسلىقىنى ھاسىل قىلغانىدى. مەن ئورمانلىقتا كېتىپ بارسام، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئورمانلىقنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىمدا بېشىمنىڭ ئۈستىدىكى ۋە ئايىغىمنىڭ ئاستىدىكى جىمى نەرسىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئورمانلىق ئىچىدىكى جىمى شەيئى يېپىلىپ تۇراتتى، جان تالىشاتتى، پارتلايتتى، قۇياش نۇرى چۈشكەن جايلاردا ئارقا – ئارقىدىن بىلەكلىرىنى سوزۇپ قوياتتى-يۇ، يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كەينى – كەينىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. ئاياغ ئاستىمدىكى قېلىن بىر قەۋەت مۇخلارنىڭ سۇلىرى بولسا بۇ ماكاندىكى بارلىق سۈزۈك، شىلىمشىق نەرسىلەرنىڭ بىردىنبىردىن سۈيۈقلىنىشىدىن ھاسىل بولغان چۆكمە ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسىگىنىمدە خۇددى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى.

بۇ ئورمان بىر چەكسىزلىكتە بىزنى ساقلاۋاتاتتى. ئارىمىزدا قات – قات شاخلار بىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمىزنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بىز يولدىن ئېزىپ قالدۇق-تە، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن غايەت زور بىر دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئالدۇق. ئاندىن چەكسىز سۈكۈتكە چۆكتۇق. ئورمانلىق بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ئون مىڭ يىللىق مۇساپىنى بىزگە كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭدۇق. تۇيۇقسىز يىراق بىر جايدا ئىشىك چەككەن ئاۋاز خۇددى يۈرەكنىڭ سوقۇشىدەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋاز ئەتراپىكى ھەممە

نەرسنى تىنچلىقتا، تىمتاسلىقتا ئېلىپ كىردى. بىز كەينىمىزگە بۇرۇ-
لۇپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشقا ئىنتىلگىنىمىزدە ، پۈتلىشىپ كېتىپ
يىقىلىپ چۈشتۇق، دەلدەڭشىگىنىمىزچە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا بولسا
ھەممە نەرسە غۇۋالىشىپ كەتكەندى. تومۇر سوقۇشىمىز بىلەن كۆرۈش
سېزىمىمىز ئارىلىشىپ كېتىپ، تېگىش سېزىمىمىز بىلەن تىنىق سېزىمە-
مىزنى ئايرىغىلى بولمايتتى، ئاغرىق بىۋاستە نەپەسلىرىمىزگىچە سىڭىپ
كەتكەندى. بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى قويۇۋېتىپ يىغلىغۇمىز كەلدى، ئەمما،
ئالدىمىزغا بىر قەدەم تاشلىدۇق... ئەسلىمىلەر بىلەن ئەسەبىي خىياللار
بارماقلىرىمىز ئارىسىدا توختىماي ئايلىناتتى، خۇددى بىر تال چۈمۈلە
ئىچكى ئەزالىرىمىز ئارىسىدا ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ، تىمسقىلاپ يۈر-
گەندەك... بىز ئۆزىمىزنى توختىتالمايتتۇق، ئوك - سولمۇ مىدىرلىيال-
مايتتۇق. غايەت زور تەنھالىق بىزنىڭ يۈزلىرىمىزدىن يۈرەكلىرىمىزگە
ئاقاتتى. مەن ئورمانلىققا قارىدىم، ئۇنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىغا چەكسىز
ھەسرەت - نادامەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىدىن تولىمۇ قورقىمەن. مەن
يۈرتۈمنى ئەسلىدىم، تۇرۇپلا ئەمەلىيەتتە مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ يوقلۇقى
ئېسىمگە كەلدى... بىز زادى كىمنىڭ تەقدىرىگە بۆسۈپ كىردۇق؟ كىمە-
نىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىگە چوڭقۇر چۆكتۇق؟... مەن ئەتراپقا نەزەر
تاشلىدىم، توساتتىنلا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز قالغىنىمنى بايقىدىم، ئەتراپىمدى-
كىلەر قاچانلاردا تاراپ كەتكەندۇ؟
مەن يۇقىرى ئاۋازدا«ئانا!» دەپ توۋلىدىم. ئاۋازىم يىراقلارغا
تارقىلىپ ئانامنى ئىزدەيتتى، ئۇ ئاخىرى قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى--
دە، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ «ئانام؟» دەپ سورىدى. مەن بار كۈچۈم بە-
لەن يۈگۈرۈشكە باشلىدىم، بېشىمنى تۆۋەن سالغىنىمچە دەرەخ شاخلىرى
ۋە چاتقاللار ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتتۈۋاتىمەن. چاچلىرىم چۇۋۇلغان بو-
لۇپ، دەرەخ شاخلىرىنىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرىمگە سانجىلغاندىكى ئاغرىق
تولىمۇ يىراقتىن كېلىۋاتاتتى. بۇ خىل ئاغرىق خۇددى كالپۇكنى چىش-
لىگەن چاغدىكى ئاغرىققا ئوخشاپ كېتەتتى. مەن قەدەملىرىمنى تېزلەت-

تىم. مەن پۈت – قوللىرىمنىڭ ھەممە يېرى جاراھەتكە تولغان ھالەتتە ئورمانلىقتىن چىققان ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئۇ چاغدا قۇياش نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتقان بولاتتى، ئەمما، مەن ئانامنى يوقتىپ قويغاندىم...

مەن چاتقاللارنى قايرىپ ئورمانلىق ئىچىگە سەكرەپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ بېشىمنى كۆتۈرگىنىمدە ، ئانام ئانچە يىراق بولمىغان جايدا تۇرۇپ، بىگىز قولىنى كالپۇكىغا قويغىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، بىز ئورمانلىقنىڭ پەرىشتىلىرىنى تېپىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەمما، يەنە نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ئادەتتىن تۇرمۇش كەچۈرىدىغىنىمىز كۆڭلىمىزگە ئايان ئىدى. بىز دەريا بويىدىكى سازلىقتا تۇرۇپ بىپايان ئورماننىڭ كۆككە تۇتاشقانلىقىنى كۆردۇق.

بىز تەبىئەت دۇنياسىدا ھېچقانداق كۈچ ئورمانلىقتىنمۇ كۈچلۈك بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايتتۇق. پەقەت ئورمانلىقلا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنلىرىنى ساقلىيالايدۇ، پەقەت ئورمانلىقلا كائىناتتىكى ئەڭ ئاچكۆز، ئەڭ زور چوغ. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشىدە بىر ئوت بولۇپ، ئويغانغىنىدا يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن چۈشىدە ئۆزى ۋەيران قىلغان دۇنياغا قارايتتى. ئۇ يىل بويى يېشىل تۇراتتى، تېخى ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلمەي تۇرۇپلا تال – تال شاخلار ئۆسۈپ چىقاتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ يەر – بۇ يەرلەردە كۆيۈشتىن ھاسىل بولىدىغان رەڭلەرنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇمىغانىدى. سولغان شاخ – يوپۇرماقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھاياجىنى بولسا، چەكسىز قۇرۇپ تۆكۈلۈش، ساقلاش، چەكسىزلىك ئىچىدە ساقلاش... ئىدى.

بىز خۇددى دېڭىز دىن دولقۇنلارغا ئەگىشىپ قىرغاققا چىققاندەك، ئۇستى – بېشىمىز ھۆل پېتى ئورمانلىقتىن چىقتۇق، ھارغىنلىقتىن كۈچ – مادارىمىز قالمىغانىدى. بىز ئەڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ناخشا بىر خىل قىزغىنلىققا تولغان، تولىمۇ ياڭراق ناخشا ئىدى، ئەمما، ئۇ ھېچنېـ

مىگە ئوت تۇتاشتۇرالمىدى، ئۇ ئاغزىمىزدىن چىقىشى بىلەنلا نەملىشىپ، مىسرا – مىسرادىن ئېغىرلىشاتتى-دە، مىسرا – مىسرادىن يەرگە چۈشەتتى. بىز بىر مىسرا ئېيتتۇق، تاراملاپ ئاققان ياشلىرىمىزنى تۇتۇۋالالمايلا قالدۇق. ئانا... بىزنىڭ ناخشىمىز نېمە دېگەن تەنھا، بۇ دۇنيا نېمە دېگەن قۇدرەتلىك؟... بۇ ئورمان ئوت بىلەن دېڭىزنىڭ بىرىكىشىنىڭ ھاسىلاتى، ئاسماننىڭ تاشلىۋېتىلگەن بىر قىسمى! ئوت يالقۇنلىرى بىلەن دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرى ئۇچراشقاندا، تاغلار تىترەپ، دېڭىزلار چايقىلىپ شىددەتلىك ۋەيران قىلىشنى پەيدا قىلىدۇ. سۈپسۈزۈك ئاسمان ئەركىن – ئازادىلىككە تولىدۇ، تىنىقلىقتا يېتىدۇ، لىرىك ھېسسىيات بىلەن بىز توختىماي ئىزدەۋاتقان جاينىڭ ئۈستىدە توختايدۇ. ۋەيرانچىلىقتىن قېقالغان قالدۇقلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە خۇددى مەلۇم بىر نەرسىگە ئېسىلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشقاندەك، جېنىنىڭ بارىچە ئاسمانغا قوللىرىنى سۇنىدۇ... ئاخىرىدا بىر دەرەخ ئېگىزلىكىدە ئۆرلەپ، ئاستا – ئاستا توزۇشقا باشلايدۇ.

بىز ئورمانلىق توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمىز . بىز دېڭىزنى، ئوت يالقۇنلىرىنى سۆزلىدۇق، بىردىنبىر سۆزلىمىگىنىمىز پەقەت ئورمانلىقتىكى بىر تۈپ ئاددىي دەرەخ ئىدى. شۇڭا، بىز ئورمانلىقتىن ئايرىلغاندا، ئۇ بىزنىڭ كەينىمىزدىن گۈلدۈرلەپ يىقىلدى. «ئانا...» بۇ ئورمانلىق ھاسىل قىلالايدىغان ئەڭ زور ئاۋاز. بۇ ئاۋاز تاغ – داللارنى تىترىتەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، قېپقالغىنى بولسا چەكسىز تىمتاسلىق ئىدى. بۇ ئاۋاز تاغ، ئورمانلار ئارىسىدىكى ھېچقانداق ئاۋازغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ بىر قېتىملا جاراڭلايدۇ، پەقەت ۋە پەقەت بىر قېتىملا جاراڭلايدۇ. بۇ ئاۋازدىن كېيىن پەقەت چەكسىز تىمتاسلىق ئىچىدىكى «توك، توك، توك» قىلغان ئىشىك چەككەن ئاۋازلا قېپقالىدۇ. «ئانا، ئۇ يەنە قانداق دەرەختۇ؟» بىز ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدۇق. ئۇنى ئىزدەپ تاپقان ۋاقتىمىزدا ئورمانلىق بۇ بىر نەچچە گەز ئارىلىقنى نەچچە مىڭ چاقىرىم چوڭقۇرلۇققا يوشۇرغانىدى.

بىز ئورمانلىق ئىچىدە تاكى تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ قارىسى يوقاپ كەت-
كەنگە قەدەر قاراپ تۇردۇق...

图书在版编目（C I P）数据

我的阿勒泰 ：维吾尔文 / 李娟著 ；吐尔洪 · 加拉力丁译. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.8
ISBN 978-7-5373-2780-0

Ⅰ. ①我… Ⅱ. ①李… ②吐… Ⅲ. ①散文集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第203253号

**我的阿勒泰**

编者：新疆维吾尔自治区对外文化交流协会
出版：喀什维吾尔文出版社
地址：喀什市塔吾古孜路14号
邮编：844000
发行：新疆新华书店
印刷：新疆新华印刷厂
开本：880 x 1230(毫米) 大32开 11.5印张
版次：2012年9月第一版
印次：2012年9月第一次印刷

ISBN 978-7-5373-2780-0 定价：19.10元

«قەلبىمدىكى ئالتاي» نىڭ گۈزەللىكى نەدە؟ بۇ گۈزەللىك دەل ئۇنىڭ تولىمۇ ئوچۇق ھەم سۈزۈك بولغان، كۆڭگىللىقتىن خالىي گىرۋەكلىرىدە.

غېرىبلىقتىن تۇغۇلغان شېئىر بەكمۇ چىن بولىدۇ. ئوچۇق ھەم سۈزۈك مۇھىتتىكى تەگسىز غېرىبلىقنى تېخى ھېچكىم بۇنچىلىك گۈزەل قىلىپ يېزىپ باقمىغاندۇ، مانا بۇ ئىجادىيەتتىكى بىر پەللىدۇر.

—— شۇ ۋەن

لى جۇەندەك بىر تاغلىق قىز يازغۇچى بولمىسىمۇ ، تىككۇچىلىك قىلىپ ، مىلىچمال سېتىپ يۈرۈپمۇ ئەنە شۇ گۈزەل تاغ ، كەڭرى يايلاقلارنىڭ قوينىدا ھاياتلىققا بولغان چىن مۇھەببەت ۋە ھېرىسلىقنىڭ ئىلھامىدا، مۇشۇنداق ئۆزىگىلا خاس گۈزەل قۇرلارنى يارىتالايدۇ.

—— ليۇ لىياڭچېڭ

ISBN 978-7-5373-2780-0
9 787537 327800 >

باھاسى: 19.10 يۈەن